مۇھەممەد مەھمۇد ھىجازى
ئەبۇ بەكر جابىرىل جەزائىرى

# قۇرئان كەرىمنىڭ روشەن تەپسىرى
## بەقەرە سۈرىسى

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد يۈسۈپ

تارقاتقۇچى:
www·islamyoli·net

سالام كىتابخان!

قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 1986 - يىلى ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ۋە مەشھۇر جامائەت ئەربابى مۇھەممەد سالىھ داموللام تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بولسا، قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى ئۇيغۇرچە تەپسىرى بۈگۈن يورۇق كۆرۈشكە باشلىدى.

بۇ ۋەزىپىنى مىڭ يىلدىن بۇيان يەتتە ئىقلىمغا ئىسلام نۇرىنى تارقىتىپ كەلگەن «ئەل ئەزھەر» ئالى بىلىم يۇرتىدا ئۇزۇن يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئون پارچىدىن ئارتۇق كىتابى نەشر قىلىنىپ، دۇنيا ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئىچىدە زور قىزىقىش پەيدا قىلغان ياش دىنى ئالىم مۇھەممەد يۈسۈپ قارى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئالدىنقى پارىلىرىنىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرىنى تاماملاپ، قالغان پارىلىرى ئۈستىدە جىددى ئىشلىمەكتە، بۇ تەپسىرنىڭ پۈتۈن قىسمى ئايرىم - ئايرىم نەشر قىلىنىپ پات ئارىدا تاماملانغۇسى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياش ئالىم مۇھەممەد يۈسۈپ قارىنى تەبرىكلەيمەن ۋە بۇندىن كېيىنكى ئىلمىي خىزمەتلىرىگە زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

بۇ تەپسىر مىسىرلىق مەشھۇر تەپسىرشۇناس ئالىم مۇھەممەد مەھمۇد ھىجازى دېگەن كىشىنىڭ «ئەتتەپسىرۇل ۋادىھ» دېگەن قىممەتلىك تەپسىرى بىلەن، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەدىنە شەھىرىدىكى ئالىي ئىلىم دەرگاھىنىڭ مۇدەررىسلىرىدىن

بولغان ئاتاقلىق ئالىم شەيخ ئەبۇ بەكرى جابىرىل جەزائىرى دىگەن كىشىنىڭ «ئەيسەرۇتتەپاسىر» ناملىق قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ يېڭى ئۇسۇلدا يېزىلغان مۆتىۋەر ئىككى تەپسىرىنىڭ خۇلاسىسى ۋە جەۋھىرى، شۇنداقلا، 21 - ئەسىر ئۇيغۇر تەپسىرشۇناسلىق ساھەسىدە تۇنجى قېتىم مەيدانغا كەلگەن يېگانە ئەسەر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن جىبرائىل ئەلەيھىسساللامنىڭ ۋاستىسى بىلەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسساللامغا نازىل قىلىنغان ئىلاھىي كىتاب ــــ مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولۇپ، قۇرئان كەرىم ئىنسانىيەتنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە يېتەكلەش ئۈچۈن نازىل بولغان 1400 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار، ئىنسانلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى توغرا چۈشىنىشى ئۈچۈن، ئۇنى تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلىش جەھەتتە سانسىزلىغان ئىلمىي ئىشلارنى قىلدى، بۇنىڭ بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ تۈرلۈك تىللاردا كۆپلىگەن تەرجىمە ۋە تەپسىرلىرى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭدەك، ھەرخىل ئېقىم ۋە مەزھەپتىكى كىشىلەرمۇ ئۆز مەزھەپ ۋە چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا قۇرئان كەرىمنى تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلىشتى، بۇ ئىش تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئەمما بۇنىڭ ئىچىدە سۈننى مەزھىبىگە مۇۋاپىق بولغان، يەنى قۇرئان كەرىمنىڭ ئەسلى روھىغا ئۇيغۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسساللامنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ساھابىلەرگە ئىزاھلاپ، چۈشەندۈرۈپ بەرگىنىگە مۇۋاپىق يېزىلغان تەپسىرلەر پۈتۈن ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرى تەرىپىدىن مەقبۇل كۆرۈلگەن بولسا، باشقا غەرەز ۋە مەزھەپتىكى كىشىلەرنىڭ قىلغان تەرجىمە ۋە تەپسىرلىرى مۇسۇلمانلار نەزەرىدە ئېتىبارسىز قارالدى.

سۈننى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قەدىمدىن تا بۈگۈنگىچە يېزىلىپ كەلگەن تەپسىرلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىمام ئەبۇ جەئپەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر تەبەرىنىڭ «تەپسىرى تەبەرى» ناملىق تەپسىرى بىلەن، ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «تەپسىرى قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى پۈتۈن مۇسۇلمانلار نەزىرىدە ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ مۆتىۋەر تەپسىرلەر دەپ قارالدى ۋە بۇ تەپسىرلەرنىڭ تۈرلۈك باسما نۇسخىلىرى ۋە ھەرخىل نەشرلىرى ئارقا- ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ، ئۇلاردىن مۇسۇلمانلار ئاممىسى كەڭ پايدىلىنىپ كەلدى.

قۇرئان كەرىمنى تەرجىمە قىلىش قۇرئان كەرىمنى تەرجىمە قىلماقچى بولغان كىشىدىن ئەرەب تىلىنى پىششىق بىلگەننىڭ سىرتىدا، ئىلمى تەپسىر، ئىلمى ھەدىس، ئىلمى پىقھى، تارىخ ئىلمى، قۇرئان كەرىم نازىل بولغان ۋاقىتتىكى ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەھۋالى، ئايەتلەرنىڭ نازىل

بولۇش سەۋەبى قاتارلىق ئىلىملەردىن تولۇق خەۋەردار بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم ئەرەب تىلىنى بىلگەنلا ھەرقانداق بىر كىشى تەرجىمە قىلسا بولاۋېرىدىغان ھېكايە، چۆچەك ياكى ئاساتىر ئەمەس، ئۇ ئىلاھىي كىتاب بولۇپ، ئۇنى تەرجىمە قىلماقچى بولغان كىشى يۇقىرىقى شەرتلەرنى تولۇقلىغانلىقى سىرتىدا، سەممىي ئىخلاسمەن، تەقۋادار مۇسۇلمان بولىشى، ھەرقانداق شان ـ شەرەپنى قوغلاشماسلىقى، رىياكارلىقتىن يىراق بولىشى، ماددى مەنپەئەتنى كۆزلىمەسلىكى لازىم. قۇرئان كەرىم ۋە باشقا ھەرقانداق كىتاب مۇشۇنداق سەممىيەت ۋە ئىخلاس بىلەن يېزىلغاندا ياكى تەرجىمە قىلىنغاندىلا ئاندىن ئوقۇغانلارنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ ۋە ھوزۇر بېغىشلىيالايدۇ.

14 ئەسىردىن بۇيان ھەر زامان ۋە ھەر يەردە، مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان بولمىغان يازغوچىلار، ئالىملار، ئىسلاھاتچىلار ۋە تەتقىقاتچىلار قۇرئان كەرىمنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە گويا بىر ـ بىرلىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىپ كەلمەكتە ۋە كېلىۋاتىدۇ. قۇرئان كەرىم ھەققىدە ھەر كۈنى بىر كىتاب نەشر قىلىنىشى ھەيران قالىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى قۇرئان كەرىم دۇنيانىڭ تۆت ئەتراپىغا چېچىلىپ كەتكەن ئوخشاش بولمىغان خەلقلەردىن تەركىب تاپقان مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابىدۇر.

قۇرئان كەرىم نازىل بولۇپ، تا بۈگۈنگىچە مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئىلىم نۇرىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئۇنى توغرا چۈشىنىپ ئۆز ھاياتىغا تەتبىقلاش جەھەتتە، قۇرئان كەرىمنى توغرا ئوقۇش ئىلمى — فونىتىكا ئىلمى (تەجۋىد ئىلمى) دىن تەپسىر ئىلمىگە قەدەر تۈرلۈك ساھەلەردە ئەسىرلەردىن بېرى سانسىزلىغان ئىلمىي خىزمەتلەرنى قىلىپ كەلدى. بۇ جەھەتتە ئۆلىمالارنىڭ بەزىسى مەخسۇس فونىتىكا ساھەسىنى تەتقىق قىلسا، بەزىسى ئۇنىڭدىكى ئىلمىي مۆجىزىلەرنى تەتقىق قىلدى، بەزىسى ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە كىتاب يازسا، يەنە بەزىسى پىقھى ۋە ئىبادەت مەسىلىسى، ياكى قۇرئاندىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ كېيىنكى مۇسۇلمانلارغا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئىلمىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

قۇرئان كەرىم ساماۋى كىتابلاردىن ئەڭ ئاخىرقى كىتاب بولۇپ، سۈرە پاتىھە بىلەن باشلىنىپ، سۈرە ناس بىلەن ئاخىرلىشىپ، 114 سۈرە، 6236 ئايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ بىلەن يەريۈزىگە كىتاب نازىل قىلىشنى، ئۇنى ئومۇمىي ۋە مەڭگۈ بولغان بىر دىن بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى توختاتقان. قۇرئان كەرىم ئاللاھ تەئالانىڭ سۆزىدۇر، ئىنسان سۆزى ئەمەستۇر، ئۇنىڭدا ھېچقانداق شەك يوق. قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى

ئىسلاھ قىلىدىغان ئاللاھنىڭ دەستۇرىدۇر. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەقىقىي ۋە راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان ھۆججەتتۇر. ئۇ دىنىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئىسلام دىنى ئەقىدە، ئىبادەت، شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى، ئەخلاق ئۆلچىمى، ۋەز - نەسىھەت، ئىلىم - مائارىپ ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ئاساسلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم ۋەھيى بولۇپ، ئۇنىڭ لەپزى ۋە مەنىسى ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر، ئۇنى تىلاۋەت قىلىپ ئوقۇش (مەنىسىنى بىلمىسىمۇ) ئىبادەت بولىدۇ، يەنى قۇرئان ئوقۇغان كىشى ساۋاپقا نائىل بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى بولۇپ، ئىنسان ۋە جىنلار ئۇنى تەقلىد قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن. يەنى قۇرئان كەرىم ئەدەبىي مۆجىزىلىكى ۋە سېھرى كۈچى جەھەتتە ئەينى زاماندىكى ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ داڭدار شائىرلىرىغا دۇئېل ئېلان قىلغان. ئەمما نۇرغۇن شائىرلار بىرلىشىپ ئۇنىڭ بىر ئايىتىنىمۇ تەقلىد قىلالمىغان.

قۇرئان كەرىمنى تا قىيامەتكىچە ئۆزگىرىپ كەتمەستىن، ئۆز ئەينى ساقلاپ قېلىشقا ئاللاھ تەئالا ئۆزى كاپالەتلىك قىلغان. بۇ ھەقتە ئاللا تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز» (ھىجر سۈرىسى 9 - ئايەت.)

قۇرئان كەرىمنى تاھارەتسىز تۇتۇش جائىز بولمايدۇ، جۇنۇپ كىشىلەرنىڭ ۋە ھەيزدار ئاياللارنىڭ تىلاۋەت قىلىپ ئوقۇشى ھارام بولىدۇ.

نامازدا قۇرئان كەرىم ئوقۇش شەرت بولۇپ، ئۇنىڭسىز ناماز ناماز بولمايدۇ.

قۇرئان كەرىمنى ئىنكار قىلغۇچى (بىرەر ئايىتىگە بولسىمۇ) كاپىر بولىدۇ. ئەمەل قىلمىغۇچىلار پاسىق بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم «قۇرئان»دىن باشقا «فۇرقان»، «تەنزىل»، «كىتاب»، «زىكرى»،«ۋەھيى»، «قەسەس»، «ئەرروھ»، «ئەل مەسانى» قاتارلىق ئىسىملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. «نۇر»، «ھۇدا»، «شىپا»، «رەھمەت»، «مەۋئىزە»، «مۇبىن»، «بۇشرا»، «ئەزىز»، «بەشىر»، «نەزىر»، «مەجىد» قاتارلىق ئىسىملار بىلەن سۈپەتلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەككىدە، مىلادى 611 - يىلى نازىل بولۇشقا باشلىغان، كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادى 622 - يىلى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، مەدىنىدە نازىل بولۇپ، تەخمىنەن 22 ياكى 23 يىلدا پارچە - پارچە نازىل بولغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا: «قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە - دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ - بۆلۈپ نازىل قىلدۇق. تەدرىجى نازىل قىلدۇق»، دەيدۇ (ئىسرا سۈرىسى 106 – ئايەت.) شۇنىڭ بىلەن مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر «مەككىي سۈرىلەر»، مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەر «مەدەنىي سۈرىلەر» دەپ ئاتالدى.

قۇرئان كەرىمدە ئەقىدە — ئىمان مەسىلىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى، قىيامەتنىڭ ئەھۋالى، ئىسلامنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرى، ئەمەل - ئىبادەت مەسىلىلىرى، جىھاد قائىدىلىرى، دۆلەت تۈزۈمى، قانۇن، سىياسەت، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، مۇئامىلاتلار، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە باشقا نۇرغۇن مەسىلىلەر تۇلۇق بايان قىلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرلا قېتىمدا نازىل بولغان ئەمەس ھەمدە بۈگۈنكى تەرتىپى بويىچە نازىل بولمىغان، مەسىلەن، تۇنجى قېتىم نازىل بولغان ئايەت قۇرئان كەرىمنىڭ 96 - سۈرىسىنىڭ «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى» دېگەن 1 - 5 - ئايىتى بولۇپ، ئەڭ كېيىن نازىل بولغان ئايەت بەقەرە سۈرىسىنىڭ: «سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەركىشى قىلغان (ياخشى - يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ» دېگەن 281 - ئايىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان ھەر بىر ئايەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەكرار ئوقۇپ، ئارقىدىن ساھابىلەرگە ئوقۇپ بېرەتتى ھەمدە ۋەھيى يازغۇچى كاتىپلارغا ھەر بىر نازىل بولغان ئايەتنى ئۇدۇللۇق يازدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ ۋاقىتتا قەغەز بولمىغاچقا كاتىپلار قۇرئان ئايەتلىرىنى خورما دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى، تېرە، سۆڭەك، تاش قاتارلىق نەرسىلەرگە يازاتتى. قۇرئان كەرىمنى يازغۇچى ساھابىلەر، ئالدىنقى قاتاردىكى تەقۋادار ساھابىلەردىن زەيد ئىبنى سابىت، ئۇبەي ئىبنى كەئب، مۇئاز ئىبنى جەبەل، مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇپيان ۋە تۆت خەلىپە، يەنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ھەر قېتىم نازىل بولغان ئايەتنى قايسى سۈرىنىڭ قانچىنچى ئايىتىگە يېزىشنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ بولۇپ، ۋاپات بولغاندا قۇرئان كەرىم شۇنداق توپلانغان نۇسخا بىلەن قارى ساھابىلەرنىڭ دىللىرىدا قالغان ئىدى. تۇنجى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىغا كەلگەندە مۇرتەدلەر (ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغۇچىلار) بىلەن ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن «يەمامە» ئۇرۇشىدا بىر قېتىمدىلا قارى ساھابىلەردىن 70 ساھابە شېھىد بولغان. بۇ ۋاقىتتا ھەزرىتى ئۆمەر رەزھيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئان كەرىمنى قايتا توپلاپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈش

ھەققىدە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرگە مەسلىھەت بەرگەن. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرئاز تەرەددۇت قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرى بۇ ۋەزىپىنى زەيد ئىبنى سابىتقا تاپشۇرغان. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېزىلغان قۇرئان پارچىلىرىنى ۋە قارى ساھابىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن توپلاپ، قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى نۇسخىسىنى يېزىپ چىقىپ، خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرگە تاپشۇرغان. بۇ نۇسخىنى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئۆمەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىزى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ساقلىغان. زاماننىڭ ئۆتىشى ۋە ئىسلامنىڭ كېڭىيىشى بىلەن قۇرئان كەرىمنى ھەرخىل ئوقۇش ئۇسۇللىرى ۋە ئىختىلاپلار ئوتتۇرىغا چىققان. ھىجرى 25 - يىلى 3 ـ خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىغا كەلگەندە، ھەزرىتى ئوسمان بۇ ئىختىلاپنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قولىدىكى قۇرئاننى ئېلىپ زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير، سەئىد ئىبنى ئاس، ئابدۇرەھمان ئىبنى ھارىس قاتارلىق ساھابىلەرگە قۇرئان كەرىمنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ، قۇرئان كەرىم نازىل بولغان قۇرەيش تىلىنى ئاساس قىلىپ، قايتا يېزىپ چىقىشقا تاپشۇرغان. ئۇلار مەزكۇر نۇسخىغا ئاساسلىنىپ، قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇپ، كۆپلىگەن ساھابىلەرنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن قۇرئان كەرىم نۇسخىسىنى رەتلەپ چىققان. خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ نۇسخىنى يەتتە نۇسخا كۆچۈرگۈزۈپ، مەككە، شام، يەمەن، بەھرەين، بەسرە، كۇپە قاتارلىق شەھەرلەرگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتىپ، ئۆزى بىر نۇسخا ساقلاپ قالغان ۋە قالغان بارلىق قۇرئان نۇسخىلىرى ۋە ئايەت پارچىلىرىنىڭ ھەممىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرىغان. بۇنىڭ بىلەن قۇرئان كەرىمنى ھەرخىل ئوقۇش جەھەتتىكى ئىختىلاپنى تۈگىتىشنى كۆزدە تۇتقان ئىدى. بۈگۈن پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار قولىدىكى قۇرئان كەرىم نۇسخىسى زيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەتلەپ چىققان ۋە «مۇسھەپى ئوسمانى» دەپ ئاتالغان ھازىرقى نۇسخىدۇر. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالدىنقى قاتاردىكى قارى ساھابىلەردىن بولۇپ، ئۇ قۇرئان كەرىمنىڭ كەم ـ زىيادە بولۇپ قالماسلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. قۇرئان كەرىم 14 ئەسىردىن بېرى ھېچقانداق ئۆزگەرتىلمەستىن ئۆزئەينى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

مەزكۇر يەتتە نۇسخا قۇرئان كەرىمنىڭ بىر نۇسخىسى ھازىر مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ساقلانماقتا. يەنە بىر نۇسخىسى تاشكەنتتە بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاتاقلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى مۇسا جارۇللاھ ھەزرەتلىرى: «قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ نۇسخىسى 1868 - يىلى سەمەرقەندىكى خوجا ئەھرار (ئۇبەيدۇللاھ ھەزرەت) مەدرەسەسىدىن پېتىرسبۇرۇغ

ئۇمۇمىي كۇتۇپخانىسىغا ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، ئىنقىلاب يىللىرىغىچە مۇشۇيەردە ئىدى. 1917 - يىلى بۇيۇك ئىنقىلابتىن كېيىن، رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتى بىلەن، پېتىرسبۇرۇغ كۇتۇپخانىسىدىن ئۇپا شەھىرىگە ئېلىپ كېلىندى. بۇ نۇسخا بۇ كۇتۇپخانىدا ئالتە يىل ساقلاندى. كېيىن تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ قاتتىق تەلەپ قىلىشى بىلەن، بۇ بۇيۇك مۇسھەپ شەرىپ، رەسمىي بىر ھەيئەتنىڭ نازارىتى ئاستىدا، مەخسۇس ۋاگۇندا ئۇپادىن تاشكەنت شەھىرىگە ئېلىپ كېلىندى ۋە رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ شەيخۇلئىسلامىنىڭ قولى بىلەن، 1923 - يىلى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا تاپشۇرۇلدى. بۈگۈن بۇ بۇيۇك مۇسھەپ تاشكەندە بېكىلەر بېگى جامەسىدە ياسالغان مەخسۇس بىر ھۇجرىدا ساقلانماقتا»، دەيدۇ. بۇ نۇسخا ھازىر تاشكەنتتە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى مۇسۇلمانلار ئىدارىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا، تامغا ئورنىتىلغان مەخسۇس ئەينەك جاھاز ئىچىدە ساقلانماقتا.

بىر بۆلۈك مۇسۇلمان ئالىملار قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ نۇسخىسىنىڭ ھەزرىتى ئوسمان زامانىدىكى نۇسخا دېگەن قاراشنى رەت قىلىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇ زامانىدىكى نۇسخىلىرى زاماننىڭ ئۆتىشى بىلەن يوقىلىپ كەتكەن. بۇ نۇسخىلار بولسا كېيىنكى نۇسخىلار، دەپ قارايدۇ. ئەمما بىرمۇ كىشى قۇرئان كەرىم زاماننىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتكەن دەپ قارىمايدۇ.

قۇرئان كەرىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ساھابىلەرگە ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

زاماننىڭ ئۆتىشى بىلەن قۇرئان كەرىمنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈش ئېھتىياجى تۇغۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر قۇرئان كەرىمنى ئىزاھلاپ تەپسىر قىلىشقا باشلىدى. قۇرئان كەرىمنى ئەڭ كۆپ تەپسىر قىلغان ساھابىلەر ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلى (قۇرئان كەرىمنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكر ئەڭ ئاز تەپسىر قىلغان، ھەزرىتى ئەلى ئەڭ كۆپ تەپسىر قىلغان دېيىلىدۇ)، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس، زەيد ئىبنى سابىت، ئۇبەي ئىبنى كەئب، ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىدى. ئۇنىدىن كېيىن ساھابىلەردىن كېيىن كەلگەن تابىئىنلەر قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىشتى. تابىئىنلەردىن ئەڭ مەشھۇر مۇپەسسىرلەر: 1 - ھىجرى 21 - يىلى مەككىدە تۇغۇلۇپ، 103 - يىلى ۋاپات بولغان مۇجاھىد ئىبنى جەبر بولۇپ، بۇ كىشى «مۇپەسسىرلەرنىڭ پېشۋاسى» دەپ ئاتىلىدۇ. 2 - ھىجرى 27 - يىلى دۇنياغا كېلىپ 114 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ئەتا ئىبنى ئەبى رىباھ بولۇپ، ئۇ مەككە مۇپتىسى ۋە مەشھۇر

پىقھشۇناس ئىدى. 3 - ئىكرەمە، بۇ كىشى ھىجرى 25 - يىلى تۇغۇلۇپ، 105 - يىلى ۋاپات بولغان، ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىلىم تەھسىل قىلغان. 4 - تاۋۇس ئىبنى كەيسان بولۇپ، ھىجرى 33 - يىلى تۇغۇلۇپ، 106 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. 5 - سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھىجرى 45 - يىل تۇغۇلۇپ، 94 - يىلى ۋاپات بولغان، بۇ كىشى ئەڭ مەشھۇر مۇپەسسىرلەردىن سانىلىدۇ. يۇقىرىقى مۇپەسسىرلەر مەككە ئەھلىدىن بولۇپ، ئۇندىن باشقا مەدىنە، ئىراق ئەھلىدىنمۇ مۇھەممەد ئىبنى كەئب ئەل قەرزى، ئەبۇ ئالىيە ئەل رىياھى، زەيد ئىبنى ئەسلەم، بەسرە ئىمامى دەپ مەشھۇر بولغان ھەسەنىل بەسرى، مەسرۇق ئىبنى ئەجدەئ، قەتادە ئىبنى دەئامە، ئەتائىل خۇراسانى، مۇررەتىل ھەمەدانى قاتارلىق مۇپەسسىرلەر ئاۋۋالقى ئەسىرلەردىلا قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن تەپسىرشۇناسلىق ئىلمى شەكىللىنىپ، ئىلمى تەپسىر مەيدانىغا كەلگەن ۋە ئارقا - ئارقىدىن تەپسىرلەر يېزىلىشقا باشلاپ، سۇپيان ئىبنى ئۇيەينە، ۋەكىئ ئىبنى جەراھ، شۆئبە ئىبنى ھەججاج، يەزىد ئىبنى ھارۇن قاتارلىقلارنىڭ تەپسىرلىرى، ئارقىدىنلار پۈتۈن مۇسۇلمانلار نەزەرىدە ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ مەشھۇر تەپسىر — تەپسىرى تەبەرى يېزىلىپ كېيىنكى مۇپەسسىرلەرنىڭ يېگانە مەنبەسىگە ئايلانغان. تەپسىر ئىلمىنىڭ تېز تەرەققى قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن تەپسىرلەرنىڭ يېزىلىشى بىلەن، قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىشتا مۇپەسسىرلەر (قۇرئان كەرىمنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرگۈچىلەر) نەچچە خىل يول تۇتقان.

تەپسىرلەر «تەپسىر» ياكى «تەئۋىل» دەپ ئاتالدى. تەپسىر دېمەك ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىنى ئىزاھلاش دېگەن بولۇپ، «تەئۋىل» دېگەن ئايەتلەرنىڭ زاھىرى مەنىسىدىن باشقا مەنىلەردە كېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈش دېمەكتۇر.

1 - قۇرئان كەرىمنى قۇرئان كەرىم بىلەن (چۈنكى بىر ئايەتتە قىسقا بايان قىلىنغان مەسىلە باشقا بىر ئايەتتە تەپسىلى، تولۇق بايان قىلىنىدۇ)، ھەدىس ۋە ساھابىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىگە ئاساسلىنىپ ئىزاھلاش يولى بولۇپ، بۇ خىل تەپسىرلەر «تەپسىرى مەسۇر» دەپ ئاتىلىپ، ئەڭ ئىشەنچلىك تەپسىر دەپ قارالدى.

2 - قۇرئان كەرىمنى ئۆزلىرىنىڭ ئەقلى كۈچى بىلەن (ئىجتىھاد يولى بىلەن) تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇخىل تەپسىر قىلىش ئۇسۇلىنى بەزى ئۆلىمالار راۋا كۆرسە، بەزىلىرى جائىز كۆرمىدى. ئەينى زاماندا بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن يېزىلغان تەپسىرلەرنىڭ بەزىسى توغرا يولغا ئېرىشكەن بولسا، بەزىسى يولدىن ئېزىپ كەتتى.

3 - قۇرئان كەرىمنى ئۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسىدىن باشقا يوشۇرۇن مەنىسى بىلەن تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇخىل تەپسىرلەر «تەپسىرى ئىشارى» دەپ ئاتالدى. قۇرئان كەرىمنى بۇخىل ئۇسۇل بىلەن تەپسىر قىلغۇچىلار تەسەۋۋۇپ ئەھلى بولۇپ،

قۇرئان كەرىمنى بۇنداق تەپسىر قىلىش ھەممە كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇنى پەقەتلا ئاللاھ تائالا كۆزىنى روشەن، قەلبىنى كەڭ قىلغان كىشىلەرلا بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، دېيىشتى. ئەمما قۇرئان كەرىمنى بۇنداق تەپسىر قىلىش ئۇسۇلىنى بىر بۆلۈك ئالىملار مۇتلەق جائىز كۆرمىدى. ئەمما بەزى ئۆلىمالار قۇرئان كەرىمنىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولسا، ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىغا مۇخالىپ بولمىسا بولىدۇ، دەپ قاراشتى. دىگەندەك مۇنداق تەپسىرلەرنىڭ بەزىسى قۇرئاننىڭ ئەسلى مەقسىتىگە ئۇيغۇن بولسا، بەزىسى ئۇنىڭدىن چەتنەپ كەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ساھابىلەر ۋە تابىئىنلەر زامانىدىكى تەپسىرچىلىك ئاغزاكى تەپسىرچىلىك بولۇپ، ئەڭ ئاۋۋال قايسى تەپسىرنىڭ يېزىلغانلىقى ئېنىق مەلۇم بولمىسىمۇ، ئەڭ قەدىمكى تەپسىرلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرقانچىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

1 - مەسۇر تەپسىرلەر

1 - تەپسىر تەبەرى، تولۇق ئىسمى جامىئۇل بايان فىي تەپسىرىل قۇرئان. مۇئەللىپى ئەبۇ جەئپەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئەتتەبەرى بولۇپ، ھىجرى 224 - يىلى تىبرىستاندا دۇنياغا كېلىپ، 310 - يىلى بەغداتتا ۋاپات بولغان.

تەپسىرى تەبەرى زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كەلگەن تەپسىرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ مەشھۇر تەپسىر بولۇپ، تۆرلۈك باسما نۇسخىلىرى ۋە قىسقارتىلمىلىرى مەۋجۇتتۇر.

بۇ تەپسىرنىڭ ئالاھىدىلىكى، تەپسىرنى يېزىشتا ھەدىس ۋە ساھابىلەرنىڭ راۋايەتلىرىگە ئاساسلانغانلىقى، رىۋايەتلەرنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى زىكىر قىلىپ ئۆتكەنلىكى، ئايەتلەردىن پىقھى ھۆكۈملەرنى ئىجتىھاد قىلغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

2 - تەپسىرى تەبەرىدىن كېيىن رىۋايەت تەپسىرى ئىچىدە ئەڭ مۆتىۋەر تەپسىر ھېساپلانغان «تەپسىرى قۇرئان ئەزىم» (تەپسىرى ئىبنى كەسىر دەپ مەشھۇر بولغان) تەپسىر بولۇپ، مۇئەللىپى ھىجرى 701 - يىلى (مىلادى 1301 - يىلى) دۇنياغا كېلىپ، ھىجرى 774 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن دەمىشقلىق ئەبۇل پىدا ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر ئىبنى كەسىردۇر.

3 - تەپسىرى سەمەرقەندى (ئەسلى ئىسمى بەھرىل ئۇلۇم)، مۇئەللىپى نەسر ئىبنى مۇھەممەد سەمەرقەندى بولۇپ، ھىجرى 373 - يىلى ۋاپات بولغان.

4 - تەپسىرى بەغەۋى، مۇئەللىپى ھىجرى 510 - يىلى ۋاپات بولغان ھۇسەين ئىبنى مەسئۇد ئەل پەررا ئەل بەغەۋى.

5 - ئەددۇررۇل مەنسۇر، مۇئەللىپى  ئىمام جالالىددىن سۇيۇتى بولۇپ، ھىجرى 849 - يىلى دۇنياغا كېلىپ، 911 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

بۇ تەپسىرلەرنىڭ ھەممىسى تەپسىرى مەسۇر ئۇسۇلىدا يېزىلغان تەپسىرلەر بولۇپ، ئالاھىدىلىكى قىسمەن ئوخشاشماسلىق بولسىمۇ تەپسىرى تەبەرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

2 - ئىجتىھادى تەپسىرلەر

1 - مەپاتىھۇل غەيب (تەپسىرى كەبىر دەپ مەشھۇر بولغان، تەپسىرى رازى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، مۇئەللىپى مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئەل رازى (ھىجرى 606 - يىلى ۋاپات بولغان) بۇ تەپسىر پەلسەپەچىلەر ۋە ھۆكۇمالار ئۇسۇلىدا يېزىلغان بولۇپ، مۆتەزىلە ۋە ئازغۇن پىرقىلەرگە كەسكىن دەلىل، ئېنىق ھۆججەتلەر بىلەن رەددىيە بېرىدۇ. بۇ تەپسىر تەبىئەت ئىلمى ۋە كالام ئىلمى ساھەسىدە ئەڭ تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن تەپسىر سانىلىدۇ. ئەمما بۇ تەپسىرنى بىربۆلۈك ئۆلىمالار كالام ۋە پەلسەپە بىلەن توشقۇزۇۋاتقان، «بۇنىڭدا ھەممە ئىلىم بار، پەقەت تەپسىر ئىلمى يوق»، دەپ ئەيىبلاشتى.

2 - ئەنۋارۇتتەنزىل (تەپسىرى بەيداۋى دەپ مەشھۇر بولغان)، مۇئەللىپى ھىجرى 685 - يىلى ۋاپات بولغان ئابدۇللاھ ئەل بەيداۋى بولۇپ، بۇ تەپسىر رىۋايەت ۋە ئىجتىھاد ئۇسۇلى بىلەن ئەھلى سۈننەت مەزھىبىنىڭ دەلىلىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ تەپسىرنىڭ «شەيخ زادە»، «قۇنەۋى»،«خەپپاجى» قارتارلىق شەرھ ۋە ھاشىيىلىرى مەۋجۇتتۇر.

3 - رۇھۇل مەئانى فىي تەپسىرىل قۇرئانىل ئەزىم ۋەسسەبئۇل مەسانى (تەپسىرى ئالۇسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، مۇئەللىپى بەغداد مۇپتىسى شىھابىددىن مەھمۇد ئالۇسى بولۇپ، ھىجرى 1270 - يىلى ۋاپات بوغان.

بۇ تەپسىرمۇ رىۋايەت ۋە ئىجتىھاد ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان تەپسىر بولۇپ، ئىشارى تەپسىر ئۇسۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3 - ئىشارى تەپسىرلەر يەنى تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ تەپسىرى

1 - ھىجرى 200 - يىلى تۇستەردە تۇغۇلۇپ، 283 - يىلى ۋاپات بولغان مەشھۇر سۇپى سەھل ئىبنى ئابدۇللاھ تۇستەرىنىڭ «تەپسىرى قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى.

2 - ھىجرى 330 - يىلى دۇنياغا كېلىپ، 412 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەسەۋۋىپ مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەين ئەل سۈلەمىنىڭ «ھەقائىقۇتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى.

3 - ئەل پەۋاتىھۇل ئىلاھىيە ۋەل مەپاتىھۇل غەيبىيە، مۇئەللىپى ئەل مەۋلەۋى ئەششەيخ نىمەتۇللاھ ئىبنى مەھمۇد نەخجىۋانى بولۇپ، بۇيۈك 2 جىلد ھالدا ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

3 - مىلادى 1165 - يىلى (ھىجرى 560 - يىلى) ئەندەلوسىيە (ئىسپانىيە) نىڭ مۇرسىيە شەھرىدە دۇنياغا كېلىپ، مىلادى 1240 - يىلى (ھىجرى 638 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن، مۇسۇلمان دۇنياسىدا شەيخۇل ئەكبەر دەپ مەشھۇر بولغان ئەبۇ بەكر مۇھيىددىن ئىبنى ئەل ئەرەبىنىڭ «تەپسىرى ئىبنى ئەرەبى» ناملىق تەپسىرى.

تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن تەپسىرلىرى بولۇپ، بۇ تەپسىرلەر ھەققىدە ئىسلام ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇنلىغان تالاش - تارتىش ۋە بەس - مۇنازىرە بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ ئىبنى ئەرەبىنىڭ تەپسىرى ۋە باشقا كىتابلىرى ئۈستىدە ئىنتايىن كۆپ مۇنازىرە ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە بەزى ئۆلىمالار ئىبنى ئەرەبىنى تەنقىد قىلىپ، كاپىر ۋە زىندىقلىققا ھۆكۈم قىلسا، يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەر يەنى ئىبنى ئەرەبىنىڭ تەرەپتارلىرى ئىبنى ئەرەبىنى ماختاپ ئاسمانغا كۆتۈرۈشتى.

بۇنىڭدىن باشقا ئىسلام دۇنياسىدا خاۋارىج، شىئە، (شىئە مەزھەبى ئىمامىيە، ئىسمائىلىيە ۋە زەيدىيە پىرقىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.) مۆتەزىلە، بابىيە، باھائىيە قاتارلىق پىرقە ۋە مەزھەبلەرنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئاساسلىنىدىغان نۇرغۇن تەپسىرلىرى بولۇپ، بۇنداق تەپسىرلەر ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلىرى نەزىرىدە ئېتىبارسىز قارالدى.

فارابى، ئىخۋانۇسساپا، ئىبنى سىناغا ئوخشاش پەيلاسوپلارنىڭمۇ تەپسىرلىرى بولۇپ، بۇلار ئايەتلەرنى باشقىچە تەۋىل قىلغاچقا، بۇلارمۇ يەنىلا ئەھلى ئىسلام نەزەرىدە مەقبۇل بولمىدى.

بۇنىڭدىن باشقا ئەھلى سۈننەت مەزھىبىگە تەۋە بولغان بىر بۆلۈك ئالىملار قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس، پەقەتلا پىقھى مەسىلىلەرگە ئالاقىدار ئايەتلەرنى تاللاپ تەپسىر قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى مۇنۇلاردۇ.

1 - «ئەھكامۇل قۇرئان» مۇئەللىپى ئەبۇ بەكر ئىبنى ئەلى ئەررازى (جەسساس دەپ مەشھۇر بولغان) بولۇپ، ھىجرى 305 - يىلى تۇغۇلۇپ، 370 - يىلى ۋاپات بولغان. بۇنىڭدا پىقھى مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر، قۇرئان تەرتىبى بويىچە بابلارغا بۆلۈپ تەپسىر قىلىنىدۇ. بۇ تەپسىرنىڭ مۇئەللىپى ھەنەپى مەزھىبىگە مەنسۇپ بولغىنى ئۈچۈن، ھەنەپى مەزھىبىگە ئاساسلىنىدۇ ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ تەپسىر 3 جىلد ھالدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، كەڭ تارقالغان.

2 - «ئەھكامۇل قۇرئان» مۇئەللىپى ھىجرى 545 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ئىبنى ئەرەبى دەپ مەشھۇر بولغان ئەبۇ بەكر مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد. بۇمۇ

پـــقهى مەسلىلەرگــە ئائىـــت ئايەتلــەرنىڭ تەپســـرى بولــۇپ، مــالىكى نەزھىبىگــە ئاساسـلىنىدۇ ۋە ئـۇنى كۈچلەدۈرىـدۇ. بۇمـۇ كـەڭ تارقالغـان تەپسىـر بولـۇپ، هـەرخىل نەشىرلىرى مەجۇتتۇر.

يۇقىرىقىـدىن باشقا زامانىمىزدىكى ئالىملاردىن مۇهەممەد ئەلى سايىس، مۇهەممەد ئـەلى سـابۇنى، مـەننا خـەلىل ئـەل قـەتتان قاتـارلىق ئالىملارنىـڭ پـىقهى مەسـىلىلەر هەققىـــدىكى ئايەتلــەرنى تەپســـر قىلغـــان تەپســـرلىرى بولــۇپ، بـــۇ تەپســـرلەرنىڭ ئالاهىدىلىكى، ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىشتا بىـر مەزهەبنى ئاساس قىلمـاي، ئايەتلـەرنىڭ لۇغەت مەنىسىگە، نازىـل بولـۇش سەۋەبلىرىگە، هەدىسلەرگە ۋە بـارلىق مەزهەپلەرنىڭ كۆز قاراش، پىكىر ئىپىلىرىغا ئاساسلىنىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىـدىن باشلاپ تەپسىـر ئىلمـى يېڭـى ئۇسـۇل بىلـەن تـەرەققى قىلدى. قـەدىمكى مۇپەسسىـرلەر قۇرئـام كـەرىمنى تەپسـر قىلىشتا رىۋايەتلەرگە، ئـەرەپ تىلىنىـــڭ گـــراماتىك قائىدىلىرىگـــە، ســـۆز ـ جۈملىلـــەرنىڭ مەنىسىگـــە ۋە پـــىقهى هۆكۈملەرگە كۆپرەك ئەهمىيەت بېرىپ كەلگەن بولسا، زامانىمىزدىكى تەپسىرلەر قۇرئان كـــەرىمنى مۇســـۇلمانلارنىڭ هاياتىغـــا تـــەتبىقلاش، زامانغـــا ماسلاشـــتۇرۇپ، پـــېڭى مەسىلىلەرگــە جــاۋاب ئىزدەشگــە قــاراپ ماڭــدى. 100 يىلنىـــڭ مابەينىـــدە ئىســـلام دۇنياسىـدا ساناپ تۈگەتكۈسىز تەپسىرلەر يېزىلىپ نەشىر قىلىندى ۋە كەڭ تارقالدى.

بـۇ تەپسـىرلەردىن ئىسـلام دۇنياسـىدا داڭـق چىقارغـان ئـەڭ مەشـهۇرلىرى، مىسىـر مۇپتىسـى مۇهەممـەد ئابـدۇهنىڭ شاگـىردى رەشـىد رىزانىـڭ «ئـەل مـەنار» تەپسـىرى، سەيىد قۇتۇپنىڭ «فـي زىلالىـل قۇرئان» تەپسىرى، تـەنتاۋى جەۋهـەرىنىڭ «تەپسىـرى جـاۋاهىر» نـاملىق تەپسـىرى ۋە ئىمـام ئەبـۇل ئـەئلا مـەۋدۇدىنىڭ «تەپهـمۇل قـۇرئان» تەپسىرى قاتارلىق تەپسىرلىرىدۇر.

1 ـ «تەپسـىرى قـۇرئان هـەكىم» (تەپسـىرىل مـەنار دەپ مەشـهۇر بولغـان) تەپسـر بولـۇپ، بـۇ تەپسـىرنى شـەرق ئىسلاهاتچىسـى ۋە ئىسـلام مۇتەپـەككۇرى جامالىــددىن ئافغانىنىــڭ شاگـىرتى مۇهەممـەد ئابـدۇھ ئەزهـەر ئـالى بىلىـم يۇرتىـدا ئوقۇغـۇچىلىرىغا سـۆزلەپ بەرگـەن تەپسىـر دەرسـى ئاساسـىدا مۇهەممـەد ئابـدۇهنىڭ يېنىـدىن پـەقەت ئايرىلمايـدىغان ئالـدىنقى قاتـاردىكى ئوقۇغۇچىسـى ۋە مۇهەممـەد ئابـدۇهنىڭ ئىلمـي ۋارىسـى شـەيخ مۇهەممـەد رەشـىد رىـزا ئۇسـتازىنىڭ تەپسـىر دەرسـى ۋە ئۇسـۇلىغا ئاساسـلىنىپ يېـزىپ چىققـان، بۇتەپسـىر سـۈرە پـاتىهەدىن سـۈرە يۈسۈپـنىڭ 101 ـ ئايىتىگــىچە تەپســر قىلىنغــان بولــۇپ، بۇتەپســىرنى تاماملاشـقا مۇئەللىپـىنىڭ ئـۆمرى يېتىشمىگـەن. بـۇ تەپسـر چـوڭ هـەجىملىك 12 جىلـد هالـدا قايتـا ـ قايتـا نەشـىر

قىلىنىپ كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، دۇنيادا پەقەت تەنقىدكە ئۇچرىمىغان بىرمۇ تەپسىر بولمىغىنىدەك، بۇمۇ بىر بۆلۈك ئۆلىمالار تەرىپىدىن تەنقىد قىلىنغان.

2 ـ مىسىرلىق، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى، ئىسلام مۇتەپەككۇرى، دىنى ۋە ئەقىدىسىنى قوغداپ، ئاللاھ يولىدا ئىسسىق قېنىنى تەقدىم قىلىپ، شەھىدلىق ماقامىغا نائىل بولغان سەيىد قۇتۇبنىڭ كۆپ قىسمىنى زىنداندا يازغان «فىي زىلالىل قۇرئان» تەپسىرىدۇر.

سەيىد قۇتۇپ 1906- يىلى 10- ئاينىڭ 9 ـ كۈنى دۇنياغا كەلگەن. 1933- يىلى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دارىلئۇلۇم پاكولتېتىنى تاملىغان.

1948- يىلى مىسىر مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئامېرىكىغا ئەۋەتىلىپ، ئامېرىكىدا ئىككى يىل تۇرغان... 1954- يىلى قولغا ئېلىنىپ، 10 يىل تۈرمىدە ياتقان.

1965- يىلى قايتا قولغا ئېلىنىپ، 1966- يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئابدۇل ناسىر ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى مىسىر ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شەھىد قىلىنغان.

بۇ تەپسىرنىڭ ھەرخىل باسمىلىرى ۋە نۇرغۇن تىللارغا قىلىنغان تەرجىلىرى مەۋجۇتتۇر. 1986 ـ يىلى قاھىرىدە ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارالىق كىتاب يەرمەنكىسىدە بۇكىتابنى سېتىۋالغۇچىلارنىڭ نۆۋەت كۈتۈپ ئۆچرەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋە لىۋانىدا زىيان تارتىپ سەرمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغان كىتاب سودىگەرلىرىگە، «فىي زىلالىل قۇرئان» تەپسىرىنى باستۇرۇپ ساتساڭ تارتقان زىيىنىڭنى تىرىلدۈرىۋالىسەن، دەيدىغان سۆزنىڭ ماقال ـ تەمسىلگە ئايلانغانلىقىنى ئاڭلىغان كىشى، گەرچە بۇ تەپسىرنى كۆرمىگەن بولسىمۇ بۇنىڭ ھەقىقەتەن تەڭداشسىز تەپسىر ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلمىسا كېرەك. ئىسلام دۇنياسىدا، ھەتتاكى غەرب ئەللىرىدىمۇ سەيىد قۇتۇپ ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى ھەققىدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق دىپسسىرتاتسىيە ياقلاپ كىتاب يازغانلىقىمۇ يۇقىرىقى پىكىرىمىزنى دەلىللەيدۇ. ئەپسۇسكى بۇ تەپسىرمۇ بەزى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ياكى بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان ئىنتايىن مۇتەئەسسىپ كىشىلەرنىڭ تەنقىدىدىن خالىي بولالمىغان.

3 ـ «ئەل جەۋاھىر فىي تەپسىرىل قۇرئان» مۇئەللىپى تەنتاۋى جەۋھەرى بولۇپ، ئەينى زاماندا قاھىرە دارۇل ئۇلۇم پاكولتېتىنىڭ ئۇستازى ئىدى. بۇ تەپسىرنىڭ ئۇسلۇبى بۇرۇنقى مۇپەسسىرلەرنىڭ تەبىئەت ئىلمىگە ئەھمىيەت بەرمەستىن پىقھى مەسىلىلەرگە كىرىپ كەتكەن دەپ تەنقىد قىلىنىپ، بۇ تەپسىردە تەبىئەت ئىلمى ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئاجايىپ سىرلارنى كەشىپ قىلماقچى بولغان،

مۇئەللىپ، «بۇتەپسىر ئىلىملەرنىڭ خۇلاسىسى، بۇنى بىلىش مىراس ئىلمىنى ئۆگىنىشتىن ئەۋزەل، بۇ زامان ئىنقىلاپ زامانى» دەپ يازغان. ئەمما كۆپلىگەن ئالىملار بۇ تەپسىرنى دەرىسلىك كىتابلارغا ئوخشاش ئۆسۈملۈكلەرنىڭ، هايۋانلارنىڭ رەسىملىرى بىلەن توشقۇزىۋاتقان، ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىشتا ئەسلى مەقسەتتىن چەتنەپ كەتكەن، ئايەتلەرنى ئەپلاتۇن نەزەرىيىسى، ئىخۋانۇسساپا پەلپەپىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلىغان دەپ، خۇددى «مەپاتىھۇل غەيىب» تەپسىرىنى ئەيىبلىگەندەك، «بۇ تەپسىردە ھەممە ئىلىم بار پەقەتلا تەپسىر ئىلمى يوق» دەپ تەنقىد قىلىشقان. شۇنىڭ بىلەن ئەينى زاماندا بۇ تەپسىرنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانغا كىرىشى چەكلەنگەن.

4 ـ «تەپھىمۇل قۇرئان» بۇ ئىمام ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدىنىڭ ئۇردۇ تىلىدا كۆپ قىسمىنى زىنداندا يازغان تەپسىرى بولۇپ، 6 جىلد ھالىدا پاكىستان، ھىندىستانلاردا قايتا ـ قايتا نەشىر قىلىنىپ كەڭ تارقالغان. ئىنگىلىزچە، تۈركچە ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. مەۋدۇدى بۇ تەپسىرنى 1942 ـ يىلى يېزىشقا باشلاپ، 1972 ـ يىلى يېزىپ تاماملىغان. بۇ 30 يىل جەريان ئىچىدە مەۋدۇدى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، تەپسىرنى پىششىقلاپ ماڭغان. مەۋدۇدى بۇ تەپسىرىدە «ئىسلام دىن ۋە دۆلەتتۇر، ئىسلام ھاكىمىيىتى تىكلەنمەستىن، ئىسلامغا تولۇق ئەمەل قىلغىلى بولمايدۇ، ئىسلام مۇكەممەل بىر دىن بولۇپ، ھاياتنىڭ شەخسى ۋە ئىجتىمائى تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، غەرب پىكىر ئېقىمىنىڭ، دىنسىزلىق پەلسەپەسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا ئېقىپ كىرىشىگە شىددەت بىلەن قارشى تۇرغان.

ئۇ ھازىرقى دەۋرىدە ئىسلام دەۋىتىنى قانداق ئېلىپ بېرىش، قايسى ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۇسۇل ـ چارىلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

مەۋدۇدى 1903 ـ يىلى ھىندىستاندا دۇنياغا كەلگەن. مەۋدۇدى پەقەت تەپسىر ساھەسىدىلا ئەمەس، ژۇرنالىستلىق ۋە ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ ھەر قايسى ساھەسىدە كىتاب يېزىپ داڭق چىقارغان، يازغان كىتابلىرى ئىسلام ۋە ئەرەب دۇنياسىدا ھەرخىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ كەڭ تارقالغان. ئىسلام مۇتەپەككۇر ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى 1979 ـ 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى 76 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

20 ـ ئەسىردە تەپسىرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىشى، نۇرغۇنلىغان تەپسىرلەرنىڭ يېزىلىپ نەشىر قىلىنىشى بىلەن، ئىلاھى كىتاب — قۇرئان كەرىمنى باشقىچە، يۇقىرىقى تەپسىرلەرگە ئوخشىمايدىغان بىرخىل تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى — 4 ـ خىل ئۇسۇل ئوتتۇرىغا چىققان.

بۇ خىل تەپسىرلەرنىڭ بىرى 1931 - يىلى قاھىرىدە نەشىر قىلىنغان ئەبۇ زەيد دەمەنھۇرى دىگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان «ئەل ھىدايەتى ۋەل ئىرفان فىي تەپسىرىل قۇرئان بىل قۇرئان» (يەنى قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلىشتا ھىدايەت ۋە ئىرپان) دەپ نام قويۇلغان تەپسىر بولۇپ، بۇ تەپسىردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەزەرىيە ۋە كۆز قاراشلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئەسلى روھىغا، ھەدىس شەرىپلەرنىڭ مەزمۇنىغا، پۈتۈن مۇپەسسىرلەرنىڭ تەپسىر قىلىش قائىدىسىگە تامامەن خىلاپ بولۇپ، بۇ تەپسىردە، پۈتۈن تەپسىر كىتابلىرى ۋە مۇپەسسىرلەر تەنقىد قىلىنغان، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ئىنكار قىلىنغان، مەلائىكە، جىن، شەيتانلار ئىنكار قىلىنغان، شەرئەت ھۆكۈملىرى ئاياق ئاستى قىلىنغان بولۇپ، بىر قېتىم ياكى بىرقانچە قېتىم ئوغرىلىق قىلغان كىشىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ، زىنا قىلغۇچىلار چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، ئۆسۈم نەچچە ھەسسە بولمىسا ئۆسۈم ھېسابلانمايدۇ، ئائىلە مۇناسىۋىتى بوزۇلمىغۇچە تالاق تالاق بولمايدۇ، دىيىلگەن ۋە باشقا نۇرغۇن مەسىلىلەر ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن. بۇ تەپسىر نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، مىسىر ئۆلىمالىرى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، بۇ تەپسىرنى تەپسىرى ئىلھادى يەنى دىنسىزلىق تەپسىرى دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ئەزھەردىن مەخسۇس پەرمان چىقىرىپ بارلىق نۇسخىلىرىنى يىغىۋېلىپ مۇسادىرە قىلغان، باشقىلارنىڭ ئوقۇشى چەكلىنىپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يوق قىلغان.

ئەزىز قېرىنداشلار! قولىڭىزدىكى بۇ تەپسىرنى نەشىر قىلىپ تارقىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئازراق پايدىسى تېگىپ قالار، دىگەن مەقسەتتە تەپسىر ۋە تەپسىرشۇناسلىق ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۈم. دۇنيادىكى پۈتۈن تەپسىرلەرنى بىرمۇ بىر تونۇشتۇرۇش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. بۇيەردە ئۇيغۇر تەپسىرشۇناسلىقى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولسىمۇ ئۇنى باشقا بىر ماقالەمگە ھاۋالە قىلىپ قەلەمنى مۇشۇ يەردە توختاتتىم.

هاجى ئابدۇلجېلىل
2005 - يىل 1 - ئاي ئىستانبۇل

# بسم الله الرحمن الرحيم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

جىمى ماختاشلار ۋە مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە ئاتىغان نېمىتىنى تاماملىغان ۋە قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت مەڭگۈ ئۆچمەس ھىدايەت مەشئىلىنى چۈشۈرۈپ كائىناتنى نۇرلاندۇرغان ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا مەۋجۇداتنىڭ سانىچە ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن. ھەق دىننى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇپرى، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىزلەرگىچە يەتكۈزگەن ساھابىلىرىغا، شۇنداقلا تاقىيامەتكىچە ھەق يولدا يۈرگەن مۆمىنلەرگە ئەڭ ئالى ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى بىلەن ئىبادەت قىلىنىدىغان، تەلىماتلىرى بويىچە ئەمەل قىلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىش بىلەن ئىككى ئالەملىك ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغان ئىلاھىي كىتابتۇر.

قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر دەستۇرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ يېتەكچىسىدۇر.

مۆجىزە — ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ راستىنلا ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىنسانلارغا ئىسپاتلاپ بېرىشى ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن دەلىل - ئىسپات ۋە پاكىت دېمەكتۇر.

ئاللاھ ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ھەر بىر پەيغەمبەرنى يېتەرلىك مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتكەن. مەسىلەن: ئاللاھنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوتتا كۆيمەس مۆجىزىسىنى بەرگەنلىكى، بابىل پادىشاھى نەمرۇد ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چوڭ بىر ئوت دۆۋىسىگە ئاتقاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەھشەتلىك ئوت ئىچىدە نە ئۇنىڭ بەدىنى، نە تېرىسى كۆيمىگەنلىكى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قولى چىراقتەك يانىدىغان، ھاسىسى ئەجدىھاغا ئايلىنىدىغان مۆجىزىلەرنى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان، ئاق كېسەلنى ساقايتىدىغان، تۇغما كورنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان مۆجىزىلەرنى بەرگەنلىكى قۇرئان كەرىم ۋە باشقا ساماۋىي كىتابلاردا قەيت قىلىنغان ھەقىقەتتۇر. ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ كۆپلىگەن مۆجىزىلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋە بۇرۇنقى باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە پەرقلىق ۋە تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە بولغان بىردىنبىر جانلىق مۆجىزە — قۇرئاندۇر.

مۆجىزىلەر ئەزەلدىن ھەر بىر دەۋرنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ شارائىتىغا قاراپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان نەرسىنىڭ جىنسىدىن بولۇپ، ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان ئالاھىدە پەرقلىق ئۈستۈنلىكى بىلەن كەلگەن. مانا بۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرگە مۆجىزە ئاتا قىلىشتىكى پرىنسىپىدۇر. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا مۆجىزە ئەۋەتىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايتتى. چۈنكى بىر پەننى بىلمىگەن خەلققە باشقا بىر پەن بىلەن دۇئېل ئېلان قىلغاننىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بەلكى دۇئېل ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئەڭ ئۇچىغا چىققان نەرسىسىنىڭ جىنسىدىن بولغاندىلا ئۇنىڭ قىممىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن: پىرئەۋننىڭ زامانىدا سېھىرگەرلىك ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئاللاھ شۇ زاماننىڭ تەقەززاسىغا ماسلاشتۇرغان ھالدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن سېھىرلەرنى بەربات قىلىپ، سېھىرگەرلەرنى مات قىلىدىغان مۆجىزە ئاتا قىلغان. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى تىببىي جەھەتتە زور ئاشقان بىر دەۋر بولغانلىقتىن، ئاللاھ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئۇستا دوختۇرلىرىمۇ ساقايتالمىغان ئاق كېسەلنى، تۇغما كورنى ساقايتىدىغان، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنىمۇ تىرىلدۈرىدىغان مۆجىزىنى ئاتا قىلغان.

ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا كەلگەندە، ئەرەبلەردە ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. ئەرەبلەر چوڭ - كىچىك ھەممىسى بىردەك شېئىر خۇمار خەلق ئىدى. ئۇلار ھەر يىلى مەلۇم بىر كۈننى بەلگىلەپ ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى «ئوكاز» شەھىرىدە پۈتۈن ئەدىبلەر ۋە شائىرلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى ئاستىدا شېئىر ماھارىتى كۆرسىتەتتى. «ئوكاز» ئەينى زاماندا شائىرلارنىڭ شېئىر سورۇنىغا ئايلانغانىدى. ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەتكە بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى: بىر تەرەپتىن، ئۇلار قۇملۇق سەھرالار ۋە يايلاقلاردا ھايات كەچۈرىدىغان خەلق بولغاچقا، تەبىئەتنىڭ ھەرخىل مەنزىرىلىرى ئۇلارنى تەپەككۇر قىلىشقا ۋە غەزەللەرنى ئېيتىشقا ئۈندەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەبلەردە ئومۇمىي بىرلىك بولماستىن، ئۇلار قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ، ھەر بىر قەبىلە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى شېئىر ۋە غەزەللەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ پەخىرلىنىش ۋە شېئىر بىلەن رەقىبلىرىنى سۆكۈش، ھەتتا بۇ سەۋەبتىن بىر - بىرىگە قارشى چوڭ ئۇرۇشلارنى باشلىتىش قاتارلىق مۇددىئالار بىلەن ئۆمۈر سۈرەتتى. شۇڭا ئۇلار بالاغەتلىك، بەدىئىي شېئىرلارغا ۋە تالانتلىق شائىرلارغا زور ئېھتىياجلىق ئىدى. قىسقىسى، ئۇلار شېئىر بىلەن كۆتۈرۈلەتتى، يەنە شېئىر بىلەن چۈشەتتى. بەزى بەدىئىي شېئىرلىرىنى كەبىكە ئېسىش بىلەن پەخىرلىنەتتى.

شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن پۈتۈن ئىقلىملارنى يورۇتقان، بالاغەت، پاساھەت جەھەتتىكى بەدىئىيلىكتە ئەڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن

هالدا، ئاللاھ تەرىپىدىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلۈشى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرىنى «ئەرەب ـ تىلى راۋان» باشقا مىللەتلەرنى «ئەجەم ـ تىلسىز» دەپ مەغرۇرلانغان ئاتاقلىق ئەدىبلىرى بىلەن تالانتلىق شائىرلىرىنى سەھنىدىن چۈشۈردى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا قۇرئان كەرىمنىڭ جىمى ئەرەبلەرگە دۇئىل ئېلان قىلىشى ئىدى. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئالدىدا خۇددى چۆش ۋاقتىدا قۇياشقا تىكىلىپ قارىغان كىشىنىڭ كۆزى خىرەلىشىپ قالغىنىدەك، ئەقىللىرى خىرەلىشىپ بارچە ماھارەتلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ھالدا گاڭگىراپ قالدى.

قۇرئان كەرىم جىمى ئەرەبلەرگە دۇئىل ئېلان قىلغىنىدەك، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دۇئىل ئېلان قىلغانىدى. قۇرئان بۇ خۇسۇستا نۇرغۇنلىغان ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىدىن خەۋەر بەرگەن ۋە بۇ ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن: دۇنيانىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىككى چوڭ ئېمپىراتورلوقلىرىدىن بولغان رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، ئىرانلىقلار رىملىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇشرىك ئەرەبلەرنى كۆپ مەمنۇن ۋە مۇسۇلمانلارنى غەمكىن قىلىدۇ. چۈنكى ئىرانلىقلار ئەرەبلەرگە ئوخشاش بۇددىست، رىملىقلار ساماۋىي دىنغا ـــ خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەر ئىدى. شۇڭا مۇشرىك ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىرانلىق دىنداشلىرىنىڭ رىملىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭمۇ رىملىقلارغا ئوخشاش بولۇشىنى تىلەيتتى. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى غەمكىن قىلغانىدى. شۇ ۋاقىتتا قۇرئان رىملىقلارنىڭ كېيىنكى غەلىبىسىدىن خەۋەر بېرىپ:{الم . غُلِبَتِ الرومُ. فِي أَدْنَى الْأَرْضِ وَهُم مِن بَعْدِ غَلَبِهِمْ سَيَغْلِبُونَ. فِي بِضْعِ سِنِينَ لِلهِ الْأَمْرُ مِن قَبْلُ وَمِن بَعْدُ وَيَوْمَئِذٍ يَفْرَحُ الْمُؤْمِنُونَ. بِنَصْرِ اللهِ يَنصُرُ مَن يَشَاءُ وَهُوَ الْعَزِيزُ الرحِيمُ} تەرجىمىسى: «رىملىقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى. ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرىشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر»[1] دېگەنىدى. بۇ خەۋەرنى مۇسۇلمانلار «ھەق ۋە راست»دەپ تەستىق قىلىشتى، ئەرەب، ئەجەم بۇددىستلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يانداشلىرى بولسا، «يالغان، كۆرىمىز قېنى. قايسىمىزنىڭ كۈتكىنى ئەمەلگە ئاشىدىكەن» دېيىشتى ۋە ئىككى پىرقە بۇ كېلىچەكتىكى ئۇرۇشنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتتى. ئارىدىن تولۇق يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، رىملىقلار خۇددى قۇرئاننىڭ ئالدىنئالا خەۋەر بەرگىنىدەك ئىرانلىقلارنى يېڭىدۇ. ئەگەر ئەھۋال قۇرئان كەرىم خەۋەر بەرگەندەك بولماستىن ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، رىملىقلار يېڭىلگەن بولسا ياكى ئۇرۇش يۈز بەرمىگەن بولسا نېمە بولماقچى ئىدى؟ شەكسىزكى،

[1]رۇم سۈرىسى 2-5 -ئايەتلەر

ئەرەبلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ”يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان، شۇڭا گەپلىرى يالغان چىقتى“ دەپ تۆھمەت قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك شەرت ـ شارائىت ھازىرلانغان بولاتتى. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسي دەستۇرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان قۇرئان كەرىم يالغانغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، بۇ يېڭى دىن ئەجەلگە يولۇققان بولاتتى. ئەمما خەۋەر بەرگۈچى ئاللاھ تائالا ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەمەس. يەتتە يىلدىن كېيىن بولىدىغان سوقۇشنىڭ نەتىجىسىدىن خەۋەر بېرىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭلا ئەمەس، ئەتراپلىق يېتىشكەن تەجرىبىلىك ھەربىي قوماندانىنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ.

پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى بۇزۇپ ئۆتىدىغان خارىقى ئادەت ئىشلار ئىدى. مەسىلەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بىر قەۋمگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرۈپ جازالىماقچى بولغىنىدا، ئۇنى ئىلاھلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئۆزلىرىگە ھاقارەت قىلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى جازالىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغىنىدا، ئوت ئۆزىنىڭ كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتىنى يوقاتتى، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئىنتىقام ئالالمىغانلىقتىن ئۇلارنى مات قىلىپ قويدى.

شۇ ئېنىقكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئوتتىن قۇتۇلۇپ ئامان قېلىش ئەمەس، بەلكى ئوتنىڭ كۆيدۈرۈش قانۇنىيىتىنى بىكار قىلىش ئارقىلىق ئىلاھلارنىڭ جازالاشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئىدى. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتتىن قۇتقۇزۇشنىلا مەقسەت قىلغان بولسا ئىدى، قەۋمى ئۇنى خۇددى ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۈيقەستچى قەۋملەر تۇتالمىغاندەك تۇتالمىغان ياكى يامغۇر يېغىپ ئوت ئۆچۈپ قالغان سەۋەبلەر بىلەنمۇ ئۇنى قۇتقۇزالايتتى. ئەگەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قېچىپ قۇتۇلغان ياكى يامغۇر يېغىپ ئوت ئۆچۈپ قالغان بولسا ئىدى، قەۋمى ”ئەگەر بىز ئىبراھىمنى تۇتالىغان بولساق، ئەلۋەتتە ئىلاھلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالغان ۋە ئوت ئۆچۈپ قالمىغان بولسا، ئەلۋەتتە كۆيدۈرۈلگەن بولاتتى“ دەپ كۆرەڭلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما يالقۇنلاپ تۇرغان ئوت دۆۋىسى ئۇنىڭغا تاشلانغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرەلمىدى، ئۇلار گۇمان قىلغان ئىلاھلار ئۇنى جازالىيالمىدى. نەتىجىدە، ئۇلار ”ئىلاھلىرىمىز“ دەپ چوقۇنغان بۇتلارنىڭ بىراۋغا پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ زىيان ـ زەخمەتلەردىن قوغدىيالمايدىغان ھەيكەللەر ئىكەنلىكى ئۇلارغا ئايان بولدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ''ھاساڭ بىلەن دېڭىزغا ئۇر'' دېگەن ئەمرىگە ئاساسەن، ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋىدى، دېڭىز سۈيى خۇددى ئىككى چوڭ تاغدەك ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ، ئوتتۇرىدىن يول ھاسىل بولدى. سۇنىڭ بۇنداق بولىشى ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە زىت بىر ئىش. لېكىن مۆجىزە ئۇنى شۇنداق قىلالىدى. بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خاسيەتلىك ھاسىسىنىڭ كارامىتى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئارقىدا پىرئەۋن قوشۇنلىرى، ئالدىدا پايانسىز دېڭىز ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ، قۇتۇلۇشنىڭ ئىنسانىي چارىلىرى پۈتۈنلەي تۈگىگەن بىر ۋاقىتتا، قۇتۇلۇشتىن تولۇق ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىشىنىڭ چارىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قەۋمى ''بىز ئەمدى تۈگەشتۇق'' دېگەندە، ئۇ ''ياق! ئاللاھ مېنىڭ بىلەن بىللىدۇر. ئۇ مېنى نىجاتلىققا يېتەكلەيدۇ'' دېگەن سۆزنى تولۇق ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئېيتىش ئارقىلىق قۇتۇلۇش ئىشىنىڭ ئىنسانىي سەۋەبلەردىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە يۆتكەلگەنلىكىنى جاكارلىغان ئىدى.

پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر خاراكتېر جەھەتتە ئوخشاش بولمىغاندەك، قىممەت جەھەتتىمۇ ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ھېسسىي مۆجىزىلەردىن بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ئۇنى كۆرگەنلەر قايىل بولۇپ ئىشەنگەن، ئۇنى كۆرمىگەن كېيىنكىلەر ئۈچۈن خەبەر ياكى قىسسە ئورنىدا بولۇپ قالغانلىقتىن، خالىغانلار ئىشىنىپ، خالىمىغانلار ئىشەنمەيدىغان ئىشلاردۇر. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولغان قۇرئان كەرىم زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن كۈچىنى يوقاتمايدىغان مەڭگۈلۈك ئەقلىي مۆجىزىدۇر. قۇرئان كەرىم ھەممىلا يەردە بار. ئۇنى ھەركىم ''مانا بۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى'' دەپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ شۇ ۋاقىتتا رويابقا چىقارغان ئىشلىرى ئىكەنلىكىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىر سۈپەت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئىش ـ ھەرىكەت بىر ياكى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىپ ئاخىرلىشىدۇ. بۇ خۇددى ئوت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاشلانغان ۋاقىتتا ئۇنى كۆيدۈرمىگەن بولسىمۇ، كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقانلىقى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆتكەندە يېرىلغان دېڭىز سۈيىنىڭ كېيىن يەنە ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقىنىغا ئوخشاش. ئەمما سۈپەت ئۇنىڭ ئىگىسى داۋام قىلغان مۇددەتكىچە ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە بىرگە داۋام قىلىدۇ. بۇ خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ كالام سۈپىتىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈگە داۋام قىلغىنىغا ئوخشاش.

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئايرىم ۋە دەستۇرى ئايرىم ئىدى. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ھاسا بولسا، دەستۇرى تەۋرات ئىدى.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى مېدىتسىنا بولسا، دەستۇرى ئىنجىل ئىدى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئۇنىڭ دەستۇرىنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئۇلۇغ دەستۇرنىڭ مۆجىزە بىلەن قوغدىلىپ مەڭگۈگە داۋام قىلىشى ۋە مۆجىزىنىڭ دەستۇردە ھەمىشە بولىشى ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇممەتلىرىگە ئامانەت قىلىنغان ۋە چىڭ ساقلاش ئەمر قىلىنغان. ئەمما قۇرئان كەرىمنى ساقلاش، ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشلاردىن قوغداش ئىشىنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان. {إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ} تەرجىمىسى: «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز»[2].

نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى بىرىنچىدىن، قۇرئان كەرىم مۆجىزىدۇر. ئۇ مۆجىزە بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ تېكىستلىرى ئۆز پېتىچە داۋام قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ مۆجىزىلىكى يوقالغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىنسانلارنىڭ بۇرۇنقى ساماۋىي كىتابلارنى قوغداشتىكى ئاجىزلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلار مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ بەزىسىنى ئۇنۇتتى، بەزىسىنى بۇرمىلىدى، بەزىسىنى خەلقتىن يوشۇردى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى ۋە مەڭگۈلۈك دەستۇرنى قوغداش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئىشىنىڭ زامان ئۆتكەنسېرى ئاجىزلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنى قوغداش ئىشىنىڭ زاماننىڭ ئۆزىرىشى بىلەن كۈچىيىپ بارغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەرىمنى قوغداش ئىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەر ئارىسىدىمۇ تاپقىلى بولغىنىدەك، مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭمۇ ئۇنى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. نېمە ئۈچۈن ياپونىيە، ئىتالىيە ۋە باشقىمۇ مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەتلەر قۇرئان كەرىمنى ئەڭ ئېسىل ۋە سۈپەتلىك نەشىر قىلىش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ خىراجەت قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن گېرمانىيىلىك بىر شەخس قۇرئان كەرىمنى ھۆسنىخەت بىلەن بىر بەتكە يېزىپ چىقىشقا ئالدىرايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى نەشىر قىلىدىغان مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئۆزگەرتكىنىدەك قۇرئان كەرىمنى بىرەر ھەرپىگە چاغلىق ئۆزگەرتەلمەيدۇ؟ چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى شۇنداق قوغداشنى خالايدۇ ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلدۇرۇش

---

[2] ھىجر سۈرىسى 9 ـ ئايەت

ئارقىلىق قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ تائالا ئۆزى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىنى دەلىللەيدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قۇرئان كەرىمنى قوغداپ كەلگەنلەر ئىسلام دىنىغا ئەمەل قىلغۇچىلار ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۆزىدۇر!

## قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئالەم ئۈچۈن مۆجىزىدۇر

قۇرئان كەرىم ئەرەبلەرگىلا دۇئىل ئىلان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۆجىزە ئەمەس، بەلكى ئۇ پۈتۈن ئالەم ئۈچۈن مۆجىزىدۇر. ئۇ زامان ۋە ماكانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىدى.

1 - قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆتكەن زامانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھېچ ئوقۇمىغان ۋە ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگەنمىگەن، پەقەتلا ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن بىر زات ئىدى. ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن بۇ قۇرئاندا، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ — ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قەۋملىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرى، ھەتتا تارىخ يېزىلىدىن ھېچ ئىزى قالمىغان مىللەتلەرنىڭمۇ كەچۈرمىشلىرى، ئېتىقادلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. يۇقىرىقىلارنىڭ قىسسىلىرىنىڭ بەزىسىنى بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن تارىخشۇناشلاردىن مىڭدىن بىرى بىلەتتى ياكى بىلمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قىسسەلەرنى قۇرئاننىڭ ھېكايە قىلىشى بويىچە بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، مەزكۇر قىسسەلەر ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي، خرىستىئان) ئەللامىلىرىنىڭ قولىدىكى ساماۋىي كىتابلارنىڭ ۋە شۇ زامانلاردىكى مەشھۇر تارىخچىلارنىڭ ھېكايە قىلغانلىرىنىڭ ئەينىسى بولۇپ چىققان. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەينى زامانلاردا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئەھلى كىتاب ئالىملىرى ۋە باشقا ئىلىم ئەھلىلىرى كۆپ بولغان.

قۇرئان كەرىمنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ بىر قانچە ئورۇندا بايان قىلغان «سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ» دېگەن ئايەتلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆتكەن زامانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈشتەك ئۇلۇغ مۆجىزىسىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. **{ذَلِكَ مِنْ أَنبَاء الْغَيْبِ نُوحِيهِ إِلَيكَ وَمَا كُنتَ لَدَيْهِمْ إِذْ يُلْقُون أَقْلاَمَهُمْ أَيُّهُمْ يَكْفُلُ مَرْيَمَ وَمَا كُنتَ لَدَيْهِمْ إِذْ يَخْتَصِمُونَ}** تەرجىمىسى: «(ئى مۇھەممەد!) بۇ — ساڭا ۋەھيى قىلىۋاتقىنىمىز — غەيىب خەۋەرلىرىدىندۇر. مەريەمنى ئۇلارنىڭ قايسىسى تەربىيىسىگە ئېلىش (مەسىلىسىدە چەك تاشلاش يېزىسىدىن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ، (مەريەمنىڭ كىمنىڭ تەربىيىسىدە بولۇشىنى)ئۆز ئارا جاڭجال قىلىشقانلىرىدا سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ»[3].

[3] ئال ئىمران سۈرىسى 44- ئايەت.

**{وَمَا كُنتَ بِجَانِبِ الْغَرْبِيِّ إِذْ قَضَيْنَا إِلَى مُوسَى الْأَمْرَ وَمَا كُنتَ مِنَ الشَّاهِدِينَ}** تەرجىمىسى: «(ئى مۇھەممەد!) بىز غەربىي تاغنىڭ بىر تەرىپىدە مۇساغا ۋەھىي نازىل قىلغىنىمىزدا سەن يوق ئىدىڭ، (بۇنى) ئۆز كۆزۈڭ بىلەنمۇ كۆرمىگەن ئىدىڭ.»[4]

2 - قۇرئان كەرىمنىڭ ماكان توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىشى

قۇرئان كەرىم كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئۆز – ئۆزىگە مەخپىي ئېيتقانلىرىدىن خەۋەر بېرىشتىن تاشقىرى، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە كەچۈرگەنلىرىدىنمۇ تەپسىلى ۋە ئېنىق خەۋەر بەرگەن. **{وَيَقُولُونَ فِي أَنفُسِهِمْ لَوْلَا يُعَذِّبُنَا اللَّهُ بِمَا نَقُولُ}** تەرجىمىسى: «ئۇلار ئۆز ئىچىدە: ’’ئاللاھ نېمىشقا بۇ سۆزىمىز بىلەن بىزنى جازالىمايدۇ!‘‘ دەيدۇ»[5]

قۇرئان كەرىم بۇ ئايەتتە، ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئىچىدە ئۆز – ئۆزىگە سۆزلىگەنلىگەنلىرىدىن خەۋەر بەرگەن. ئەگەر ئۇلار شۇنداق سۆزلىمىگەن بولسا، ئەلۋەتتە بۇ ئايەتكە قارشى چىقىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «يالغانچى» دەپ سۈپەتلىگەن بولاتتى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى رەزىللىكلىرىنى پاش قىلغان بۇ قۇرئان كەرىم ئايىتى ئالدىدا لام، جىم دېيەلمىدى.

بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ كىشىلەر كۆڭلىدە بولۇپ ئۆتكەنلەردىن خەۋەر بېرىشى بولۇپ، كىشىلەر تېخى كۆڭلىگە كەچۈرمىگەن ۋە چوقۇم كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىنمۇ خەۋەر بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۆجىزىسىنى نامايان قىلغان.

**{سَيَقُولُ السُّفَهَاءُ مِنَ النَّاسِ مَا وَلَّاهُمْ عَن قِبْلَتِهِمُ الَّتِي كَانُوا عَلَيْهَا}** تەرجىمىسى: «بەزى ئەخمەق كىشىلەر: ’’ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرنى) قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن (يەنى بەيتۇلمۇقەددەستىن) نېمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ؟‘‘ دەيدۇ.»[6]

بۇ ئايەت، قىبلە بەيتۇلمۇقەددەستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلىشتىن بۇرۇن چۈشكەن بولۇپ، يېقىن كېلەچەكتە ئەمەلگە ئاشىدىغان بۇ چوڭ ئۆزگىرىشكە كىشىلەرنىڭ تۇتىدىغان مەۋقەسى توغرۇلۇق ئالدىنئالا خەۋەر بەرگەن.

**{سَيَحْلِفُونَ بِاللَّهِ لَكُمْ إِذَا انقَلَبْتُمْ إِلَيْهِمْ لِتُعْرِضُوا عَنْهُمْ فَأَعْرِضُوا عَنْهُمْ إِنَّهُمْ رِجْسٌ وَمَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ}** تەرجىمىسى: «ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ)، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار (يەنى ئۇلار بىلەن

---

[4] قەسەس سۈرىسى 44- ئايەت

[5] مۇجادىلە سۈرىسى 8- ئايەت.

[6] بەقەرە سۈرىسى 142- ئايەت

سۆزلەشمەڭلار ۋە سالاملاشماڭلار)، ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر»[7]

بۇ ئايەت، جىھادتىن قېچىپ ئايرىلىپ قالغان مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلار جىھادتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ يالغاندىن ئۆزۈرلەرنى ئويدۇرۇپ قەسەم قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. مەلۇمكى بۇ ئايەتلەر «س» ھەرپى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئەرەب تىلىدا «س» ھەرپى كېلىدىغان زامان پېئىللىرىنىڭ ئالدىغا كېلىش ئارقىلىق ئىش – ھەرىكەتنىڭ تېخى يۈز بەرمىگەنلىكىنى ۋە كېلىچەكتە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

3 - قۇرئان كەرىمنىڭ كېلىچەك توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىشى

**{سَيُهْزَمُ الْجَمْعُ وَيُوَلُّونَ الدُّبُرَ}** تەرجىمىسى: «مۇشرىكلار توپى مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ[8]»

بۇ ئايەت مەككىدە مۇسۇلمانلار سان ۋە كۈچ جەھەتتە ئىنتايىن ئازلىقنى تەشكىل قىلىدىغان بىر ۋاقىتتا چۈشكەن. ھەتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەت چۈشكەندە: «قايسى توپ ئۇ بىزدىن مەغلۇب بولىدىغان. بىز ئۆزىمىزنى قوغداشتىنمۇ ئاجىز كېلىۋاتقان تۇرساق» دېگەن. قۇرئان كەرىم بۇ ئايەت ئارقىلىق بىر قانچە يىل كېيىن ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر ھەقىقەتتىن خەۋەر بەرگەن. ئەگەر ھىجرىيەنىڭ 6 – يىلى بىرلەشكەن ئەرەب توپى مەدىنىدە يېڭىلمىگەن ۋە 8 – ھىجرىيە يىلى مۇسۇلمانلار مەككىنى فەتھى قىلىپ ھەممىنى تەلتۈكۈس مەغلۇب قىلمىغان بولسا قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى قىلىپ چىقىرىشقا يېتەرلىك ئىدى.

ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق قۇرئان كەرىم ئالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: **{سَنَسِمُهُ عَلَى الْخُرْطُومِ}** تەرجىمىسى: «ئۇنىڭ بۇرنىنى داغلاپ بەلگە سالىمىز»[9]. كېيىن بەدىر غازىتى بولغان كۈنىدە ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە بۇرنىدىن قىلىچلىنىپ ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ ئۆلىدىغانلىقىنى ئىش يۈز بەرمەستىن بۇرۇن كىم ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟ ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئۆز خاھىشىدىن بەرگەن بولسا ۋە كېيىن ئىش ئۇنىڭ خەۋەر بەرگىنىدىن باشقىچىرەك بولغان بولسا ئىش قانداق بولماقچىدى؟ ئىسلام دىنىنىڭ تەقدىرى نېمە بولماقچىدى؟

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جېنى بىلەن دۈشمەنلىك كۆرسەتكەن تاغىسى ئەبۇ لەھەبنىڭ كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. **{تَبَّتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ وَتَبَّ . مَا أَغْنَى**

---

[7] تەۋبە سۈرىسى 94- ئايەت

[8] قەمەر سۈرىسى 45- ئايەت

[9] نۇن سۈرىسى 16- ئايەت

عَنْهُ مَالُهُ وَمَا كَسَب. سَيَصْلَى نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ. وَامْرَأَتُهُ حَمالَةَ الْحَطَبِ. فِي جِيدِهَا حَبْلٌ مِن مَسَدٍ}
تەرجىمىسى: «ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۇخەنچى) خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ بوينىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ»[10]. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەۋاتسىمۇ دەردى چىقمايدىغان ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان ئەبۇ لەھەب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى توسۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە ـ تەدبىر ۋە ھىلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا، خالايىقنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «مىنى مۇھەممەد "مۇسۇلمان بولماي كاپىر ئۆلىدۇ ۋە دوزاخقا چۈشىدۇ" دىدى، گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن مۇسۇلمان بولدۇم، نەتىجىدە دوزاخقا كىرمەيدىغان بولدۇم» دەپ يالغاندىن بولسىمۇ ئۆزىنى ئېلان قىلغان بولسا ئىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى دەپ تۆھمەت قىلىشقا ۋە ئىسلام دىنىنى تۈپ ئاساسىدىن ئۆرۈپ تاشلاشقا قادىر ئىدى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شۇنى پىلانلىغۇدەك ئەقىل بەرمىدى. نەتىجىدە خۇددى قۇرئان كەرىم خەۋەر بەرگەندەك كاپىر پېتى ئۆلدى.

مۇندىن باشقا قۇرئان كەرىمدە شۇنداق ئاجايىپ ئىشلارنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىلگەنكى، قۇرئان كەرىم چۈشكەن زامانلاردا بىراۋ بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئېغىز ئاچسا ئۇ چوقۇم ساراڭ دەپ ئەيىبلەنگەن بولاتتى. ئەمما زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇرۇنقىلارنىڭ ئەقلى يەتمىگەن بۇ ئىشلار ئىلىم ـ پەن تەرەققى قىلغان ۋە ئەقىللەر يېتىلگەن بۇ دەۋردە كىشىلەرگە دۇئىل ئېلان قىلىپ كەلمەكتە. بۇ تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ.

## قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا قۇرئان كەرىمنىڭ شەرىئەت تەكلىپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئەمەلىي ئىش ـ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، شەرىئەت تەكلىپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولمىغانلىرىنىڭ تەپسىرلىرىنى قىلمىغان، بەلكى ئۇنى كېلىچەك نەسىللەرنىڭ ئىجتىھادىغا تاپشۇرغان ئىدى. چۈنكى قۇرئان كەرىمدىن ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلار مەلۇم بىر زامان ۋە مەخسۇس بىر ماكانلارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا چۈشۈرۈلگەن بولسا، قۇرئان كەرىم تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان مەڭگۈلۈك مۆجىزە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى ئىلىم ـ

[10] مەسەد سۈرىسى

پەننىڭ تەرەققىياتى ۋە زامانىنىڭ ئىلگىرلىشىگە ئەگىشىپ ھەر بىر ئەسىرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ماسلاشقان ھالدا ئۆزىنىڭ مۆجىزىسىنى نامايان قىلىشى تەقەززا قىلىنىدۇ.

ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىسىنى تەپسىر قىلىپ ئۈنىڭدىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوچۇقلىغان بولسا، شۇ ۋاقىتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقلى ئۇلارنى قوبۇل قىلالمىغانلىقتىن، دىنىنىڭ ئاساسىي جەۋھەرىي مەسىلىلىرىگە دەخلى يەتكەن بولاتتى. ئەگەر قۇرئان كەرىمنى كىشىلەرنىڭ شۇۋاقىتتىكى ئەقلىيىتى ۋە ئىلمىي سەۋىيىسىگە ماسلاشتۇرغان ھالدا تەپسىر قىلغان بولسا، كېيىنكىلەرنىڭ قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىش يولى تامامەن ئېتىلگەن بولۇپ، ئىلىم ـ پەن ئەسىردە مەيدانغا چىقىپ تۇرىدىغان قۇرئان كەرىم سىرلىرىنى تەپسىر قىلىپ ئېچىشقا ئىمكانىيەت بولمىغان بولاتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىرىدىن كېيىن باشقا تەپسىرگە ھاجەت قالمايتتى. تەپسىر قىلىنغاندىمۇ مۇسۇلمانلار ئاممىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايتتى. شۇ سەۋەبتىن تەپسىر يولىنى ئوچۇق قويۇپ قويغان.

شۇڭا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى قۇرئان كەرىم چۈشكەن ۋاقىتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىغا تامامەن مۇۋاپىق كەلگەندەك، زامان ئىلگىرلىگەن ۋە تۈرلۈك ئىلىم ـ پەنلەر مەيدانغا چىقىپ تەرەققى قىلغان ھەر بىر دەۋر ئىنسانلىرىنىڭمۇ ئەقلىلىرىغا تامامەن مۇۋاپىقلىشىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: قۇرئان كەرىم {وَهُوَ الَّذِي مَدَّ الْأَرْضَ} تەرجىمىسى: «ئاللاھ يەريۈزىنى (ئۇزۇنسىغا ۋە توغرىسىغا) سوزۇپ كەڭ ياراتتى»[11] دېگەن ئايەت ئارقىلىق يەرشارىنىڭ توپ شەكىللىك ئىكەنلىكىنى ئېيلان قىلغانىدى. چۈنكى قۇرئان كەرىم چۈشكەن شۇ زامانلاردىكى ئىنسانلار زېمىننىڭ ھەر تەرەپكە يېيىلغان ۋە سوزۇلغانلىقىنىلا بىلەتتى. مەلۇمكى، يەر يۈزى توپ شەكىللىك بولغاندىلا ئۇنىڭ ھەر تەرىپى كەڭ ۋە سوزۇلغان بولۇپ كۆرىنىدۇ. ئەگەر يەر شارى توپ شەكىللىك بولماستىن تۆت چاسا ياكى ئۈچ بۇرجەكلىك ياكى ئالتە ياكى سەككىز بۇرجەكلىك بولغان بولسا، ئۇنىڭ ھەممە تەرىپى كەڭ ۋە سوزۇلغان بولۇپ كۆرۈنمىگەن بولاتتى. ئىنسانلار ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى بولسىمۇ تاپقان بولاتتى. ئەگەر ئۇلارغا ئوچۇقراق قىلىپ: «يەر يۈزىنى توپ شەكىللىك ياراتتى» دېگەن بولسا، كىشىلەر بۇنى ھەزىم قىلالمايتتى ۋە ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىلىم ـ پەن بولمىغانلىقىدىن دىنىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرىگىمۇ شەك بىلەن مۇئامىلە قىلىش كەيپىياتى يۈز بەرگەن بولاتتى. شۇڭا بۇ ھەقىقەتنىڭ كەشپىياتىنى زامانلارنىڭ ئىلگىرلىشى بىلەن مەيدانغا كېلىدىغان ئىلىم ـ پەن ئەسىرگە تەرك ئەتكەن بولىشى مۇمكىن.

توغرا، قۇرئان كەرىم ئەنە ئەشۇنداق بىر پايانسىز كەتكەن ئوكيان. قانچىلىك يازساقمۇ ئۇنى تولۇق ئىپادە قىلىشتىن ئاجىز كېلىمىز. قۇرئان كەرىم جەۋھەرلىرىدىن تولۇق نېسىۋە

---

[11] رەئدە سۈرىسى 3- ئايەت

ئېلىش ئۈچۈن كۆپ ئىلىم، يېتىشكەن قابىلىيەت ۋە يۇقىرى پاراسەت كېرەك. بۇ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن پەقەت ھەر تەرەپ ئىلىم – پەن ۋە دىنىي ئىلىملەردە ئەتراپلىق يېتىشكەن نادىر ئۆلىمالارلا چىقالايدۇ. بۈگۈن قۇرئان كەرىم جەۋھەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاپتىم، دېگەن نادىر ئۆلىمادىن كېيىن كەلگەن يەنە بىر ئۆلىما ئالدىنقىسى تاپالمىغانلارنى تاپىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگىنى ئالدىنقى ئىككىسىنىڭ تاپالمىغانلىرىنى تاپىدۇ. شۇنداق قىلىپ قۇرئان كەرىم مۆجىزىسى تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ. ئىلىم – پەن ئىلگىرىلىگەنسېرى ئۇنىڭ مۆجىزىسى ۋە سىر – ئەسرارلىرى ھەمدە جەۋھەرلىرى كۆزلەرنى چاقناتقان ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ.

ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىمدىن باشلاپ، مۇسۇلمانلارغا، خۇسۇسەن ئاۋاملارغا قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىلىرىنى توپتوغرا، ئۇدۇللا كۆرسىتىپ بېرىدىغان، چۈشىنىشلىك بىر تەپسىرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. لېكىن بۇنداق بىر تەپسىرنى يېزىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇشمۇ مېنى چۆچۈتەتتى. چۈنكى قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىپ ئۇنىڭ مەقسەتلىرىنى ئايدىڭلىتىش ئىشى ئالاھىدە، پەۋقۇلئاددە ئىلىم، سەۋىيە تەلەپ قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغاندەك ئەمەسمەن. دەسمايەم ئاز، قولۇم قىسقا. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇمغا لايىق قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىلىرىنى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل، ئاددىي ئىبارىلەر بىلەن كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك ھالدا، ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەر تەپسىر ئىزدىدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىش ئىشى ساھابىلاردىن باشلاندى. ساھابىلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر مۇپەسسىرلىرىدىن بىرى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. ساھابىلاردىن كېيىن، تابىئىنلار(ساھابىلاردىن كېيىنكى ئەۋلاد) تەپسىر قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ تا ھازىرغىچە نەچچە يۈزلىگەن تەپسىر دۇنياغا كەلدى. بۇ تەپسىرلەر ئومۇمەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبىي ئۇستۇنلىكى، مۆجىزىلىرى، سىر – ئەسرارلىرى، شەرئەت ئەھكاملىرىنىڭ تەپسىلىي بايانى، قىسسىلەر، قىرائەت ئۇسۇللىرى، گراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى قاتارلىق سان – ساناقسىز ماۋزۇلارغا يېيىلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ تەپسىرلەردىن قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىلىرىنى چۈشىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇ تەپسىرلەرنىڭ مەقسەت، مۇددىئالىرىنى چۈشىنىشمۇ ئالاھىدە يۇقىرى بىلىم تەلەپ قىلىدۇ. ئىمام تەبەرىي، قۇرتۇبى، ئالۇسىي، فەخرىي ۋە شەھابۇددىن قاتارلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ تەپسىرلىرى بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ تەپسىرلەردىن پەقەت دىنىي ئىلىملەردە كامال تاپقانلارلا پايدىلىنالايدۇ. چۈنكى بۇ تەپسىرلەردىن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئەرەب تىلىنىڭ تىلشۇناسلىق، ئەدەبىيات، لوگىكا ئىلىملىرىدىن تولۇق خەۋەردار

بولغانلىقى سىرتىدا، ئىلمى فىقھى، ئىلمى ھەدىس، ئىلمى تەپسىر ۋە ئىلمى ئىستىلاھلارنى ياخشى بىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەممە كىشىنىڭ بۇنداق ھەر تەرەپتىن يېتىشىپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇپەسسىرلەردىن بەزىلىرى قۇرئان كەرىمنى ئىخچام تەپسىر قىلىشقا يۈزلەنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ تەپسىرلىرىدىنمۇ — ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئىخچاملىقىدىن — قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىلىرىنى چۈشىنىش ناھايىتى قىيىندۇر. خەلقىمىز ئىچىدە مەشھۇر بولغان تەپسىر جەلالەين بۇ تۈردىكى تەپسىرلەرنىڭ ۋەكىلىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ مۇپەسسىرلەرنىڭ قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىش يولىدا تۆككەن تەرلىرى ۋە سىڭدۈرگەن ئەجىرلىرىنىڭ، شۇنداقلا ياخشى نىيەتلىرىنىڭ ساۋابىنى ھەسسىلەپ بەرگەي. ئامىين.

زامان ئۆزگەردى. ھايات قىيىنلاشتى. ئىلىملەرنىڭ تۈرلىرى كۆپەيدى. ھەممە ئادەم دىنىي ئىلىملەردە ئالىم بولۇشقا يۈزلىنىش دەۋرى ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتتى. ھازىرقى ئەسىردە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كۆرسەتكەن پرىنسىپ بويىچە ئىسلاھ قىلىپ، ماتېرىيالىستىك ئاڭ ھەممىگە ئۈستۈن كېلىۋاتقان بۇ مۇرەككەپ ھاياتلىقتىكى روھىيەتكە بولغان تەشنالىقلىرىنى قاندۇرۇشقا موھتاج. ئۇلارغا ئىككى دۇنيالىق سائادەت ۋە خاتىرجەملىكنىڭ سۇنماس تۈتقىسى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىلىرىنى چۈشىنىشلىك ھالدا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل نەق كۆرسىتىپ بېرىش تەقەززا قىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىرى، ئەدەبىي ئۈستۈنلىكى، سىر – ئەسرارلىرى، ئەھكاملىرى، پەن – تېخنىكا يېڭىلىقلىرى توغرۇلۇق بەرگەن خەۋەرلىرى ۋە باشقىمۇ مەۋزۇلىرىنى بۇ ماۋزۇلارنىڭ ھەر بىرىدە مەخسۇس ئوقۇپ يېتىشكەن مۇتەخەسسىسلەر ئىزدەنسۇن. ئەمما ئاۋام خەلق ئالدى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىلىرىنى چۈشەنسۇن ۋە شۇ ئارقىلىق ھاياتىنى ئىسلاھ قىلىۋالسۇن.

ئىنسانلار ئۆزلىرى لايىھەلەپ چىققان قانۇنلىرىنىڭ ئىشقا يارىمايدىغانلىقىنى ئاللىقاچان سەزدى. بۇ قانۇنلارنىڭ جىنايىي قىلمىشلارنى تىزگىنلەش، كىشىلەرنىڭ ھەق – ھوقۇقلىرىنى قوغداش ۋە جەمئىيەت ئىنتىزامىنى ساقلاش قاتارلىق ئىشلاردا ئاجىز كېلىۋاتقانلىرىنى ۋە كىشىلەرنىڭ خاتىرجەملىكىنى كاپالەتلەندۈرەلمەيۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى ۋە بىلدى. ئۇلار ماددىي مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇش ئۇمۇملاشقان بۇ ھاياتلىقتىن زېرىكىپ، بىرەر قۇتقۇزغۇچىغا موھتاجلىقىنى ھېس قىلىشتى. مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ كالامى ۋە ھاياتلىقنىڭ ئۆزگەرمەس دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىمنى قايتا ئېسىگە ئالدى. ئۇلار قۇرئان كەرىم سايىسىدىلا خۇددى بۇرۇنقى سائادەت ئەسرىدىكىدەك مەڭگۈلۈك ئامانلىققا، تەشۋىشلەردىن ئەبەدىي خاتىرجەملىككە ئېرىشكىلى

بولىدىغانلىقىنى باشلىرىدىن ئۆتكۈزگەن نۇرغۇنلىغان ئاچچىق ساۋاقلاردىن كېيىن كىچىكىپ چۈشەندى.

شۇنداق ئەمەسمۇ؟! قۇرئان كەرىم يەر يۈزىدە ئەڭ قالاق هايات كەچۈرىدىغان، ئىقتىسادىي جەهەتتىن ئەڭ نامرات، سىياسىي جەهەتتىن ئەڭ ئۇرۇشقاق، ئىناقسىز، ئىجتىمائىي جەهەتتىن ئەڭ تارقاق بىر مىللەتنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىنسان قاتارىغا كۆتۈرۈپ، ئەڭ هۆرمەتلىك، ئەڭ پەزىلەتلىك ۋە مەدەنىيەتلىك بىر مىللەتكە ئايلاندۇرۇپ چىقتى ئەمەسمۇ! ئاللاھ تائالانىڭ «بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ[12]»دېگەن سۆزى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى بىر قېتىمغىلا مەخسۇس ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ماركسىزمچىلارنىڭ قۇرۇق جەنىنىتىگە ئوخشمايدۇ. بەلكى بۇ ۋەدە تارىختا بىر قانچە قېتىم تەجرىبىدىن ئۆتتى. ئىشلىرى توغرا يولغا كىرگەن كىشى ئەڭ بەختلىك كىشىدۇر. چۈنكى كىشىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان مەيلى دۇنيالىق، مەيلى ئاخىرەتلىك هەر قانداق بىر زىيان ـ زەخمەت ئىشنى توغرا يوسۇنى بويىچە قىلمىغانلىقتىن بولىدۇ. بۇ خۇددى ئاپتوموبىل ۋەقەسىگە ئۇچرىغان ئادەمنىڭ يول قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىدىن هاياتىنى نابۇت قىلغىنىغا ئوخشاش. ھەر بىر ئىشنى توغرا يوسۇندا قىلغان كىشى زىياندىن خالىي بولىدۇ. قۇرئان كەرىم ئىنسانىنىڭ بىر پۈتۈن هاياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەستۇر بولغانلىقتىن ئۇنىڭ «توغرا يول»غا باشلىشى دىنىي تەرەپىلا كۆزلىمەيدۇ، بەلكى پۈتۈن ئىشلاردا كىشلەرنى توغرا يولغا، توغرا ئىشقا باشلايدىغان ئىلاهىي كىتابتۇر. يۇقىرىقى ئايەتتىكى «توغرا يول»نىڭ مەنىسى ئىنتايىن چوڭ ۋە كەڭدۇر. قىسقىسى، ئىنسان توغرا يولغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى شۇ توغرا يولدا توغرا يوسۇندا كېتىۋېرىدۇ. ئىنسانلارنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىشىنىڭ يولى يەنىلا قۇرئان كەرىمدۇر. قۇرئان كەرىم بىزنىڭ هەر نەرسىمىزدۇر. ئۇ بىزنىڭ ئىككى ئالەملىك خاتىرجەملىكىمىزنى تولۇق كاپالەتلەندۈرىدىغان بىردىنبىر دەستۇرىمىزدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەپسىرىگە — تەپسىر بولغاندىمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىلىرىنى كىشلەرگە چۈشىنىشلىك هالدا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل دەپ بېرىدىغان بىر تەپسىرگە — ئېھتىياجلىقمىز.

مەن مۇشۇ مەقسەت بىلەن هەرخىل تەپسىرلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئاخىرى مىسىرنىڭ هازىرقى زامان ئاتاقلىق تەپسىرشۇناس ئالىمى دوكتور مۇهەممەد مەهمۇد هىجازىينىڭ «**التفسير الواضح**- روشەن تەپسىر»ناملىق ئۈچ توملۇق شانلىق تەپسىرىنى قولغا چۈشۈردۈم. بۇ تەپسىر بىلەن بىرگە مەدىنە مۇنەۋۋەر شەهىرىدىكى پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ ئاتاقلىق مۇدەررىسلىرىدىن ئەللامە ئەبۇ بەكرى جابىر ئەل جەزائىرى دېگەن كىشىنىڭ «**أيسر التفاسير**

[12] ئىسرا سۈرىسى 9 ـ ئايەت

**لكلام العلي الكبير** – ئاللاھ كالامى قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاسان تەپسىرى» ناملىق بەش توملۇق تەپسىرنى تىپىشۋالدىم. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىككى تەپسىرنىڭ بىرى يەنە بىرىنى تولۇقلايتتى. بىرىنىڭ ئىپادىسىدىكى تومتاقلىقنى ۋە نادىر يىپەرسىزلىكنى يەنە بىرى تاماملايتتى. بۇ ئىككى تەپسىر زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىلىرىنى چۈشىنىشكە بولغان زور ئېھتىياجىنى نىسبەتەن تەمىن ئېتەلىغاندەك تۇراتتى. ئاخىرى بۇ ئىككى تەپسىرنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ، ئىككىسىنىڭ جەۋھەرلىرىنى سۆزلەپ ئېلىش قارارىغا كەلدىم. دوستلىرىممۇ مېنى قوللىدى ۋە تېزرەك تۈتۈش قىلىشمىنى تەۋسىيە قىلىشىپ، ماڭا مۇۋەپپەقىيەت تىلىگەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى تەپسىرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشنى باشلىدىم.

بۇ ئىككى تەپسىرنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرى

1 - قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىلىرىنى ھەركىم ئاسانلا چۈشىنەلىغان شەكىلدە نەق ئېيتىپ بەرگەن.

2 - قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىلىرىدىن باشقا ماۋزۇلارغا كىرمىگەن. پەقەت ئايەتلەردىن ئېلىنىدىغان مۇھىم ئەھكاملارنى ئىخچام ھالدا سۆزلەپ ئۆتكەن.

3 - پىكىر ۋە ئېتىقادتا ئوتتۇرا يولنى تۇتقان بولۇپ، رادىكاللىق بىلەن پاسسىپلىقتىن يىراق بولغان.

4 - ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدە ئوقۇرمەنلەرنى زېرىكتۈرىدىغان بىھۇدە كۆپ سۆزلەش بىلەن مەنىگە دەخلى يېتىدىغان شەكىلدىكى ئىخچاملىقتىن يىراق بولغان ھالدا ئوتتۇرا يولنى تۇتقان.

5 - مەزھەبلەرنى چەتكە قاقمىغان. مەزھەب قاراشلىرىنى تەرەپسىزلىك بىلەن ئۆز ئورۇنلىرىدا ئېيتىپ قويغان.

6 - ئەقىدە مەسىلىسىدە ئەھلى سۈننەتنىڭ يولىنى تۇتقان.

7 - قەدىمىي تەپسىرلەردىكى خۇراپىي قىسسىلەر ۋە ئىختىلاپلىق قاراشلارنىڭ ھېچبىرىنى ئالمىغان.

8 - مۇپەسسىرلەرنىڭ رەيىدىن ئەڭ توغرا بولۇپ، پۈتۈن ئىسلام ئۇممىتى بىردەك ئېتىراپ قىلغانلىرىنى تالالاپ ئالغان.

9 - خۇراپىي ياكى رادىكال قاراشلاردىن تامامەن خالىي بولۇپ، تەرەپسىزلىك يولىنى تۇتقان.

10 - تەپسىرلەردىكى ئىختىلاپلىق قاراشلاردىن سۆز ئاچمىغان.

«التفسير الواگچ»نىڭ ئالاھىدىلىكى

سۈرىلەرنى ماۋزۇلارغا بۆلۈپ، بىر ماۋزۇدىكى ئايەتلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇننى ئىجمالىي سۆزلىگەن ۋە ھەر بىر ماۋزۇنىڭ ئىسمىنى ئالاھىدە قويغان. تەپسىر ئىلمىي يوسۇندا ھازىرقى زامان ئەقلىيىتىگە مۇناسىپ ھالدا قىلىنغان.

«ۋيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» نىڭ ئالاھىدىلىكى

ھە بىر ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئالاھىدە ئايرىم – ئايرىم بايان قىلغان. ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنغا قاراپ شۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەردىن بىر، ئىككى، ئۈچ ۋە ئەڭ كۆپ بولغاندا بەش ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى بىراقلا بايان قىلغان. ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدىن كېيىن، شۇ ئايەتلەرنىڭ بىر قانچە مۇھىم نوقتىلىرىنى ئىخچام شەكىلدە بايان قىلغان.

## بۇ ئىككى تەپسىرنى تەرجىمە قىلىشتىكى پرىنسىپىم

تەرجىمىدە ئومۇمەن «التفسير الواگچ»نى ئاساس قىلدىم. ماۋزۇلارنىمۇ مۇشۇ تەپسىرنىڭ بۆلگىنى بويىچە بۆلدۈم. ھەر بىر ماۋزۇدىكى ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدىن كېيىنكى «ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى»نى ئومۇمەن «ۋيسر التفاسير لكلام العلي الكبير»دىن ئالدىم، قىسمەن جايلاردا باشقا تەپسىرلەردىن («تەپسىر تەبەرىي» ۋە «تەپسىر جەلالەين»لەردىن) پايدىلاندىم. فىقھىي مەسىلىلەردە ھەر بىر مەزھەبنىڭ كۆرۈشلىرىنى ئەينەن بايان قىلدىم. ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ كۆرۈشلىرىنى تەپسىلىرەك بايان قىلدىم.

ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسىنى مۇھەممەد سالىھ داموللامنىڭ «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» بىلەن تۈركىيە دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئالتە نەپەر تەپسىرشۇناس ئالىمدىن تەركىب تاپقان «قۇرئان كەرىمنى تەرجىمە قىلىش كومىتېتى» تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىمنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى»نى سېلىشتۇرۇپ مۇۋاپىق ھالدا بېكىتتىم.

مەن بۇ ئىشنى مۇسۇلمان ئۇيغۇر خەلقىمگە پايدىسى بولۇپ قالار، دېگەن ئۈمىتتە ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمگە خىزمەت قىلىش مۇددىئاسى بىلەن باشلىدىم. بۇنىڭدىن باشقا مۇددىئايىم ۋە ئىنسانلاردىن كېلىدىغان ھۆرمەت ياكى مەنپەئەتتىن قىلچە تامايىم يوقتۇر.

جانابى ئاللاھ تائالادىن بۇ شەرەپلىك خىزمەتنى تاماملىشىمغا مېنى مۇۋەپپەق قىلىشىنى ۋە قىلغان بۇ ئەرزىمەس خىزمىتىم بىلەن ئىزگۈ نىيىتىمنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پۈتۈن غەملىرىمدىن مېنى خالاس قىلىشىنى تىلەيمەن.

مۇھەممەد يۇسۇپ

## فاتىھە سۈرىسى
مەككىدە نازىل بولغان ، 7 ئايەت

فاتىھە سۈرىسى مۇددەسسىر سۈرىسىدىن كېيىن مەككىدە چۈشكەن. 7 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى سۈرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېچىلىش باشلىغان ۋە ئاچقان مەنىدە «ئەل فاتىھە» دەپ ئاتالغان. باشقا ئىسىملىرىمۇ بولۇپ، ئۇلار: ئانا كىتاب مەنىسىدە «ئۇممۇل كىتاب »، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسىنى ۋە قۇرئاننىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى ئىخچام ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالغىنى ئۈچۈن «ئەل ئاساس» ، ھەر نامازنىڭ ھەر رەكئەتىدە تەكرار ئوقۇلىدىغان 7 ئايەت بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن «سەبئۇل مەسانىي» ۋە نۇرغۇنلىغان ئەسرارلارغا ئىگە بولغىنى ئۈچۈن «ئەل كەنز»دەپ ئاتىلىدۇ.

فاتىھە سۈرىسى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازلىرىدا تەكرارلىنىدۇ ۋە دۇئالاردا ئوقۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. مەنىسى ئېتىبارى بىلەن فاتىھە سۈرىسى ئەڭ كاتتا دۇئا ۋە مۇناجاتتۇر. قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن چۈشكەن بىر ئۇلۇغ ھىدايەت مەنبەئى بولسا، فاتىھە سۈرىسى ئۇنىڭ نېگىزىدۇر. شۇڭا ئۇ «ئانا كىتاب» دەپ ئاتالغان.

**بِسْمِ اللّهِ الرحْمـَنِ الرحِيمِ {1}**
**الْحَمْدُ للّهِ رَب الْعَالَمِينَ {2} الرحْمـنِ الرحِيمِ {3} مَـالِكِ يَوْمِ الدينِ {4} إِياكَ نَعْبُدُ وإِيـاكَ نَسْـتَعِينُ {5} اهدِنَـــا الصرَاطَ المُستَقِيمَ {6} صِرَاطَ الذِينَ أَنعَمتَ عَلَيهِمْ غَيرِ المَغضُوبِ عَلَيهِمْ وَلاَ الضـالينَ {7}**

تەرجىمىسى: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن(1).
جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر(2). ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر(3). قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر(4). (رەببىمىز)ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز(5). بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن(6). غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا(باشلىغىن)(7).

### بۇ سۈرىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

فاتىھە سۈرىسى باشتىن ئاخىر تەلىمات بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدا بىزگە تۆۋەندىكىلەرنى ئۆگەتكەن:

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى «بىسمىللاھ» بىلەن باشلاش ئارقىلىق بىزگە پۈتۈن ئىشلىرىمىزنى بىسمىللاھ بىلەن باشلىشىمىز كېرەكلىكىنى، ئۇ ئالەملەرنىڭ يېگانە پەرۋىشچىسى،

بەندىلىرىگە چەكسىز شەپقەتلىك، بولۇپمۇ مۆمىنلەرگە بەكمۇ مېھرىبان ، قىيامەت كۈنىدىكى بەندىلەرنى تىرىلدۈرۈش، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ يالغۇز ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن جىمى ھەمدۇ سانا ۋە مەدھىيەنىڭ ئۇنىڭغىلا خاس ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمدۇ سانا ئېيتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئۆگەتكەن. ئاندىن، يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان ئۇلۇغ زات ئىبادەت ۋە ياردەم سوراشقا ھەقلىق بولغان بىرلا ئاللاھ بولغانلىقتىن ئىبادەتنى ئۇنىڭغىلا قىلىش، مەدەت ۋە ياردەمنى ئۇنىڭدىنلا سوراشنىڭ، بىزنى توغرا يولغا ــ ئاللاھ ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئۆلگىلىك بەندىلەرنىڭ ۋە شەھىدلەرنىڭ يولىغا باشلىشىنى، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان يەھۇدىيلارنىڭ ۋە يولدىن ئازغان خىرىستىئانلارنىڭ يولىدىن يىراق بولۇپ، توغرا يولدا يۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ھىدايەت ۋە تەۋپىق سوراشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئۆگەتكەن.

ئۇلۇغ ئىسلام شەھىدى سەييىد قۇتۇب «في ئىلال القرئان» ناملىق شانلىق ئەسىرىدە فاتىھە سۈرىسى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: « مۇسۇلمان كىشى بۇ لەپزى قىسقا، مەنىسى مول سۈرىنى كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازلىرىنىڭ پەرزلىرىدىلا ھەر كۈنى ئاز دېگەندە 17 قېتىم تەكرار ئوقۇيدۇ، سۈننەتلىرى بىلەن قوشقاندا ئۇنىڭدىن كۆپ قېتىم تەكرارلايدۇ. مۇندىن باشقا كۈندىلىك دۇئالىرىدىمۇ شۇنداق كۆپ ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ئادا تاپمايدۇ» دېگەن ھەدىسىگە كۆرە، نامازنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش ۋاجىبتۇر.

فاتىھە سۈرىسى ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ نېگىزىنى، ئىبادەتلەرنىڭ سىستېمىلىرىنى ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇش پرىنسىپىنى، شۇنداقلا دۇئانىڭ ئەدەبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، نامازنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە بۇ سۈرىنىڭ تەكرارلىنىشىمۇ مۇشۇ ھېكمەتكە ئاساسەن تاللانغان بولىشى ئېھتىمال. قۇرئاننىڭ ئىبتىداسى بولغان بۇ سۈرە « بسم الله الرحمن الرحيم» بىلەن باشلانغان بولۇپ، بۇ كۆپلىگەن ئالىي ھېكمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىر قاتاردا، ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىشىدىكى ئىسىل ئۇسلۇبىدۇر. چۈنكى ھەر قانداق مەۋجۇداتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاللاھ تائالانىڭ مەڭگۈلۈك مەۋجۇدىيىتىدىن ئىبارەت ئىسىل سۈپىتى ئارقىسىدىلا كېلىپ چىقىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھەر قانداق باشلىنىش ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلىنىدۇ ۋە كائىناتتىكى ھەر قانداق ئىش ـ ھەرىكەت ئاللاھنىڭ نامى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئىبتىدادىكى «بسم الله الرحمن الرحيم»دېگەن سۈپىتى پۈتۈن شەپقەت ۋە رەھمەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».

بۇ سۈرە مەككىدە چۈشكەن بولۇپ، مەككە سۈرىلىرى بىلەن مەدىنىدە سۈرىلىرىنىڭ پەرقى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ مەككە سۈرىلىرى  ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇن مەككىدە چۈشكەن؛ مەدىنە سۈرىلىرى ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىدە چۈشكەن سۈرىلەر بولۇپ ، مەدىنىنىڭ يېزىلىرىدا ياكى مەككىنى فەتھى قىلىش غازاتلىرىدا مەككىدە چۈشكەنلىرىمۇ مەدىنە سۈرىلىرىدىن سانىلىدۇ.

2ـ مەككە سۈرىلىرى قىسقا ئايەتلەردىن تەركىپ تاپقان، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى ئىخچام ۋە بەدىئىي ھالدا بايان قىلىنغان سۈرىلەر بولۇپ، مەككىلىكلەرنىڭ ئەدەبىيات سەۋىيىسى شۇنى تەقەززا قىلاتتى.

3 ـ مەدىنە سۈرىلىرىنىڭ ئۇسلۇبى باشقىچىرەك بولغان. ئۇنىڭدا ئەھلى كىتابقا قىلىنغان خىتاب، ئىبادەت مەسىلىلىرى، شەرىئەت تەكلىپلىرى، ھارام ـ ھالال مەسىلىسى، مۇئامىلات پرىنسىپلىرى، ئۇرۇش تاكتىكىسى، سىياسەت، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ لايىقىدا بولغان مەدھىيە ئاللاھ ياقتۇرىدىغان بىر ئىشتۇر. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى مەدھىيىلىگەن ۋە بەندىلىرىنى ئۇنىڭغا مەدھىيە ئېيتىشقا چاقىرغان. ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە ۋە ماختاشقا ئەڭ لايىق زات ـ ئاللاھتۇر. چۈنكى ئاللاھ پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.

2 ـ سۈرە فاتىھە مۇسۇلمانلارغا دۇئانىڭ ئەدەبلىرىنى ئۆگەتكەن. دۇئا قىلماقچى بولغان ئادەم ئالدى بىلەن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ، رەسۇلۇللاھقا دۇرۇد ئېيتىدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھاجەتلىرىنى تىلەيدۇ.

3 ـ ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسىدىن مەدەت سورىماسلىق ئىسلام پرىنسىپىنىڭ ئالدىنقى ئاساسلىرىدىندۇر.

4 ـ ياخشىلارنىڭ يولىغا ئەگىشىش، ئازغۇنلارنىڭ يولىدىن يىراق بولۇش مۇسۇلمان كىشىنىڭ تىلىكى ۋە ئەخلاقىدۇر.

## بەقەرە سۈرىسى

بۇ سۈرىنىڭ 281 - ئايىتى مىنادا «ھەججەتتۇلۋىدا» كۈنىدە چۈشكەن بولسىمۇ، قالغان پۈتۈن ئايەتلىرى مەدىنىدە چۈشكەن. جەمى ئايەت سانى 286 ئايەتتۇر.

مەزكۇر سۈرە ئىككى چوڭ قائىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 - باشتىن 142 - ئايەتكىچە بولغان ئايەتلىرىدە، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قىلىنغان خىتاب بولۇپ، قۇرئان كەرىم، ئۇنىڭ تەسىرى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا تۇتقان مەۋقەسى، ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەر، ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە تىلىدا ئىمانىنى ئىزھار قىلىپ قويۇپ، دىلىدا ئىشەنمەيدىغان مۇناپىقلارنىڭ بايانىدىن سۆز باشلىغان. ئاندىن، خىتابنى ئومۇمغا قارىتىپ پەيغەمبەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، قۇرئاننىڭ مۆجىزىسىنى، ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش قىسسىسىنى ۋە شەيتاننىڭ ئىنسانلارغا قارشى دۈشمەنلىك مەۋقەسىنى بايان قىلىشقا ئۆتىدۇ.

ئاندىن بۇ سۈرە، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا خىتاب قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان پەزلى - كەرەملىرىنى يادقا ئېلىشى كېرەكلىكى، ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىلىرىنى ھەمىشە بۇزۇپ كەلگەن ۋاپاسىز ئەجدادلىرىغا ئەگىشىپ ئاللاھنىڭ دىنىغا قارشى چىقىشىنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنىڭ ھەقلىقى، يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەگەشمەستىن ئۇنىڭ دىنىغا ئۆزلىرىنى مەنسۇپ قىلىۋالغانلىقى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ۋەقەلىكلەرنى پەقەت ۋەھيى يولى بىلەن بىلگەنلىكى قاتارلىقلار سۆزلىنىدۇ.

2 - مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان خىتاب بولۇپ، قىبلىنىڭ مەسجىدى ئەقسادىن مەسجىدى ھەرەمگە يۆتكەلگەنلىكى، شەرىئەت قانۇنلىرى ۋە ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ئۆلگىسى بايان قىلىنغان. سۈرىنىڭ باشتىن ئاخىرغىچە بولغان ئاساسلىق مۇددىئاسى ئاللاھ تائالانى بىر بىلىپ، ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭغىلا قىلىشتىن ئىبارەت بولغان خالىس تەۋھىدنى بايان قىلىش بولۇپ، قىساس، ۋەسىيەت، جىهاد، ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىش، روزا، ھەج ۋە باشقا ئىبادەتلەرنىڭ ئەھكاملىرى، ھاراقنىڭ ھاراملىقى، مۇشرىك ئاياللارغا ئۆيلىنىش مەسىلىسى، ئىددەت، تالاق، بالا ئېمىتىش مەسىلىسى، زاجانخورلۇقنىڭ يامانلىقى، قەرز بېرىش ۋە گۆرە قويۇشنىڭ ئەھكاملىرى قاتارلىق شەرىئەت ھۆكۈملىرىمۇ بايان قىلىنغان. ئاخىرىدا ئەڭ كامىل ۋە ئۆلگىلىك ئىسلامىي دۇئالار بىلەن سۈرە ئاياقلاشقان.

**بِسْمِ اللّٰهِ الرحْمـٰنِ الرحِيمِ**

**الم {1} ذَٰلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِلْمُتقِينَ {2}**

تەرجىمىسى: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئەلىف، لام، مىم(1). بۇ كىتابتا(يەنى قۇرئاندا)ھېچ شەك يوق، (ئۇ)تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر(2).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى

بۇ سۈرىنىڭ ا، ل، م دىن ئىبارەت ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەر بىلەن باشلانغانلىقى ئەقىللارنى ھەيرانلىقتا قالدۇردى. بەزىلەر ئۇزۇن ۋاقىتلىق تەتقىقات ۋە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن كېيىن، بۇ ھەرپلەر ئاللاھ تائالانىڭ مەنىسى ئوچۇق بولمىغان ۋە بىزنىڭ ئىمان كەلتۈرىشىمىز بۇيرۇلغان ئايەتلەر قاتارىدىندۇركى، بىز ئۇنىڭ چوقۇم ئاللاھتىن كەلگەنلىكىگە ئىشىنىمىز، ئەمما مەنىسى ھەققىدە باش قاتۇرمايمىز دېگەن بولسا، بەزىلىرى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھەرپلەرنى تىلغا ئېلىشىدا ئەلۋەتتە مەنە باردۇر، ئۇ بولسىمۇ ئەرەبلەرنىڭ بۇنىڭ ئوخشىشىدا بىرەر سۈرە كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى جاكارلاپ ئۇلارغا مۇنازىرە ئېلان قىلغانلىقىدۇر. ئاللاھ تائالا خۇددى ئۇلارغا، ئۆزۈڭلار ئىشلىتىۋاتقان ئەرەب ئېلىپبە ھەرپلىرىدىن قۇراشتۇرۇلغان قۇرئان سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرىنى قانداقمۇ كەلتۈرەلمەيسىلەر؟ ھالبۇكى، ئوقۇغان ۋە ئوقۇمىغان كىشىلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى بۇ ھەرپلەرنى قوللىنىپ سۆزلەيدۇ ئەمەسمۇ؟ دېمەكتە.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن بۇ قۇرئان ـ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا مۇناسىپ، كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ئويغۇن، نۇرغۇنلىغان ئىبرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئۇلۇغ مەقسەتلەرنى غايە قىلغان ئەڭ مۇكەممەل بىر كىتاب ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوقتۇر!

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ قۇرئان كەرىم چوقۇم ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن ئۇلۇغ دەستۇر بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەمەل قىلغۇچىلار مەقسەتلىرىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

2 ـ قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇشتىن ھەزەر قىلىدىغان تەقۋادارلار ئۈچۈن ھىدايەت مەنبەئىدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ ھىدايىتى بىلەن يول تاپقان ئادەم ئېزىپ كەتمەيدۇ.

تەقۋادارلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتلىرى

**الذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصلاةَ وَمِما رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ {3} والذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ وَبِالآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ {4} أُوْلَـئِكَ عَلَى هُدًى من ربهِمْ وَأُوْلَـئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ {5}**

تەرجىمىسى: ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال-مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا)سەرپ قىلىدۇ(3). ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى(پەيغەمبەرلەرگە)نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ(4). ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر(5).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشكەن تەقۋادار مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار غەيبكە (يەنى مېتافىزىكا ئالىمىگە) تەئەللۇق قانداقلا بىر ئىشقا يېتەرلىك دەلىل ، ئىسپات بولغان ھامان ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەردۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزەرلىرى ماددا ئالەمدىكى چەكلىك ھېسسىي ئەشيالارغا تاقىلىپ قالمىغان. بەلكى ئۇلار ئىمانىنىڭ نۇرى بىلەن غەيب ئالىمىنىمۇ خۇددى كۆرگەندەك ئىشىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ قۇرئاننىڭ ھەقلىقىنى ۋە مەنىسىنى چۈشىنىش سەۋىيىسى يۇقىرى ھەم مۇستەھكەم بولغانلىقتىن، ئۇلار ئاللاھ تائالا پەرز قىلغان نامازنى ئادا قىلىدىغان ۋە زاكاتنى تولۇقى بىلەن ئادا قىلىدىغان كىشىلەردۇر. چۈنكى ناماز بەدەنىي ھەم روھىي ئىبادەت بولغانلىق سۈپىتى بىلەن ئۇنى تولۇق ئادا قىلغانلىق ئاللاھ تائالاغا ئىتائەتمەنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. زاكات - ئىقتىسادىي ئىبادەت بولۇپ، ئۇنى شەرئەتتە كۆرسىتىلگەن مىقدار بويىچە تولۇق بېرىش ئىنسانىيەتكە قارىتا رەھىمدىللىق ۋە مېھرى - شەپقەتنىڭ نىشانىسى ھەم ئىسلام پەرزلىرىنىڭ مۇھىملىرىدىن بىرىدۇر. ناماز - دىنىنىڭ تۈۋرۈكى بولسا، زاكات - ئىجتىمائىي ھەمكارلىقنىڭ ئاساسىدۇر.

ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن قۇرئانغا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە چۈشكەن ئىلاھىي كىتابلارنىڭ ئەسلىسىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىدىغان كىشىلەردۇر.

يۇقىرىقى ئېسىل سۈپەتلەرگە ئېرىشكەن زاتلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا يۈكسەك ماقاملارغا ئىگە بولىشى، ھەقىقىي مۆمىنلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشكۈچىلەردىن بولىشى ھېچ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە!

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - تەقۋادارلىق ئەڭ ئېسىل ئۇنۋان بولۇپ، تەقۋادارلار ئىككى ئالەم نىجاتلىقىغا ئېرىشكۈچىلەردۇر.

2 ـ تەقۋادارلىق مۆمىنلىكنىڭ يوقىرى پەللىسى بولۇپ، قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنىڭ تەقۋادارلاردىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

## كاپىرلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى

**إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُواْ سَوَاءٌ عَلَيْهِمْ أَأَنذَرْتَهُمْ أَمْ لَمْ تُنذِرْهُمْ لاَ يُؤْمِنُونَ {6} خَتَمَ اللّهُ عَلَى قُلوبِهمْ وَعَلَى سَمْعِهِمْ وَعَلَى أَبْصَارِهِمْ غِشَاوَةٌ وَلَهُمْ عَذَابٌ عظِيمٌ {7}**

تەرجىمىسى: شۈبھىسىزكى، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، بەرىبىر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ(6). ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن(ئىماننىڭ نۇرى كىرمەيدۇ)، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن(ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ)، ئۇلار(ئاخىرەتتە)قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ(7).

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى**

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى قۇرئان ھەققىدە سۆز ئېچىش بىلەن باشلىغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن بۇ قۇرئانغا قارىتا كىشىلەرنىڭ تۇتقان مەۋقەسىنى بايان قىلىدۇ ۋە ئىنسانلارنى ئۈچ تۈرگە ئايرىيدۇ: بىرىنچىسى، قۇرئاننىڭ راستىنلا ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھى قىلغان سۆزلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈچى مۆمىنلەر بولۇپ، ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشكۈچى بەختلىك كىشىلەردۇر. ئىككىنچىسى، قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى بۇ دۇنيادا خورلۇق، ئاخىرەتتە بولسا دەھشەتلىك دوزاخ ئوتىدۇ. ئۈچىنچىسى، قۇرئانغا كۆڭلى بىلەن ئىشەنمىسىمۇ ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقانلار قاتارىدىن كۆرسىتىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئالدىماقچى بولغان مۇناپىقلاردۇر. بۇلارنىڭ بايانى كېيىنكى ئايەتلەردە كېلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغان ۋە قۇرئاننى ئاشكارا يالغانغا چىقارماقچى بولغان كاپىرلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغانىڭ ھېچ پايدىسى يوق. چۈنكى ئۇلار ھىدايەت يولىنى ئىزدەشنى خالىمايدۇ ۋە ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بەلكى ئۆزلىرىنىڭ قىڭغىر يوللىرىنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا قىلىنغان دەۋەتنىڭ تەسىرى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبلىرى گۇمراھلىقتىن پېچەتلەنگەن، كۆزلىرى ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن كور، قولاقلىرى ھەقنىڭ ساداسىنى ئاڭلاشتىن پاك بولغانلىقتىن ئازغۇنلۇق ئۇلار ئۈچۈن ھىدايەت كۆرۈنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار توغرا يولغا ئەگەشمەيدۇ. مۇنداقلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە ھازىرلانغان ئازاب ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق شۇنى ئۇچۇقلايدۇكى، قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ بۇ كاپىرلىقى ھىدايەتنىڭ ئۇلارغا يېتىلمىگەنلىكى ياكى توغرا يولنىڭ ئۇلارغا ئېنىق چۈشەندۈرۈلمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى بارلىق خاتالىق ۋە گۇناھ ئۆزلىرىدىدۇر. ئۇلارنىڭ دىللىرىنىڭ، كۆزلىرىنىڭ پېچەتلەنگەنلىكى ۋە قولاقلىرىنىڭ گاسلىقى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى خالىمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىندۇر. «بەلكى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ كۇپرىلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ دىللىرىنى موھۇرلىۋاتقان، شۇڭا ئۇلاردىن ئىمان ئېيتىدىغانلار بەكمۇ ئاز» (نىسا سۈرىسى 155 - ئايەت)

بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، ھەقىقەتنى ئىزدەشنى خالىمايدىغان، بەلكى ھەقىقەتنى تونۇغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئىتىنى كۆزلىگەنلىكتىن ياكى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىپ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارقانلىقتىن، ياكى كۆرەلمەسلىكتىن ئىبارەت ئىنسانىي ناچارلىق تۈپەيلىدىن ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئادەم بالىسىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ تونۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى خالىمىغانلىقتىن ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمايدىغانلار ئۈچۈن مۆجىزىلەر ۋە دىنىي ۋەز ـ نەسىھەتلەر پايدا بەرمەيدۇ. ئۇلار بەرىبىر ئۆزلىرىنىڭ قىڭغىر ئېتىقاتلىرى ۋە چەكلىك چۈشەنچلىرى بىلەن زالالەت يولىغا داۋام قىلىشنى ياقتۇرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا بىر ئايەتتە مۇنداقلارنىڭ ھالىنى بايان قىلىپ: «ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى شەيتان ياخشىلىق دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنى ھەقىقەتكە ئەگىشىشتىن توسىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى توغرا يولدا يۈرگۈچى دەپ بىلىدۇ» دېگەن.

ھەقىقەتنى كۆرمەيدىغان مەنىۋى كورلار ھەر زامان ۋە ھەر جايدا مەۋجۇتتۇر. بۇ ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتىدۇر.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشنى خالىمايدىغان، ھەق سۆزنى ئاڭلىمايدىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ قىڭغىر يوللىرىنى ھىدايەتتىن ئەۋزەل كۆرىدىغان مۇتەكەببىرلەر ھەق دىنىنىڭ ھىدايىتىدىن مەھرۇم بولغۇچىلاردۇر. مۇنداقلارنىڭ مەنىۋى تۇيغۇلىرى ئاللاھ تەرىپىدىن بېكار قىلىۋېتىلگەنلىكتىن، ئۇلار ھەق بىلەن باتىلنى ۋە توغرا بىلەن خاتانى ئايرىيالمايدۇ.

2 - ئاللاھنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلغۇچىلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولغۇچىلاردۇر.

## مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى

**وَمِنَ الناسِ مَن يَقُولُ آمَنا بِاللّهِ وَبِالْيَوْمِ الآخِرِ وَمَا هُم بِمُؤْمِنِينَ {8} يُخَادِعُونَ اللّهَ وَالذِينَ آمَنُـوا**
**وَمَا يَخْدَعُونَ إِلا أَنفُسَهُم وَمَا يَشْعُرُونَ {9} فِي قُلُوبِهِم مرَضٌ فَزَادَهُمُ اللّهُ مَرَضاً وَلَهُم عَذَابٌ أَلِـيمٌ**

بِمَا كَانُوا يَكْذِبُونَ {10} وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ لاَ تُفْسِدُواْ فِي الأَرْضِ قَالُواْ إِنَّمَا نَحْنُ مُصْلِحُونَ {11} أَلا إِنَّهُمْ هُمُ الْمُفْسِدُونَ وَلَـكِن لاَّ يَشْعُرُونَ {12} وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ آمِنُواْ كَمَا آمَنَ النَّاسُ قَالُواْ أَنُؤْمِنُ كَمَا آمَنَ السُّفَهَاء أَلا إِنَّهُمْ هُمُ السُّفَهَاء وَلَـكِن لاَّ يَعْلَمُونَ {13} وَإِذَا لَقُواْ الَّذِينَ آمَنُواْ قَالُواْ آمَنَّا وَإِذَا خَلَوْاْ إِلَى شَيَاطِينِهِمْ قَالُواْ إِنَّا مَعَكْمْ إِنَّمَا نَحْنُ مُسْتَهْزِؤُونَ {14} اللّهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ وَيَمُدُّهُمْ فِي طُغْيَانِهِمْ يَعْمَهُونَ {15} أُوْلَـئِكَ الَّذِينَ اشْتَرُوُاْ الضَّلاَلَةَ بِالْهُدَى فَمَا رَبِحَت تِّجَارَتُهُمْ وَمَا كَانُواْ مُهْتَدِينَ {16}

تەرجىمىسى: كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ(يەنى ئاغزىدا ئىشەندۇق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ)(8). ئۇلار ئاللاھ نى ۋە مۆمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ(9). ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل(يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش)بار، ئاللاھ ئۇلار نىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى؛يالغان سۆزلىگەنلىكلىرى(يەنى يالغاندىن ئىمانىنى دەۋا قىلغانلىقلىرى ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى)ئۈچۈن ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ(10). ئۇلارغا:« يەريۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار » دېيىلسە، «بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ(11). بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ(12). ئۇلارغا(يەنى مۇناپىقلارغا):«ئىمان ئېيتقان كىشىلەردەك(يەنى ساھابىلەردەك چىن كۆڭلۈڭلار بىلەن)ئىمان ئېيتىڭلار»دېيىلسە، «بىزئىمان ئېيتقان ئەخمەقلەرگە ئوخشاش ئىمان ئېيتامدۇق؟»دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئەخمەقلەر، لېكىن(بۇنى)ئۇلار تۇيمايدۇ(13). ئۇلار مۆمىنلەر بىلەن ئۇچراشقىنىدا:«بىز ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشىدۇ، شاياتۇنلىرى(يەنى مۇناپىق كاتتىباشلىرى)بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقاندا بولسا:«بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللىمىز، پەقەت(تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ)مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىمىز»دەيدۇ(14). مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى جازالايدۇ، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقىغان ھالدا يۈرۈشىدۇ(15). ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ، گۇمراھلىقنى ئالدى. شۇڭا سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچى بولمىدى(16).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

كىشىلەرنىڭ ئۈچىنچى تۈردىكىلىرى مۇناپىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا بولىدىغان خەتىرى كاپىرلارنىڭ خەتىرىدىن ياماندۇر، ئەلۋەتتە. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇناپىقلار توغرۇلۇق 13 ئايەتتە تەپسىلى خەۋەر بەرگەن. يۇقىرىقى ئايەتلەردىكى مۇناپىقلاردىن مەقسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇناپىقلارلا ئەمەس، بەلكى

يۇقىرىقى سۈپەتلەر تىپىلغان ھەر قانداق زامان ۋە ھەر قانداق ۋاقىتلاردىكى مۇناپىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
بەزى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەنلىكلىرىنى ئېغىزىدا سۆزلەپ قويۇپ كىشىلەرنى بۇ نەيرىڭىگە ئىشەندۈرمەكچى بولىشىدۇ. ئەمما قەلبلىرى كۇپرى ۋە ئازغۇنلۇقتا تولغان بولۇپ، ئىككى يۈزلىمچىلىك بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇنداق يالغان دەۋالىرىغا رەددىيە بېرىپ، ئۇلار قانچىلىك ئىمان دەۋاسى قىلغان بىلەنمۇ ، ئۇلارنىڭ ھەرگىز مۆمىنلەردىن ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىنى يوشۇرۇپ، مۇسۇلمانلىقىنى كۆرسىتىشلىرى ئاللاھ تائالانى ۋە مۆمىنلەرنى ئالدىماقچى بولغان بىر نەيرەڭلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقەتتە مۇناپىقلار ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. مۇناپىقلارنىڭ زىيىنى ۋە خەتىرى كاپىرلارنىڭكىدىن چوڭدۇر. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدە كۆرسەتكەنلىكىدىن كىشىلەر ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ دىنداشلىرىدىن سانايدۇ، ئۇلارغا ئىشىنىدۇ، نەتىجىدە تۈيدۇرماستىن زىيانكەشلىكلىرىنى قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن قاتتىق ھەزەر قىلىشنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىكى قۇرۇق ئىمان دەۋاسىغا ئىشەنمەسلىكنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە مۇناپىقلارنىڭ ئالدامچىلىقى پەقەت ئۆزلىرىنى ئالداشتىن باشقىغا كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئالداۋاتىمىز دەپ ئىشلىگەن قىلمىشلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدىغانلىقىنى، بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ئاخىرى ئۆزلىرىنى بەربات قىلىشقا يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابلارغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.
مەلۇمكى، مۇناپىقلار قايسى زاماندا ۋە قايسى جايدا بولمىسۇن، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سالىدىغان، ئۆز ۋەتىنىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان زەھەرلىك مەخلۇقلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە كۆپ ئۇچرىغان. مۇناپىقلىق بىلەن يەھۇدىيلىقتىن ئىبارەت ئىككى سۈپەت بىر ـ بىرىگە تولىمۇ يېقىندۇر. چۈنكى قورقۇنچاقلىق ۋە نامەرتلىك يەھۇدىيلارنىڭ تەبىئىي خاراكتېرى بولغاندەك، مۇناپىقلارنىڭ ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلىشىغا تۈرتكە بولغان نەرسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قورقۇنچاقلىقى ۋە نامەرتلىكىدۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولمايدۇ. مۇناپىقلارنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىگە كەلتۈرىدىغان زىيان ـ زەخمەتلىرى ھەقىقەتەن چوڭ ۋە خەتەرلىكتۇر.
ئەگەر ھەر قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئىچىدىكىلىرىنى شۇ بويىچە دادىل، ئاشكارا قىلىدىغان ۋە ئۆز بۇرچىنى ئالدامچىلىقسىز سەممىي ئورۇنلايدىغان بولسا، بۈگۈنكى

ئىنسانلار جەمئىيىتى بەختكە ئېرىشكەن ۋە ھەر دۆلەت ئۆزىنىڭ خوجىلىقىنى مۇستەھكەم تىكلىيەلىگەن بولاتتى.

مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرى شۇنداقكى، ئۇلارغا: سىلەرنىڭ پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىشىڭلار، كۇففارلارنىڭ ھېسابىغا جاسۇسلۇق قىلىشىڭلار ۋە دۈشمەنلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە كىشكىرتىشىڭلار بۇزغۇنچىلىقتۇر. بۇنداق قىلىشتىن يېنىڭلار دېيىلسە، ئۇلار دەيدۇكى: ئىش سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، بىز ئەمەلىيەتتە ئىسلاھچىلارمىز دەيدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەڭ خەتەرلىك بۇزغۇنچىلار ئىكەنلىكلىرىنى ھېس قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، يەر يۈزىدىكى ئەڭ چوڭ بۇزغۇنچىلىق پەقەت مۇناپىقلاردىن كېلىدىغانلىقىنى ئەڭ ئوبرازلىق ئىبارە بىلەن ئىپادىلەيدۇ ۋە دەيدۇ: بىلىڭلاركى، ئۇلار بۇزغۇنچىلاردۇر! مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ يامان ھالىنى ۋە كېيىنكى ئىبرەتلىك ئاقىۋەتلىرىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بۇنداق مۇناپىقلاردىن خالىي بولالمىدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ئىمانغا چاقىرىپ كەلدى.

مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلارغا: باشقىلار ئىمان ئېيتقاندەك، ئىمان ئېيتىڭلار! دېيىلسە: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاماقەتلىكى ۋە چېكىدىن ئاشقان تەكەببۇرلىقى بىلەن: بىز ئاشۇ قۇللار، ئەقىلسىزلار ۋە ئاجىز، پېقىرلار ئىمان ئېيتقاندەك، ئىمان ئېيتىپ مۇھەممەدكە ۋە قۇرئانغا ئىشىنەمدۇق؟ دەيدۇ. ئۇلار شۇنى ئۇنۇتقانكى، ئەقىلسىز ــ توغرا يولنى تاپقان ۋە ئالدىدا نۇرنى كۆرگەن تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەردۇر. توغرا يولغا ئەگىشىپ، ھەقىقەتكە ئىمان كەلتۈرگەنلەر ئەقىل جەھەتتە كامالىغا يەتكەنلەردۇر. ئۇنداقتا، ھەقىقىي مەنىدىكى ئەقىلسىزلار ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدۇر!

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ بەكرى، ئۇمەر ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئۇبەييە ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بولغان يەھۇدىي ئەسلىلىك مۇناپىقلار توپىغا قاراپ كېلىۋاتقىنىدا، ئۇبەييە ئۆزىنىڭ يېنىدىكىلىرىگە خىتاب قىلىپ: قاراڭلار ئەقىلسىزلار بىزگە كېلىۋاتىدۇ، ئۇلارنى چىرايلىق نەيرەڭلىرىم بىلەن قانداق قايىل قىلىدىغانلىقىمنى كۆرۈڭلار، دەيدۇ ۋە ئۇلارغا ئۆزىنى خۇددى ئۇلارنىڭ سېپىدىكى كىشىدەك كۆرسىتىپ ئۇلارنى ماختاشقا باشلايدۇ. ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىچە ماختىنىپ: كۆردۈڭلارمۇ ئۇلارنى قانداق قايتۇردۇم؟ دەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى ئايەت چۈشىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانداشلىرى بولغان ۋە ئۇلاردىن باشقىمۇ ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان مۇناپىقلارنىڭ ئومۇمىي سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان. مۇناپىقلار شەيتانلاردىنمۇ ئۇستا نەيرەڭۋازلار بولۇپ، مۇناپىقلار ھەر زامان باشقىلارنى ئالداش ۋە ياخشىلارنىڭ سېپىگە كىرىۋېلىپ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش بىلەن

ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلغان مۇناپىقلارنىڭ ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى ۋە ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ رەزىل سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى بايان قىلىپ دەيدۇكى، بۇ مۇناپىقلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئوچۇق ۋە ئاشكارا دەلىل - ئىسپاتلارنى كۆرگەن ۋە بىلگەندىن كېيىنمۇ يەنە ھەقىقەتكە ئەگەشمەسلىكى پەقەت ئۇلارنىڭ كۆرەلمەسلىكى، كۆڭلى - كۆكسىنىڭ تارلىقى ۋە تەبىئىتىدە يەرلەشكەن رەزىللىقتىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ھىدايەتنى بېرىپ زالالەتنى سېتىپ ئالغانلىقىدۇر. شۇڭىمۇ ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى، خارلىقى يېغىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ تىجارىتى - ھىدايەتنىڭ بەدىلىگە زالالەتنى سېتىپ ئالغانلىق تىجارىتى پايدا بەرمەيدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن زىيان تارتقۇچىلاردۇر!

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - مۇناپىقلار، ئالدامچىلار ۋە يالغانچىلار ھامان زىيان تارتقۇچىلاردۇر. ئۇلار ھەرگىزمۇ مەقسەتلىرىگە يېتەلمەيدۇ ۋە ئۆزلىرىدىن باشقىسىنى ئالدىيالمايدۇ.

2 - مۇناپىقلارنىڭ خەتىرى كۇففارلارنىڭكىدىنمۇ يامان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە كۆرىدىغان جازاسىمۇ كۇففارلارنىڭكىدىن ئېغىر ۋە قاتتىقتۇر.

3 - يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىش توغرا قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىش ۋە توغرا يوسۇندا ئىشلەش بىلەن بولىدۇ.

4 - بۇزغۇنچىلار ھەمىشە ئۆزلىرىنى ئىسلاھچىلاردىن قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ.

5 - مۇناپىقلار ئەڭ رەزىل مەخلۇقلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: « كىشلەرنىڭ ئەڭ يامىنى ئىككى يۈزلىمىچىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭغا بىر يۈزى بىلەن بۇنىڭغا يەنە بىر يۈزى بىلەن كۆرىنىدۇ» ( بۇخارىي رىۋايىتى).

6 - مۇناپىقلار ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ۋابالىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەررىدىن ساقلىنىشتا ھۇشيارلىق تەلەب قىلىنىدۇ.

## مۇناپىقلارنىڭ خاراكتېرىنى پاش قىلىدىغان مىساللار

**مَثَلُهُمْ كَمَثَلِ الذِي اسْتَوْقَدَ نَاراً فَلَما أَضَاءتْ مَا حَوْلَهُ ذَهَبَ اللّهُ بِنُورِهِمْ وَتَرَكَهُمْ فِي ظُلُمَـاتٍ لا يُبْصِرُونَ {17} صُم بُكْمٌ عُمْيٌ فَهُمْ لاَ يَرْجِعُونَ {18} أَوْ كَصَيبٍ منَ السمَاءِ فِيهِ ظُلُمَاتٌ وَرَعْـدٌ وَبَرْقٌ يَجْعَلُونَ أَصْابِعَهُمْ فِي آذَانِهِم منَ الصوَاعِقِ حَذَرَ الْمَوْتِ واللّهُ مُحِيطٌ بِالْكافِرِينَ {19} يَكَـادُ**

**الْبَرْقُ يَخْطَفُ أَبْصَارَهُمْ كُلَّمَا أَضَاء لَهُم مَّشَوْاْ فِيهِ وَإِذَا أَظْلَمَ عَلَيْهِمْ قَامُواْ وَلَوْ شَاء اللّهُ لَذَهَبَ بِسَمْعِهِمْ وَأَبْصَارِهِمْ إِنَّ اللَّه عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ {20}**

تەرجىمىسى: ئۇلار گوياكى(كېچىدە ئىسسىنىش ۋە يورۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن)ئوت ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ(ئوتنىڭ)يورۇقىنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئۇلارنى (ئەتراپىدىكى ھېچ نەرسىنى)كۆرەلمەيدىغان قاراڭغۇلۇقتا قالدۇردى(17). ئۇلار گاستۇر(يەنى گاس ئاڭلىمىغاندەك، ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ)،گاچىدۇر(يەنى گاچا سۆزلىيەلمىگەندەك، ياخشى ئىشنى سۆزلىيەلمەيدۇ)،كوردۇر(يەنى كور بولۇپ قالغاندەك، توغرا يولنى كۆرمەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار( گۇمراھلىقتىن) قايتمايدۇ(18) . ياكى ئۇلار زۇلمەتلىك، گۈلدۈرمامىلىق ۋە چاقماقلىق قاتتىق يامغۇردا قالغان، گويا چاقماق سوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، قۇلاقلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئېتىۋالغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كاپىرلارنى(يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى)بىلىپ تۇرغۇچىدۇر(19). چاقماق چاققاندا ئۇلار كۆز نۇرىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالىدۇ، ئۇلار چاقماق يورۇقىدا مېڭىۋالىدۇ. قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندا تۇرۇپ قالىدۇ. ئاللاھ خالىسا ئىدى ، ئۇلارنى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن ئەلۋەتتە مەھرۇم قىلاتتى. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر(20).

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى**

مۇناپىقلار ئازراق ۋاقىت ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى دەۋا قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرى ۋە بالا - چاقىلىرىنىڭ ۋاقىتلىق ئامانلىقىنى تەمىن ئەتكەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە ھەرگىزمۇ ئىمان ئېيتمايدۇ ۋە پۇرسەت تاپسىلا ئىسلامغا، مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ۋاقىتلىق ئالدىغان بولسىمۇ ئاللاھ تائالا ھەق دىنىنى كۈچلەندۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغان زامانلاردا ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىق نەيرەڭلىرى ئىشقا ئاشمايدۇ ۋە خارلىققا دۇچار بولىدۇ. بۇ خۇددى كېچىدە ئۆزلىرى پايدىلىنىش ئۈچۈن ئوت ياققان ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوت ئۆچۈپ قېلىپ قاراڭغۇلۇقتا گاڭگىراپ قالغان ئادەملەرنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ.

شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار ھەقنى سۆزلەشتىن، ئۇنى كۆرۈشتىن ۋە ئۇنى ئاڭلاشتىن مەھرۇم بولغان مەخلۇقلاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇناپىقلار ئۈچۈن تۆۋەندىكى مىسالنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ھەر قانداق بىر ئاددى مۇسۇلمان كىشىگىمۇ پىنھان بولۇپ قالماسلىقىنى، بەلكى ئۇلاردىن ھەزەر قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارلىق رەزىل سۈپەتلىرىنى تەپسىلى بايان قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن قۇرئان كەرىمدىن مۇناپىقلار شەكلىنىدۇ. قۇرئاندا مۆمىنلەر ئۈچۈن خۇش بىشارەت، كاپىرلار ئۈچۈن ئازاپنىڭ خەۋىرى بار. ئۇنىڭدا، مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ۋە قۇرئاننىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلار بار. ئۇنىڭدا مۇناپىقلارنى پاش قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدىغان ئايەتلەر بار. قۇرئاندا غەنىيمەت ۋە باشقا مەنپەئەتلەر توغرۇلۇق ئايەت چۈشكەن ھامان مۇناپىقلار مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە بولىدۇ، ھېچ ئايرىلمايدۇ. جىھاد توغرۇلۇق ئايەت چۈشسە مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچلىرىدىكى نىپاقنى ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىنى چىقىرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئۆزلىرىنى نىقاپلىيالمايدۇ.

مۇناپىقلارنىڭ بۇنداق خاراكتېرى خۇددى قاتتىق يامغۇر يېغىش ئالدىدا گۈلدۈرماما چۈشۈش بىلەن قۇلاقلىرى گاس بولۇپ قالغان ۋە قورقۇنچىدىن قۇلاقلىرىنى مەھكەم يۆرگىۋالغان ، گۈلدۈرمامىنىڭ يورۇقىدا ئازراق ماڭالىغاندىن كېيىن، گۈلدۈرمامىنىڭ توختىشى بىلەن ھەيرانلىق ھەم ئەندىشە ئىچىدە تۇرۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇكى، ئۆزلىرىنىڭ رەزىللىكلىرىنى پاش قىلىدىغان ئايەتلەر چۈشكەن ۋاقىتتا قورقۇپ كەتكەن مۇناپىقلار قۇلاقلىرىنى ھەم يېپىۋالىدۇ، ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ كەڭچىلىكىدىن پايدىلىنىپ بىرئاز ئارام تاپقان بولۇپ، جىھاد ئايەتلىرى چۈشكەن ھامان يەنە غەمگە چۆكىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى يۈزىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنى خۇددى چاقماق سوققاندەك بىر ئاندىلا يوق قىلىۋېتىشكە قادىردۇر. لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى مۇناپىقلارغا مۆھلەت بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئاشۇرۇپ ئاندىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئەبەدىي ئازابقا دۇچار قىلىشتۇر.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ قۇرئان كەرىمدە كەلگەن مىساللار ۋە ئوخشىتىشلار بايان قىلماقچى بولغان مەسىلىلەرنى كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى ئۈچۈن قوللىنىلغان بىر ئۇسلۇبتۇر.

2 ـ قۇرئان كەرىم مۆمىنلەرنىڭ قەلبلىرىنى يۇرىتىدىغان مەشئەلدۇر.

3 ـ ئاللاھنىڭ دىنىغا ئۆچمەنلىك قىلغۇچىلار ھەرگىزمۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى ھامان بىر كۈنى يېڭىلىدۇ.

4 ـ كۇففارلارنىڭ ئەڭ يامىنى مۇناپىقلاردۇر.

ئاللاھنىڭ بىرلىكى، قۇرئان كەرىم ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقى

**يَا أَيُّهَا النَّاسُ اعْبُدُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ {21} الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الأَرْضَ فِرَاشاً وَالسَّمَاء بِنَاء وَأَنزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاء فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقاً لَّكُمْ فَلاَ تَجْعَلُواْ لِلّهِ**

**أَندَاداً وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ {22} وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا فَأْتُواْ بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِ وَادْعُواْ شُهَدَاءكُم مِّن دُونِ اللّهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ {23} فَإِن لَّمْ تَفْعَلُواْ وَلَن تَفْعَلُواْ فَاتَّقُواْ النَّارَ الَّتِي وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ {24}**

تەرجىمىسى: ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار(يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر)نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار(21). ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى بىنا(يەنى يۇلتۇزلارنىڭ زىچلىقىدا بىنا غا ئوخشاش)قىلىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئەمدى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى، سىلەر(ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى)بىلىپ تۇرسىلەر(22). بەندىمىز (مۇھەممەد)گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار(قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا)ئاللاھ دىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە)چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا)راستچىل بولساڭلار(23). ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار- ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر-كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار(24).

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

بۇ ئايەتتە، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى ۋە بارلىق كائىناتنىڭ يېگانە پەرۋەرىشچىسى ئىكەنلىكىنى چىن ئېتىراپ قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە چاقىرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق، جانسىز پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ، جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ يەككە - يېگانە ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسىدۇر. بۇنداق ئىكەن، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا چوقۇنۇشى ۋە ئۇلاردىن مەدەت، ياردەم تىلىشى ئوپئوچۇق زالالەتتۇر.

مەلۇمكى، مۆمىن كىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ ياقىدىغان سۈپىتى تەقۋالىقتۇر. تەقۋالىق پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغىلا يۆلىنىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ئىستىقرار تېپىشى ئۈچۈن زېمىننى خۇددى تۆشەككە ئوخشاش يارىتىپ بەردى. ئۇلارغا ياخشىلىق ۋە بەرىكەتنىڭ مەنبىئى قىلىپ ئاسماننى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ياراتتى. بۇلۇتلاردىن يامغۇرلارنى چۈشۈرۈپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ۋە مەئىشىتىنى تەمىن ئەتتى. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، يارىتىش، پەرۋىش قىلىش، رىزىق بېرىش قاتارلىق ئىلاھي سۈپەتلەر پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا مەنسۇپ بولغان بولىدى. ئاللاھ تائالا ئۆزىنى بۇ ئىلاھي سۈپەتلەر بىلەن شۇنداق سۈپەتلىگەن يەردە،

ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ شېرىكسىز، يەككە ـ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە چىن ئېتىقاد قىلىش زۆرۈردۇر.
ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان ئايەتتىن كېيىن، ئۇلارغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى ئىنسانلار سىلەر ئەگەر بىز پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار پۈتۈن كۈچۈڭلارنى ئىشقا سېلىپ، بارلىق ياردەمچىڭلارنى ۋە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلىرىڭلارنى چاقىرىپ مۇشۇ قۇرئاننىڭ سۈرىلىرىگە ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار! قۇرئان ئەرەب تىلىدا چۈشكەن بىر كىتاب، ئۇ سىلەر ئادەتتە قوللىنىۋاتقان ئەرەب ھەرپلىرىدىن تەركىب تاپقان ۋە سىلەرنىڭ سۆزلىشىدىغان تىلىڭلاردىن تۈزۈلگەن بىر كىتاب. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا تالانتلىق شائىرلار ۋە ئەدەبىياتتا يېڭىلمايدىغان ئاتاغلىق ئەدىبلەرمۇ ئاز ئەمەس، ئەگەر سىلەر قۇرئان مۇھەممەدنىڭ سۆزى دەيدىغان دەۋايىڭلاردا راستچىل بولىدىغان بولساڭلار بارلىق ياردەمچىڭلارنى ياردەمگە چاقىرىپ قۇرئاننىڭ بۇ مۇنازىرىسىگە جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار!
ئاللاھ تائالا قۇرئان ئارقىلىق كاپىرلارغا مۇنازىرە ئېلان قىلىپ دەيدۇكى: سىلەر قانچە قىلىپمۇ قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرەلمەيسىلەر، ئەگەر ئۆزۈڭلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىڭلارنى ئېتىراپ قىلغان بولساڭلار ھەقىقەتكە قايتىڭلار ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرئانغا ئىمان ئېيتىڭلار. شۇنداق قىلغاندىلا سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئىنسان ۋە تاش يېقىلغۇ بولىدىغان دەھشەتلىك دوزاخ ئوتىدىن ساقلاپ قالغان بولىسىلەر.
ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەر ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىك ئەرەبلەرنى قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرە كەلتۈرۈشكە تەكلىپ قىلىش بىلەن مۇنازىرە ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۇسلۇبتا، بالاغەت، پاساھەتتە ۋە باشقىمۇ ئەۋزەللىكتە قۇرئان سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرە ئەمەس، بەلكى بىرەر ئايەتنىمۇ ئىجات قىلىپ مەيدانغا چىقىرىشتىن ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلغان. ئەمما قۇرئاننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە قانۇنىي تەرەپلىرى ئىنسان تەپەككۇر سەۋىيىسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئاللاھدىن بىر ئىلاھىي ئۇستۇنلۇككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا قۇرئاننىڭ پۈتۈن دۇنياغا بىردىنبىر مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرلەۋاتقان زامان ھەم تەرەققى قىلىۋاتقان ئىلىم ـ پەن ئىسپاتلىماقتا.
يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:
1 ـ قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

2- ئىنسانىيەتنىڭ تا ھازىرغىچە قۇرئان كەرىم سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرە كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى قۇرئاننىڭ ھەقلىقى ۋە مۆجىزىسىنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.
3 - دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىپ قىلىشنىڭ چارىسى ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «بىر خورمىنىڭ يېرىمىنى سەدىقە قىلىش بىلەن بولسىمۇ دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىڭلار»دەپ كۆرسەتكەن.
4 - ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بەندىلەر ئۈستىگە قەرز ھەم پەرزدۇر. چۈنكى ئىبادەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققىدۇر.
5 - ئاللاھ تائالانى باچە گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئېسىل سۈپەتلىرى بىلەن تونۇش پەرزدۇر.
6 - شېرىكنىڭ چوڭ - كىچىك، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەر قانداقى ئازغۇنلۇقتۇر.

قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرگەنلەر ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك مۇكاپاتلار

**وَبَشِّرِ الَّذِين آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ كُلَّمَا رُزِقُواْ مِنْهَا مِن ثَمَرَةٍ رِّزْقاً قَالُواْ هَـذَا الَّذِي رُزِقْنَا مِن قَبْلُ وَأُتُواْ بِهِ مُتَشَابِهاً وَلَهُمْ فِيهَا أَزْوَاجٌ مُّطَهَّـرَةٌ وَهُـمْ فِيهَـا خَالِدُونَ {25}**

تەرجىمىسى: (ئى مۇھەممەد!)ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار جەننەتنىڭ بىرەر مېۋىسىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا: «بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن (دۇنيادىمۇ) رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارغا كۆرۈنۈشى دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر(يەنى ھۆرلەر) بېرىلىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ(25).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدىكى: ئى مۇھەممەد! قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ۋە سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە چىن ئىشىنىپ ئىمان ئېيتقان، شۇ ئىماننىڭ تەقەززاسىغا لايىق ياخشى ئەمەللە رنى قىلغان مۆمىنلەرگە ئاستىلىرىدىن دەريالار ئېقىپ تۇرىدىغان، نازۇ - نېمەتلىك جەننەت، جەننەتتىكى ئۇلار كۆرۈپ باقمىغان، ئاڭلاپ باقمىغان ۋە كۆڭۈللىرىگىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان، كۆڭۈللەرگە ياقىدىغان، لەززەتلىك نازۇ - نېمەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار ھەر قېتىم نېمەتلەنگەن ۋاقتىدا: بىز بۇ مېۋىلەرنىڭ ئوخشىشىنى دۇنيادا كۆرگەن ئىدۇق، ئەمما تەمى، ھەجمى بىز كۆرگەن ۋە يېگەن مېۋىلەرگە ئوخشىمايدىكەن، بۇنداق

لەززەتلىك مېۋىلەرنى ئىنسان كۆرۈپ باقمىغان ۋە تېتىپ باقمىغان، دېيىشىدۇ. جەننەتتە مۆمىنلەرگە ھەرخىل مېۋىلەر ئىشتىھالىرىغا قاراپ بېرىلىدۇ. چۈنكى كۆڭۈللەر كۆڭگەن نەرسىسىگە مايىل بولىدۇ. جەننەتتە يەنە ئۇلار ئۈچۈن ئىنسان ياكى جىن تېگىپ باقمىغان، خۇددى قىممەتلىك بۇيۇملار ساقلانغاندەك، نەچچە قات پەردىلەر ئىچىدە ئاۋايلاپ ساقلانغان ھۆر قىزلار باردۇر. بۇ ھۆرلەر ھەرقانداق كىر ۋە يىتەرسىزلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاك، ئاياللارغا مەخسۇس بولغان ئايلىق ئاغرىقلاردىن ھەر ۋاقىت خالىدۇر.

جەننەتكە لايىق بولغان مۆمىنلەر جەننەتلەردە مەڭگۈ شۇنداق نازۇ ـ نېمەتلەر ئىچىدە قالغۇچىلاردۇر. ئۇلار جەننەتتىن زېرىكىپ قالمايدۇ، باشقىسىنىمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدىغان پەزلى ـ كەرەمىدۇر.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، جەننەتنىڭ نازۇ ـ نېمەتلىرى سان ـ ساناقسىز، تولۇق تەسۋىرلەشتىن ئەقىل ئاجىزدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ جەننەتتىكى مېۋىلەر ھەم باشقىمۇ نېمەتلەرنى يۇقىرىقى ئايەتتە ۋە باشقا ئايەتلەردە ئىسمىلىرى بىلەن بايان قىلىشى پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئەقىللىرىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، جەننەتنىڭ مېۋىلىرى ۋە باشقە نېمەتلىرى لەززەتتە، ھالاۋەتتە بۇ دۇنيانىڭكىگە ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇمەنىنى ئىپادىلەپ باشقا بىر ئايەتتە: «جەننەتتە كۆڭۈل تارتىدىغان، كۆزلەر ھوزۇرلىنىدىغان نېمەتلەر بار» دېگەن.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتى ئېسىل جەننەتلەردۇر. بۇ ئىككىسى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نىجاتلىقنىڭ كاپالىتىدۇر.

2 ـ جەننەتلەرگە كىرگەن مۆمىنلەر ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالىدۇ. جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى بۇدۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

## قۇرئاندىكى مىساللار ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان مەۋقەسى

**إِنَّ اللَّهَ لاَ يَسْتَحْيِي أَن يَضْرِبَ مَثَلاً مَّا بَعُوضَةً فَمَا فَوْقَهَا فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُواْ فَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ الْحَقُّ مِن**
**رَّبِّهِمْ وَأَمَّا الَّذِينَ كَفَرُواْ فَيَقُولُونَ مَاذَا أَرَادَ اللَّهُ بِهَـذَا مَثَلاً يُضِلُّ بِهِ كَثِيراً وَيَهْدِي بِهِ كَثِيراً وَمَا يُضِلُّ**
**بِهِ إِلاَّ الْفَاسِقِينَ {26} الَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهْدَ اللَّهِ مِن بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَن يُوصَلَ**
**وَيُفْسِدُونَ فِي الأَرْضِ أُولَـئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ {27}**

تەرجىمىسى: ئاللاھ ھەقىقەتەن پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ، مۆمىنلەر بولسا ئۇنى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل

بولغان ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ؟ كاپىرلار بولسا:«ئاللاھ بۇنەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن نېمىنى ئىرادە قىلىدۇ؟»دەيدۇ. ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى(ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن)ئازدۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى(ئۇنى تەستىقلىغانلىقتىن)ھىدايەت قىلىدۇ؛شۇ ئارقىلىق پەقەت پاسىقلارنىلا ئازدۇرىدۇ(26). پاسىقلار ئاللاھ ۋەدە ئالغاندىن كېيىن بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ،ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرۇغان شەيئىنى ئۈزۈپ قويىدۇ(يەنى سىلە ـرەھىم قىلمايدۇ)، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ؛ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر(27).

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا دېمەكچى بولغانلىرىنى كىشىلەرگە تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، مەقسەت قىلىنغان مەنىگە مىساللارنى كەلتۈرىدۇ. چۈنكى مىساللار مەنىنى ئىپادىلەش ۋە ئۇنى تېخىمۇ روشەن ئوچۇقلاشتا پايدىلىق ئۇسۇلدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا پاشا ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك نەرسىلەرنىمۇ مىسال كەلتۈرۈشتىن ھېچ تارتىنىپ قالمايدۇ.

ھەققىدە مىسال كەلتۈرۈلگەن نەرسە ئىسلام دىنى ۋە پەيغەمبەرنىڭ راستلىقىغا ئوخشاش ئۇلۇغ ئىشلار بولسا كەلتۈرۈلگەن مىساللارمۇ نۇر ۋە قۇياشقا ئوخشاش قىممەتلىك نەرسىلەر بولىدۇ؛ مىسال كەلتۈرۈلگەن نەرسە بۇت ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھېقىر نەرسىلەر بولسا كەلتۈرۈلگەن مىساللارمۇ پاشا، چىۋىنلارغا ئوخشاش قىممەتسىز نەرسىلەردىن بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ نەزەرىدە پاشا بىلەن تۆگە يارىتىلىشتا ئوخشاشتۇر.

مۆمىنلەر قەلبلىرىدىكى ھىدايەت نۇرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قۇرئان ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىنى تەستىق ۋە قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما كاپىرلار بولسا، ھەيرانلىقتا تېڭىرقىغانلار بولۇپ، دەيدىغان سۆزى «ئاللاھ پاشىغا ئوخشاش بۇنداق ئاددى نەرسىلەرنى مىسال كەلتۈرۈشتىن نېمىنى مەقسەت قىلىدىكىنا ؟» دىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ئۇلار توغرا يولنى تېپىشتىن گاڭگىراپ قالغانلاردۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىقى ئايەتلەردە كەلتۈرگەن مىساللىرى بىلەن كۆپ كىشىلەر ئازغۇنلۇققا گىرىپتار بولغان بولسا، نۇرغۇنلىرى ھىدايەت تاپتى ۋە توغرا يولدا يۈرۈشكە نەسىب بولدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردىن باشقىسى ئېزىپ كەتمەيدۇ. ئازغۇنلۇق ئۇلارغا خاستۇر. خۇسۇسەن يەھۇدي ۋە خىرىستىئانلاردىن ئىبارەت بولغان ئەھلى كىتابلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدا نامى ۋە سۈپەتلىرى تولۇق يېزىلغان ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشمىگەنلىكى تۈپەيلى ئەڭ قاتتىق زالالەتكە چۈشكەن ۋە ئۆز كىتابلىرىغىمۇ كاپىر بولغان بولدى. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان كەلتۈرۈپ بەزىسىگە ئىمان كەلتۈرمەيدۇ. پەيغەمبەرنىڭ ھەقلىقىغا يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپاتلار بار تۇرۇپ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئازغۇنلىقى ئۆزلىرى بىلەنلا قالماستىن باشقا خەلقلەرگىمۇ سەلبى تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلار شۇ تۈپەيلى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر ۋە ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە يولۇققۇچىلاردۇر.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سۆزلەش ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن ھايا قىلىشقا بولمايدۇ.

2 - قۇرئان كەرىمدىكى مىساللار مەنىلەرنى كىشىلەرنىڭ زېھنىلىرىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

3 - ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن ھەقىقەتلەر بىلەن مۆمىنلەر ئىمانىنى كۈچەيتىدۇ، كاپىرلار بولسا ئازغۇنلۇققا پاتىدۇ.

4 - ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ياخشىلىق قىلىشنى تەرك ئېتىش پاسىقلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتىدۇر.

## ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرى

**كَيْفَ تَكْفُرُونَ بِاللهِ وَكُنتُمْ أَمْوَاتاً فَأَحْيَاكُمْ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ {28} هُوَ الَّذِي خَلَقَ لَكُم مَّا فِي الأَرْضِ جَمِيعاً ثُمَّ اسْتَوَى إِلَى السَّمَاء فَسَوَّاهُنَّ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ {29}**

تەرجىمىسى: ئاللاھنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە جان بەردى(يەنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئابىمەنى ئىدىڭلار)، كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) ئاللاھ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا(ھېساب بېرىش ئۈچۈن)قايتۇرۇلىسىلەر (28). ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر(نىڭ پايدىلىنىشىڭلار)ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى. ئاللاھ ھەرنەرسىنى بىلگۈچىدۇر(29).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە قۇرئاننىڭ ئۇنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلىۋاتقىنىغا ئەجەپلىنىپ ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: قايسى دەلىل ۋە قايسى ئىلمىڭلارغا ئاساسلىنىپ ئۆزۈڭلارنىڭ يېگانە رەببى بولغان ئاللاھقا ئىنكار قىلىسىلەر؟ ئەگەر سىلەر يارىتىلغان تەبىئىتىڭلارغا قايتىدىغان بولساڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ مەۋجۇتلىقى پەقەت ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ۋە سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دىنى بىلەن

يارىتىلغانلىقىڭلارنى بىلەتتىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە ھاياتلىق ئاتا قىلغانلىقىنىڭ سىرتىدا ئەقىل - ئىدراك ئاتا قىلدى ۋە سىلەرنى ھۆرمەتلەپ مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى قىلدى. ئاندىن سىلەرنىڭ بۇ ۋاقىتلىق دۇنيادىن باقى ئالەمگە كېتىدىغان ۋاقتىڭلارنى بەلگىلىدى. سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئاخىرى قايتىسىلەر. شۇ ۋاقىتتا بۇ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىڭلاردىن تولۇق ھېساب بېرىسىلەر. ئاللاھ سىلەردىن بۇ دۇنيادا سىلەرگە ئاتا قىلغان بارلىق نېمەتلىرى توغرۇلۇق ھېساب ئالىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىپ دەيدۇكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى يارىتىشتىن بۇرۇن توپراق ئىدىڭلار. مانا بۇ، جانسىزلىق. ئاندىن سىلەرنى ياراتتى. مانا بۇ، ھايات بەرگىنى. ئاندىن ئەجىلىڭلار كەلگەندە سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ ۋە قەبرىگە بارىسىلەر. مانا بۇ، ئىككىنچى قېتىملىق ئۆلۈم. ئاندىن قىيامەت كۈنى سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ. مانا بۇ، ئىككىنچى قېتىملىق تىرىلىشتۇر. قۇرئان كەرىم مۆمىنلەرنىڭ : « ئى رەببىمىز سەن بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرۈپ، ئىككى قېتىم تىرىلدۈرسەن » دېگەن سۆزىنى ھېكايە قىلىپ كەلتۈرگەن.

سىلەر ئۈستىدە ياشاۋاتقان زېمىنگە قاراڭلاركى، ئاللاھ تائالا ئۇنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى ۋە سىلەرنى ئۇنىڭ ئۈستىدە جايلاشتۇردى. سىلەر بۇ زېمىننىڭ سىرىنى ۋە نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى بىلدىڭلارمۇ؟ سىلەرنىڭ ئاللاھنى تونۇشۇڭلار ئۈچۈن بۇ يېتەرلىك ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئاللاھ تائالا يەتتە قات ئاسماننى ئۈستۈڭلاردا ياراتتى. ئۇنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇ ياراتقانلىرىنىڭ سىرلىرىنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. كائىناتنىڭ سىرلىرىنى پەقەت ئۇنى ياراتقان ئىگىسى بىلىدۇ .

ئەڭ ياخشىسى شۇكى، بىز ئاسماننىڭ قانداق كۆتۈرۈلگەنلىكى ۋە خاراكتېرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ باش قاتۇرغاندىن كۆرە، مۇھىم بولغىنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى چەكسىز قۇدرىتى ۋە ئالدىن بىلىشىنى ھېس قىلىشىمىز لازىم.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئەقىلسىز مەخلۇقلاردۇر.

2 - كائىناتتىكى ھەر بىر مەۋجۇدات ئاللاھنىڭ بارلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

3 - ئاللاھ ھارام قىلغان يېمەكلىكلەردىن باشقىلار ھەممىسى ھالالدۇر.

## ئىنساننىڭ يارىتىلىش قىسسىسى ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈلگەنلىكى

**وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلاَئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الأَرْضِ خَلِيفَةً قَالُواْ أَتَجْعَلُ فِيهَا مَن يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ الدِّمَاء وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ قَالَ إِنِّي أَعْلَمُ مَا لاَ تَعْلَمُونَ {30} وَعَلَّمَ آدَمَ الأَسْمَاء كُلَّهَا ثُمَّ عَرَضَهُمْ عَلَى الْمَلاَئِكَةِ فَقَالَ أَنبِئُونِي بِأَسْمَاء هَـؤُلاء إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ {31} قَالُواْ سُبْحَانَكَ لاَ عِلْمَ لَنَا إِلاَّ مَا عَلَّمْتَنَا إِنَّكَ أَنتَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ {32} قَالَ يَا آدَمُ أَنبِئْهُم بِأَسْمَآئِهِمْ فَلَمَّا أَنبَأَهُمْ بِأَسْمَآئِهِمْ قَالَ أَلَمْ أَقُل لَّكُمْ إِنِّي أَعْلَمُ غَيْبَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَأَعْلَمُ مَا تُبْدُونَ وَمَا كُنتُمْ تَكْتُمُونَ {33} وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلاَئِكَةِ اسْجُدُواْ لآدَمَ فَسَجَدُواْ إِلاَّ إِبْلِيسَ أَبَى وَاسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنَ الْكَافِرِينَ {34}**

تەرجىمىسى: ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە:«مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن »دېدى. پەرىشتىلەر:«يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان(شەخسنى)خەلىپە قىلامسەن؟ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز»دېدى. ئاللاھ«مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن»دېدى(30). ئاللاھ پۈتۈن شەيئىلەرنىڭناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ:«(خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا)راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار»دېدى(31). پەرىشتىلەر:«سېنى(پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن)پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن»دېدى(32). ئاللاھ:«ئى ئادەم!ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن»دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، ئاللاھ:«مەن سىلەرگە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم» دېدى(33). ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە :«ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار»دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس(سەجدە قىلىشتىن)باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى(34).

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى**

بۇرۇنقىلارنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىبرەتلەندۈرۈش قۇرئان كەرىم ئۇسلۇبلىرىدىن بىرىدۇر. قىسسىلەر كىشىلەرنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن ياخشى ياردەمچىدۇر. خۇسۇسەن قۇرئان كەرىمدىكى قىسسىلەردە ئۇلۇغۋار مەقسەتلەر كۆزلەنگەن. «ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىسسىلىرىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار» (قۇرئان كەرىم)

يۇقىرىقى قىسسىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ئادەمنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى قانچىلىك ھۆرمەتلىگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ شەنىنى كۆتۈرگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يەر

يۈزىدىكى ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى مۇھەممەد سەن قەۋمىڭگە ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئادەمنىڭ قىسسىسىنى سۆزلەپ بەرگىن. ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرگە ئۆزىنىڭ يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئاۋات قىلىش خاھىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئورۇنباسار ــ ئادەمنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى يارىتىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالاغا ھېكمىتىنى سوراش تەرىقىسىدە دەيدۇكى، ئى رەببىمىز! ئۆز ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن ئىش قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغانلىقتىن خاتالىقلارنى ۋە يەر يۈزىدە قان تۆكۈشتەك جىنايەتلەرنىمۇ ئىشلەشتىن خالى بولالمايدىغان، بىلىمى چەكلىك بولغانلىقتىن ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى بىلمەيدىغان شۇ ئادەمنى يەر يۈزىدە ئورۇنباسار قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىزدە گۇناھ ۋە ئاسىيلىقلارنى سادىر قىلىش خاھىشى بولمىغانلىقتىن ساڭا ھېچ ئاسىيلىق قىلمايمىز، ھەمىشە سېنى بارلىق كەمچىلىكلەردىن پاك ۋە مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئاۋات قىلىش ئۈچۈن ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىقرەك ئەمەسمىزمۇ؟ ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: مەن سىلەر بىلمەيدىغانلارنى بىلىمەن ـ يەر يۈزىنى قانداق ئاۋات قىلىش ۋە بۇ ۋەزىپىگە كىم ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. مەن ياراتماقچى بولغان ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شۇنداق بىر خەلقكى، ئۇنىڭدا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تۈرتكىلىرى بولىدۇ. بۇ ئىككىسى بىلەن يەر يۈزى تەرەققى قىلىدۇ ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكنىڭ ھېكمىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، دەيدۇ.

ھەزرىتى ئادەمنىڭ ئورۇنباسارلىققا تاللىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللارنىڭ بىرى شۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئۆگەتتىدۇ. ئاندىن بۇ شەيئىلەرنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: سىلەرنىڭ يەر يۈزىدە ئورۇنباسارلىققا ئادەمدىن ھەقلىق ئىكەنلىكىڭلار راست بولىدىغان بولسا، قېنى بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بېقىڭلار دەيدۇ. پەرىشتىلەر ھەقىقەتەن ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالا يۈرگۈزمەكچى بولغان ئىشلارنىڭ ھېكمەتلىرىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا: «ئى رەببىمىز! بىز سەن بىزگە ئۆگەتكەنلەردىن باشقىنى بىلمەيمىز. سەن ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئىگىمىزسەن» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئادەمنى ئۆگەتلىگەن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە ئەمر قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى تولۇق ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇ ۋاقىتتىلا پەرىشتىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئوخشاش ئورۇنباسارلىقنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتىن ئاجىز، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان نازۇك مەخلۇقات ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇيدۇ.

ئىككىنچى قىسسە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننى نەقەدەر ھۆرمەتلىك قىلغانلىقى ، ھەتتا پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن سەجدە قىلىشقا بۇيرىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە بىلدۈرگىنكى، پەرىشتىلەر ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار دېيىلگەن ھامان بۇ بۇيرۇقنى دەرھال ئىجرا قىلدى. ئەمما ئىبلىس ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلىقىدىن ئادەمگە بۇ ھۆرمەت سەجدىسىنى قىلىشتىن باش تارتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى ۋە تا قىيامەتكىچە ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىدى، دەيدۇ.

ئىبلىسنى ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتقۇزغان نەرسە ئۇنىڭ تەبىئىتىدە يەرلەشكەن تەكەببۇرلۇق ۋە ئاسىيلىق ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنلاشتىن باش تارتقۇچىلارنىڭ ھالى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى ئىمان - ئېتىقاد ۋە ئەمەل دېمەك بولۇپ، بۇ ئىككىسى بىرلەشكەندە تەلەپ قىلىنغان ھەقىقىي ئىمان ئوتتۇرىغا چىققان بولىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن پەرزلەرنى ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى ئورۇنلىماستىن ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ يۈرگۈچىلەر قاتتىق ئېھتىيات قىلىشى كېرەككى، شەيتانلارنىڭ ئاتىسى ئىبلىسنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىپ كاپىرلاردىن بولۇپ كېتىشىدىكى سەۋەبمۇ ئۇنىڭ ئاللاھ بۇيرىغان ئەمەلدىن ـــ ئادەمگە ھۆرمەت سەجدىسى قىلىشتىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتقانلىقى ئىدى. گەرچە ئىبلىس «پەرۋەردىگارىم! ئىنسانلار تىرىلدۈرۈلىدىغان قىيامەت كۈنىگە قەدەر ماڭا مۆھلەت بەرسەڭ» دېگەن تەلىپىدە ئاللاھنى «پەرۋەردىگارىم» دەپ ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ ئۇ يەنىلا كاپىر ئىدى.

ئېتىقادنىڭ تەقەززاسى ئاللاھ تائالاغا ، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە، كىتابلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ۋە بۇلاردىن باشقا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە چىن ئىشىنىش بولسا، ئەمەلنىڭ تەقەززاسى ئاللاھ تائالا بۇيرىغان پەرزلەرنى ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى جان - دىل بىلەن ئورۇنلاشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداق قىلغاندىلا ئىماننى نامايان قىلغىلى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ جەننىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1- بىلمىگەننى بىلگەنلەردىن سوراپ ئۆگىنىش ئىسلامىي ۋە ئىنسانىي خۇلۇقتۇر.

2 - ئادەم ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئاتىسىدۇر.

3 - ئىنسانلار تائەت - ئىبادەت ئارقىلىق پەرىشتىلەردىن ئۇلۇغ مەرتىۋىلەرنى قازىنالايدۇ.

**وَقُلْنَا يَا آدَمُ اسْكُنْ أَنتَ وَزَوْجُكَ الْجَنَّةَ وَكُلاَ مِنْهَا رَغَداً حَيْثُ شِئْتُمَا وَلاَ تَقْرَبَا هَـذِهِ الشَّـجَرَةَ**
**فَتَكُونَا مِنَ الْظَّالِمِينَ {35} فَأَزَلَّهُمَا الشَّيْطَانُ عَنْهَا فَأَخْرَجَهُمَا مِمَّا كَانَا فِيهِ وَقُلْنَا اهْبِطُواْ بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ**
**عَدُوٌّ وَلَكُمْ فِي الأَرْضِ مُسْتَقَرٌّ وَمَتَاعٌ إِلَى حِينٍ {36} فَتَلَقَّى آدَمُ مِن رَّبِّهِ كَلِمَاتٍ فَتَابَ عَلَيْهِ إِنَّهُ هُـوَ**
**التَّوَّابُ الرَّحِيمُ {37} قُلْنَا اهْبِطُواْ مِنْهَا جَمِيعاً فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّي هُدًى فَمَن تَبِعَ هُدَايَ فَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ**
**وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ {38} وَالَّذِينَ كَفَرواْ وَكَذَّبُواْ بِآيَاتِنَا أُولَـئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ {39}**

تەرجىمىسى: بىز(ئادەمگە):«ئى ئادەم! سەن خوتۇنۇڭ(يەنى ھەۋۋا)بىلەن جەننەتتە تۇرۇڭلار! جەننەتتىكى نەرسىلەردىن خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ- ئىچىڭلار، بۇ دەرەخقە يېقىنلاشماڭلار(يەنى مېۋىسىدىن يېمەڭلار)، بولمىسا(ئۆزەڭلارغا)زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر» دېدۇق(35). شەيتان ئۇ ئىككىسىنى تېيىلدۇردى(يەنى مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈپ خاتالاشتۇردى)، تۇرۇۋاتقان جەننەتتىن چىقاردى. (ئادەمگە، ھەۋۋاغا ، ئىبلىسقا)«بىر- بىرىڭلار بىلەن ئۆچەكەشكەن ھالدا( جەننەتتىن يەر يۈزىگە) چۈشۈڭلار، يەر يۈزىدە ۋاقىتلىق ( ئەجىلىڭلار توشقۇچە) يەرلىشىڭلار ۋە(نېمەتلەردىن)بەھرىمەن بولۇڭلار» دېدۇق(36). ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىر قانچە سۆز تەلىم ئالدى(يەنى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى)، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر(بەندىلىرىگە)ناھايىتى مېھرىباندۇر(37). (ئۇلارغا )«ھەممىڭلار بۇيەردىن چۈشۈڭلار، سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر يول كۆرسەتكۈچى(يەنى پەيغەمبەر)كېلىدۇ، يولۇمغا ئەگەشكەنلەرگە(ئاخىرەتتە)قورقۇنچ ۋە غەم- قايغۇ بولمايدۇ» دېدۇق(38). كاپىرلار ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ(39).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

بۇ ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى قىسسىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئاتىمىز ئادەمنى ئايالى ھەۋۋا بىلەن بىرلىكتە جەننەتتە ئەجەلى توشقانغا قەدەر تۇرۇش ۋە جەننەتتە مېۋىسىنى يېيىش چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن باشقا، ئۇنىڭدىكى بارلىق نازۇ - نېمەتلىرىدىن كەڭتاشا يەپ، ئىچىپ بەھرىمەن بولۇشقا بۇيرۇيدۇ. لېكىن ئىبلىس ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتقانلىق سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلىنىپ لەنەتكە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنى بىر ئامال قىلىپ ئازدۇرۇپ ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىش مىكرى بىلەن بۇ ئىككىسىنى تۈرلۈك نەيرەڭلىرى بىلەن ئالداشقا كىرىشىدۇ ۋە ئۇلارغا جەننەتتىكى

مېۋىسىنى يېيىش چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈشتە غەلىبە قىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئادەم بىلەن ھەۋۋا ئىككىسىنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ ۋە ئۇنى يوّرگەشكە قادىر بولالمايدۇ. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى بىلىشىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا ئاللاھ تائالاغا زارلىنىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا قانداق تەۋبە قىلىشى توغرۇلۇق ئۇنىڭدىن مۇنۇ دۇئانى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ: «ربنا ظلمنا انفسنا وان لم تغفرلنا وترحمنا لنكونن من الخاسرين - پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق. ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز.»

شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئادەمنى يەر يۈزىنى ئاۋات قىلىش ، ئۇنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىرادىسى ۋە ھېكمىتىگە ئاساسەن ياراتقان ۋە يەر يۈزىدە ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشىنى ئىجرا قىلىش يولىدا ئۆزىدىن ئورۇنباسار قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى تەقدىر قىلىنىپ بولغان بىر مەسىلە بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى مەۋجۇداتلارنىڭ ئىشلىرىنى سەۋەبلەرگە باغلاشنى تەقەززا قىلغانلىقتىن، ھەزرىتى ئادەم بىلەن ئايالى ھەۋۋانىڭ جەننەتتە ئۆتكۈزۈپ قويغان بۇ خاتالىقى ئۇلارنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىگە ۋە زېمىندا ئورۇنلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە ھەزرىتى ئادەم، ئايالى ھەۋۋا ۋە ئىبلىس ئۈچى زېمىنغا چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلار بىلەن ئىبلىسنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان شەيتانلار ئۆز ئارا زىددىيەت ئىچىدە تا قىيامەتكىچە زېمىندا ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئاخىرقى ئايەتتە، ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ــ سائادەتلىرىنى تەمىن قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسەتكۈچى پەيغەمبەر ئەۋەتىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئاخىرەتتە غەم - قايغۇسىز سائادەتمەنلەردىن بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق خۇش خەۋەر بېرىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ راستلىقىغا، كىتابلىرىنىڭ ھەقلىقىغا ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى دوزاخ بولىدىغانلىقىدىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1- ئىتائەتسىزلىك بىلەن گۇناھ - مەسىيەتلەر ھەرقانداق شاقاۋەتنىڭ سەۋەبچىسىدۇر.

2 - ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلارنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىش بارچە سائادەت ھەم ئامانلىقنىڭ كاپالىتىدۇر.

3 - كۇففارلار دوزاخلاردا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

## ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ۋە ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنغانلار

**يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اذْكُرُواْ نِعْمَتِيَ الَّتِي أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَوْفُواْ بِعَهْدِي أُوفِ بِعَهْدِكُمْ وَإِيَّايَ فَارْهَبُونِ {40} وَآمِنُواْ بِمَا أَنزَلْتُ مُصَدِّقاً لِّمَا مَعَكُمْ وَلاَ تَكُونُواْ أَوَّلَ كَافِرٍ بِهِ وَلاَ تَشْتَرُواْ بِآيَاتِي ثَمَناً قَلِيلاً وَإِيَّايَ فَاتَّقُونِ {41} وَلاَ تَلْبِسُواْ الْحَقَّ بِالْبَاطِلِ وَتَكْتُمُواْ الْحَقَّ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ {42} وَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَآتُواْ الزَّكَاةَ وَارْكَعُواْ مَعَ الرَّاكِعِينَ {43}**

تەرجىمىسى: ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ياد ئېتىڭلار، ماڭا بەرگەن(ئىمان ئېيتىش ۋە تائەت- ئىبادەت قىلىش ھەققىدىكى)ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان(ساۋاب بېرىش ھەققىدىكى)ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، مەندىنلا قورقۇڭلار(40). مەن نازىل قىلغان تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، قۇرئاننى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار، ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار، ماڭىلا تەقۋادارلىق قىلىڭلار(41). ھەقنى باتىلغا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان ھەقىقەتنى ئۆزەڭلار ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىگە) ئارلاشتۇرماڭلار، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار(42). نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار(43).

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەر ئارقىلىق ئىسرائىل (ياقۇب ئەلەيھىسسالام) ئەۋلادلىرى بولغان يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىغا بەرگەن نېمەتلىرىنى ياد ئېتىشكە چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا نۇرغۇنلىغان ئىنئاملارنى ئاتا قىلغان ــ ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا بارلىق مىللەتلەردىن ئەزىز ھەم ھۆرمەتلىك قىلغان. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ زۇلۇملىرىدىن ئۇلارنى قۇتۇلدۇرغان. ئۇلاردىن ئاللاھتىن باشقىسىغا چوقۇنماسلىق، ئىبادەتلەرنى ئاللاھقىلا مەخسۇس قىلىش، ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان تەۋراتقا ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتلەرنى بۇرمىلىماسلىق ھەققىدە ۋەدە ئالغان. ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە يارىشا ساۋاب بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. لېكىن يەھۇدىيلار ھەر زامان ۋەدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ تۇرغان، تەۋراتتىكى ھەقىقەتلەرنى، خۇسۇسەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن بىشارەتلەرنىڭ كۆپلىرىنى كىتابلىرىدىن ئېلىپ تاشلىغان . بۇنىڭدىن مەلۇمكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغىچىلىك مەۋجۇت بولغان تەۋراتتا بەزى ھەقىقەتلەرمۇ ساقلىنىپ قالغان ۋە قەستەن ئۆزگەرتىش سەۋەبى بىلەن باتىللارمۇ ئورۇن ئالغان. چۈنكى يەھۇدىيلار

ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى دۇنيالىقى ئۈچۈن ئەرزان پۇلغا سېتىشتىن ئىككىلەنگەن مىللەت ئەمەس.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەر ئارقىلىق يەھۇدىيلارنى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىغا ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ياد ئېتىشكە چاقىرغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى بورمىلىماسلىققا، ئىسلام پەرزلىرىنى ئورۇنلاشقا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئىزچىل ئەگىشىشكە چاقىرغان.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر.

2 - ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ئېسىل خۇلۇقتۇر.

3 - ھەقىقەتنى ئاشكارا ئېيتىش پەزىلەت، ئۇنى يوشۇرۇش ئېغىر گۇناھتۇر.

4 - ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەردىن يوشۇرغۇچىلار ئاللاھنىڭ جازاسىغا لايىق بولغۇچىلاردۇر.

## يەھۇدىي ئۆلىمالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى

**أَتَأْمُرُونَ النَّاسَ بِالْبِرِّ وَتَنسَوْنَ أَنفُسَكُمْ وَأَنتُمْ تَتْلُونَ الْكِتَابَ أَفَلاَ تَعْقِلُونَ {44} وَاسْتَعِينُواْ بِالصَّبْرِ وَالصَّلاَةِ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلاَّ عَلَى الْخَاشِعِينَ {45} الَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلاَقُو رَبِّهِمْ وَأَنَّهُمْ إِلَيْهِ رَاجِعُونَ {46} يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اذْكُرُواْ نِعْمَتِيَ الَّتِي أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَنِّي فَضَّلْتُكُمْ عَلَى الْعَالَمِينَ {47} وَاتَّقُواْ يَوْماً لاَّ تَجْزِي نَفْسٌ عَن نَّفْسٍ شَيْئاً وَلاَ يُقْبَلُ مِنْهَا شَفَاعَةٌ وَلاَ يُؤْخَذُ مِنْهَا عَدْلٌ وَلاَ هُمْ يُنصَرُونَ {48}**

تەرجىمىسى: كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب(يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر(44). سەۋر قىلىش ، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق(ئاللاھ دىن)ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھ دىن قورققۇچىلار(يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار)دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر(45). ئاللاھ دىن قورققۇچىلار پەرۋەردىگارىغا چوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ(46). ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ۋە سىلەرنى(بىر زامانلاردا)تامام جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ياد ئېتىڭلار(47). كىشى كىشىگە ئەسقاتمايدىغان ، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىدىن فىديە ئېلىنمايدىغان، ئۇلار(يەنى كاپىرلار ۋە گۇناھكار بەندىلەر)ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار(48).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا تەۋراتنىڭ ئەھكاملىرىنى ۋە ياخشى ـ يامانني بىلىدىغان يەھۇدىي ئۆلىمالىرىغا كايىپ دەيدۇكى، ئى يەھۇدىي ئۆلىمالىرى سىلەرنىڭ ھالىڭلار نىمە دېگەن ئەپسۇسلىنارلىق. سىلەر كىشىلەرنى تەۋراتقا ئەمەل قىلىشقا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا چاقىرىپ تۇرۇپ ئۆزۈڭلار ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايسىلەر، بارچە مەسىيەتلەرنىڭ ھەممىنى ئۆزۈڭلار ئالدى بىلەن ئىشلەيسىلەر. سىلەرنىڭ بۇ قىلغىنىڭلار كىشىلەرگە يورۇقلۇق بېرىپ ئۇزىنى كۆيدۈرىدىغان چىراققا ئوخشايدۇ. ئاللاھنىڭ بۇيرىغانلىرىنى بەجا كەلتۈرمەسلىكنىڭ ۋە ئۇنىڭ خىلاپىغا ئىش قىلىشنىڭ قانچىلىك ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر. سىلەر توغرىسىنى قىلماقچى بولساڭلار، سىلەرنى يامان ئىشلارغا چاقىرىدىغان شەيتانىي نەپسىڭلارنى يېڭىش ئۈچۈن سەبىر بىلەن ناماز ئىككىسى ئارقىلىق ئاللاھتىن ياردەم سوراڭلار. چۈنكى بۇ ئىككىسى روھنى پاكلايدۇ ۋە كۆڭۈلنى شاد قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى سەبىر بىلەن نامازغا بۇيرىشىنىڭ سىرى شۇكى، سەبىر شەرىئەتنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئېغىر كۆرمەي ئورۇنلاش ۋە بۇ يولدىكى قىيىنچىلىق ھەم توسالغۇلارغا بەرداشلىق بېرىشتە ئەڭ ياخشى مەدەتكار بولغىنىدەك، ناماز بىر روھى تەربىيە بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن غايىگە يېتىشنىڭ ئەڭ قىسقا يولىدۇر. ئەمما ناماز بەزى كىشىلەر ئۈچۈن قىيىن تۇيۇلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، قەلبلىرى ئىمان ۋە ئېتىقاد بىلەن بېزەلگەن، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھەقىقەتەن ئېھتىيات قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ھالاۋەت ۋە راھەتتۇر. مۇنداق كىشىلەر ئىمانىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ناماز ۋە باشقىمۇ پەرزلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئورۇنلايدۇ ھەم كۆڭۈللىرىنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن خۇرسەن قىلالايدۇ. بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ناماز مېنىڭ خوشاللىقىم بولدى» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئەمدى بۇيەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن، ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارغا بۇيرىغان ناماز ئىسلام دىنىدىكى نامازمىدى ياكى يەھۇدىيلارنىڭ شەرىئىتىدىكى مەخسۇس نامازمىدى؟ توغرىسى، ئىسلام دىنىدىكى ناماز ئىدى. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىشى بىلەن يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابلار ئىسلام دىنىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان.

ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالا يەنە ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا نىدا قىلىپ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ شەپقىتىدىن باشقا ھېچقانداق ۋاستە ياكى بەدەل ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ھەم ئەجدادلىرىغا ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتلىرىنى ياد ئېتىشكە چاقىرىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغانلارنىڭ تەربىيىسى ئۈنۈم بەرمەيدۇ.

2 - قىيىنچىلىقلارغا سەبىر ھەم ناماز بىلەن تاقابىل تۇرۇش مۆمىنلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر.

3 - ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشنىڭ چارىسى ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتۇر.

4 - قىيامەت كۈنىدە كۇففارلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالىدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى

**وَإِذْ نَجَّيْنَاكُم مِّنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ سُوَءَ الْعَذَابِ يُذَبِّحُونَ أَبْنَاءكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَاءكُمْ وَفِي ذَلِكُم بَلاء مِّن رَّبِّكُمْ عَظِيمٌ {49} وَإِذْ فَرَقْنَا بِكُمُ الْبَحْرَ فَأَنجَيْنَاكُمْ وَأَغْرَقْنَا آلَ فِرْعَوْنَ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ {50} وَإِذْ وَاعَدْنَا مُوسَى أَرْبَعِينَ لَيْلَةً ثُمَّ اتَّخَذْتُمُ الْعِجْلَ مِن بَعْدِهِ وَأَنتُمْ ظَالِمُونَ{51} ثُمَّ عَفَوْنَا عَنكُمِ مِّن بَعْدِ ذَلِكَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ {52}**

تەرجىمىسى: ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى قاتتىق قىينىغان، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، قىزلىرىڭلارنى (ئىشقا سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇرغان پىرئەۋن گۇرۇھىدىن سىلەرنى قۇتقۇزدۇق. بۇ، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ (ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنى ئايرىتىدىغان) چوڭ سىنىقى ئىدى(49). ئۆز ۋاقتىدا دېڭىزنى يېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزدۇق( يەنى دېڭىزنىڭ سۈيىنى ئۇتتۇرىدىن بۆلۈپ، قۇرۇق يول ھاسىل قىلىپ، شۇ يەردىن سىلەرنى سالامەت ئۆتكۈزدۇق)ۋە پىرئەۋن گۇرۇھىنى كۆز ئالدىڭلاردا غەرق قىلدۇق(50). ئۆز ۋاقتىدا مۇساغا 40 كېچە(كۈتكەندىن كېيىن تەۋراتنى نازىل قىلىشنى)ۋەدە قىلدۇق. ئۇ سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆزەڭلارغا زۇلۇم قىلىپ، موزايىنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار (51). شۇنىڭدىن كېيىن، شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەرنى ئەپۇ قىلدۇق(52).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئۇنۇتقان ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلمىغان يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلىپ مۇنۇلارنى بايان قىلىدۇ:

1 - ئەي يەھۇدىيلار گۇرۇھى! ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلارنى زالىم پىرئەۋننىڭ زۇلۇمىدىن قۇتقۇزدى. ئۆز ۋاقتىدا پىرئەۋن چۈشىدە، قۇددۇس شەھىرىدىن بىر ئوت چىقىپ مىسىرنى قورشىۋالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىچە قورقۇپ كېتىپ بارلىق تەبىرچىلەرنى ھوزۇرىغا چاقىرتىدۇ ۋە كۆرگەن چۈشى ھەققىدە تەبىر سورايدۇ. تەبىرچىلەر ئۇنىڭغا، ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىچىدىن بىر ئوغۇل تۇغۇلىدىغانلىقى،

بۇ ئوغۇلنىڭ ئۇنىڭ تەختىنى ئۆرۈپ تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇندىن باشلاپ پىرئەۋن قوشۇنلىرى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن تۇغۇلغان ئوغۇل باللارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلايدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ پىرئەۋن زۇلۇمىدىن قېچىشىڭلارغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

2 - شۇ ۋاقىتتا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى سىلەرنى قوغلاپ كەلگەندە ئالدىڭلاردا دەريا، كەينىڭلاردا زالىم قوشۇن ئەجدادلىرىڭلار نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئامالسىز قالغاندا، ئاللاھنىڭ ياردىمى ئۇلارغا يېتىپ كېلىپ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن دەريا سىلەرگە يېرىلىپ ئوتتۇرىسىدىن بىر قۇرۇقلۇق يول ئېچىلغاندىن كېيىن ئەجدادلىرىڭلار قىرغاققا سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ. پىرئەۋن بىلەن قوشۇنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلاردا غەرق بولۇپ تۈگىشىدۇ.

3 - ئەي يەھۇدىيلار! ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنى بېرىشكە ۋەدە قىلىپ ئۇنى مىسىرنىڭ تۇر تېغىغا بېرىپ 40 كۈن ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىغىنىدا، ئۇ ئىنىسى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى سىلەرگە مەسئۇل قىلىپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. ئۇ تەۋراتنى ئېلىپ قايتىپ كەلگىچە ئەجدادلىرىڭلار بىر موزايىنى ئىلاھ قىلىپ چوقۇنىدۇ، ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە كىرمەيدۇ. بۇ ئىش ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. لېكىن ئاللاھ ئۆزىنىڭ كەڭ پەزلى بىلەن ئەجدادلىرىڭلارنىڭ بۇ ئېغىر جىنايىتىنى ئەپۇ قىلىدۇ.

4 - ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ توغرا يولدا يۈرۈشۈڭلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تەۋراتنى دىنىي دەستۇر قىلىپ بېكىتىپ بەردى.

5 - ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادلىرىڭلار پەيغەمبىرىڭلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىھۆرمەتلىك قىلىپ، بىز ئاللاھنى كۆرمىگىچە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمايمىز ۋە ساڭا ئىشەنمەيمىز دېگەن بولسىمۇ يەنە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارنى ئەپۇ قىلغانلىقىنى ياد ئېتىڭلار.

6 - ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادلىرىڭلار مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە مىسىر بىلەن شام ئوتتۇرىسىدىكى بىر ۋادىغا كەلگەندە يولدىن ئېزىپ چۆلدە سەرسانلىقتا 40 يىل تۇرۇپ قالغاندا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى يامغۇر سۈيى ۋە بارچە نازۇ - نېمەتلەرنى ئاتا قىلىش بىلەن ھايات قالدۇرغانلىقىنى ياد ئېتىڭلار.

7 - ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادلىرىڭلارنى مۇسا ئەلەيھىسسالام زالىم قەۋمغا قارشى ئۇرۇشقا چاقىرغىنىدا، ئۇلار: «سەن رەببىڭ بىلەن بېرىپ سوقۇشۇپ كەل، بىز مۇشۇ ئورنىمىزدا تۇرىمىز» دېگەن ئەدەپسىز سۆزلەرنى قىلىپ ئۆز پەيغەمبىرىنى رەنجىتكەندىمۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ئەپۇ قىلغانلىقىنى ياد ئېتىڭلار.

8 - ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادلىرىڭلار مەلۇم بىر شەھەرگە كىرىشتە، ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىش بىلەن ئېچىشقا بۇيرۇلغىنىدا، ئۇلار بۇ ئەمرگە خىلاپلىق قىلغان ھالدا غادىيىپ كىرگەن بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ئەپۇ قىلغانلىقىنى ئەسكە ئېلىڭلار.

9 - ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادلىرىڭلار چۆلدە سۇسىزلىقتىن زارلانغانىدا ئاللاھنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ھاسىسى بىلەن تاشقا ئۇرۇشقا ئەمر قىلغانلىقى ۋە تاشلار بۇلۇقلاپ سۇلارنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ھاياتىنى تەمىن ئەتكەنلىكىنى ئەسكە ئېلىڭلار.

10 - سىلەرنى ئاخىر زامان پەيغەمبىرىگە ئۇممەت بولۇشتىن ئىبارەت بۇ شەرەپكە چاقىرغان ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭلار، ئۇنىڭ بۇ نېمىتىنى ئۇنۇتماڭلار!

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - نېمەت شۈكۈرنى لازىم قىلىدۇ. نېمەتلەرنى بايان قىلىشتىن مەقسەت كىشىلەرنى شۈكۈر ئادا قىلىشقا تەشەببۇس قىلىشتۇر.

2 - ئاللاھ بەندىلىرىنى ھەرخىل قىيىن سىناقلار بىلەن سىنايدۇ. بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈشكە بولمايدۇ.

3 - شېرىك زۇلۇمدۇر. ئۇنىڭدىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم.

4 - پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىشى ۋە كىتابلارنىڭ چۈشۈرۈلىشى كىشىلەرنىڭ توغرا يول تېپىشى ئۈچۈن ئىدى.

## يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىكى

**وَإِذْ آتَيْنَا مُوسَى الْكِتَابَ وَالْفُرْقَانَ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ {53} وَإِذْ قَالَ مُوسَى لِقَوْمِهِ يَا قَوْمِ إِنَّكُمْ ظَلَمْتُمْ أَنفُسَكُمْ بِاتِّخَاذِكُمُ الْعِجْلَ فَتُوبُواْ إِلَى بَارِئِكُمْ فَاقْتُلُواْ أَنفُسَكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ عِندَ بَارِئِكُمْ فَتَابَ عَلَيْكُمْ إِنَّهُ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ {54} وَإِذْ قُلْتُمْ يَا مُوسَى لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّى نَرَى اللَّهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْكُمُ الصَّاعِقَةُ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ {55} ثُمَّ بَعَثْنَاكُم مِّن بَعْدِ مَوْتِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ {56}**

تەرجىمىسى: ئۆزۋاقتىدا سىلەرنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ، مۇساغا ھەقنى باتىلدىن ئايرىغۇچى كىتابنى( يەنى تەۋراتنى)بەردۇق(53). ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە:«ئى قەۋمىم! سىلەر موزاينى مەبۇد قىلىپ ، ھەقىقەتەن ئۆزەڭلارغا زۇلۇم قىلدىڭلار، ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، موزايغا چوقۇنمىغانلار چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرسۇن»دېدى. مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئاللاھ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ تەۋبىنى ھەقىقەتەن بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر(54). ئۆز ۋاقتىدا :«ئى مۇسا!ئاللاھ نى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز

ئىشەنمەيمىز»دېيدىغانلار-دە، (سىلەرگە نازىل بولغان ئازابنى)كۆرۈپ تۇرغىنىڭلار ھالدا سىلەرنى چاقماق سوقتى(55). ئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن، دەپ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردۇق(56).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەر ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلىدۇ. ھالبۇكى، يۇقىرىقى جىنايەتلەرنى ئىشلىگەن ئۇلار ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىدى. بۇنىڭدىكى سىر شۇكى، يەھۇدىيلار ئەزەلدىن تۇغرا - خاتانى ئايرىماستىن ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تەرىپىنى تۇتىدىغان، ئۇلارنىڭ تارىختىكى جىنايەتلىرى ۋە تۈرلۈك رەزىللىكلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ مەككارلىقىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۇدۇم قىلىۋالغان بىر مىللەتتۇر. بۇنىڭ ئەڭ ئاددى بىر مىسالى شۇكى، قەدىمكى يەھۇدىيلار تارىختىن بېرى ئۆزلىرىنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن كەلگەن مەسۇم پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ كەلگەن بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلارمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم تۇزاق قۇرغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ «ئى پەيغەمبەر ساڭا ئاللاھتىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق يەتكۈزگىن. ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭ ئاللاھنىڭ دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزمىگەن بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلايدۇ» دېگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن ئۇنى يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلاپ قالغان.

يۇقىرىقى ئايەتلەر يەھۇدىيلارنىڭ تاش يۈرەكلىكى، ناشۈكۈرلىكى، كۇپۇرلۇقى، ئەدەپسىزلىكى ، مەككارلىقى ۋە قاتىللىقى قاتارلىق بىر قاتار رەزىللىكىنى ئېچىپ تاشلىغان ۋە ئۇلارنى بۇنداق رەزىللىكلەردىن يېنىپ ئىسلام ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىشقا چاقىرغان.

ئەمما يەھۇدىيلار ئاللاھنىڭ ھەق دىنىغا ئەگىشىشنى خالىمىغانلىقتىن، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىشتەك ئەجدادلىرىنىڭ سەلبىي ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلدى.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - ئاللاھنىڭ غەيرىگە چوقۇنۇش كۇپۇرلۇقتۇر. ئىبادەت پەقەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ.

2 - دىندىن يېنىۋېلىشنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىردۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش شۇ دىنىنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغانلىق بولۇپ، مۇنداقلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىش بەلگىلەنگەن.

3 - ھالال يېيىش ئىبادەتتۇر. ھالال - ھارام ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بەلگىلەنگەندۇر.

**وَظَلَّلْنَا عَلَيْكُمُ الْغَمَامَ وَأَنزَلْنَا عَلَيْكُمُ الْمَنَّ وَالسَّلْوَى كُلُواْ مِن طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ وَمَا ظَلَمُونَا وَلَـكِن كَانُواْ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ {57} وَإِذْ قُلْنَا ادْخُلُواْ هَـذِهِ الْقَرْيَةَ فَكُلُواْ مِنْهَا حَيْثُ شِئْتُمْ رَغَداً وَادْخُلُواْ الْبَابَ سُجَّداً وَقُولُواْ حِطَّةٌ نَّغْفِرْ لَكُمْ خَطَايَاكُمْ وَسَنَزِيدُ الْمُحْسِنِينَ {58} فَبَدَّلَ الَّذِينَ ظَلَمُواْ قَوْلاً غَيْرَ الَّذِي قِيلَ لَهُمْ فَأَنزَلْنَا عَلَى الَّذِينَ ظَلَمُواْ رِجْزاً مِّنَ السَّمَاءِ بِمَا كَانُواْ يَفْسُقُونَ {59}**

تەرجىمىسى: سىلەرگە بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، سىلەرگە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق. (بىز سىلەرگە)«رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك، شېرىن نەرسىلەردىن يەپ- ئىچىڭلار» (دېدۇق). ئۇلار(نېمەتلىرىمىزگە ناشۈكۈرلۈك قىلىش بىلەن)بىزگە ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرىگىلا زۇلۇم قىلدى(57). ئۆزۋاقتىدا(مۇسا ئارقىلىق ئەجدادلىرىڭلارغا):«بۇ شەھەرگە (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە)كىرىڭلار، ئۇ يەردە خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ-ئىچىڭلار، (بەيتۇلمۇقەددەس)دەرۋازىسىدىن(شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن)سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار، (پەرۋەردىگارىمىز)گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن دەڭلار، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، ياخشىلارغا تېخىمۇ ئارتۇق ساۋاب بېرىمىز»دېدۇق(58). زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە سۆزلەنگەن سۆزنى باشقا سۆزگەئۆزگەرتىۋەتتى، زۇلۇم قىلغۇچىلار يولدىن چىققانلىقلىرى(يەنى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى)ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب چۈشۈردۇق(59).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەر ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ئەجدادلىرىنىڭ ئاسىيلىقلىرى، نېمەت بەرگۈچىگە قارىتا ناشۈكۈرلۈقلىرى قاتارلىق قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ئۇچرىغانلىقىنى يادلاندۇرۇش بىلەن بىرگە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ پاسسىپ ئەجدادلىرىنىڭ يولىغا ئەگىشىپ پەيغەمبەرگە قارشىلىق كۆرسىتىشىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئۆز ۋاقتىدا يەھۇدىيلار سىنا چۆلىدە ئاچلىقتىن زارلانغان ۋە تۆگىشىشكە ئاز قالغاندا، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقتىن يەھۇدىيلارغا تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈن قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى چۈشۈرۈپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى غىزالاندۇرغان بولسىمۇ، يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىتىدە يەرلەشكەن ناشۈكۈرلۈق ۋە ناشۈكۈرلۈك سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ بۇ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلماستىن، باشقىسىنى سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىقى نېمەتلىرىدىنمۇ مەھرۇم قىلىنىدۇ.

يەھۇدىيلار يەنە ئاللاھ تائالانىڭ پەلەستىندىكى بەيتۇلمۇقەددەسكە كىرىشتە ئاللاھقا سانا ئېيتقان ۋە سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار دېگەن ئەمرىنى باشقا مەنىگە تەۋىل قىلىش ئارقىلىق بۇ ئەمرنى بەجا كەلتۈرۈشتىن باش تارتىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا يولۇقىدۇ ۋە سەرسانلىقتا، خارلىقتا مەھكۇم بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ھەقىقەتەن ياماندۇر.

2 - قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ چۈشەندۈرۈش ئېغىر گۇناھتۇر.

3 - سۆز ۋە ئەمەلدە راستچىل بولۇش مۆمىنلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر.

## يەھۇدىيلارنىڭ جىنايەتلىرىدىن

**وَإِذِ اسْتَسْقَى مُوسَى لِقَوْمِهِ فَقُلْنَا اضْرِب بِّعَصَاكَ الْحَجَرَ فَانفَجَرَتْ مِنْهُ اثْنَتَا عَشْرَةَ عَيْناً قَدْ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٍ مَّشْرَبَهُمْ كُلُواْ وَاشْرَبُواْ مِن رِّزْقِ اللَّهِ وَلاَ تَعْثَوْاْ فِي الأَرْضِ مُفْسِدِينَ {60} وَإِذْ قُلْتُمْ يَا مُوسَى لَن نَّصْبِرَ عَلَىَ طَعَامٍ وَاحِدٍ فَادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُخْرِجْ لَنَا مِمَّا تُنبِتُ الأَرْضُ مِن بَقْلِهَا وَقِثَّآئِهَا وَفُومِهَا وَعَدَسِهَا وَبَصَلِهَا قَالَ أَتَسْتَبْدِلُونَ الَّذِي هُوَ أَدْنَى بِالَّذِي هُوَ خَيْرٌ اهْبِطُواْ مِصْراً فَإِنَّ لَكُم مَّا سَأَلْتُمْ وَضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ الذِّلَّةُ وَالْمَسْكَنَةُ وَبَآؤُوْاْ بِغَضَبٍ مِّنَ اللَّهِ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ كَانُواْ يَكْفُرُونَ بِآيَاتِ اللَّهِ وَيَقْتُلُونَ النَّبِيِّينَ بِغَيْرِ الْحَقِّ ذَلِكَ بِمَا عَصَواْ وَّكَانُواْ يَعْتَدُونَ {61}**

تەرجىمىسى: ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمى ئۈچۈن سۇ تەلەپ قىلغان ئىدى، بىز ئۇنىڭغا:«ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن»دېدۇق. تاشتىن 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ھەممە ئادەم(يەنى قەبىلە)ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى، (ئۇلارغا)«ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار»(دېدۇق)(60). ئۆز ۋاقتىدا(سىنا چۆلىدە تەرەنجىبىن ۋە بۆدۈنە بىلەنلا ئوزۇقلىنىۋاتقىنىڭلاردا)سىلەر:«ئى مۇسا! بىز بىر خىل يىمەكلىككە چىداپ تۇرالمايمىز، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن ، بىزگە زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن»دېدىڭلار، مۇسا:«سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشەمسىلەر؟( يەنى پىياز ، سامساق، كۆكتاتنى تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىدىن ئارتۇق كۆرەمسىلەر؟)بىرەر شەھەرگە كىرىڭلار، (شۇ يەردە)تىلىگىنىڭلار بار»دېدى. ئۇلار خارلىقتا ، مۇھتاجلىقتا قالدى. ئاللاھنىڭ غەزىپىگە تېگىشلىك بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن بولدى. بۇ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقلىرى تۈپەيلىدىن بولدى(61).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

بۇ يەھۇدىيلارنىڭ نانكورلۇقلىرىنى بايان قىلغان يەنە بىر قىسسە بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە، خۇسۇسەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ئاسىيلىقلىرى ۋە سالغان جاپالىرىنى ھېكايە قىلغان. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ نانكورلۇق ۋە ئىسيانكارلىق ئادىتى بويىچە، ئاللاھنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن ئۇلارغا سۇسىز قاقاس چۆلدە سۇ بېرىپ ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئۆلۈم ھالاكىتىدىن ساقلاپ قالغانلىقى ۋە باشقىمۇ ئالاھىدە ئىنئاملىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا، ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار، ئاللاھ بەرگەن رىزىقتا شۈكۈر قىلىپ يەڭلار دېگەن ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدۇ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقلارنى ئاۋۋال شۇلار قىلدۇ، ئاللاھنىڭ بەرگەن ئېسىل رىزىقلىرىغا شۈكۈر قىلماستىن، باشقىسىنى تەلەپ قىلدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئۆزلىرى جاپالىق ئىشلەپ يېيىشكە مەجبۇر بولىدىغان بىر شەھەرگە ھەيدىلىدۇ. شۇندىن بېرى ئۇلار خارلىق، سەرسانلىق، ۋەتەنسىزلىك قاتارلىق زەبۇنلۇقلارغا يولۇقتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئەۋەتكەن مەسۇم پەيغەمبەرلەردىن زەكەرىيا، يەھيا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ جازاسى ئىدى.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەر ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ ئىمانغا كەلمەسلىك ۋە ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە بولۇش ئارقىلىق يەتكۈزگەن ئازارلىرىغا سەۋر قىلىش توغرىسىدا تەسەللى بېرىش بىلەن بىرگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى يەھۇدىيلارنى بۇرۇنقىلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن خارلىق، سەرسانلىق ۋە يۇرتلىرىدىن قوغلىنىشتەك كېلىچەكتىكى ئازاپلاردىن ھەم خورلۇقلاردىن ئاگاھلاندۇرغان. لېكىن قەلبلىرى تاشتىن پۈتۈلگەن ئىسيانكار يەھۇدىيلار بۇنىڭدىن ھېچ ئىبرەت ئالمىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى بويىچە ئىش كۆرگەن. نەتىجىدە، بۇلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ئەجدادلىرىنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش خورلۇقتا مەھكۇم قىلىنغان.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىپ، نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن پاناھ تىلەش لازىم.

2 ـ ھەقىقىي شۈكۈر ئاللاھنىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنلاش ۋە مەنئى قىلغانلىرىنى تەرك ئېتىش بىلەن بولىدۇ.

3 ـ ئەخلاقنىڭ ناچارلىقى ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدىن، ئەخلاقنىڭ ئېسىللىكى ئىماننىڭ كامىللىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

4 ـ ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك گۇناھى كەبىرىلەرنىڭ جازاسى دوزاختۇر.

**إِنَّ الَّذِينَ آمَنُواْ وَالَّذِينَ هَادُواْ وَالنَّصَارَى وَالصَّابِئِينَ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَعَمِلَ صَالِحاً فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ {62}**

تەرجىمىسى: شۈبھىسىزكى مۆمىنلەر، يەھۇدىيلار، ناسارالار(ئارىسىدىن)ۋە پەرىشتىلەرگە، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار ئارىسىدىن ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا ئۆز ئەجرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا(ئاخىرەتتە)قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ يوقتۇر(62).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە، ئىلگىرىكى يەھۇدىيلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ۋە ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانداشلىرى بولغانلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن ھەممە مىللەتكە شامىل بولغان ئومۇمىي قانۇننى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: قانداقلا مىللەتتىن بولمىسۇن، بۇرۇن قانداقلا دىنغا ئېتىقاد قىلغان بولمىسۇن ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن دىنغا ئەگىشىپ، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە، قىيامەت كۈنىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا چىن قەلبى بىلەن ئىشىنىپ ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىماننى ئىپادىلىگەن ھالدا شەرىئەتتە بۇيرۇلغان پەرز، ۋاجىب ۋە باشقا ئەمەللەرنى ئادا قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۆز ئەجرلىرىگە تولۇق ئېرىشىدۇ. ئۇلارغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق غەم - قايغۇ بولمايدۇ، بەلكى بۇدۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا مەڭگۈلۈك جەننەت ھاياتىغا داۋام قىلىدۇ.

بۇ ئايەتتە، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ نەزەرىدە ئوخشاش ئىكەنلىكى، بۇ دۇنيادا ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار قانداقلا قەۋمدىن بولمىسۇن ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدە قىلغان مۇكاپاتىغا چوقۇم ئېرىشىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - بىراۋنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى تىلى بىلەن ئېلان قىلىشى بۇ دۇنيا ئىشلىرى ئۈچۈن يېتەرلىك بولسىمۇ، ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغىنى يۈرەكتىن ئىشىنىشتۇر. شۇڭا مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكلىرىنى ئاغزاكى دەۋا قىلىش ئارقىلىق بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلارچە مۇئامىلىگە ئېرىشكەن بىلەن، ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخنىڭ ئاستىنقى قېتىدۇر. 2 - چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتىپ، ئەمەللىرىنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلغانلار ئاخىرەتتە غەم - قايغۇدىن يىراق بولغان بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىدۇ.

**وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَكُمْ وَرَفَعْنَا فَوْقَكُمُ الطورَ خُذُواْ مَا آتَيْنَاكُم بِقُوَّةٍ وَاذْكُرُواْ مَا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ {63} ثُمَّ تَوَلَّيْتُم مِّن بَعْدِ ذَلِكَ فَلَوْلاَ فَضْلُ اللهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ لَكُنتُم مِّنَ الْخَاسِرِينَ {64} وَلَقَدْ عَلِمْتُمُ الَّذِينَ اعْتَدَواْ مِنكُمْ فِي السَّبْتِ فَقُلْنَا لَهُمْ كُونُواْ قِرَدَةً خَاسِئِينَ {65} فَجَعَلْنَاهَا نَكَالاً لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهَا وَمَا خَلْفَهَا وَمَوْعِظَةً لِّلْمُتَّقِينَ {66}**

تەرجىمىسى: ئۆز ۋاقتىدا، بىز سىلەردىن چىن ۋەدە ئالغان ۋە تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا تىكلەپ قويغان، سىلەرگە:«(دۇنيادا ھالاك بولۇشتىن، ئاخىرەتتە ئازابقا قېلىشتىن)ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن بىز بەرگەن كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار(يەنى تەۋراتقا ئەمەل قىلىڭلار)، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارنى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار»(دېگەن ئىدۇق)(63). شۇنىڭدىن كېيىن(بەرگەن ۋەدەڭلاردىن)يۈز ئۆرۈدۈڭلار، سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى-مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولاتتىڭلار(64). ئاراڭلاردىكى شەنبە كۈنى(بېلىق تۇتماسلىق)توغرىسىدىكى شەرىئەت چەكلىمىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى(قانداق قىلغانلىقىمىزنى)، ئەلۋەتتە بىلىسىلەر، بىز ئۇلارغا:«خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار»دېدۇق(65). ئۇنى(يەنى ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ جازانى)زامانداشلىرى ۋە كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت، تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت قىلدۇق(66).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

يۇقىرىقى ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانداشلىرىدىن بولغان يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى! ئۆز ۋاقتىدا ئەجدادلىرىڭلارنى تەۋراتتىكى تەلىماتلارغا ئىزچىل ئەمەل قىلىشقا ئەمر قىلغان بولساقمۇ ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، بىز ئۇلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن تۇر تېغىنى ئۈستىگە كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ، ئۇلاردىن تەۋراتقا ئەمەل قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە ئالغان ئىدۇق. شۇ زامانلاردا تەۋرات ئۇلار ئۈچۈن بىردىنبىر ھىدايەت كىتابى ئىدى، ئۇنىڭدا كۆپلىگەن ياخشىلىقلار بار ئىدى. ئۇلار تەۋراتقا ئىزچىل ئەمەل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە چىن ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەستىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋالدۇ، بىزگە بەرگەن ۋەدىسىگە بولسا خىلاپلىق قىلدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە كەرەمى ئۇلارنى قوغداپ قالمىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئېغىر ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە مۇپتىلا بولغان بولاتتى.

ئى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى! سىلەرگە ئېنىقكى، شەنبە كۈنلۈك سىلەرنىڭ مەخسۇس ئىبادەت قىلىدىغان كۈنۈڭلار بولغانلىقتىن، بۇ كۈندە بېلىق تۇتۇش مەنئىي قىلىنغان ۋە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە قالىدىغانلىقى ئالدىن

ئاگاھلاندۇرۇلغان تۇرسمۇ، ئەجدادلىرىڭلاردىن بەزىلىرى بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا سىناش يۈزىسىدىن چوڭ بېلىقلارنى دەريا قىرغاقلىرىغا كۆرۈنۈپ كېلىشكە بۇيرىغاندا، ئەجدادلىرىڭلار قىرغاقتىكى چوڭ بېلىقلارنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنى ئونۇتقانىنىڭ ئۈستىگە ئىبادەتلىرىنىمۇ ئونۇتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىغا غەزەب قىلغانلىقتىن، ئۇلارغا خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار دېيىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا ئازاب ۋە خارلىقنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ زامانداشلىرى ۋە كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قالدۇرىدۇ.

ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! بۇ قىسسىلەردىن ئەڭ ئاۋۋال سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار زۆرۈردۇر. چۈنكى بۇ سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلارنىڭ سەلبىي قىسسىسى.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - ۋەدىگە ۋاپا قىلىش پەرزدۇر.

2 - شەرىئەت ئەھكاملىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىش تەلەب قىلىنىدۇ.

3 - ئاللاھ بۇيرىغانلارنى ئورۇنلاپ ئۇنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇشتىن ھەزەر قىلىش تەقۋادارلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

4 - ھارامنى ھالال ئورنىدا قوللىنىش ئېغىر جىنايەتتۇر.

## كالا بوغۇزلاش قىسسىسى

**وَإِذْ قَالَ مُوسَى لِقَوْمِهِ إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَنْ تَذْبَحُوا بَقَرَةً قَالُوا أَتَتَّخِذُنَا هُزُوًا قَالَ أَعُوذُ بِاللَّهِ أَنْ أَكُونَ مِنَ الْجَاهِلِينَ {67} قَالُوا ادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِيَ قَالَ إِنَّهُ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ لَا فَارِضٌ وَلَا بِكْرٌ عَوَانٌ بَيْنَ ذَلِكَ فَافْعَلُوا مَا تُؤْمَرُونَ {68} قَالُوا ادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا لَوْنُهَا قَالَ إِنَّهُ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ صَفْرَاءُ فَاقِعٌ لَّوْنُهَا تَسُرُّ النَّاظِرِينَ {69} قَالُوا ادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِيَ إِنَّ الْبَقَرَ تَشَابَهَ عَلَيْنَا وَإِنَّا إِن شَاءَ اللَّهُ لَمُهْتَدُونَ {70} قَالَ إِنَّهُ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ لَّا ذَلُولٌ تُثِيرُ الْأَرْضَ وَلَا تَسْقِي الْحَرْثَ مُسَلَّمَةٌ لَّا شِيَةَ فِيهَا قَالُوا الْآنَ جِئْتَ بِالْحَقِّ فَذَبَحُوهَا وَمَا كَادُوا يَفْعَلُونَ {71} وَإِذْ قَتَلْتُمْ نَفْسًا فَادَّارَأْتُمْ فِيهَا وَاللَّهُ مُخْرِجٌ مَّا كُنتُمْ تَكْتُمُونَ {72} فَقُلْنَا اضْرِبُوهُ بِبَعْضِهَا كَذَلِكَ يُحْيِي اللَّهُ الْمَوْتَى وَيُرِيكُمْ آيَاتِهِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ {73}**

تەرجىمىسى: ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇلار: «بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. مۇسا: «جاھىللاردىن (يەنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن) بولۇپ قېلىشتىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېدى(67). ئۇلار: «بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە قانداق كالا ئىكەنلىكىنى بايان قىلسۇن» دېدى. مۇسا: «ئاللاھ ئۇنى قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش بولسۇن دەپ ئېيتتى، سىلەر بۇيرۇلغاننى قىلىڭلار» دېدى(68).

ئـۇلار: «بىـز ئۆچـۈن پەرۋەردىگـارىڭغا ئىلتىجـا قىلغىنىكـى، بىزگـە ئـۇنىڭ رەڭگـىنى بايـان قىلسـۇن» دېـدى. مۇسـا ئېيتتىكـى،«ئـاللاھ ھەقىقەتـەن ئـۇنىڭ رەڭگـى قارىغـۇچىلارنى زوقلاندۇرىــدىغان ساپســېرىق بولســۇن دېــدى»(69). ئـۇلار:«پەرۋەردىگـارىڭغا ئىلتىجـا قىلغىــن، ئــۇنىڭ قانــداق ئىكــەنلىكىنى بىزگــە بايــان قىلســۇن، (يــەنى دېھقانچىلىققـا ئىشلىتىلگەن كالىمۇ، ياكى سەمرىتىش ئۈچۈن بېقىلغان كالىمۇ؟)بۇ بىزگە مۇجمەل بولۇپ قالدى(بۇ ئېنىـق بولىـدىغان بولسا)خۇدا خالىسا(ئۇنى) بىـز چوقـۇم تاپـىمىز»دېدى(70). مۇسا: «ئاللاھ ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، ئېكىن سۇغىرىپ كۆندۈرۈلگەن بولماسلىقىنى، بېجىـرىم ئالىسى يوق(يەنى رەڭگىدە سېرىقلىقتىن باشقا رەڭ يوق)بولۇشىـنى ئېيتتـى»دېدى. ئۇلار: «ئەمدى تولۇق بايان قىلـدىڭ»دېدى. ئۇلار كالىنى(تېپـىپ كېلىـپ) بوغۇزلـىدى، (ئۇلار سۈئال سوراۋەرگەنلىكتىن)بۇنى ئورۇنلىيالمىغىلى تاس قالدى(71). ئۆز ۋاقتىـدا سـىلەر بىـر كىشىـنى ئۆلتۈرگـەن ۋە(قاتىلنىــڭ كىملىكـى)توغرىسـىدا دەتـالاش قىلىشـقان ئىـدىڭلار . سىلەر يوشۇرماقچى بولغان نەرسىنى(يەنى قاتىلنىڭ ئىشىنى)ئاللاھ ئاشكارىلىغۇچىدۇر(72). (سىلەرگە مۇسا ئارقىلىق)دېدۇقكى، كالىنىڭ بىـر پارچىسى بىلـەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار(ئۇ تىرىلىپ قاتىلنى ئېيتىپ بېرىـدۇ)، ئاللاھ ئۆلۈكلـەرنى شـۇنداق(يەنى كـۆز ئالدىڭلاردا بۇ ئــۆلۈكنى تىرىلدۈرگــەندەك) تىرىلدۈرىــدۇ، ســىلەرنى چۈشەنســۇن دەپ قــۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە كۆرسىتىدۇ(73).

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

مۇسـا ئەلەيھىسسـالامنىڭ دەۋرىـدىكى ئىسرائىل ئـەۋلادلىرى ئىچىـدە ياشـانغان بىـر بـاي بولـۇپ، ئـۇنىڭ بىـرلا بالىسـى بولغانىكـەن. بـۇ بالىنىــڭ تاغىســىنىڭ بـالىلىرى بـۇ باينىــڭ مىراسىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن بـالىنى ئۆزلىرى ئۆلتۈرىۋېتىپ ، ئاندىن ئۇنىڭ قىساسىنى تەلەپ قىلغان بولۇپ جېدەل چىقىرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بىر كالا بوغۇزلاشقا، ئاندىن كالىنىڭ گۆشى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئـۇلار كـالىنى ئۆلتۈرۈپ ئـۇنىڭ گۆشـى بىلـەن ئـۆلۈكنى ئۇرغانـدىن كېيىن، ئـۆلۈك تىـرىلىپ ئۆزىنىـڭ قـاتىلىنى ئېيتىـپ بېرىـدۇ. قـاتىللار ئاشـكارىلىنىدۇ. مانـا بـۇ، يەھـۇدىيلارنىڭ قەدىمـدىن ھازىرغىچـە داۋام قىلىپ كەلگەن ئۆزگەرمىگەن قانخورلۇق تەبىئىتىدۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلـەر ئارقىلىق پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ زامانداشلىرىدىن بولغان يەھۇدىيلار جامائەسىگە خىتاب قىلغان. چۈنكى ئۇلار قەدىمكىلىرىنىڭ قىلمىشلىرى بىلـەن پەخىرلىنىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ سەلبىي روھىغا ۋارىسلىق قىلغانلار ئىدى.

ئـاللاھ تائـالا ئىلگىرىكى يەھـۇدىيلارغا ئۆلۈكنى تىرىلـدۈرۈپ بېرىش ئـارقىلىق ئـۇلارغا ۋە كېيىنكىلىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنى قايتا تىرىلدۈرىشىنىڭ شۇنداق ئاسـان ئىكـەنلىكىنى، ئـاللاھ تائالانــىڭ ئـاخىرەتتىكى ھېسـاب، جەننـەت، دوزاخ ۋە باشـقا

ھەقىقەتلەر توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي ئىسپاتلار بىلەن كۆرستىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئەقىل ئىشلىتىشكە ۋە ھەقىقەتكە قايتىشقا چاقىرغان.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى قىسسە ئارقىلىق يەھۇدىيلارنىڭ ئىككى چوڭ جىنايىتىنى قەيت قىلغان: ئۇلارنىڭ بىرى، يەھۇدىيلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى كالا بوغۇزلاش مەسىلىسىدە مەسخىرە قىلغانلىقى، يەنە بىرى، بىگۇناھ ئادەمنى ئۆلتۈرۈشى ۋە ئۆز قىلمىشلىرىغا ئىنكار قىلىشى ئىدى. ئاۋۋالقىسى ئۇلارنىڭ بارچە پەيغەمبەرلەرگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن رەزىل تەبىئىتىنىڭ بىر پارچىسى بولسا، ئىككىنچىسى، ئۇلارنىڭ تا ھازىرغىچە قوللىنىپ كەلگەن قاتىللىق خاراكتېرىدۇر.

بۇ قىسسىدە، يەھۇدىي مىللىتىنىڭ رەزىللىقىنىڭ بەزى مىساللىرى قەيت قىلىنغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىلگەن.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ يەھۇدىلارنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىگە قىلغان قوپال مۇئامىلىسى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن ئەخلاقسىز مىللەت ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ.

2 ـ شەرىئەت تەكلىپلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈشنىڭ ئاقىۋىتى ياماندۇر.

3 ـ قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىش ئۈچۈن «خۇدا خالىسا»دېيىشنىڭ پايدىسى كۆپتۇر.

4 ـ شەرىئەت تەكلىبلىرىنىڭ گۇناھتىن خالىي، ئاسان بولغىنىنى قىلىش ساۋاب جەھەتتە ياخشىدۇر.

5 ـ قۇرئان كەرىمنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ قىسسىلىرىنى ئەينەن ھېكايە قىلىپ بەرگەنلىكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ سۆزى ئىكەنلىكىنىڭ ئايرىم بىر دەلىلىدۇر.

6 ـ يەھۇدىيلارنىڭ تارىخى ئەزەلدىن مەككارلىق ۋە ھېلە ـ مېكىرلەر بىلەن تولغان قارا تارىختۇر.

7 ـ يەھۇدىلار ئەزەلدىن تا ھازىرغىچە ئەڭ تاش يۈرەك ئىنسانلاردۇر.

### يەھۇدىيلارنىڭ تاش يۈرەكلىكى ۋە ئىمانسىزلىقى

**ثُم قَسَتْ قُلُوبُكُم من بَعْدِ ذَلِكَ فَهِيَ كَالْحِجَارَةِ أَوْ أَشَد قَسْوَةً وَإِن مِنَ الْحِجَارَةِ لَمَا يَتَفَجرُ مِنْـهُ الأَنهَارُ وَإِن مِنْهَا لَمَا يَشقق فَيَخْرُجُ مِنْهُ الْمَاء وَإِن مِنْهَا لَمَا يَهْبِطُ مِنْ خَشْيَةِ اللّهِ وَمَا اللّهُ بِغَافِلٍ عَمـا**

**تَعْمَلُونَ {74} أَفَتَطْمَعُونَ أَن يُؤْمِنُواْ لَكُمْ وَقَدْ كَانَ فَرِيقٌ مِّنْهُمْ يَسْمَعُونَ كَلاَمَ اللّهِ ثُمَّ يُحَرِّفُونَهُ مِن بَعْدِ مَا عَقَلُوهُ وَهُمْ يَعْلَمُونَ {75}**

تەرجىمىسى: (ئى يەھۇدىيلەر جامائەسى!) شۇنىڭدىن كېيىن(يەنى شانلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن)دىلىڭلار قېتىپ كەتتى، تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ قاتتىق قېتىپ كەتتى. تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن(سۇ ئېتىلىپ چىقىپ)ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار، يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇبار؛ئاللاھ دىن قورقۇپ،(تاغ چوققىلىرىدىن)دوملاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار(دېمەك تاش يۇمشايدۇ ، سىلەرنىڭ دىلىڭلار بولسا يۇمشىمايدۇ ۋە تەسىرلەنمەيدۇ)، ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر(74). (ئى مۆمىنلەر جامائەسى!دەۋىتىڭلار ئارقىلىق)يەھۇدىيلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟ھالبۇكى ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ(قەستەن)ئۆزگەرتىۋەتتى(75).

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى**

ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قەلبىڭلار يۇمشاپ قالار دەپ سىلەرنىڭ كۆزۈڭلاردا ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈپ بەردى. سىلەر بۇ مۆجىزىنى كۆرگەندىن كېيىنمۇ، دىلىڭلار يۇمشىمىدى، بەلكى تېخىمۇ قېتىپ تاشتەك بولۇپ كەتتى. ئادەتتە تاشلاردىنمۇ ئىچى يېرىلىپ سۇلار چىقىدىغان، پارچىلىنىدىغانلىرىمۇ بار. ئەمما سىلەرنىڭ دىلىڭلارغا ئاللاھنىڭ كالامى ياكى مۆجىزىسى تەسىر قىلغىنى يوق. بۇ سەۋەبتىن سىلەر ۋەز - نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايسىلەر ۋە قولۇڭلاردىن كەلگەنلىكى جىنايەتلەرنى ئىشلەشتىن ھېچ ئىككىلەنمەيسىلەر. ئەمما ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەس، ئاخىرەتتە سىلەرگە تېگىشلىك جازانى تېتىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلغاندىن كېيىن، سۆزنى مۇسۇلمانلارغا قارىتىپ دەيدۇكى، ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى ۋە جىنايى قىلمىشلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ قانداقمۇ ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشىنى كۈتىسىلەر؟ ئۇلاردىن بىر گۇرۇپپا كىشى ئاللاھنىڭ كالامىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن ئۆزگەرتىۋەتتى . قېنىدا مۇشۇنداق ئاسىيلىق ۋە ئازغۇنلۇق بار بىر قەۋمنى قانداقمۇ ئىمان ئېيتىدۇ ۋە سېپىمىزگە قوشۇلىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىسىلەر؟!

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - ھەقىقەتنى ئېنىق بىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى قەستەن ئىنكار قىلىش يەھۇدىيلارغا خاس رەزىل خۇلۇقتۇر.

2 - ئاللاھ بەندىلەرنىڭ قەلب قاتتىلىرىدىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

3 ـ دۇنيادا ھەرقانداق بىر ھەقىقەتنى بورمىلايدىغانلار، دىنىي تەلىماتلارنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلار، ئۇنى بىلگەنلەر ۋە شەيتانىي مۇللىلار بولۇپ، ئاۋام خەلقنىڭ ھەقىقەتتىن ئېزىپ كېتىشىگە شۇلار سەۋەبچى بولىدۇ.

4 ـ بۇرۇنقى يەھۇدىيلار تەۋراتنىڭ تېكىستلىرىنى ئۆزگەرتكەن بولسا، ئىسلام دىنىغا مەنسۇب بولغان ئازغۇن ئالىملار ۋە ھۆكۈمەتلىرىگە غالچىلىق قىلىدىغان مۇللىلار قۇرئان كەرىمنىڭ تېكىستلىرىنى ئۆزگەرتەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى كىشىلەرگە خاتا چۈشەندۈرمەكتە. بۇمۇ ھەقىقەتنى بورمىلاش ۋە ئۆزگەرتىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## يەھۇدىيلارنىڭ مۇناپىقلىقى

**وَإِذَا لَقُواْ الَّذِينَ آمَنُواْ قَالُواْ آمَنَّا وَإِذَا خَلاَ بَعْضُهُمْ إِلَىَ بَعْضٍ قَالُواْ أَتُحَدِّثُونَهُم بِمَا فَتَحَ اللّهُ عَلَيْكُمْ لِيُحَآجُّوكُم بِهِ عِندَ رَبِّكُمْ أَفَلاَ تَعْقِلُونَ {76} أَوَلاَ يَعْلَمُونَ أَنَّ اللّهَ يَعْلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعْلِنُونَ {77} وَمِنْهُمْ أُمِّيُّونَ لاَ يَعْلَمُونَ الْكِتَابَ إِلاَّ أَمَانِيَّ وَإِنْ هُمْ إِلاَّ يَظُنُّونَ {78}**

تەرجىمىسى: ئۇلار مۆمىنلەر بىلەن ئۇچراشقانلىرىدا:«ئىمان ئېيتتۇق»دەيتتى. بىر-بىرى بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقانلىرىدا:«پەرۋەردىگارىڭلار قېشىدا مۆمىنلەر سىلەرگە قارشى پاكىت كۆرسەتسۇن دەپ ئاللاھ سىلەرگە بىلدۈرگەن ۋەھيىنى(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىنى) ئۇلارغا سۆزلەپ بېرەمسىلەر؟(بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر! »دەيتتى(76) . يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىنى ئاللاھ نىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقمامدۇ؟(77). ئۇلارنىڭ ساۋاتسىزلىرى كىتابنى(يەنى تەۋراتنى )ئۇقمايدۇ، (ئەھبارلىرى ئويدۇرۇپ چىققان)ئويدۇرمىلارنىلا بىلىدۇ، گۇمان بىلەنلا ئىش قىلىدۇ(78).

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

يەھۇدىيلارنىڭ رەزىل خۇلقلىرىنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قورقۇنچاقلىقى ۋە نامەرتلىكىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادلىرىنى مۇسۇلمانلاردىن يوشۇرۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچراشقانلىرىدا، ئۇلارغا: بىز سىلەر بىلەن بىرگە ئىمان ئېيتقانلارمىز، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا تەۋراتتا بىشارەت بېرىلگەن پەيغەمبىرىمىزدۇر دەيتتى. ئەمما ئۆز ئارا بىر ـ بىرى بىلەن يالغۇز جايلاردا تېپىشقانلىرىدا بولسا، بىر ـ بىرىگە كايىپ مۇھەممەدنىڭ ساھابىلىرىغا تەۋراتتىكى ئۇنىڭ تەرىپلىرىنى نېمىشكە دەيسىلەر؟ ئۇلار سىلەرنىڭ بۇ ئېتىراپىڭلارنى پاكىت قىلىۋېلىپ، قىيامەت كۈنىدە زىددىڭلارغا گۇۋاھچى بولۇشىنى ئويلىمىدىڭلارمۇ؟ سىلەر ئۆزۈڭلارغا زىيان كەلتۈرىدىغان ئىشنى چۈشەنمەمسىلەر؟ دەيتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ دەيدۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ

ئويلىغانلىرىنى، بىر ـ بىرىگە كايىشقانلىرىنى، مۇسۇلمانلارنى ئالداپ ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسەتكەنلىرىنى ۋە تەۋراتنىڭ بىشارەتلىرىنى يوشۇرۇشقا ئورۇنغانلىرىنى ئاللاھ بىلمەيدۇ دەپ ئويلىشامدۇ؟ ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى تولۇق بىلگەننىڭ سىرتىدا، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە يوشۇرغانلىرىنى ۋە يالغۇز جايدا پىچىرلاشقانلىرىنىمۇ تولۇق بىلىدۇ. ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا تېگىشلىك جازالارنى بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلار ھەقىقەتنى تونۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى يوشۇرغان ۋە بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى بورمىلىغان يەھۇدىي ئالىملىرىنىڭ ئەھۋالىدۇر. مەلۇمكى ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشمەسلىك ۋە كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى يالغاندىن ئۇلارنىڭ سېپىگە كىرگۈزۈۋېلىپ تۇرۇپ ئۇلارغا مىكىر ئىشلىتىش كەچۈرۈلمەس جىنايەتلەردىندۇر. بۇنداق مۇناپىقلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنىمۇ دوزاخنىڭ ئەڭ تۆۋەن قېتىدا ئىكەنلىكىنى قۇرئان كەرىم بايان قىلماقتا.

ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوقۇمىغان، بىلمەيدىغان ساۋاتسىز ئاۋاملار ئۆزلىرىنىڭ ئالىملىرىنىڭ يالغان سۆزلىرىگە ئەگىشىپ: بىز ئاللاھنىڭ ئەركە بەندىلىرىمىز، پەيغەمبەرلىرىمىز بىزگە شاپائەت قىلىدۇ. بىز دوزاخقا كىرمەيمىز، كىرگەن تەقدىردىمۇ ئۇجايدا ئۇزۇن ۋاقىت قالمايمىز دېيىشتىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ قۇرۇق گۇمانى ئىدى. گۇمان ھەقىقەتتىن ئۇزاقتۇر، ئەلۋەتتە.

ئاللاھ تائالا بۇ قىسسە ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ ئۇنىڭغا شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! سەن بۇنداقلارنى ئىمانغا كەلتۈرىمەن دەپ ئاۋارە بولما ۋە ئىمانغا كىرمىگەنلىكىدىن بىئارام بولما! بۇنداق ئىنسانلاردا ياخشىلىق يوق، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى خالىغان ۋە ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ھەقىقەتنى ئىزدىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارمۇ ئەلۋەتتە سېپىڭگە قوشۇلغان بولاتتى. لېكىن ھىدايەت بىر ئۇلۇغ نېمەت بولغانلىقتىن، ئۇ سورالماستىن بېرىلمىگەندەك، ئۆزلىرىنىڭ باتىل دىنلىرىنى ھەقىقەت دەپ قوبۇل قىلغان ۋە توغرىسىنى ئىزدەش ئۈچۈن تىرىشىپمۇ باقمىغان بۇنداق مەغرۇر ئىنسانلار ھەر ۋاقىت ياخشىلىقلاردىن مەھرۇمدۇر.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ ئىككى يۈزلىمىلىك يەھۇدىلارغا خاس مۇناپىقلىق بولۇپ، مۇنداقلار ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى تېز ئالداپ كېتىدۇ.

2 ـ ئىنساننىڭ قەلبى قارايغاندا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى ۋە ھەتتا ئويلىغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا بولغان ئىمان يوقىلىپ كېتىدۇ.

3 ـ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلماسلىق ئىنسانلىق شەرەپكە ياراشمايدىغان رەزىل خۇلۇقتۇر.
4 ـ ئاۋام خەلقنىڭ ھالىنى ئىسلاھ قىلغۇچىلارمۇ دىنىي ئالىملار ۋە ئۇلارنى بۇزغۇچىلارمۇ شۇلاردۇر.

## يەھۇدىيلارنىڭ يالغانچىلىقى ۋە ئاللاھقا تۆھمەت قىلىشى

**فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ يَكْتُبُونَ الْكِتَابَ بِأَيْدِيهِمْ ثُمَّ يَقُولُونَ هَـذَا مِنْ عِندِ اللّهِ لِيَشْتَرُواْ بِهِ ثَمَناً قَلِيلاً فَوَيْلٌ لَّهُم مِّمَّا كَتَبَتْ أَيْدِيهِمْ وَوَيْلٌ لَّهُمْ مِّمَّا يَكْسِبُونَ {79} وَقَالُواْ لَن تَمَسَّنَا النَّارُ إِلاَّ أَيَّاماً مَّعْدُودَةً قُلْ أَتَّخَذْتُمْ عِندَ اللّهِ عَهْدًا فَلَن يُخْلِفَ اللّهُ عَهْدَهُ أَمْ تَقُولُونَ عَلَى اللّهِ مَا لاَ تَعْلَمُونَ {80} بَلَى مَن كَسَبَ سَـيِّئَةً وَأَحَاطَتْ بِهِ خَطِيـئَتُهُ فَأُوْلَـئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ {81} وَالَّـذِينَ آمَنُـواْ وَعَمِلُـواْ الصَّالِحَاتِ أُولَـئِكَ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ {82}**

تەرجىمىسى: كىتابنى ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىپ ئۇنى ئاز پۇلغا سېتىش(يەنى دۇنيانىڭ ئازغىنا مەنپەئىتى)ئۈچۈن، بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان دېگۈچىلەرگە ۋاي!قولى بىلەن يازغانلىرى(يەنى تەۋراتنى ئۆزگەرتكەنلىكلىرى)ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي! (بۇنىڭ بىلەن) ئېرىشكەن(ھارام)نەرسىلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي!(79). ئۇلار:«بىزنى دوزاخ ئوتى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ»دەيدۇ . (ئۇلارغا)«سىلەرگە ئاللاھ شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەنمۇ، (ۋەدە بەرگەن بولسا)ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلمايدۇ، ياكى ئۆزەڭلار بىلمەيدىغاننى ئاللاھ نامىدىن دەۋاتامسىلەر؟»دېگىن(80)ئۇنداق ئەمەس(سىلەرنى دوزاخ ئوتى كۆيدۈرىدۇ) ، گۇناھ قىلغان ۋەگۇناھقا چۆمۈپ كەتكەنلەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ(81). ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئەھلى جەننەتتۇر. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ(82).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە، تەۋراتنى ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىتلىق دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەپ ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىققۇچىلارغا ئاخىرەتتە ئازابنىڭ قاتتىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. مەلۇمكى، بۇرۇنقى زامانلاردا مەتبە بولمىغانلىقتىن كىشىلەر كىتابلارنى نۇسخىلارغا كۆپەيتىشتە قوللىرى بىلەن يېزىشقا مەجبۇر ئىدى. كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىدىغانلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز، بەلكى يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، يەھۇدىي ئالىملىرى تەۋراتنى نۇسخىلارغا كۆپەيتىش جەريانىدا، تەۋراتنى شۇ ۋاقىتلاردىكى ھاكىمىيەتنىڭ خاھىشىغا ياكى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئويغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بەزى جايلىرىنى قەستەن ئۆزگەرتىپ يازاتتى . كۆنىمىزدىكى تەۋرات نۇسخىلىرىنىڭ بىر ـ

بىرىگە زىتلىقى بۇدىگەنلىرىمىزنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. يەھۇدىي ئالىملىرى بۇ قىلمىشلىرى بىلەن ئىككى چوڭ كەچۈرۈلمەس جىنايەتنى ئىشلىگەن بولدى. ئۇنىڭ بىرى، ھەقىقەتنى بورمىلاش، يەنە بىرى، ئاللاھ تائالا ئىپتىمىغان سۆزلەرنى ئۇنىڭ نامىدىن توقۇش ئىدى. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئۇ ئىپتىمىغان سۆزلەرنى ئىپتتى دەپ تۆھمەت قىلغانلىقىدۇر. شۇڭا بۇنداقلارنىڭ ئاخىرەتتە بارىدىغان جايى ۋەيلۇن دوزاختىن بولىدىغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ كەسكىن ھۆكمىدۇر.

يەھۇدىيلارنىڭ ئۆچىنچى چوڭ گۇناھى بولسا، ئۇلار خۇددى ئاللاھ بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىغاندەك، بىز دوزاخقا كىرمەيمىز، كىرگەن تەقدىردىمۇ پەقەت بىر قانچە كۈنلا تۇرىمىز، دېيىش ئارقىلىق ئۆزلىرىچە كۆرەڭلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇنداق گۇمانلىرىغا رەددىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ۋە ئۇلارغا ئوخشاش گۇناھلارغا پاتقانلارنىڭ ئەھلى دوزاختىن ئىكەنلىكىنى ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى، ئەمما ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىغا لايىق شەرىئەتتە بۇيرۇلغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار قايسى مىللەتتىن ۋە قانداق رەڭلىك بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى ، جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ ئاللاھ ھارام قىلغاننى ھالال قىلىدىغان ۋە ئاللاھ ھالال قىلغاننى ھارام قىلىدىغان موللىلارغا ئەگەشمەسلىك لازىم. زامانىمىزدا كۆپىنچە ئەھلى ئىلىملەر ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى ياقلاپ پەتىۋا بېرىش يولىنى تاللىۋالغان. ھەر بىر مۇسۇلمان كىشى ئەقلىنى ئىشلىتىپ توغرىسىغا ئەگىشىشى لازىم.

2 ـ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەسقاتىدىغىنى ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدۇر. ئېسىل نەسەبلىك كىشى بولۇش ياكى ئەھلى تەقۋا، ھاجى ھەرەم كىشىنىڭ ئەۋلادى بولۇش ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. پەقەت كىشىنىڭ ئۆز ئەمىلىلا پايدا بېرىدۇ.

3 ـ ئىنسان خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. ھەر زامان گۇناھلىرى ۋە خاتالىقلىرىغا تەۋبە قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان ئادەم پۇشايماندىن خالى بولىدۇ ۋە قەلبى قارىيىپ كېتىش ھالاكىتىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

4 ـ كىچىك گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ئۇنىڭغا داۋام قىلىش ئارقىلىق چوڭىيىدۇ ۋە ئېغىرلىشىدۇ. شۇڭا گۇناھلارنى كىچىك ساناشقا بولمايدۇ.

## يەھۇدىيلارنىڭ ئەھدىنى بۇزۇشى

**وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَ بَنِي إِسْرَائِيلَ لاَ تَعْبُدُونَ إِلا اللّهَ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَاناً وَذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَقُولُواْ لِلنَّاسِ حُسْناً وَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَآتُواْ الزَّكَاةَ ثُمَّ تَوَلَّيْتُمْ إِلاَّ قَلِيلاً مِّنكُمْ وَأَنتُم مِّعْرِضُونَ {83} وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَكُمْ لاَ تَسْفِكُونَ دِمَاءكُمْ وَلاَ تُخْرِجُونَ أَنفُسَكُم مِّن دِيَارِكُمْ ثُمَّ أَقْرَرْتُمْ وَأَنتُمْ تَشْهَدُونَ {84} ثُمَّ أَنتُمْ هَـؤُلاء تَقْتُلُونَ أَنفُسَكُمْ وَتُخْرِجُونَ فَرِيقاً مِّنكُم مِّن دِيَارِهِمْ تَظَاهَرُونَ عَلَيْهِم بِالإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ وَإِن يَأتُوكُمْ أُسَارَى تُفَادُوهُمْ وَهُوَ مُحَرَّمٌ عَلَيْكُمْ إِخْرَاجُهُمْ أَفَتُؤْمِنُونَ بِبَعْضِ الْكِتَابِ وَتَكْفُرُونَ بِبَعْضٍ فَمَا جَزَاء مَن يَفْعَلُ ذَلِكَ مِنكُمْ إِلاَّ خِزْيٌ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَيَوْمَ الْقِيَامَةِ يُرَدُّونَ إِلَى أَشَدِّ الْعَذَابِ وَمَا اللّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ {85} أُولَـئِكَ الَّذِينَ اشْتَرَوُاْ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا بِالآَخِرَةِ فَلاَ يُخَفَّفُ عَنْهُمُ الْعَذَابُ وَلاَ هُمْ يُنصَرُونَ {86}**

تەرجىمىسى: ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىققا ، ئاتا- ئانىغا، خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، ناماز ئۆتەشكە، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالدۇق. ئاراڭلاردىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقىڭلار ئەھدىدىن يېنىۋالدىڭلار، سىلەر ھەمىشە(ئەھدىڭلاردىن)يېنىۋالسىلەر(83). ئۆز ۋاقتىدا بىر- بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىككە، بىر-بىرىڭلارنى يۇرتلىرىڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماسلىققا سىلەردىن چىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق. كېيىن بۇنى(يەنى ئەھدىنى)ئېتىراپ قىلغان ئىدىڭلار، بۇنىڭغا ئۆزەڭلار گۇۋاھسىلەر(84). كېيىن سىلەر(ئەھدىنى بۇزۇپ)بىر- بىرىڭلارنى ئۆلتۈردۈڭلار، ئىچىڭلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقاردىڭلار، گۇناھ ۋە دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن، ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدىكىلەرگە ياردەم بەردىڭلار، ئۇلار ئەسىر چۈشۈپ كەلسە فىدىيە بېرىپ قۇتقۇزۇۋالسىلەر، ھالبۇكى ،ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش سىلەرگە ھارام قىلىنغان ئىدى(يەنى بىر- بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى راۋا كۆرىسىلەرۇ، ئۇلارنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قولىدا بولۇپ قېلىشىنى راۋا كۆرمەيسىلەر). سىلەر كىتابنىڭ(يەنى تەۋراتنىڭ)بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ، بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى پەقەت ھاياتىي دۇنيادا خارلىققا قىلىش، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولۇشتۇر. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر(85) .ئەنە شۇلار ئاخىرەتنى بېرىپ، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى سېتىۋالغان كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا ياردەممۇ قىلىنمايدۇ(86).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە، يەھۇدى مىللىتىنىڭ ئەھدىنى بۇزۇشتەك ئەزەلدىكى رەزىل خاراكتېرىنى پاش قىلغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن ئۇلاردىن تەۋراتنىڭ تەلىماتى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئاللاھتىن باشقىسغا ئىبادەت قىلماسلىق، ئاتا -

ئانغا ياخشىلىق قىلىش، ئورۇق - تۇغقانلارغا سىلە رەھىم قىلىش، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش، ئىنسانلارغا ھەر ئىشتا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ ياخشى سۆز ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش، بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇش قوزغاپ قان تۆكۈشمەسلىك، بىر - بىرىنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقارماسلىق ھەققىدە چىن ئەھدە ئالغان بولسىمۇ، يەھۇدىيلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇ ئەھدىنى بۇزىدۇ ۋە پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىلىرىدىن پۈتۈنلەي يېنىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ بىلگىنىچە ئىش كۆرىدۇ، قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ بىر - بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەننىڭ سىرتىدا ئۆزلىرىنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن كەلگەن مەسۇم پەيغەمبەرلەرنىمۇ ناھەق ئۆلتۈرىدۇ ۋە يەر يۈزىدە بارچە بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ ھەممىنى قىلىدۇ. يەھۇدىيلار يۇقىرىقى جىنايەتلەرنى قىلىشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھقا بۇنداق قىلماسلىق توغرۇلۇق ئەھدە بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتىكى: «بىر — بىرىڭلارنى ئۆلتۈردۈڭلار» دېگەن ئىبارە ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆككەنلىك خۇددى ئۆزىنىڭ قېنىنى تۆككەنگە ئوخشاش ئىكەنلىكى ۋە قانداق مىللەتتىن بولمىسۇن بىراۋنىڭ بىگۇناھ قېنىنى ئاقتۇرۇشنىڭ قەتئىي ھارام ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئاندىن ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز مىللىتى، ئۆز دىنداشلىرى ۋە ئۆز ۋەتەنداشلىرى بولغان يەھۇدىي قېرىنداشلىرىنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈش، باشقا مىللەتتىن بولغان ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۆز قەۋملىرىگە دۈشمەنلىك قىلىش قاتارلىق بىر قاتار رەزىللىكلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تەۋراتنىڭ تەلىماتلىرىغا قارشى ھالدا يۇقىرىقى جىنايەتلەرنى ئىشلىگەنلىكى تەۋراتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دۇنيالىق ئىشلىرىغا پايدىلىق بولغان تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنى يامانلىقلاردىن، گۇناھ — مەسىيەتلەردىن مەنئى قىلىدىغان قىسمىنى ئىنكار قىلىشتەك ئېغىر قاباھەتنى پاش قىلىدۇ.

مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلاتتى: ئۇلارنىڭ بىرى، بەنى قۇرەيزە يەھۇدىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئەۋس قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاقداش ئىدى، ئىككىنچىسى، بەنى نەزرە يەھۇدىيلىرى بولۇپ، ئۇلار خەزرەج قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاقداش ئىدى. بۇ ئىككى يەھۇدىي گۇروھى ھەر ۋاقىت ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ يەھۇدىي دىنداشلىرىغا قارشى ئۇرۇشاتتى. بىر - بىرىنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاياللىرىنى، باللىرىنى ئەسىر ئالاتتى. ئۇلارغا سىلەرنىڭ كىتابىڭلار تەۋراتتا بۇنداق دۈشمەنلىك قىلىشىش ۋە قان تۆكۈش ھارام ئەمەسمىدى؟ دېيىلسە، ئۇلار: بىز ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بۇيرۇلغان دەيتتى. ئاندىن ئۇلارنى راستىنلا تەۋراتتا بىر - بىرىڭلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قان تۆكۈشۈڭلار دەپ بارمۇ؟ قېنى

كۆرسىتىڭلار دېيىلگەن ھامان ئۆزلىرىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا، بىز پەقەت ئىتتىپاقداشلىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۆز دىنداشلىرىمىز بىلەن ئۇرۇشۇپ قويىمىز دەيتتى.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 - كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن بىراۋنىڭ ھىدايەت تاپقىنى سېنىڭ ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەردىن ياخشىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن.

2 - ئاللاھنى بىر بىلىپ ئىبادەتنى ئۇنىڭغىلا خالىس قىلىش ئىنسانلار ئۈستىدىكى ئىلاھىي بۇرچتۇر.

3 - ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە تۇغقانلىق رىشتىسىنى داۋاملاشتۇرۇش مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىماندىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم بۇرچىدۇر.

4 - كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش مۇسۇلمانلارغا خاس ئېسىل ئىسلامىي ئەخلاقتۇر. ئەخلاقنىڭ ئېسىللىكى ئىماننىڭ كاملىلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

5 - مۇسۇلمانلارنىڭ خار - زەبۇنلۇققا يۈز تۇتۇشىنىڭ سەۋەبى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىك ياكى بىر قىسمىنى تەتبىقلاپ، يەنە بىر قىسمىنى تاشلاپ قويغانلىق سەۋەبتىن ئىدى.

6 - ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ھازىرقى ئەسىرگە يارىمايدۇ دېيىش ۋەئەھكاملىرىنى مەسخىرە قىلىش كۇپۇرلۇقتۇر.

## يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەرلەر ۋە مۇقەددەس كىتابلارغا قارشى مەۋقەسى

**وَلَقَدْ آتَيْنَا مُوسَى الْكِتَابَ وَقَفَّيْنَا مِن بَعْدِهِ بِالرُّسُلِ وَآتَيْنَا عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ الْبَيِّنَاتِ وَأَيَّدْنَاهُ بِرُوحِ الْقُدُسِ أَفَكُلَّمَا جَاءكُمْ رَسُولٌ بِمَا لاَ تَهْوَى أَنفُسُكُمُ اسْتَكْبَرْتُمْ فَفَرِيقاً كَذَّبْتُمْ وَفَرِيقاً تَقْتُلُونَ {87} وَقَالُواْ قُلُوبُنَا غُلْفٌ بَل لَّعَنَهُمُ اللَّه بِكُفْرِهِمْ فَقَلِيلاً مَّا يُؤْمِنُونَ {88} وَلَمَّا جَاءهُمْ كِتَابٌ مِّنْ عِندِ اللّهِ مُصَدِّقٌ لِّمَا مَعَهُمْ وَكَانُواْ مِن قَبْلُ يَسْتَفْتِحُونَ عَلَى الَّذِينَ كَفَرُواْ فَلَمَّا جَاءهُم مَّا عَرَفُواْ كَفَرُواْ بِهِ فَلَعْنَةُ اللَّه عَلَى الْكَافِرِينَ {89} بِئْسَمَا اشْتَرَوْاْ بِهِ أَنفُسَهُمْ أَن يَكْفُرُواْ بِمَا أنَزَلَ اللّهُ بَغْياً أَن يُنَزِّلُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ عَلَى مَن يَشَاءُ مِنْ عِبَادِهِ فَبَآؤُواْ بِغَضَبٍ عَلَى غَضَبٍ وَلِلْكَافِرِينَ عَذَابٌ مُّهِينٌ {90} وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ آمِنُواْ بِمَا أَنزَلَ اللّهُ قَالُواْ نُؤْمِنُ بِمَآ أُنزِلَ عَلَيْنَا وَيَكْفُرونَ بِمَا وَرَاءهُ وَهُوَ الْحَقُّ مُصَدِّقاً لِّمَا مَعَهُمْ قُلْ فَلِمَ تَقْتُلُونَ أَنبِيَاءَ اللّهِ مِن قَبْلُ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ {91}**

تەرجىمىسى: شەك- شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب(يەنى تەۋرات)بەردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارقىمۇ ئارقا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتتۇق، مەريەم ئوغلى ئىساغا مۆجىزىلەر بەردۇق ، ھەمدە ئۇنى روھۇلقۇدۇس(يەنى جىبرىئىل) بىلەن يۆلىدۇق. ھەر قاچان بىرەر پەيغەمبەر كۆڭلۈڭلارغا ياقمايدىغان بىر نەرسە ئېلىپ كەلسە، تەكەببۇرلۇق قىلىۋېرەمسىلەر؟ بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدىڭلار، يەنە بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈردۈڭلار(87). ئۇلار:«دىللىرىمىز پەردىلەنگەن»دېدى. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلدى، ئۇلاردىن ئىمان ئېيتىدىغانلار ناھايىتى ئاز(88). ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلاردىكى كىتاب(تەۋرات)نى تەستىقلايدىغان كىتاب (قۇرئان)نازىل بولغان چاغدا(ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى)،ئىلگىرى ئۇلار(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋاستە قىلىپ)كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم كېلىشىنى تىلەيتتى، ئۇلار بىلىدىغان(يەنى تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان)پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئاللاھ كاپىرلارغا(يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسىنى ئىنكار قىلغان يەھۇدىيلارغا) لەنەت قىلدى(89). يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئاننى ئىنكار قىلىشى ئاللاھنىڭ ئۆز پەزلىنى(يەنى پەيغەمبەرلىكنى)خالىغان بەندىسىگە چۈشۈرگەنلىكىگە ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىندۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى (يەنى ئىمانىنى)كۇفرىغا سېتىشى ئەجەپ يامان ئىشتۇر. ئۇلار ئۈستى - ئۈستىگە غەزەپكە تېگىشلىك بولدى. كاپىرلار خارلىغۇچى ئازاپقا دۇچار بولىدۇ(90). ئۇلارغا:« ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابقا(يەنى قۇرئانغا)ئىمان كەلتۈرۈڭلار»دېيىلسە ، ئۇلار:«ئۆزىمىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا(يەنى تەۋراتقا)ئىمان كەلتۈرىمىز»دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىتابقا(يەنى قۇرئانغا)ئىشەنمەيدۇ، ھالبۇكى، ئۇ(يەنى قۇرئان)ھەقتۇر، ئۇلارنىڭ قولىدىكى كىتابنى تەستىق قىلغۇچىدۇر. (ئۇلارغا) «سىلەر(تەۋراتقا) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈردۈڭلار؟»دېگىن(91).

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنى بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا يۇشە، داۋۇد، سۇلايمان، ئۇزەير، ئىلياس، ئىليەسە، يۇنۇس، زەكەرىيا، يەھيا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارنى ئارقىمۇ ئارقىدىن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بۇرۇنقىلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىق مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە، ئىنجىلنى چۈشۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ھىدايەت دەستۇرى قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ، يەھۇدىيلارغا ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىغا قىلىنغان ئىنئاملارنى يادلاندۇرىدۇ، يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشتەك رەزىللىكىنى سۆكىدۇ.

يۇقىرىقى خىتاب پۈتۈن يەھۇدىيلار جامائەسىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرى لەنەتكە ئورتاقتۇر. يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىكلىرىدىن بىرى شۇكى، پەيغەمبەر ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىۋاتسا، ئۇلار پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىپ، سېنىڭ دەۋاتقانلىرىڭنى چۈشەنمەيۋاتىمىز، قولىقىمىزدا ئېغىرلىق بار، ئاڭلىمايۋاتىمىز دەيتتى.

يەھۇدىي ئۆلىمالىرى تەۋراتتىكى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى، كېلىدىغان ۋاقتىنى ئېنىق بىلەتتى ۋە بۇتپەرەس ئەرەبلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى بەكمۇ ئارمان قىلاتتى. ئۇلار ھەمىشە: «ئى ئاللاھ بىزگە تەۋراتتا سۈپەتلەنگەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بىلەن ياردەم ۋە نۇسرەت ئاتا قىلغىن» دەپ تىلەيتتى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى ھەق قۇرئاننى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ تەكەببۇرلىقى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىدىن چىقىپ كەلگەن پەيغەمبەرلىك نۆۋىتىنىڭ بۇ قېتىم ئۇلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئەڭ ھېقىر سانالغان ئەرەب مىللىتىدىن چىققانلىقىغا ھەسەت قىلغانلىقىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلارغا: ئاخىر زامان پەيغەمبىرىگە چۈشكەن قۇرئانغا ئىمان ئېيتىڭلار دېيىلگەندە، ئۇلار، بىز ئۆزىمىزگە چۈشكەن تەۋراتقا ئىمان ئېيتساق يېتەرلىكتۇر دەپ ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتاتتى. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ دەۋالىرىغا رەددىيە بېرىپ، قۇرئان تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى بىر ئىلاھى كىتاب بولغانلىقتىن، قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈش تەۋراتقا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى ۋە تەۋراتقا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈشنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ بىزلەر تەۋراتقا ئىمان كەلتۈرگەنلەرمىز، دەيدىغان قۇرۇق دەۋاسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلغان.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ نىيەت ئۆچۈن شۈكۈر كېرەك بولغاندەك، گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ئۈچۈن تەۋبە لازىمدۇر.

2 ـ ئەقلىنى نەپسىي ھاۋاغا قۇل قىلىۋالغانلار ئۆز خاھىشىغا مۇناسىپ كەلمىگەن ھەقىقەتلەرنى ھامان رەت قىلىدۇ.

3 ـ ئازراق بىلىمگە كۆرەڭلەيدىغانلار ئالدانغان ھاماقەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەتىرى ياماندۇر.

4 ـ كۆرەلمەسلىك ئىسيانكارلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ ئىككىسى بەختسىزلىك ۋە ناشۈكۈرلۈككە سەۋەب بولىدۇ.
5 ـ ئىشلارنىڭ ياخشى بولغىنى ئۇنىڭ تۈگەنچىسىنىڭ ياخشى بولغىنىدۇر.

يەھۇدىيلارنىڭ تەۋراتنى ئىنكار قىلىشى

**وَلَقَدْ جَاءكُم موسَى بِالْبَيِّنَاتِ ثُم اتخَذْتُمُ الْعِجْلَ مِن بَعْدِهِ وَأَنْتُمْ ظَالِمُونَ {92} وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَكُمْ وَرَفَعْنَا فَوْقَكُمُ الطورَ خُذُواْ مَا آتَيْنَاكُم بِقُوةٍ وَاسْمَعُواْ قَالُواْ سَمِعْنَا وَعَصَيْنَا وَأُشْرِبُواْ فِي قُلُوبِهِمُ الْعِجْلَ بِكُفْرِهِمْ قُلْ بِئْسَمَا يَأْمُرُكُمْ بِهِ إِيمَانُكُمْ إِن كُنتُمْ مُؤْمِنِينَ {93} قُلْ إِن كَانَتْ لَكُمُ الدارُ الآَخِرَةُ عِندَ اللّهِ خَالِصَةً من دُونِ الناسِ فَتَمَنوُاْ الْمَوْتَ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ {94} وَلَن يَتَمَنوْهُ أَبَدًا بِمَا قَدمَتْ أَيْدِيهِمْ وَاللّهُ عَلِيمٌ بِالظالِمينَ {95} وَلَتَجِدَنهُمْ أَحْرَصَ الناسِ عَلَى حَيَاةٍ وَمِنَ الذِينَ أَشْرَكُواْ يَوَد أَحَدُهُمْ لَوْ يُعَمرُ أَلْفَ سَنَةٍ وَمَا هُوَ بِمُزَحْزِحِهِ مِنَ الْعَذَابِ أَن يُعَمرَ وَاللّهُ بَصِيرٌ بِمَا يَعْمَلُونَ {96}**

تەرجىمىسى: مۇسا سىلەرگە ھەقىقەتەن ئېنىق مۆجىزىلەرنى كەلتۈردى، مۇسا (تۇر تېغىغا كەتكەن)دىن كېيىن ، ئۆزەڭلارغا زۇلۇم قىلىپ موزاينى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار(92). ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەردىن (تەۋراتقا ئەمەل قىلىشقا)چىن ۋەدە ئالغان ئىدۇق، سىلەرگە:«مەن نازىل قىلغان كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار(بولمىسا ئۈستۈڭلارغا تاغنى تاشلايمىز)»دەپ تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا تىكلىدۇق ۋە(تەۋراتقا)قۇلاق سېلىڭلار(دېدۇق). ئۇلار:«سۆزۈڭگە قۇلاق سالدۇق ئەمرىڭگە ئاسىيلىق قىلدۇق»دېيىشتى. ئۇلارنىڭ كۇفرى تۈپەيلىدىن دىللىرىغا موزاينىڭ مۇھەببىتى سىڭىپ كەتتى. ئۇلارغا:«ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار، ئىمانىڭلار سىلەرنى ئەجەب يامان ئىشقا بۇيرۇيدىكىنا؟(سىلەر مۆمىن ئەمەس، چۈنكى ئىمان موزايغا چوقۇنۇشقا بۇيرۇمايدۇ)»دېگىن(93). ئۇلارغا:«ئەگەر ئاخىرەت يۇرتى(يەنى جەننەت)ئاللاھنىڭ قېشىدا(سىلەر گۇمان قىلغاندەك)باشقىلارغا ئەمەس، يالغۇز سىلەرگىلا خاس بولسا، (سىلەرنى جەننەتكە ئۇلاشتۇرىدىغان)ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار!(جەننەت بىزگىلا خاس دېگەن سۆزۈڭلاردا)راستچىل بولساڭلار»دېگىن(94). ئۇلار قىلغان يامان ئەمەللىرى سەۋەبلىك، ئۆلۈمنى ھەرگىزمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ. ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر(95). شۈبھىسىزكى، ئۇلارنى ھاياتقا ھەممە كىشىدىن، ھەتتا مۇشرىكلاردىنمۇ ھېرىس كۆرىسەن؛ھەر بىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر(96).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ «بىز تەۋراتقا ئىشەنگۈچىلەرمىز» دەيدىغان يوقىرىدا بايان قىلىنغان دەۋالىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىگە جاۋاب بېرىپ، دەيدۇكى، سىلەرنىڭ تەۋراتقا ئىمانىمىز بار دېگەن سۆزۈڭلار پەقەت قۇرۇق دەۋادۇر، ئەگەر سىلەر ۋە ئەجدادىڭلار تەۋراتقا راستىنلا ئىشەنگەن بولساڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان بولساڭلار، پەيغەمبەرلەرنى بىگۇناھ ئۆلتۈرمىگەن بولاتتىڭلار ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىلىق تۇر تېغىغا كەتكەنلىكىنى پۇرسەت بىلىپ موزاينى ئىلاھ قىلىۋالمىغان بولاتتىڭلار. سىلەر پەقەت يالغان دەۋانىلا ياڭرىتىپ كەلگەن ئىمانسىز مەخلۇقلار سىلەر.

ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ، دەيدۇكى، بىز يەھۇدىيلاردىن ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىق ۋە تەۋراتقا ئىزچىل ئەمەل قىلىش ھەققىدە ئەھدە ئالماقچى بولغان ۋاقتىمىزدا، تۇر تېغىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تىكلەپ تۇرۇپ ئەھدىنى كۈچكە ئىگە قىلغانىدۇق. ئۇلارغا سىلەرگە بۇيرۇلغانلارنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىڭلار دېيىلگەندە، ئۇلار: ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئەمرلىرىڭنى ۋە نەسىھەتلىرىڭنى ئاڭلىدۇق، ئاندىن ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلدۇق دېدى. ئۇلار موزايغا چوقۇندى. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا دېگىنكى، ئەگەر سىلەرنىڭ تەۋراتقا بولغان ئىمانىڭلار سىلەرنى شۇنداق قەبىھ ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرىغان بولسا، سىلەرنىڭ ئىمانىڭلار نېمە دېگەن يامان ئىشلارغا بۇيرۇغان ـ ھە، ئەگەر سىلەر راستىنلا تەۋراتقا ئىشەنگۈچىلەر بولساڭلار ئاللاھتىن باشقىسىغا چوقۇنمىغان بولاتتىڭلار.

ئاخىرقى ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقان مەغرۇرلىقى ۋە كاززابلىقى تۈرتكۈسى بىلەن، جەننەت بىزنىڭ، ئۇنىڭغا بىزدىن باشقىسى كىرەلمەيدۇ دېگەن بىھۇدە سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىشكە بۇيرۇپ دەيدۇكى، ئۇلارغا ئېيتقىن، ئەگەر سىلەر جەننەت بىزنىڭ، ئۇنىڭغا بىزدىن باشقىسى كىرەلمەيدۇ دېگەن دەۋايىڭلاردا راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، جەننەت دېگەننى ھەركىم ئارزۇ قىلىدۇ ۋە بۇرۇنراق ئۇنىڭغا كىرىشنى ئارمان قىلىدۇ، قېنى ئۇنداقتا سىلەر ئۆلۈمنى تەلەپ قىلىپ بېقىڭلار! جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى بولغان ئادەم بۇ دۇنيادىن تېزرەك كېتىپ ئۇجايغا بېرىشنى ئارمان قىلىدۇ ئەمەسمۇ.

لېكىن سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىڭلار ۋە كۇپۇرلىقىڭلار سەۋەبلىك ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىدىغانلىقىڭلارغا ئۆزۈڭلارمۇ ئىشەنچ قىلالمايسىلەر، شۇڭا سىلەر ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرۈشنى ۋە قولۇڭلاردىن كەلسە، ئاخىرەت ئالەمىگە بارماسلىقنى ئارزۇ قىلىسىلەر. شۇڭىمۇ ھېچ بىرىڭلار ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشتىن ئىبارەت مۇنازىرىگە چۈشەلمىدىڭلار ۋە سۆزۈڭلارنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدىڭلار. چۈنكى سىلەر دۇنيا ھاياتىغا ھېرىسلىقتا ئاللاھقا ئەسلا ئىمانى بولمىغان بۇتپەرەست ئەرەبلەردىنمۇ ئېشىپ كەتكەن ئادەملەر سىلەر.

يۇقىرىقى ئايەتلەر، يەھۇدىي مىللىتىنىڭ دۇنيا ھاياتىغا بولغان ئەزەلدىكى ھېرىسلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ھەر زامان دۇنيالىق مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن قۇربان قىلىشتىن ئىبارەت ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ جەننەتكە بىزدىن باشقىسى ھەقلىق ئەمەس دەيدىغان مەغرۇرانە دەۋاسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرىگە ئېتىراپ قىلدۇرغان.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - ئىنسانىيەت تارىخىدا پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئىسلاھچىلارنى ئۆلتۈرگەن تۇنجى جىنايەتچىلەر يەھۇدىيلاردۇر.

2 - شەرىئەت تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىشتا ئىرادىلىك بولۇش ۋە ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىشتا ئاكتىپ بولۇش تەلەب قىلىنىدۇ.

3 - ھەقىقىي ئىمان ئېگىسىنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. ئىمانى ئاجىز كىشىلەرلا گۇناھ - مەسىيەتلەردىن ھەزەر قىلمايدۇ.

## يەھۇدىيلارنىڭ پەرىشتىلەرگە قارشى مەۋقەسى ۋە پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىشى

**قُلْ مَن كَانَ عَدُوا لجِبْرِيلَ فَإِنهُ نَزلَهُ عَلَى قَلْبِكَ بِإِذْنِ اللّهِ مُصَدقاً لمَا بَيْنَ يَدَيْهِ وَهُـدًى وَبُشْـرَى لِلْمُؤْمِنِينَ {97} مَن كَانَ عَدُوا للّهِ وَمَلآئِكَتِهِ وَرُسُلِهِ وَجِبْرِيلَ وَمِيكَالَ فَإِن اللّهَ عَدُو للْكَافِرِينَ {98} وَلَقَدْ أَنزَلْنَآ إِلَيْكَ آيَاتٍ بَينَاتٍ وَمَا يَكْفُرُ بِهَا إِلا الْفَاسِقُونَ {99} أَوَكُلمَا عَاهَدُواْ عَهْداً نبَذَهُ فَرِيـقٌ منْهُم بَلْ أَكْثَرُهُمْ لاَ يُؤْمِنُونَ {100} وَلَما جَاءهُمْ رَسُولٌ منْ عِندِ اللّهِ مُصَدقٌ لمَا مَعَهُمْ نَبَذَ فَرِيقٌ منَ الذِينَ أُوتُواْ الْكِتَابَ كِتَابَ اللّهِ وَرَاء ظُهُورِهِمْ كَأَنهُمْ لاَ يَعْلَمُونَ {101}**

تەرجىمىسى: ئېيتقىنكى، «جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم(ئاللاھقا دۈشمەندۇر)،چۈنكى ئۇ(يەنى جىبرىئىل)ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكىنى(يەنى ساماۋى كىتابلارنى) تەستىق قىلغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، مۆمىنلەرگە بىشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى(97). كىمكى ئاللاھ نى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ، جىبرىئىلنى، مىكائىلنى دۈشمەن تۇتىدىكەن(ئاللاھ نى دۈشمەن تۇتقان بولىدۇ)، شۈبھىسىزكى ئاللاھ كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ»(98). شەك- شۈبھىسىزكى، ساڭا بىز روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق، ئۇلارنى پەقەت توغرا يولدىن چىققانلارلا ئىنكار قىلىدۇ(99). ھەر قاچان ئۇلار بىرەر ئەھدە تۈزۈشسە، بىر تۈركۈمى ئۇنى بۇزىدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ(يەنى يەھۇدىيلارنىڭ)تولىسى (تەۋراتقا)ئىمان ئېيتمايدۇ(100). ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن قوللىرىدىكى كىتابنى تەستىقلايدىغان بىر پەيغەمبەر(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)كەلسە، (ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك

دەلىللىرىنى)بىلمەيدىغاندەك، ئاللاھنىڭ كىتابىنى(يەنى تەۋراتنى)ئارقىسىغا چۆرۈۋېتىدۇ (يەنى تەۋراتنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلمايدۇ)(101).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبى

ئابدۇللا ئىبنى سۇرىيادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، يەھۇدىي ئۆلىمالىرى بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن كېلىدۇ، ئۇلاردىن بىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىينى كىم ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى سورىغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىل پەرىشتىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار، ئۇنداقتا جىبرىل بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، ۋەھيىنى ئۇنىڭدىن باشقىسى ئېلىپ كەلگەن بولسا ئىدى، بىز ساڭا ئىمان ئېيتقان بولاتتۇق. بىراق جىبرىل بىزگە ئۆچمەنلىك قىلدى. شۇڭا ئۇ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز سانىلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرلىكنى ئاللاھ ئەزەلدىن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا ئاتا قىلىپ كەلگەن تۇرسا، ئۇ بۇ قېتىم بىزگە كېلىدىغان پەيغەمبەرلىكنى ساڭا ئېلىپ بەردى. بۇ سەۋەبتىن جىبرىل جازاغا لايىق بولغان بىر خىيانەتچىدۇر دېيىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا يۇقىرىقى ئايەتلەر ئۇلارنىڭ بىھۇدە سۆزلىرىگە رەددىيە بەرگەن ھالدا چۈشكەن.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى مۇھەممەد يەھۇدىيلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە دۈشمەن بولغان ئادەم ئاللاھنىڭ ئۆزىگە دۈشمەن بولغان بولىدۇ. چۈنكى پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ مەسئۇم بەندىلىرىدۇر. ئۇلار پەقەت ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنلاش بىلەنلا مەشغۇل بولغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئاللاھقا خىيانەت قىلىشى ياكى ئەمر - پەرمانلىرىنى تولۇق ئورۇنلىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇلارغا تىل تەككۈزگەن ئادەم ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى تەستىق قىلغۇچى قۇرئاننى ئاللاھ تەرىپىدىن ساڭا ئېلىپ كەلگەن پەرىشتە جىبرىلدۇر. ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى ئىنكار قىلغان ياكى ئۇلارغا دۈشمەن بولغان كىشى كاپىر بولىدۇ.

ئى مۇھەممەد! ساڭا سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى ئىسپاتلايدىغان ئوچۇق دەلىل - ئىسپاتلارنى چۈشۈردۇق. ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلارلا ئىنكار قىلىدۇ. مۇنداقلارنىڭ ئاخىرى بارىدىغان جايى دوزاخ بولىدۇ. يەھۇدىيلار ھەمىشە شۇنداق ئەھدىنى بۇزامدۇ؟ ھەقىقەتتە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ دەستۇرى بولغان تەۋراتقا ئىشەنمەيدۇ. ئۇلارغا قولىدىكى تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى قۇرئان كەلگەندە، ئۇلار تەۋراتنى ئارقىسىغا چۆرىۋەتىدۇ ــــ دە، تەۋراتتىكى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرىپلىرىنى بىلمىگەنگە سالىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن چەتنەش كىشىنى ئاخىرى كۇپۇرلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ھالال ـ ھارامنى پەرق ئەتمەسلىك، ئاللاھنىڭ ھېساب ئالىدىغانلىقىغا پىسەنت قىلماسلىق كىشىنى تۈيدۇرماستىن كۇپرىنىڭ ئازگاللىرىغا ئىتتىرىدۇ.

2 ـ يەھۇدىيلار تارىختىن بۇيان ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغان مىللەت ئەمەس. ئۇلار ھەر زامان ۋەدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ كەلگەندۇر. شۇڭا ئۇلارغا ئالدانماسلىق ۋە ئىشەنمەسلىك لازىم.

3 ـ تەۋرات ئەسلى نۇسخىسى ئېتىبارى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشكەن ئىلاھىي كىتابتۇر.

4 ـ ھەقىقەتنى ئۇبدان بىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىنكار قىلىش ۋە بىلمەسلىككە سېلىشنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىردۇر.

## يەھۇدىيلارنىڭ جىنايەتلىرىدىن

**وَاتَّبَعُواْ مَا تَتْلُواْ الشَّيَاطِينُ عَلَى مُلْكِ سُلَيْمَانَ وَمَا كَفَرَ سُلَيْمَانُ وَلَـكِنَّ الشَّيْاطِينَ كَفَرُواْ يُعَلِّمُونَ النَّاسَ السِّحْرَ وَمَا أُنزِلَ عَلَى الْمَلَكَيْنِ بِبَابِلَ هَارُوتَ وَمَارُوتَ وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنْ أَحَدٍ حَتَّى يَقُولاَ إِنَّمَا نَحْنُ فِتْنَةٌ فَلاَ تَكْفُرْ فَيَتَعَلَّمُونَ مِنْهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِ بَيْنَ الْمَرْءِ وَزَوْجِهِ وَمَا هُم بِضَآرِّينَ بِهِ مِنْ أَحَدٍ إِلاَّ بِإِذْنِ اللّهِ وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمْ وَلاَ يَنفَعُهُمْ وَلَقَدْ عَلِمُواْ لَمَنِ اشْتَرَاهُ مَا لَهُ فِي الآخِرَةِ مِنْ خَلاَقٍ وَلَبِئْسَ مَا شَرَوْاْ بِهِ أَنفُسَهُمْ لَوْ كَانُواْ يَعْلَمُونَ** {102} **وَلَوْ أَنَّهُمْ آمَنُواْ واتَّقَوْا لَمَثُوبَةٌ مِّنْ عِندِ اللَّه خَيْرٌ لَّوْ كَانُواْ يَعْلَمُونَ** {103}

تەرجىمىسى: ئۇلار سۇلايماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ(سېھرىگەرلىكىگە ئائىد)سۆزلىرىگە ئەگەشتى. سۇلايمان(سېھرىگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگىنىش بىلەن)كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى، ئۇلار بابىلدىكى ھارۇت ـ مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان سېھىرنى ئۆگەتتى. (بۇ ئىككى پەرىشتە)بىز كىشىلەرنى سىنايمىز، كاپىر بولمىغىن، دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى(يەنى سېھرگەرلىكنى)ئۆگىنەتتى. ئۇلار(سېھىر ئارقىلىق)ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى. يەھۇدىيلار(تەۋراتنى تاشلاپ)سېھىرنى سېتىۋالغۇچىغا ئاخىرەتتە(ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ۋە جەننەتتىدىن) ھېچ نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇلار جانلىرىنىڭ بەدىلىگە سېتىۋالغان نەرسىسىنىڭ(يەنى ئۆزلىرى ئۈچۈن

سېھىر ئۆگىنىشنى تاللىشىنىڭ)ئەجەبمۇ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى(102). ئەگەر ئۇلار ئىمان كەلتۈرسە(سېھىرنى تاشلاپ) ئاللاھ دىن قورقسا، (ئۇلار ئۈچۈن) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى، كاشكى ئۇلار بۇنى بىلسە ئىدى(103).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئۇلار شۇنداق قىلىپ ھەق كىتابنى قويۇپ، سۇلايماننىڭ دەۋرىدىكى شەيتانلارنىڭ سېھىر ۋە رامچىلىق قىلىقلىرىغا ئەگەشتى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا شەيتانلار ۋە جىنلار ئاسمان خەۋەرلىرىنى ئوغۇرلاش ۋە كۆپىلگەن يالغانلارنى توقۇش بىلەن كىشىلەرنى ئالدايتتى، ئۇلار كىشىلەرگە بۇلار سۇلايماننىڭ ئىلىملىرى، سۇلايمان پەقەت مۇشۇ ئىلىملەر سايىسىدا پادىشاھ بولغان دەيتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇنداق يالغان ئىغۋالىرىغا رەددىيە بېرىپ، سۇلايمان سېھىرگەرلىك قىلمىغان. بەلكى شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىش بىلەن كاپىر بولغان. مەزكۇر يەھۇدىيلار كىشىلەرنى ئازدۇرۇش، ئەر - خوتۇنلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن سېھىرنى قوللىناتتى. ئاندىن ئاللاھ بابىل شەھىرىدە ھارۇت ۋە مارۇت ئىسىملىك ئىككى كىشىنى سېھىر بىلەن مۆجىزىنىڭ پەرقىنى كىشىلەرگە ئايرىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. كىشىلەر بۇ ئىككى ياخشى نىيەتلىك كىشىنى ھۆرمەتلىگەنلىكتىن ئۇلارنى پەرىشتىلەر دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. لېكىن مەزكۇر كىشىلەر سېھىرگەر ئەمەس ۋە كىشىلەرگە سېھىر ئۆگەتكەنمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇلار ھەمىشە كىشىلەرگە بۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتمەڭلار، بۇ پەقەت بىر سىناق دەپ جاكارلايتتى.

يەھۇدىيلار سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىپ، كىشىلەرنى قەستلەش ۋە ئەر - خوتۇنلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئەمما تەۋراتنى بولسا، ئۇلار ئارقىسىغا چۆرىۋاتقان ئىدى. ھەقىقەتتە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان تەۋراتقا ئەمەل قىلىشنى تاشلاپ، كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان سېھىر بىلەن جان باققانلىقى ئاخىرەتلىكنى دۇنيالىققا ساتقانلىقى ئىدى.

ئەگەر يەھۇدىيلار ھەقىقەتنىڭ سادىسىغا قۇلاق سالغان ھالدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ يولىغا ئەگەشكەن بولسا ئىدى، ئۇلار ئاخىرەتتە ھەسسىلەپ ساۋاب ۋە ئەجىرگە ئېرىشكەن بولاتتى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرەتتە، بۇدۇنيادا قىلغان ئەمەلىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق ساۋاب ۋە ئەجىرگە ئىگە بولىدىغانلارنى بايان قىلغان ھەدىسىدە، «ئەھلى كىتابتىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن كىشى ئىككى ھەسسە ئارتۇق ساۋابتىن بەھرىمەن

بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. كاشكى، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىسىنى بىلگەن بولسا ئىدى.

مۇلاھىزە:

سېھىر ــ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى بوياپ بىرىدىغان ۋە بولمىغان ئىشلارنىمۇ ئۇلارغا خۇددى بولغاندەك خىيال قىلدۇرىدىغان بىر ئىشتۇر.

سېھىر ـ ئۆز زاتى ئېتىبارى بىلەن تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان پەقەت سەۋەب بولغانلىق ئېتىبارى بىلەن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەنلا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتەلەيدىغان نەرسىدۇر.

سېھىر ـ تىلىسمغا ئوخشاش ھەممە كىشى ئۇنى بىلەلمەيدىغان بىر ئۇسۇلدۇر.

سېھىر قىلغۇچىلار قۇرئاننىڭ كەسكىن ھۆكمى بويىچە كاپىر بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتىن يۈز ئۆرۈش بارچە بەختسىزلىكلەر ۋە ئازغۇنلۇقلارغا سەۋەب بولىدۇ.

2 ـ سېھىر قىلغۇچى ۋە ئۇنى ئۆگەنگۈچىلەر قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمى بويىچە كاپىرلاردۇر.

3 ـ ياخشىلىق ـ يامانلىق، پايدا ـ زىيان ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە بەلگىلىگۈچى پەقەت ئاللاھتۇر.

## ئەخلاق ۋە كۆرسەتمىلەر

**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَقُولُواْ رَاعِنَا وَقُولُواْ انظُرْنَا وَاسْمَعُواْ وَلِلكَافِرِينَ عَذَابٌ أَلِيمٌ {104} مَّا يَوَدُّ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ وَلاَ الْمُشْرِكِينَ أَن يُنَزَّلَ عَلَيْكُم مِّنْ خَيْرٍ مِّن رَّبِّكُمْ وَاللّهُ يَخْتَصُّ بِرَحْمَتِهِ مَن يَشَاءُ وَاللّهُ ذُو الْفَضْلِ الْعَظِيمِ {105}**

تەرجىمىسى: ئى مۆمىنلەر!(پەيغەمبەرگە) رائىنا دەپ خىتاب قىلماي، ئۇنزۇرنا دەپ خىتاپ قىلىڭلار، (سۆزىگە)قۇلاق سېلىڭلار، كاپىرلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ(104). ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان كاپىرلار پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە بىرەر ياخشىلىقنىڭ چۈشۈشىنى ياقتۇرمايدۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ خالىغان بەندىسىگە پەيغەمبەرلىكنى خاس قىلىدۇ، ئاللاھ چوڭ پەزىل ئىگىسىدۇر(105).

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى**

مۇسۇلمانلار ئادەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تەلىم ئېلىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا، ئۇنىڭغا: «رائىنا ــ يەنى بىزگە ئىلتىپات قىلىسىڭىزكەن» دەپ خىتاب قىلاتتى. بۇ ئىبارە يەھۇدىيلارنىڭ تىلى بولغان ئىبرى تىلىدا ھېقىر، پەس دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن

بولۇپ، يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھاقارەتلەش مەقسىتىدە، ئۇنى مەسخىرە قىلغانلىقتىن بۇ ئىبارىنى ئۆزلىرىنىڭ تىلىدىكى سەلبىي مەنىسىنى كۆزلىگەن ھالدا دائىم دېگۈدەك قوللىناتتى . بۇ سەۋەبتىن، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئىبارىنى قوللىنىشىنى مەنئى قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرەب تىلىدىكى يەنە شۇ مەنىنى بىلدۈرىدىغان :« ئۇنزۇرنا ــ بىزگە قارىسىڭىزكەن» دېگەن ئىبارىنى قوللىنىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا خىتاب قىلىپ، ئى مۇسۇلمانلار قۇرئاننى قوبۇل قىلىش نىيىتى بىلەن ئاڭلاڭلار، قۇرئانغا ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئازابى ھەققىدە قاتتىق بولىدۇ، مەيلى يەھۇدىي بولسۇن، مەيلى ئەرب مۇشرىكلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى سىلەرگە بىرەر ياخشىلىقنىڭ كېلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. لېكىن ئاللاھ ھەممىگە قادىر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى بولغانلىقتىن، ئۇ پەيغەمبەرلىكنى ۋە باشقىمۇ پەزلى - كەرەمنى ئۆزى خالىغان مىللەتكە ئاتا قىلىدۇ، كاپىرلار ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە، مۇسۇلمانلارغا كامالىي ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىدۇ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاخقا خىتاب قىلغان ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭغا ئەدەب بىلەن ۋە ھۆرمەت بىلەن سۆز قىلىشى، ئۇنى شۈبھىلەردىن خالى ئېسىل ۋە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن چاقىرىشى ۋە ئۇنىڭغا ئازار يەتكۈزىدىغان سۆز - كەلىمىلەرنى قوللانماسلىقنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرگە ئازار بېرىش ئاللاھ تائالاغا ئازار قىلغانغا ئوخشاش چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. بۇنداق ئىكەن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنى سۆيۈش ئاللاھ تائالانى سۆيگەنلىكتۇر.

كېيىنكى ئايەتتە، مەيلى ئەھلى كىتابتىن بولسۇن، مەيلى ئەرەب مۇشرىكلىرىدىن بولسۇن ئىسلام دىنىغا ئەگەشمىگەن كۇففارلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ۋە ئۇلارغا بىرەر ياخشىلىق كېلىشىنى ياقتۇرمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى دوست تۇتۇپ ئۇلارغا ئىشەنچ قىلىشنىڭ ئاخىرى نادامەت بىلەن خۇلاسىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىش تەرزىدە قولاق سېلىپ ئاڭلاش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىدۇر.

2 - پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنلاپ، مەنئى قىلغانلىرىدىن يېنىش ئىسلام شەرىئىتىنىڭ تەلەبلىرىدىندۇر.

3 - يەھۇدىيلارغا ئىشەنچ قىلماسلىق ئۇلار بىلەن ئەھدە تۈزۈشمەسلىك لازىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى ۋە ئەھدىنى بۇزۇشتەك ئەزەلدىكى ناچار خارەكتېرى، ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ئىمانسىزلىقىدىنمۇ يامانىدۇر.

**مَا نَنسَخْ مِنْ آيَةٍ أَوْ نُنسِهَا نَأْتِ بِخَيْرٍ مِّنْهَا أَوْ مِثْلِهَا أَلَمْ تَعْلَمْ أَنَّ اللّهَ عَلَىَ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ {106} أَلَمْ تَعْلَمْ أَنَّ اللّهَ لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ اللّهِ مِن وَلِيٍّ وَلاَ نَصِيرٍ {107} أَمْ تُرِيدُونَ أَن تَسْأَلُواْ رَسُولَكُمْ كَمَا سُئِلَ مُوسَى مِن قَبْلُ وَمَن يَتَبَدَّلِ الْكُفْرَ بِالإِيمَانِ فَقَدْ ضَلَّ سَوَاء السَّبِيلِ {108}**

تەرجىمىسى: قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق، (ئورنىغا) ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز. ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟(106). ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە مەدەتكار يوقتۇر(107). ئۇلار(يەنى يەھۇدىيلار)ئىلگىرى مۇسادىن سوئال سورىغاندەك، سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلاردىن سوئال سورىماقچى بولامسىلەر؟كىمكى ئىماننى كۇفرىغا تېگىشسە، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ (108).

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى**

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ: مۇھەممەد ساھابىلىرىنى بۈگۈن بىر ئىشقا بۇيرىسا، ئەتىسى ئۇنىڭدىن مەنئى قىلىدۇ، دەيدىغان ئەخمىقانە ئىغۋالىرىغا رەددىيە بېرىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، جىھاد مەيدانىدا دۈشمەننىڭ 200 ئادىمىگە قارشى 100 مۇسۇلمان ئەسكىرىنىڭ تاقابىل تۇرۇشى پەرزلىكىنى بەلگىلىگەن يېڭى ئايەت ئارقىلىق، ئۇنىڭدىن بۇرۇن چۈشكەن، دۈشمەننىڭ 200 ئادىمىگە قارشى مۇسۇلمانلاردىن 20 ئادەمنىڭ بەرداشلىق بېرىشى پەرزلىكىنى بەلگىلىگەن ئايەتنىڭ كۈچىنى ئەمەلدىن قالدۇرغىنىغا ئوخشاش مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن قىيىن كېلىدىغان تەكلىپلەرنى بەلگىلىگەن ئايەتلەرنىڭ كۈچىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭدىن يېنىكرەك تەكلىپلەرنى بەلگىلىگەن ئايەتلەرنى چۈشۈرىدىغانلىقى ياكى قىبلىنى مەسجىدى ئەقسادىن مەسجىدى ھەرەمگە يۆتكىگەنگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۇڭايلىق ياكى قىيىنلىقتا پەرقى بولمىغان ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق بۇرۇنقىسىنىڭ كۈچىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئالدى بىلەن پېقىرلارغا ئازراق سەدىقە بېرىۋېتىشى ئاندىن پەيغەمبەرنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشىدىن ئىبارەت ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا يولغا قويۇلغان بۇ ئادەتنى بەلگىلىگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىنى، ئۇنىڭ بەدىلىگە باشقا تەكلىپلەرنى بۇيرىغان بىرەر ئايەت چۈشۈرمەستىن ئەمەلدىن قالدۇرغىنىغا ئوخشاش مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن ھەر زامان

مۇناسىپ كەلمىگەن تەكلىپلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقى پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئىزاھلايدۇ.

مەلۇمكى، قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى ۋەقەلىكلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن، ئاز - ئازدىن چۈشكەن بولۇپ، ئايەتلەردىن ئېلىنىدىغان ئەھكاملار، مەسىلىلەر، دەرسلەر مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ۋە شەرت - شارائىتلىرىغا ئۇيغۇن بولۇش دائىرىسى ئىچىدە بولىدۇ. قانداقلا بىر مەسىلىنى بايان قىلىپ چۈشكەن ئايەت مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئاخىرىغىچە مەنپەئەتلىك ۋە يارارلىق بولسا، ئۇ مەڭگۈگىچە شۇنداق قالىدۇ.

شۇنى ئېنىق چۈشىنىش كېرەككى، بەزى ئايەتلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى بۇرۇن ئاللاھنىڭ كېيىنكى ئىشلارنى بىلمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا ھەر مەسىلىنى شارائىتلارغا قاراپ تەدرىجى ھەل قىلىش ۋە مۇسۇلمانلا ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ ھاراق ئىچىشنى ھارام قىلىشتا 4 باسقۇچلۇق ئۇسۇلنى قوللانغان - بىرىنچى باسقۇچتا ھاراقنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان بولسا، ئىككىنچى باسقۇچىدا نامازنى مەست ھالەتتە ئوقۇشقا بولمايدىغانلىقى، ئۈچىنچى باسقۇچتا، ھاراققا يېقىن كەلمەسلىك ھەققىدە تەۋسىيەلەر سۆزلەنگەن، تۆتىنچى باسقۇچىدا بولسا، ھاراقنىڭ قەتئىي ھاراملىقى جاكارلانغان.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - قۇرئاندا بۇرۇنقى ھۆكۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان يېڭى ھۆكۈملەرنىڭ بارلىقى، شۇنىڭدەك ھەدىسلاردىمۇ بۇرۇنقى ھۆكۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان يېڭى ھۆكۈملەرنىڭ بارلىقى ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش پەقەت قۇرئان ياكى سەھىي ھەدىسلار بىلەنلا ئىشقا ئاشىدىغانلىقى، ئىجمائ ۋە قىياس بىلەن ھۆكۈملەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

2 - مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن پايدىلىق ۋە شارائىتلىرىغا ماس كېلىدىغان ھۆكۈملەرنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق بۇرۇنقى شۇ ماۋزۇلاردىكى كونا ھۆكۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بولغان چەكسىز شەپقىتى ۋە مەرھەمىتىنى كۆرسىتىدۇ.

3 - ئاللاھنىڭ چىقارغان قارارلىرىغا رازى بولۇپ، ئۇلارنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىشنىڭ پەرزلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

4 - دىن توغرۇلۇق كېرەكسىز سوئاللارنى سوراشنىڭ بىھۇدىلىكى، بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ ھالاك بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ دىنىي مەسىلىلەردە روشەن بايان قىلىنغانلارغا كۇپايە قىلماستىن دىننى قىيىنلاشتۇرۇش نىيىتى بىلەن كۆپ سوئال سوراشلىرى تۈپەيلىدىن ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

**وَد كَثِيرٌ منْ أَهْلِ الْكِتَابِ لَوْ يَرُدونَكُم من بَعْدِ إِيمَانِكُمْ كُفاراً حَسَدًا منْ عِندِ أَنفُسِهِم من بَعْدِ مَـا تَبينَ لَهُمُ الْحَق فَاعْفُواْ وَاصْفَحُواْ حَتى يَأْتِيَ اللّهُ بِأَمْرِهِ إِن اللّهَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ{109} وَأَقِيمُـواْ الصلاَةَ وَآتُواْ الزكَاةَ وَمَا تُقَدمُواْ لأَنفُسِكُم منْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِندَ اللّهِ إِن اللّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ{110}**

تەرجىمىسى: ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت(يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى)ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر(يەنى ئاللاھ سىلەرگە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلغۇچە)ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر(109). نامازنى ئادا قىلىڭلار ، زاكاتنى بېرىڭلار، ئۆزەڭلارئۈچۈن ئىشلىگەن ھەر قانداق ياخشى ئەمەل بولسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ساۋابىنى تاپىسىلەر، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر(110).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەزەلدىكى رەزىل خۇلقى ۋە كۆرەلمەسلىك ئادىتىگە ئاساسەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھەر خىل سۇيقەستلەرنى قوللىنىشتىن باشقا، ئۇلار ھەر زامان مۇسۇلمانلارنىڭ كۇپرىغا قايتىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى پەقەت ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا كەلگەن ياخشىلىقلارغا ھەسەت قىلىش ۋە ئۆزلىرىدىن ئېشىپ كەتكەن ئالى پەزىلەتلىرىنى كۆرەلمەسلىكتىن ئىدى.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە مۇسۇلمانلارنى يەھۇدىيلارنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا ۋاقىتلىق سەۋر قىلىشلىرىنى ۋە ئاللاھ ئىزنى بەرمىگىچە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. كېيىنكى ئايەتتە بولسا، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان ناماز، زاكات ۋە باشقا پەرزلەرنى تولۇق ئورۇنلاشتا چىداملىق بولۇشلىرىنى تەۋسىيە قىلىدۇ ۋە مەزكۇر ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابى ئۇلار ئۈچۈن ھېچ كېمەيتىلمەستىن تولۇق بېرىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1- يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىئانلارنىڭ دىنىي ئالىملىرىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، پەقەت ئۇلار ئەزەلدىن ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا بېرىلىپ

كەلگەن پەيغەمبەرلىك نۆۋىتىنىڭ توساتتىن ئەرەب قەۋمىدىن چىققان بىر كىشىگە بېرىلگەنلىكىگە ھەسەت قىلغانلىقتىن ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلمىغان.

2 ـ مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا شارائىتى تولۇق يېتىشىپ بولالمىغان ئىسلامنىڭ ئاۋۋالقى دەۋرلىرىدە، يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمەنلىكلىرىگە سەۋر قىلىپ، كېلەچەكتىكى غەلىبە ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەپلەردىن تەييارلىق كۆرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە ھەر جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىسلام پەرزلىرىنى تولۇق ئورۇنلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ روھى مەنىۋىيەتلىرىنى ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ياخشى بىلەتتى.

3 ـ دۈشمەنگە قارشى كۈچلىنىش پەقەت ئاللاھنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىگە داۋام قىلىش ۋە ھەمىشە ئاللاھ بىلەن بولۇشتىن ئىبارەت.

## يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ ئاخىرەت توغرۇلۇق مەۋقەسى

**وَقَالُواْ لَن يَدْخُلَ الْجَنَّةَ إِلاَّ مَن كَانَ هُوداً أَوْ نَصَارَى تِلْكَ أَمَانِيُّهُمْ قُلْ هَاتُواْ بُرْهَانَكُمْ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ {111} بَلَى مَنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ لِلّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَلَهُ أَجْرُهُ عِندَ رَبِّهِ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ {112} وَقَالَتِ الْيَهُودُ لَيْسَتِ النَّصَارَى عَلَىَ شَيْءٍ وَقَالَتِ النَّصَارَى لَيْسَتِ الْيَهُودُ عَلَى شَيْءٍ وَهُمْ يَتْلُونَ الْكِتَابَ كَذَلِكَ قَالَ الَّذِينَ لاَ يَعْلَمُونَ مِثْلَ قَوْلِهِمْ فَاللّهُ يَحْكُمُ بَيْنَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فِيمَا كَانُواْ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ {113}**

تەرجىمىسى: ئۇلار: «يەھۇدىي ياكى ناسارا بولمىغان ئادەم(يەنى يەھۇدىيلار يەھۇدىي بولمىغان ئادەم، ناسارالار ناسارا بولمىغان ئادەم) ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ»دېيىشتى . بۇ ، ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسىدۇر. «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار»دېگىن(111). ئۇنداق ئەمەس، كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرىدىكەن(يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلىنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىدىكەن)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ . ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم- قايغۇ بولمايدۇ (112). يەھۇدىيلار: «ناسارالارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق(يەنى ئۇلار توغرا دىندا ئەمەس)» دېدى. ناسارالارمۇ: «يەھۇدىيلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق(يەنى ئۇلار توغرا دىندا ئەمەس)»دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار كىتابنى(يەنى يەھۇدىيلار تەۋراتنى ، ناسارالار ئىنجىلنى)ئوقۇيدۇ، بىلىمسىز ئادەملەر(يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرى)مۇ ئۇلار دېگەندەك دېدى، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ .(113)

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبى

نــەجران خرىســتىئانلىرى پــەيغەمبەر ئەلەيھىســسالام بىلــەن مۇنازىرىلىشــىش ئۈچــۈن كەلگــىنىدە، پــەيغەمبەر ئەلەيھىســسالام مــەدىنىلىك يەھــۇدىيلار بىلــەن مــۇنازىرە ئۈســتىدە ئىـــدى. يەھـــۇدىيلار نـــەجران خرىســـتىئانلىرىنى كۆرگـــىنىدىن كېـــيىن، ئـــۇلارنىڭ ئوتتۇرىســـىدىكى قـــەدىمى ئـــاداۋەت قايتىـــدىن بـــاش كۆتىرىـــدۇ ۋە يەھـــۇدىيلار بىلـــەن خرىستىئانلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى دىن ئادەملىرى ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىشكە كىرىشىپ كېتىـدۇ: يەھـۇدىيلار ئۆزلىرىنىـڭ چېكىـدىن ئاشـقان مـەغرۇرلىقى بىلـەن خرىسـتىئانلارغا قارشـى ھالـدا، جەننەتكـە يەھـۇدىي بولمىغـان ئـادەم كىرمەيـدۇ دەيـدۇ. خرىسـتىئانلارمۇ يەھۇدىيلارغا رەددىيە ئاساسىدا، خرىستىئان بولمىغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ دەيدۇ ۋە ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ توغرا دىندا ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئـاللاھ تائـالا پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامغا يـۇقىرىقى ئايەتلـەرنى ۋەھـي قىلىـش ئـارقىلىق بـۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسسىز قۇرۇق دەۋالىرىغا رەددىيە بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلاردىن ھەر ئىككـى تـەرەپ دەۋالىرىنىـڭ راسـتلىقىنى ئىسپـاتلاپ بېرىشـىنى تەلـەب قىلىـدۇ. بـۇلار يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مۇنازىرىسىگە جاۋاپ بېرىشەلمەيدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەت ئالدىدا يېڭىلگەنلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەزمۇنى

ئـاللاھ تائـالا يـۇقىرىقى ئايەتلـەردە يەھـۇدىيلار بىلـەن خرىسـتىئانلاردىن ئىبـارەت ئىككـى پـىرقىنىڭ ئۆزئـارا بىـر ـ بىرىنـى كاپـىر دېگـەنلىك گـۇۋاھلىقىنى ئاسـاس قىلغـان ھالـدا، ھەقىقەتتــە ھــەر ئىككــى پــىرقىنىڭ كاپــىر ئىكــەنلىكىنى قــەيت قىلىــدۇ. تــەۋرات بىلــەن ئىنجىلدىن ئىبارەت ئىككى ئىلاھـي كىتابنى ئوقـۇپ، ھەقىقـەتنى تونـۇپ تـۇرۇپ، ئۇنىڭ تـەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىشـتىن بـاش تارتقـان بـۇ ئىككـى تـەرەپ كىشـىلىرىنىڭ ھەقىقەتـەن كاپـىرلار ئىكـەنلىكىنى مۇسـۇلمانلارغا نامايـان قىلىـپ بېرىـدۇ. ئاخىرىـدا، ئـۇلارنىڭ ئوتتۇرىسـدا قىيامـەت كۈنـدە، ئـاللاھ تائـالا ئـۆزى بىۋاسـتە ھـۆكۈم چىقىرىـدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ جەننـەت دېگـەن دەۋا قىلىـش بىلـەن قولغـا كېلىـدىغان نەرسـە ئەمـەس، بـەلكى جەننەت بۇ دۇنيادا ئاللاھقا ھەقىقـي رەۋىشـتە ئىمـان كـەلتۈرۈپ، شـۇ ئىماننىـڭ تەقەززاسـى بويىچە، ئاللاھ بۇيرىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ بارىدىغان جايىدۇر.

2 ـ يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلارنىڭ كۆپۈرلىقى ئەڭ ئېغىر دەرىجىـدىكى كۆپرىدىن سانىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇلارغا بېرىلىـدىغان ئازاب ۋە جازالارمۇ ئارتـۇق بولىـدۇ. چۈنكـى ئۇلار ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتقان مەخلۇقلاردۇر.

3 ـ نجات يولى پەقەت ھەقىقىي ئىمان، ياخشى ئەمەلدىن ئىبارەت ئىككى نەرسىگە مەركەزلىشىدۇ.

مەسجىدلەرنى ۋەيران قىلىش ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭغا كىرىشتىن توسۇشنىڭ گۇناھى

**وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن مَّنَعَ مَسَاجِدَ اللّهِ أَن يُذْكَرَ فِيهَا اسْمُهُ وَسَعَى فِي خَرَابِهَا أُوْلَـئِكَ مَا كَانَ لَهُمْ أَن يَدْخُلُوهَا إِلاَّ خَآئِفِينَ لَهُمْ فِي الدُّنْيَا خِزْيٌ وَلَهُمْ فِي الآخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ {114} وَلِلّهِ الْمَشْرِقُ وَالْمَغْرِبُ فَأَيْنَمَا تُوَلُّواْ فَثَمَّ وَجْهُ اللّهِ إِنَّ اللّهَ وَاسِعٌ عَلِيمٌ {115}**

تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدە ئاللاھنىڭ نامىنىڭ ياد قىلىنىشىنى توسقان ۋە ئۇلارنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغانلاردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ مەسجىدلەرگە ئۇلارنىڭ پەقەت قورققان ھالدىلا كىرىشى لايىق ئىدى، ئۇلار دۇنيادا رەسۋا بولىدۇ. ئاخىرەتتە چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا)دۇچار بولىدۇ(114). مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ(يەنى پۈتۈن يەر يۈزى) ئاللاھنىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلەرمۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ تەرىپى(يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى)دۇر. ئاللاھ (نىڭ مەغپىرىتى) ھەقىقەتەن كەڭدۇر، (ئاللاھ)ھەممىنى بىلگۈچىدۇر(115).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە، ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى ئۆيلىرى دەپ ئاتىلىدىغان مەسجىدلەرنى ۋەيران قىلىش ياكى كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن مەنئى قىلىشتىن ئېغىر گۇناھ يوقلىقىنى جاكارلىغان. چۈنكى مەسجىدلەر ئاللاھنىڭ نامى زىكىر قىلىنىدىغان مەخسۇس ئىبادەتگاھلىرى بولۇپ، زېمىندىكى ئەڭ مۇقەددەس ئورۇنلاردىن سانىلىدۇ. بۇنداق ئىكەن، ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ۋەيران قىلىش ياكى كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن توسۇشنىڭ گۇناھى ھەقىقەتەن ئېغىر بولۇشقا تېگىشلىكتۇر. ئاللاھ تائالا يەنە شۇنى بايان قىلىدۇكى، مەسجىدلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكتىن، ئەيمەنگەن ھالدا كىرىش كېرەك. چۈنكى بۇ ئورۇنلار ئاللاھقا ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئاللاھقا ئىمانى بار كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا مۇھتاج ئىكەنلىكى ۋە ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا ئەيمىنىپ تۇرۇپ كىرىدۇ. ئەمما كاپىرلارنىڭ ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىگە قەدەم بېسىش ھەققى يوقلىقى، ئۇلار كىرگەندىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ رۇخستى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كىبىرىنى يىقىتقان ھالدا كىرىشى لازىم. ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىگە دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە بولغانلار بۇدۇنيادا خارلىققا، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

كېيىنكى ئايەتتە بولسا، ئاللاھ تائالا قىبلىنىڭ مەسجىدى ئەقسادىن مەسجىدى ھەرەمگە يۆتكەلگەنلىكىنى ئەيىپلىگەن يەھۇدىيلارغا رەددىيە بېرىپ، مەغرىبتىن مەشرىققىچە پۈتۈن

يەر ـ زېمىن ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى، قايسى ياقتا تۇرۇپ ئاللاھقا يۈزلىنىپ ئىبادەت قىلساڭلار ئۇنىڭ چوقۇم ئاللاھقا يېتىدىغانلىقىنى ۋە قىبلىنى يۆتكىگەنلىكتىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىك ئىشىنى ئەيىپلاشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىگە قارشى دۈشمەنلىك قىلىش ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن ئۇزاقلاشتۇرۇشقا ئورۇنۇشنىڭ گۇناھى ھەقىقەتەن ئېغىردۇر.

2 ـ ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى كۇففارلارنىڭ ئاياق بېسىشىدىن ساقلاش، ئۇلار كىرگەندىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ رۇخستى بىلەن كىرىشى لازىم.

3 ـ قاتناش قوراللىرى بىلەن يول يۈرگەندە، قاتناشنىڭ يۈزلىنىشۋاتقان تەرىپىگە قاراپ، قىبلىگە قارىمايمۇ نەپلە نامازلارنى ئوقۇش جائىزدۇر. بەلكى بەزى قىيىن شارائىتلاردا پەرز نامازلارمۇ جائىزدۇر.

4 ـ نامازدا قىبلىگە قاراش مۇتلەق شەرتتۇر، پەقەت چۆللەردە بولۇپ قىبلىنى تاپالمىغاندا ياكى قاتناش قوراللىرى بىلەن يول يۈرگەن بولۇپ، قىبلىگە قاراشقا ئىمكانىيەت بولمىغاندا قايسىبىر تەرەپكە قاراپ ئوقۇغان ناماز جائىز بولىدۇ.

5 ـ ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنىڭ يېنھان بولۇپ قالمايدىغانلىقى كەسكىنلەشكەن بىر ھەقىقەتتۇر.

## ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلەرنىڭ تۆھمەتلىرى

**وَقَالُواْ اتخَذَ اللّهُ وَلَدًا سُبْحَانَهُ بَل لَّهُ مَا فِي السمَاوَاتِ وَالأَرْضِ كُلٌّ لَّهُ قَانِتُونَ {116} بَدِيعُ السمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَإِذَا قَضَى أَمْراً فَإِنمَا يَقُولُ لَهُ كُن فَيَكُونُ {117} وَقَالَ الذِينَ لاَ يَعْلَمُونَ لَوْلاَ يُكَلمُنَا اللّهُ أَوْ تَأْتِينَا آيَةٌ كَذَلِكَ قَالَ الذِينَ مِن قَبْلِهِم مثْلَ قَوْلِهِمْ تَشَابَهَتْ قُلُوبُهُمْ قَدْ بَينا الآيَاتِ لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ {118}**

تەرجىمىسى: ئۇلار(يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار، مۇشرىكلار): «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەيدۇ. ئاللاھ(ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغان نەرسىسىدىن)پاكتۇر، ئۇنداق ئەمەس، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر(116). بىلمەيدىغانلار(يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى): «ئاللاھ نېمە ئۈچۈن بىز بىلەن سۆزلەشمەيدۇ ؟ ياكى نېمە ئۈچۈن بىزگە(راست پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە)بىرەر مۆجىزە كەلمەيدۇ؟ »دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرمۇ(پەيغەمبەرلىرىگە)شۇنداق سۆزنى قىلغان ئىدى؛ ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر-

بىرىگە ئوخشايدۇ. ئايەتلىرىمىزنى جەزمەن ئىشىنىدىغان(يەنى ھەقىقەت ئىزدەيدىغان) قەۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن بايان قىلدۇق(118).

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى**

يۇقىرىقى ئايەتلەرمۇ ئالدىنقى ئايەتلەرگە ئوخشاش كۇففارلارنىڭ ھەرخىل تۆھمەت ۋە خۇراپاتلىرىغا رەددىيە بېرىش ئاساسىدا چۈشكەن بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى ئايەتتە، ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىك ئەرەبلەردىن بولغان كۇففارلارنىڭ ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەيدىغان خۇراپاتلىرىغا رەددىيە بەرگەن. چۈنكى يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلسا، خرىستىئانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلدۇ، مۇشرىك ئەرەبلەر بولسا پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى گۇمانلىرىغا رەددىيە بېرىشتە تۆۋەندىكى ئەقلىي دەلىللەرنى كەلتۈرگەن:

1- ئاسمان ۋە زېمىنلەردىكى بارلىق كائىنات ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتى ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغۇچىلار بولۇپ، ئۇلاردىن بىرەرسىنى ئاللاھنىڭ بالا قىلىپ تۇتۇشى ئەقلىي جەھەتتىن قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئىشتۇر.

2 ـ ئاللاھ تائالانىڭ قانداقلا بىر شەيئىنى يارىتىشنى ئىرادە قىلغان ۋاقتىدا: «ۋۇجۇتقا كەل» دېگەن ئەمرى بىلەنلا ئۇنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە قادىر بولغان چەكسىز قۇدرىتىنىڭ بارلىقى ئۇنىڭ بالىغا ئېھتىياجلىق بولۇشىغا زىت كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ چەكسىز قۇدرەت ۋە مىسلىسىز ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىسى بولغان بىر يېگانە پەرۋەردىگاردۇر.

ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە، بىلىمسىز بولغىنىنىڭ ئۈستىگە، ئەقىلسىزلىقتا چېكىگە يەتكەن ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ: ئاللاھ نېمە ئۈچۈن بىز بىلەن سۆزلەشمەيدۇ؟ دەيدىغان ئەخمىقانە سۆزلىرىگە رەددىيە بەرگەن ۋە بۇرۇنقى زامانلاردا پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىق سەۋەبلىك ھالاك قىلىنغان قەۋملەرنىڭمۇ شۇنداق سۆزلەرنى قىلغانلىقى ۋە بۇلار بىلەن بۇرۇنقىلارنىڭ دىللىرىنىڭ قارىلىقىدا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئاللاھ تائالا بىلەن بىۋاستە سۆزلىشى ۋە ئۇنى كۆرۈش بۇ دۇنيادا مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ بۇ ئەخمىقانە تەلەبلىرىگە جاۋاب بېرىلمىگەن.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ ئاللاھ تائالاغا گۇمان بىلەن بىرەر شەيئىنى مەنسۇپ قىلىش خاتالىقتۇر.

2 ـ ھەقىقەتكە ئەگىششنى خالىمايدىغان قارا نىيەتلىك كۇففارلارنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر جايدا دەيدىغان سۆزى ۋە مەنتىق پەلسەپىسى ئوخشاشتۇر .

3 ـ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن پەقەت ساپ ئەقىل ئىگىلىرى بولغان كىشىلەردىن باشقىسى مەنپەئەت ئالالمايدۇ.

4 - مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا چاقىرىش ۋە يامان ئىشلاردىن ئۇلارنى توسۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش ئىشى پەقەت ئاللاھنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇ خالىغان كىشىنى ھىدايەتكە باشلايدۇ.

## پەيغەمبەرنى يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارغا ئەگىشىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش

**إِنا أَرْسَلْنَاكَ بِالْحَق بَشِيرًا وَنَذِيرًا وَلاَ تُسْأَلُ عَنْ أَصْحَابِ الْجَحِيمِ {119} وَلَن تَرْضَى عَنكَ الْيَهُودُ وَلاَ النصَارَى حَتى تَتبِعَ مِلتَهُمْ قُلْ إِن هُدَى اللّهِ هُوَ الْهُدَى وَلَئِنِ اتبَعْتَ أَهْوَاءهُم بَعْدَ الذِي جَاءكَ مِنَ الْعِلْمِ مَا لَكَ مِنَ اللّهِ مِن وَلِي وَلاَ نَصِيرٍ {120} الذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَتْلُونَهُ حَق تِلاَوَتِهِ أُوْلَـئِكَ يُؤْمِنُونَ بِهِ وَمن يَكْفُرْ بِهِ فَأُوْلَـئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ {121}**

تەرجىمىسى: بىز سېنى ھەقىقەتەن(مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى،(كاپىرلارنى دوزاخ ئازابىدىن)ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ھەق(دىن) بىلەن ئەۋەتتۇق. سەن ئەھلى دوزاخ(يەنى كاپىرلاردىن ئىمان ئېيتمىغانلار)توغرىسىدا جاۋابكار ئەمەسسەن(119). سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار نىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا)ئېيتقىنكى،«توغرا يول پەقەت ئاللاھنىڭ يولىدۇر». ساڭا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن(يەنى پاكىتلىق ھەقىقەت ساڭا ئاشكارا بولغاندىن كېيىن)، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشسەڭ، سېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق دوستمۇ بولمايدۇ، مەدەتكارمۇ بولمايدۇ (120). بىز ئاتا قىلغان كىتابنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار، ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. كىملەركى كىتابنى(يەنى قۇرئاننى)ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر(121).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى بىرىنچى ئايەتتە، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ تەلەپ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى كەلتۈرۈپ بېرىشكە مەجبۇر ئەمەسلىكىنى، پەقەت ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئۇلارغا ھەقىقەتنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىپ، ياخشىلارغا جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىش، كۇففارلارغا دوزاخ بىلەن خەۋەر بېرىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

كېيىنكى ئايەتتە ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆز دىنلىرىغا ئەگەشتۈرۈش ئارقىلىق يېڭى دىنغا خاتىمە بېرىشتىن ئىبارەت يامان نىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىش يولىدا ئۇلارغا قانچىلىك ياخشى ۋە ئۆلگىلىك مۇئامىلىدە بولسىمۇ، بەرىبىر

ئۇلار ئۇنىڭدىن رازى بولمايدىغانلىقى پەقەت ئۆزدىنلىرىغا ئەگەشكەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قىسمەن رازى قىلىش بەدىلىگە ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش نىيىتى بىلەن ئۇلارنىڭ خاھىشلىرىغا ماسلىشىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

ئەڭ ئاخىرقى ئايەتتە بولسا، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن تامامەن ئۈمىتسىزلەنمەسلىكى ئۈچۈن، يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلار ئىچىدىن ئاللاھنىڭ كىتابىنى توغرا رەۋىشتە ئوقۇيدىغان، ھەقىقەتكە ئەگىشىدىغان، قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ مۇسۇلمان بولىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئىشەنمىگۈچىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدىغانلىقىنى ئالاھىدە بايان قىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىدىن يېنىپ كاپىر بولمىغىچە يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلارنى رازى قىلالمايدۇ. كۇففارنىڭ ئورتاق نىشانى مۇسۇلمانلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇۋېتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

2 ـ ئىسلام دىنىدىن باشقا توغرا دىن يوق. بۇ ھەرقانداق بىر ئاددىي مۇسۇلماننىڭ شۇئارىدۇر.

3 ـ كۇففارلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇلارنى دىنىي جەھەتتە دوست تۇتقان ئادەم ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئۇچرايدۇ ۋە ئۇنىڭ ياردىمىدىن، نۇسرىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

4 ـ توغرا يول تېپىشنىڭ يولى قۇرئاننىڭ مەنىسىنى ياخشى چۈشىنىپ، دىلى بىلەن ئوقۇش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

## ئاللاھنىڭ يەھۇدىيلارغا قىلغان نىداسى

**يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اذْكُرُواْ نِعْمَتِيَ الَّتِي أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَنِّي فَضَّلْتُكُمْ عَلَى الْعَالَمِينَ {122} وَاتَّقُواْ يَوْماً لاَّ تَجْزِي نَفْسٌ عَن نَّفْسٍ شَيْئاً وَلاَ يُقْبَلُ مِنْهَا عَدْلٌ وَلاَ تَنفَعُهَا شَفَاعَةٌ وَلاَ هُمْ يُنصَرُونَ {123}**

تەرجىمىسى: ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ۋە سىلەرنى(بىر زامانلاردا)ھەممە جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ياد ئېتىڭلار(122) . بىراۋغا بىراۋ قىلچىلىك ياردەم قىلالمايدىغان ، ھېچ كىشىنىڭ فىدىيىسى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى پايدا قىلمايدىغان، ئۇلارغا(يەنى كاپىرلار ۋە گۇناھكارلارغا) ياردەم قىلىنمايدىغان كۈندىن قورقۇڭلار(123).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا ئۆزىنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى يادلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئۈچىنچى قېتىملىق نىداسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئاخىرقى بۇ نىداسى ئارقىلىق ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى بىر زامانلاردا پۈتۈن جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن ۋە ھۆرمەتلىك قىلغانلىقىنى، مۇندىن باشقىمۇ سانسىزلىغان نېمەتلىرىنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئادا قىلىش بىلەن بىرگە، ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئېلىپ كەلگەن ھەق دىنغا ئەگىشىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. كېيىنكى ئايەتتە بولسا، ھەق دىنغا ئەگەشمىگەنلەرنىڭ ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابلارغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى، ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن بىراۋنىڭ شاپائىتى ياكى بەدەل تۆلەش ياكى بىرەر ۋاستە بىلەنمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئاخىرەت ئازابىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ساماۋىي دىنلارنىڭ ئاخىرقىسى بولغان ئىسلام دىنىغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىش زۆرۈردۇر. نېمەتنى ياد ئېتىش نېمەت بەرگۈچىگە شۈكۈر قىلىشنى لازىم قىلىدۇ.

2 ـ ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش بىلەن دوزاخ ئازابىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

3 ـ قىيامەت كۈنىدە، بۇدۇنيادا قىلىنغان ياخشى ئەمەللەردىن باشقا ھېچ نەرسە پايدا بەرمەيدۇ.

4 ـ قىيامەت كۈنىدە، كاپىرلار بىلەن گۇناھكارلارنى ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار ياكى شاپائەتچى بولمايدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئاللاھنىڭ بەيتى( مەسجىدى ھەرەم)

**وَإِذِ ابْتَلَى إِبْرَاهِيمَ رَبُّهُ بِكَلِمَاتٍ فَأَتَمَّهُنَّ قَالَ إِنِّي جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَامًا قَالَ وَمِن ذُرِّيَّتِي قَالَ لاَ يَنَالُ عَهْدِي الظَّالِمِينَ** {124} **وَإِذْ جَعَلْنَا الْبَيْتَ مَثَابَةً لِّلنَّاسِ وَأَمْناً وَاتَّخِذُواْ مِن مَّقَامِ إِبْرَاهِيمَ مُصَلًّى وَعَهِدْنَا إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ أَن طَهِّرَا بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْعَاكِفِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ** {125}

تەرجىمىسى: ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمرلەر(يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى)بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى. ئاللاھ (ئۇنىڭغا):«سېنى چوقۇم كىشىلەرگە(دىنىدا)پېشۋا قىلىمەن»دېدى، ئىبراھىم:«مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشۋا قىلساڭ»دېدى. ئاللاھ:« مېنىڭ(پېشۋا قىلىش)ئەھدەمگە

زالىملار(يەنى كاپىرلار)ئىبرشەلمەيدۇ»دېدى(124). ئۆز ۋاقتىدا بىز كەبىنى كىشىلەر ئۈچۈن جەم بولىدىغان جاي ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق. (كىشىلەرگە)ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار(يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق). ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا ئۆيۈمنى (يەنى كەبەمنى)تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق(125).

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەر ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش يولىدىكى مېھنەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە سىناق تەرىقىسىدە بېرىلگەن ئەمەللەرنى بەجا كەلتۈرۈپ ئاللاھنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەنلىكى ھەم شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كىشىلەر ئۈچۈن دىندا پېشىۋا ئاتالغانلىقىنى يادلاندۇرىدۇ. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋەت يولىدا، يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار ۋە ئەرەب مۇشرىكلىرىدىن ئىبارەت دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئازارلىرى ۋە جاپالىرىنى كۆپ تارتقان بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆز ۋاقتىدا قەۋمىنىڭ، ھەتتا ئۆز ئاتىسىنىڭ ئازارلىرىغا ۋە جاپالىرىغا كۆپ ئۇچرىغانىدى.

ئاللاھنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ئەمر - پەرمانلىرىنىڭ مەشھۇرلىرى: ئۇنىڭ زالالەت كۈچلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ توغرا دىنىي مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇش، بۇتلارنى چېقىپ تاشلاش، دەۋەت يولىدا ئۆز يۇرتىدىن ھىجرەت قىلىش، ئاللاھنىڭ سىناق تەرىقىسىدىكى ئەمرىگە بىنائەن ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىشقا ھازىر بولۇش، كەبىنى بىنا قىلىش، ئۇنى تاۋاپ قىلىپ ھەج قىلىش، ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش ۋە ئومۇمىي بەدەن تازىلىقى ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى ئەمرلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى يەنى دىنىي شەرىئىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇلغانلىرىمۇ يۇقىرىقىلارنىڭ ئۆزىدۇر. بۇنىڭدا، يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار ۋە ئەرەب مۇشرىكلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ پىرقىغا ئەجەللىك رەددىيە قايتۇرۇلغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا مەنسۇپ ئىكەنلىك دەۋاسىنى قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ دەۋالىرى ئەمەلىيەتتە پەقەت قۇرۇق دەۋالار ئىدى. چۈنكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلغان بولسا، يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەيدۇ، خرىستىئانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەيدۇ، ئەرەب مۇشرىكلىرى بولسا، پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرىدى دەيتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئادالەتنى سۆيىدىغان بىر زات بولسا، ئۇلار زالىملار ۋە ھەقىقەت دۈشمەنلىرىدۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋەھيىگە ئەگەشكەن بولسا، ئۇلار

ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دىندا كىشىلەرگە پېشىۋا بولغان بولسا، ئۇلار ئۆز دىنلىرىنى بۇرمىلاش ۋە ھەقىقەتكە قارشى چىقىشتا باشقىلارغا باشلامچىلاردۇر. بۇلار قانداقمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا مەنسۇپ بولالىسۇن؟!

يۇقىرىقى ئايەتتە يەنە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھتىن ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادلىرىنىمۇ خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى دىندا پېشىۋا قىلغاندەك دىندا پېشىۋا قىلىشنى تىلىگەنلىكى ۋە ئاللاھنىڭ زالىملارنىڭ بۇ ئىمتىيازغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئادالەتلىك كىشىلەرنىڭلا ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ پېشىۋالىق پەقەت ئاللاھ رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ۋە ھەق دىنىنى دەۋەت قىلىش يولىدا سەۋرچانلىق كۆرسىتىش بىلەنلا ئېرىشىلىدىغان ئالىي ماقامدۇر.

2 ـ ۋارىسلىق ئىشىغا پەقەت ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللىرى بىلەن لايىق بولغانلارلا ھەقلىقتۇر.

3 ـ شەرىئەتنىڭ تەكلىپلىرىنى ئەمەلىي رەۋىشتە جايىدا ئورۇنلىغان ئادەملا كىشىلەرگە ئۈلگە بولۇشقا لاياقەتلىك بولالايدۇ.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

**وإذ قال إبراهيم رب اجعل هـذا بلدا آمنا وارزق أهله من الثمرات من آمن منهم بالله واليوم
الآخر قال ومن كفر فأمتعه قليلا ثم أضطره إلى عذاب النار وبئس المصير {126} وإذ يرفع
إبراهيم القواعد من البيت وإسماعيل ربنا تقبل منا إنك أنت السميع العليم {127} ربنا واجعلنا
مسلمين لك ومن ذريتنا أمة مسلمة لك وأرنا مناسكنا وتب علينا إنك أنت التواب الرحيم {128}
ربنا وابعث فيهم رسولا منهم يتلو عليهم آياتك ويعلمهم الكتاب والحكمة ويزكيهم إنك أنت العزيز
الحكيم {129}**

تەرجىمىسى: ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم! بۇ يەرنى (يەنى مەككىنى) تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن» دېدى. ئاللاھ: «كاپىر بولغان ئادەمنىمۇ (رىزىقتىن) ئازغىنا مۇددەت (يەنى ھاياتلىقىدا) بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) دوزاخقا ھەيدەيمەن» دېدى. (بۇ) نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت! (126). ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: «پەرۋەردىگارىمىز!

بىزنىڭ(خىزمىتىمىزنى)قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن(دۇئايىمىزنى)ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن(127). پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن(128). پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى(يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى(يەنى پاك سۈننەتنى)ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى(مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن)پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن»دېدى(129).

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى**

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى بىرىنچى ئايەتتە، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالادىن مەككە شەھىرىنى ئۇنىڭغا كىرگەنلەرنىڭ ئۆزلىرى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرى ئۈچۈن ئامانلىق شەھىرى قىلىپ بېرىشى ۋە مەككە ئەھلىگە ئىسىل مېۋىلەردىن رىزىق ئاتا قىلىشىنى سوراپ قىلغان دۇئاسىنى ئاللاھنىڭ ئىجابەت قىلغانلىقى، پەقەت كۇففارلارنى بۇدۇنيادا رىزىقتىن مەھرۇم قىلماستىن، ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ دوزاخ ئوتىغا تاشلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغانلىقى قاتارلىق قىسسىسىنى يادلاندۇرىدۇ.

كېيىنكى ئايەتلەردە بولسا، ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھقا بولغان چوڭقۇر ئىخلاسى، ئاللاھنىڭ نەزەرىدىكى ئۇنىڭ يوقىرى ئورنى، تائەت ـ ئىبادەتلەرگە بولغان ھېرىسلىقى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە كەبىنى بىنا قىلغانلىقى ۋە ئىككىسىنىڭ ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، ئۆزلىرىنى ۋە ئەۋلادلىرىنى ئىتائەتمەنلەردىن قىلىشىنى، ئەۋلادلىرىدىن ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى كىشىلەرگە تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، ئۇلارنى توغرا دىنغا باشلايدىغان پەيغەمبەرلەرنى چىقىرىپ بېرىشىنى تىلىگەنلىكى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ بارچە تىلەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ نەسلىدىن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى چىقارغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن ئىبراھىمنىڭ دۇئاسى ۋە ئىيسانىڭ بېشارىتىمەن» دېگەن ھەدىسىمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئىپادىلىمەكتە.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ ئاللاھ تائالا ئىخلاس بىلەن قىلىنغان دۇئالارنى ئىجابەت قىلىدۇ.

2 ـ دۇئادا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ــ سۈپەتلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ۋاستە قىلىش دىنىمىزدا بۇيرۇلغان پەزىلەتلىك ئەمەلدۇر.

3 ـ مەسجىدلەرنى بىنا قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ساۋابى ئالاھىدە يوقىرىدۇر.

4 ـ ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن قەلبنى بېزەش، ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە ئىسىل پەزىلەتلەر بىلەن ئەخلاقلىنىش مۇسۇلمانلىقنىڭ تەقەززاسىدۇر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر بىلەن قارشى چىققۇچىلار

**وَمَن يَرْغَبُ عَن مِلَّةِ إِبْرَاهِيمَ إِلاَّ مَن سَفِهَ نَفْسَهُ وَلَقَدِ اصْطَفَيْنَاهُ فِي الدُّنْيَا وَإِنَّهُ فِي الآخِرَةِ لَمِنَ الصَّالِحِينَ {130} إِذْ قَالَ لَهُ رَبُّهُ أَسْلِمْ قَالَ أَسْلَمْتُ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ {131} وَوَصَّى بِهَا إِبْرَاهِيمُ بَنِيهِ وَيَعْقُوبُ يَا بَنِيَّ إِنَّ اللّهَ اصْطَفَى لَكُمُ الدِّينَ فَلاَ تَمُوتُنَّ إَلاَّ وَأَنتُم مُّسْلِمُونَ {132}**

تەرجىمىسى: ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بۇدۇنيادا(پەيغەمبەرلىككە)تاللىدۇق. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ(130). ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا:«(پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىگە) ئىتائەت قىلغىن»دېدى. ئۇ:«ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم» دېدى (131). ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ:«ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ دىنىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى)تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار(يەنى ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار، تاكى ئىمان بىلەن كېتىڭلار)» دېدى(132).

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى**

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا دىندا ئىكەنلىكى، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىخلاسىدا سادىق ئىكەنلىكى ۋە پۈتۈن ياخشى ئىشلاردا ئۈلگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، يۇقىرىقى ئايەتتە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر توغرا دىنىدىن يۈز ئۆرۈشنىڭ خاتالىقىنى، پەقەت ئۆزىنىڭ پايدا ــ زىيىنىنى بىلمەيدىغان ئەبگالاردىن باشقا، ئەقىل ئىگىسى بولغان ساغلام تەبىئەتلىك كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن قەتئىي يۈز ئۆرۈمەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇدۇنيادا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ۋە پېشىۋاسى بولۇشقا، ئاخىرەتتە بولسا، ئۈلگىلىك بەندىلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇشقا تاللىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قۇرئاندا ئالاھىدە بايان قىلىنغان ئىرادىلىك 5 پەيغەمبەرنىڭ بىرى، توغرا دىنىنىڭ پېشىۋاسى ۋە ھۆرمەتتە جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسىدۇر. ئۇ خەلىل (ئاللاھ تائالانىڭ دوستى) دېگەن ئالى ئۇنۋانغا ئىگە بولغان، سەۋرچانلىقتا ۋە دىنغا بولغان

ئىخلاسمەنلىكتە كامالىغا يەتكەن زاتتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھەممە ئۆزىنى ئۇنىڭ دىنىغا مەنسۇب قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ شەرىپى بىلەن شەرەپلىنىشنى ئارمان قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ ۋەجىدىن يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار ۋە ھەتتا ئەرەب مۇشرىكلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسارمنىڭ دىنىغا ئەگەشكۈچىلەرمۇ؟ تەبىئىيكى، ياق. ئۇلارنىڭ بوزۇلغان ئەقىدىلىرى، ئىمانسىزلىقلىرى ۋە ھەقىقەتكە قارشى چىقىشتىن ئىبارەت كۇپۇرلۇقلىرى ئۇلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەمەس، بەلكى شەيتانغا ئەگەشكەن مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. شۈبھىسىزكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك دىنىغا ئەگەشكەن ۋە ئۇنى كامالىغا يەتكۈزگەن زات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ ساھابىلىرى ۋە تا قىيامەتكىچە ئىسلام دىنىنىڭ پارلاق يولىدا يۈرگەن مۇسۇلمانلارنىڭلا ئۆزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلى دىنى بولغان توغرا دىن - ئىسلام دىنىدا يۈرگەنلىكلىرىنى دەۋا قىلىش ھەققى باردۇر.

كېيىنكى ئايەتلەردە بولسا، ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشتا سىنىغانلىقى، ئۇنىڭمۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن ھالدا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئىككىسىنىڭ ئوغۇللىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدا مەھكەم تۇرۇشنى ۋە ئاخىرغىچە بۇ دىن بىلەن بولۇپ، مۇسۇلمان ھالىتىدە ئۆلۈشنى ۋەسىيەت قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. چۈنكى ئىمانىمىزنىڭ مېۋىسىنى كۆرىدىغان جاي ئاخىرەتتىدۇر. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەمىشە: «ئى ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ ئاخىرىنى خەيرلىك قىلغىن» دەپ دۇئا قىلاتتى.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي بولغان ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەم بۇ دۇنيادا خورلۇق، ئاخىرەتتە بولسا قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن ساماۋىي دىنلارنىڭ ئەسلىسى بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كامالىغا يەتكەن بىر دىندۇر. بارچە پەيغەمبەرلەر ئۈممەتلىرىنى ئىسلام دىنىغا چاقىرغان ۋە مۇشۇ دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش كۆرگەن. بۇنداق ئىكەن، بۇ دىندىن يۈز ئۆرۈش چوڭ خاتالىقتۇر. ئەقلى بار ئادەم ھەقىقەتنى تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھەرگىز ۋازكەچمەيدۇ. ئۆزىنىڭ پايدا - زىيىنىنى بىلمەسلىك ئەقىلسىز ئەبگالارنىڭ ئىشىدۇر.

2 - ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولىدىغان ۋە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق يولى بولغان دىن - ئىسلام دىنىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا دىنلار ئىناۋەتسىزدۇر.

3 ـ ئائىلە ئەزالىرىغا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشى ئىشلار ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىش پەزىلەتلىك ئىش ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر.

4 ـ يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا مەنسۇپ ئىكەنلىك دەۋاسى ئاساسسىز دەۋادۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ۋە خۇراپاتلىرى ئۆزلىرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

5 ـ ئىنسان پەقەت ئۆزى ئىشلىگەن ئىشلىرى ئۈچۈن جاۋابكاردۇر، باشقىلارنىڭ ئىشىدىن مەسئۇل ئەمەس.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ۋە ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيىتى

**أَمْ كُنتُمْ شُهَدَاء إِذْ حَضَرَ يَعْقُوبَ الْمَوْتُ إِذْ قَالَ لِبَنِيهِ مَا تَعْبُدُونَ مِن بَعْدِي قَالُواْ نَعْبُدُ إِلَـهَكَ وَإِلَـهَ آبَائِكَ إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَقَ إِلَـهاً وَاحِداً وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ** {133} **تِلْكَ أُمَّةٌ قَدْ خَلَتْ لَهَا مَا كَسَبَتْ وَلَكُم مَّا كَسَبْتُمْ وَلاَ تُسْأَلُونَ عَمَّا كَانُوا يَعْمَلُونَ** {134} **وَقَالُواْ كُونُواْ هُوداً أَوْ نَصَارَى تَهْتَدُواْ قُلْ بَلْ مِلَّةَ إِبْرَاهِيمَ حَنِيفاً وَمَا كَانَ مِنَ الْمُشْرِكِينَ** {135} **قُولُواْ آمَنَّا بِاللّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْنَا وَمَا أُنزِلَ إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَقَ وَيَعْقُوبَ وَالأسْبَاطِ وَمَا أُوتِيَ مُوسَى وَعِيسَى وَمَا أُوتِيَ النَّبِيُّونَ مِن رَّبِّهِمْ لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّنْهُمْ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ** {136} **فَإِنْ آمَنُواْ بِمِثْلِ مَا آمَنتُم بِهِ فَقَدِ اهْتَدَواْ وَّإِن تَوَلَّوْاْ فَإِنَّمَا هُمْ فِي شِقَاقٍ فَسَيَكْفِيكَهُمُ اللّهُ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ** {137}

تەرجىمىسى: يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟»دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى(133). ئۇلار ئۆتكەن بىر ئۈممەتتۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى(نىڭ ساۋابى)ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر. سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلار (نىڭمۇ ساۋابى) ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا سىلەر جاۋابكار ئەمەس(134). ئۇلار:«يەھۇدىي ياكى ناسارا بولۇڭلار، توغرا يول تاپىسىلەر»دەيدۇ. «ئۇنداق ئەمەس، بىز ئىبراھىمنىڭ ئىسلامغا ئۇيغۇن دىنىغا ئەگىشىمىز، ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دېگىن(135). ئېيتىڭلاركى، «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيگە ، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيگە ، مۇساغا بېرىلگەن(تەۋراتقا)، ئىساغا بېرىلگەن(ئىنجىلغا)ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن(كىتابلارغا)ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز(يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)،

بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز»(136). ئەگەر ئۇلار (يەنى ئەھلى كىتاب)سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتسا، ئەلۋەتتە، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار(ئىماندىن)يۈز ئۆرۈسە، (سەن بىلەن)ئاداۋەتتە بولغان بولىدۇ، ئۇلارغا قارشى ئاللاھ ساڭا كۇپايىدۇر. ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى)ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ھىيلە- مىكرىنى)بىلىپ تۇرغۇچىدۇر(137).

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى**

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ بىز پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرىمىز، بىز دۇزاخقا كىرمەيمىز. كىرگەن تەقدىرىمىزدىمۇ ئۇجايدا كۆپ مۇددەت تۇرمايمىز دەيدىغان دەۋاسىغا رەددىيە بېرىپ، بۇرۇنقىلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ پايدىسى ۋە ساۋابى پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، كېيىنكىلەر ئۈچۈن بۇرۇنقىلار قىلغان ئەمەللەرنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. يەھۇدىيلار كىشىلەرگە يەھۇدىي بولۇڭلار، شۇ ۋاقىتتا سىلەر ھەقىقىي توغرا يولدا بولغان بولىسىلەر دېسە، خرىستىئانلارمۇ ئۇلارغا خرىستىئان بولۇڭلار، شۇ ۋاقىتتا توغرا يول تاپقان بولىسىلەر دەيتتى. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ ئېيتقىنكى، سىلەر ئاللاھنىڭ توغرا دىنىنى ئىزدىمەكچى بولساڭلار ئۆزۈڭلار دەۋا قىلىشىۋاتقان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا دىنىغا ئەگىشىڭلار. ئىبراھىمنىڭ دىنى بولسا، سىلەرگە يېڭى تۇيۇلغان ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىدۇر، ئۇنىڭدا بۇرمىلاش ۋە ئۆزگەرتىش يوقتۇر. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سىلەرگە ئوخشاش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ ئۇزەيرنى ياكى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دېمەيتتى، بەلكى ئۇ ئاللاھنى بالىسى بولۇشتىن ۋە ھەر قانداق بىر شېرىكى بولۇشتىن ئەلۋەتتە پاك ۋە ئۈستۈن دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. بىز مۇسۇلمانلارمۇ خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئېتىقاد قىلغاندەك ئاللاھنى بالىسى ياكى بىرەر شېرىكى بولۇشتىن ئۈستۈن ۋە پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. ئۇنىڭغا ھېچ شېرىك كەلتۈرمەيمىز. ئەمەلىيەتتە قايسىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا دىنىغا مەنسۇپ ئىكەنمىز؟

ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن جىمى مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىنىڭ توغرا ئەقىدىلىرىنى دادىل ئېلان قىلىشقا چاقىرىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى قۇرئاندا بۇيرۇلغانلارنى، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق ۋە ياقۇپ ئەلەيھىسسالاملارنىڭ دىنىدا بۇيرۇلغانلارنىڭ ھەممىنى ئۇز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن جىمى پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارغا چۈشكەن ئىلاھىي كىتابلارغا بىردەك ئىمان كەلتۈرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرەر پەيغەمبەرنىمۇ ئايرىماستىن ھەممىسىگە ئوخشاشلا ئىمان كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئوچۇق جاكارلاشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي ئىمان ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرىگە ۋە چۈشۈرگەن ئىلاھىي كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىش بىلەنلا تەكامۇللاشقان بولىدۇ.

ئەمما ھەممىگە ئىمان كەلتۈرۈپ بىرەر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان ئادەمنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەس، ئۇ كۇففارلاردىن سانىلىدۇ. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلار ئەنە شۇنداق كۇففارلاردۇر. گەرچە ئۇلارنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە ئىمانى بولغان بولسىمۇ، ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە بۇ سەۋەبلىك ئۆز دىنلىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە قارشى چىققانلىقلىرى تۈپەيلى كۇففارلاردىن بولۇپ كەتكەن.

ئاخىرقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا تەۋسىيە قىلىپ دەيدۇكى، ئەگەر يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلار سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك، ئىمان ئېيتسا، يەنى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىماستىن، ھەممىسىگە ئوخشاش ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا دىنىغا ئويغۇن بولغان ئىسلام دىنىغا ئىمان كەلتۈرسە ئۇلار ھىدايەت تاپقان بولۇپ، توغرا يولدا بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار مۇشۇنداق ئىمان كەلتۈرۈشتىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇلار ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن ئاداۋەتتە بولغان بولىدۇ ۋە يولۇڭلار ئايرىلغان بولىدۇ. ئەھۋال بۇنداق بولسا، ئىشىنىڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكىدىن ساقلاشقا يېتەرلىكتۇر ۋە ئۇلارنى چوقۇم رەسۋا قىلىدۇ.

يەھۇدىيلار يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىنمۇ ئىمان ئېيتىشنى خالىمىدى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلار ھەققىدە مۇسۇلمانلارغا بەرگەن ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇزۇن ۋاقىتدا مەدىنىدىكى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ مەدىنىدىن ھەيدەلگەنلىكى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - ھىدايەت پەقەت ئىسلام دىنىغا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن بولىدۇ، سائادەت يولى پەقەت ئىسلام دىنىدىدۇر.

2 - پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىگە ئىنكار قىلىش ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىنكار قىلغانغا ئوخشاشتۇر. شۇڭا يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبلىك كاپىر بولغاندەك، خرىستىئانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبلىك كاپىر بولغان. ئەمما مۇسۇلمانلار پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە بىردەك ئىمان كەلتۈرگەنلىكتىن ئىمان دەۋاسىدا راستچىللاردۇر.

3 - يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلار مۇسۇلمانلارغا قارشى بىرلەشكەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلار بىلەن ھەمىشە بىللەدۇر. ئاخىرقى غەلىبە مۇسۇلمانلارغا ئائىتتۇر.

## ئەھلى كىتابقا مۇنازىرە

**صِبْغَةَ اللّهِ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللّهِ صِبْغَةً وَنَحْنُ لَهُ عَابِدونَ {138} قُلْ أَتُحَآجُّونَنَا فِي اللّهِ وَهُوَ رَبُّنَا وَرَبُّكُمْ وَلَنَا أَعْمَالُنَا وَلَكُمْ أَعْمَالُكُمْ وَنَحْنُ لَهُ مُخْلِصُونَ {139} أَمْ تَقُولُونَ إِنَّ إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ**

**وَإِسْحَـقَ وَيَعْقُوبَ وَالأَسْبَاطَ كَانُواْ هُودًا أَوْ نَصَارَى قُلْ أَأَنتُمْ أَعْلَمُ أَمِ اللّهُ وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن كَتَمَ شَهَادَةً عِندَهُ مِنَ اللّهِ وَمَا اللّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ {140} تِلْكَ أُمَّةٌ قَدْ خَلَتْ لَهَا مَا كَسَبَتْ وَلَكُم مَّا كَسَبْتُمْ وَلاَ تُسْأَلُونَ عَمَّا كَانُوا يَعْمَلُونَ {141}**

تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟ بىز ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز(138). «بىز بىلەن ئاللاھ توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ھالبۇكى، ئۇ ھەم بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ھەم سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر. بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، بىز ئاللاھقا سادىقمىز»دېگىن(139). «ياكى ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى يەھۇدىي ئىدى ياكى ناسارا ئىدى»دەمسىلەر؟ ئېيتقىنكى، «(ئۇلارنىڭ قايسى دىندا ئىكەنلىكىنى)سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر؟ياكى ئاللاھ ئوبدان بىلەمدۇ؟قولىدا ئاللاھ نازىل قىلغان دەلىل- ئىسپات تۇرۇپ ئۇنى يوشۇرغان ئادەمدىن زالىم كىم بار؟ ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر»(140). ئۇلار ئۆتكەن بىر ئۈممەتتۇر ، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر. سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا سىلەر جاۋابكار ئەمەس(141).

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى**

ئى يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار ئالدىدا ئۇزۇۋڭلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان چىن ئىمانىڭلارنى ئېلان قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، ئۇلارغا ئېيتىڭلاركى، ئاللاھنىڭ نەزەرىدە قوبۇل بولغان ئىسلام دىنى ئەڭ ياخشى دىنىدۇر، بىز ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ھىدايىتى ۋە ئىنئاملىرى ئۈچۈن شۈكۈر قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىلارمىز، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ خۇراپى دىنلىرىنى توغرا دېگەن مۇددىئايىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئاللاھنىڭ دىنى توغرىسىدا بىز بىلەن مۇنازىرىلەشمەكچىمۇسىلەر؟ ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنىڭ ئورتاق پەرۋەردىگارى، سىلەر بىلەن بىز ئۇنىڭغا بەندىلىكتە ئوخشاشمىز، سىلەرنىڭمۇ ئەمەلىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، بىزنىڭمۇ شۇنداق. بىز قىلغان پۈتۈن ئەمەللىرىمىزدە پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيمىز ۋە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئىبادەت قىلىمىز، بىلىپ - بىلمەي سادىر قىلغان گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئاللاھ تائالا دىن مەغپىرەت تىلەيمىز، جەننەت قانداق مىللەتتىن بولسۇن، قانداق قەۋمدىن بولسۇن ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ دىنىدا مەھكەم تۇرغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ بارىدىغان جايى دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. سىلەردەك، بىزدىن باشقىسى جەننەتكە كىرمەيدۇ، دەپ دەۋا قىلمايمىز. سىلەر قايسى دەلىل - ئىسپاتىڭلارغا كۆرە، جەننەت بىزنىڭ، ئۇنىڭغا بىزدىن باشقىسى كىرمەيدۇ دەپ

دەۋا قىلىسىلەر؟ سىلەرنىڭ بىۇزۇلغان ئېتىقىادىڭلار ۋە ھەقىقەتكە قارشى جىنايى قىلمىشلىرىڭلار سىلەرنىڭ مەزكۇر دەۋايىڭلارنى تەستىقلامدۇ؟!

ئەي يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار جامائەسى! سىلەر قانداقمۇ ئۇلۇغلارنى ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، ياقۇب ۋە ئۇنىڭ ئۆلگىلىك ئەۋلادلىرىنىڭ دىنىدا بولغۇچىلارمىز دەپ دەۋا قىلىسىلەر؟ ئۇلار ھەممىسى بىردەك ئاللاھ تائالانى بىردەپ ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، سىلەر بولساڭلار خرىستىئانلىرىڭلار ئىيسانى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان، يەھۇدىيلىرىڭلار ئۇزەيرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان تۇرساڭلار، قانداقمۇ ئىبراھىم ئەۋلادلىرىغا ئۆزۈڭلارنى ئوخشىتالايسىلەر؟ ياقۇب جان ئۈزۈش ئالدىدا بالىلىرىنىڭ ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: بىز سېنىڭ ۋە ئاتا - بوۋىلىرىڭنىڭ ئىلاھى بولغان بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز دېگەن ۋەدىسىمۇ سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ دىنىدىن ئەمەسلىكىڭلارنىڭ تىپىك مىسالى ئەمەسمۇ؟

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن، بۇرۇنقىلارنىڭ ئەمەلى بىلەن ئۆزلىرىنى خوش قىلىدىغان ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا ئەگەشمەيدىغان مەغرۇرلارغا رەددىيە بېرىپ، بۇرۇنقىلارنىڭ ئەمەلى ئۆزلىرى ئۈچۈن، سىلەرنىڭمۇ ئەمەلىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر. سىلەر بۇرۇنقىلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن نېسىۋە ئالالمايسىلەر، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈنمۇ جاۋابكارلىققا تارتىلمايسىلەر دەيدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1- ئىبادەتتە ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىلتىپات قىلماسلىق، بارچە ئىبادەت، دۇئا ۋە تەلەبلەردە ئاللاھ تائالاغىلا يۈزلىنىش ئىخلاسنىڭ ئىپادىسىدۇر.

2 - ھەر كىم ئۆزىنىڭ ياخشى - يامان ئەمەللىرىگە كۆرە مۇكاپات ياكى جازاسىنى ئالىدۇ. بىراۋنىڭ قىلمىشىدىن بىراۋ مەسئۇل ئەمەس ۋە بىراۋنىڭ قىلمىشىدىن بىراۋ جاۋابكار ئەمەس.

3 - يەھۇدىيلىق بىلەن خرىستىئانلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئۆزگەرتىشلەردۇر. ساماۋىي دىنلارنىڭ ئەزەلدىكى نامى ئىسلام ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى تەرىپلەپ: «ئىبراھىم يەھۇدىي ئەمەستى، خرىستىئانمۇ ئەمەستى، بەلكى ئۇ توغرا دىندىكى مۇسۇلمان ئىدى» دېگەن.

4 - ھەقىقەتنى يوشۇرۇشنىڭ گۇناھى ئېغىردۇر.

5 - ئەجدادلارغا ئەگەشمەستىن ئۇلارنىڭ نەسەبى ياكى ياخشى ئەمەللىرى بىلەن ماختىنىشنىڭ پايدىسى يوقتۇر.

## قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسى

**سَيَقُولُ السُّفَهَاءُ مِنَ النَّاسِ مَا وَلاَّهُمْ عَن قِبْلَتِهِمُ الَّتِي كَانُواْ عَلَيْهَا قُل لِّلّهِ الْمَشْرِقُ وَالْمَغْرِبُ يَهْدِي مَن يَشَاءُ إِلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ{142} وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطاً لِّتَكُونُواْ شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيداً وَمَا جَعَلْنَا الْقِبْلَةَ الَّتِي كُنتَ عَلَيْهَا إِلاَّ لِنَعْلَمَ مَن يَتَّبِعُ الرَّسُولَ مِمَّن يَنقَلِبُ عَلَى عَقِبَيْهِ وَإِن كَانَتْ لَكَبِيرَةً إِلاَّ عَلَى الَّذِينَ هَدَى اللّهُ وَمَا كَانَ اللّهُ لِيُضِيعَ إِيمَانَكُمْ إِنَّ اللّهَ بِالنَّاسِ لَرَؤُوفٌ رَّحِيمٌ {143}.**

تەرجىمىسى: بەزى ئەخمەق كىشىلەر«ئۇلارنى يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرنى قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسى بەيتۇلمۇقەددەستىن نېمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ؟»دەيدۇ. ئى مۇھەممەد ئېيتقىنكى «مەشرىق ۋە مەغرىب يەنى ھەممە تەرەپ ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ.» (142) شۇنىڭدەك، كىشىلەرگە شاھىد بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ سىلەرگە شاھىد بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق. سەن يۈز كەلتۈرۈۋاتقان تەرەپ بەيتۇلمۇقەددەسنى قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى. ئاللاھ ھىدايەت قىلغانلاردىن باشقىلارغا قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىدىن ئىبارەت بۇ ئىش ھەقىقەتەن ئېغىردۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى يەنى بۇرۇن بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامازلىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ كىشىلەرگە ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر(143).

## بۇ ئايەتلەرنىڭ يۇقىرىدا ئۆتكەن ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ۋاقتىدا كەبىگە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى. ئۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن يەھۇدىيلارغا ماسلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش مەقسىتىدە بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇيدىغان بولىدۇ. يەھۇدىيلار بۇنىڭدىن كۆپ مەمنۇن بولىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون نەچچە ئاي شۇنداق بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ. بۇ ئەسنادا ئۇ ئاللاھتىن قىبلىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسى بولغان كەبىگە ئۆزگەرتىپ بېرىشىنى سورايدۇ ۋە ھەمىشە ئاسمانغا ئۇزاق - ئۇزاق قاراش ئارقىلىق ئاللاھتىن بۇ توغرۇلۇق بىرەر ۋەھيي كېلىشىنى كۈتىدۇ. ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، قىبلىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەققىدە ۋەھيي كېلىدۇ. شۇندىن باشلاپ كەبە مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولۇپ قالىدۇ. «سەھىھۇل بۇخارى» ۋە «سەھىھۇ مۇسلىم»دا قەيت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىگە قاراپ دەسلەپ ئوقۇغان نامىزى ئەسىر نامىزى ئىدى.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ۋەقە تۈپەيلى بەزى كىشىلەرنىڭ ئىمانىدا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى، كۆپ كىشىلەرنىڭ ئىمانى تاۋلىنىپ چىقىدىغانلىقىنى ۋە

بەزى ئەخمەقلەرنىڭ بۇ ئىشتىن ھەيرانلىق ھېس قىلىپ ھەرخىل سۆز - چۆچەكلەرنى تارقىتىدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەنلىكتىن، قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىدىن مۇسۇلمانلار تويۇقسىزلىقتا ئۇچرىماسلىقى ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ ئىنكار قىلىشىغا سەۋەب بولماسلىقى ئۈچۈن قىبلىنى ئۆزگەرتىش ئەمرىنى ئىبلان قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا مۇقەددىمە ئورنىدا بەزى بايانلاردا بولىدۇ. شۇڭا ئاۋۋال مەشرىقتىن مەغرىبكىچە پۈتۈن يەر يۈزى ئاللاھ تائالانىڭ ئىكەنلىكىنى، يەر يۈزىنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بولغان ئىكەن، ئاللاھ تائالا قىبلە مەسىلىسىدە قايسى تەرەپنى ئىختىيار قىلسا شۇ تەرەپكە يۈزلىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بايان قىلىدۇ، ئاندىن قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەققىدىكى ئەمرىنى جاكارلايدۇ.

ئاللاھ تائالا مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار، مۇشرىكلار ۋە مۇناپىقلاردىن ئىبارەت ئەقلى كەم، ئىمانى ئاجىز مەخلۇقلار «مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى يۈز كەلتۈرۈۋاتقان قىبلىسىدىن يۈز ئۆرۈتكەن نەرسە زادى نېمە؟» دەپ ھەيرانلىق ھېس قىلىدىغانلىقىنى، يەھۇدىيلارنىڭ بۇ ئىشتىن بىئارام بولىدىغانلىقى، مۇشرىكلارنىڭ ئىسلام دىنىغا تەنە قىلىش يولىدا بۇ ۋەقەلىكنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پۇرسەت بىلىپ كىشىلەر ئارىسىدا سۆز - چۆچەكلەر ۋە پىتنە - پاساتلارنى تارقىتىشقا ئورۇنىدىغانلىقىنى ۋە مۇناپىقلارنىڭ كۆپىرى بىلەن ئىمان ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا چىپىپ يۈرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەنلىكتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، ئى مۇھەممەد! مەشرىق بىلەن مەغرىب ۋە باشقىمۇ بارلىق تەرەپلەر ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھنىڭ تەرەپلىرىنىڭ بىرى – بىرىدىن ئارتۇق ئەمەس، بەلگىلەش ئىشى ئاللاھنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇ ئۆزى خالىغان تەرەپنى ئىختىيار قىلىدۇ. قايسى تەرەپكە قارىماڭلار ئۇ ئاللاھنىڭدۇر. «سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزكەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى يول- مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل - مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ.» (بەقەرە سۈرىسى177 - ئايەت)

ئاللاھ تائالا خالىغان كىشىنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ. ئۇ مۆمىنلەرنى راستىنلا توغرا يولغا ھىدايەت قىلدى. چۈنكى ئۇلارنى ئاۋۋال بەيتۇلمۇقەددەسكە، ئاندىن كەبىگە يۈز كەلتۈرۈشكە ئەمر قىلدى ۋە ئۇلار بويسۇندى. مۆمىنلەر بىلىدۇكى، ياخشىلىق ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ئىشتىدۇر. ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇممىتى! سىلەرنى توغرا يولغا ھىدايەت ۋە مۇۋەپپەق قىلغاندەك، بىز سىلەرنى دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا چېكىدىن ئاشۇرۋەتمەيدىغان ۋە بېپەرۋالىقمۇ قىلمايدىغان، بەلكى ئوتتۇراھاللىقنى ئاساس قىلىپ ئىش كۆرىدىغان ئۈلگىلىك

ئۇممەت قىلدۇق. ئىسلام ئۇممىتى ئومۇمىي ئەقىدىلىرىدە مادارا بىلەن روھنىڭ تەڭپۇڭلىقىنى ساقلايدىغان، شەخسلەر ۋە كوللىكتىپقا مۇئامىلە قىلىشتا ئوتتۇراھاللىقنى تۇتقا قىلىدىغان ئېسىل ئۇممەتتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ ئۇممەتنى: «سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر»دەپ ماختىغان.(ئال ئىمران سۈرىسى 110 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئى مۇھەممەد! قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىش مەسىلىسى كىشىلەر ئۈچۈن بىر چوڭ ئىمتىھان ئورنىدا بولىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئاللاھ ھىدايەت تېپىشنى خالىغان كىشىلەر ھىدايەت تاپىدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىمانى كۈچلىنىدۇ. ھىدايەتتىن نېسىۋىسى بولمىغانلار بۇ ئاجايىب چوڭ ئۆزگىرىشتىن ھەيرانلىق ھېس قىلغانلىقتىن بۇ ئىشنى ئىنكار قىلىدۇ. نەتىجىدە ئازغۇنلاردىن بولىدۇ. بۇ مەسىلە باشقىلار ئۈچۈن ئېغىر تۇيۇلسىمۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەجەبلىنەرلىك ئىش سانالمايدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە: قىبلە ئۆزگەرگەندىن كېيىن بەزى كىشىلەر: «ئەگەر قىبلە كەبىگە ئۆزگەرتىلىشتىن بۇرۇن بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇپ ئۆتكەن ئاتىلىرىمىزنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئوقۇغان نامازلىرى ۋە ئىمانىغا قانداق باھا بېرىمىز؟» دەپ سوراشقاندا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ: ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى ۋە ئىسلامغا بولغان مۇستەھكەملىكىڭلارنى زايا قىلىۋەتمەيدۇ. نەتىجىدە، نامىزىڭلارنى ۋە ۋە باشقىمۇ ئىبادەتلىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ كىشىلەرگە ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر، دېگەن.

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - ئىسلام شەرىئىتىدە بۇرۇنقى ھۆكۈملەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا يېڭى ھۆكۈملەرنىڭ بەلگىلىنىشى ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئاۋۋالقىسى «مەنسۇخ ـــ (ئەمەلدىن قالغۇچى)»، كېيىنكىسى «ناسىخ ـــ ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى)» دەپ ئاتىلىدۇ.

2 - مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالا بۇيرىغان قانداقلا ئەمر - پەرمانلارنى ئۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلماستىن قوبۇل قىلىشى تەلەب قىلىنىدۇ.

3 - ھەر زامان ۋە ھەر جايلاردا كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان پىتنە - پاساتچىلار باردۇر. كۇففارلارنىڭ ئورتاق مەقسىتى ئىسلام دىنىدىن بىرەر شۈبھە تېپىپ مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭدىن ئازدۇرۇشتۇر.

4 ـ ئىسلام مىللىتى ھەر ئىشتا ئوتتۇراھاللىقنى ئۆلچەم قىلىدىغان، شەرىئەت دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلاردا چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىش ياكى بىپەرۋالىق قىلىشتىن يىراق بولغان ئەڭ ئۆلگىلىك ئۇممەتتۇر.

5 ـ قىبلىنى تاپالمىغاندا، ئۆز ئىجتىھادى (تىرىشچانلىقى) بىلەن ئىزدىنىپ، ئۆزى «قىبلە» دەپ قانائەت قىلغان تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ئوقۇغان نامىزى دۇرۇستۇر.

قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى

**قَدْ نَرَى تَقَلُّبَ وَجْهِكَ فِي السَّمَاء فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبْلَةً تَرْضَاهَا فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَحَيْثُ مَا كُنتُمْ فَوَلُّواْ وُجُوِهَكُمْ شَطْرَهُ وَإِنَّ الَّذِينَ أُوْتُواْ الْكِتَابَ لَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ الْحَقُّ مِن رَّبِّهِمْ وَمَا اللّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا يَعْمَلُونَ {144} وَلَئِنْ أَتَيْتَ الَّذِينَ أُوْتُواْ الْكِتَابَ بِكُلِّ آيَةٍ مَّا تَبِعُواْ قِبْلَتَكَ وَمَا أَنتَ بِتَابِعٍ قِبْلَتَهُمْ وَمَا بَعْضُهُم بِتَابِعٍ قِبْلَةَ بَعْضٍ وَلَئِنِ اتَّبَعْتَ أَهْوَاءهُم مِّن بَعْدِ مَا جَاءكَ مِنَ الْعِلْمِ إِنَّكَ إِذَاً لَّمِنَ الظَّالِمِينَ {145} الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَعْرِفُونَهُ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَاءهُمْ وَإِنَّ فَرِيقاً مِّنْهُمْ لَيَكْتُمُونَ الْحَقَّ وَهُمْ يَعْلَمُونَ {146} الْحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَلاَ تَكُونَنَّ مِنَ الْمُمْتَرِينَ {147}**

تەرجىمىسى: بىز سېنىڭ كەبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ قايتا ـ قايتا ئاسمانغا قارىۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. نامازدا يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن. ئى مۆمىنلەر! قەيەردە بولماڭلار نامازدا يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار. ھەقىقەتەن يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلار قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرتىلىشىنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن غاپىل ئەمەس(144). ئەھلى كىتابقا بارچە دەلىلنى كەلتۈرسەڭمۇ، ئۇلار سېنىڭ قىبلەڭگە بويسۇنمايدۇ، سەنمۇ ئۇلارنىڭ قىبلىسىگە بويسۇنمايسەن؛ يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلار ھەم ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ قىبلىسىگە بويسۇنمايدۇ. ساڭا ۋەھىي كەلگەندىن كېيىن، مۇبادا ئۇلارنىڭ خاھىشىغا بويسۇنساڭ، ئۇ چاغدا سەن چوقۇم ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلاردىن بولىسەن(145). يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ(146). ھەقىقەت ئاللاھ تەرىپىدىنلا كەلگەندۇر. بۇنىڭغا ھەرگىز شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغىن(147).

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىبلىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەستىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسى بولغان كەبىگە ئۆزگەرتىلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى ۋە پات ـ پات ئاسمانغا قاراپ ئاللاھ تائالادىن قىبلە توغرۇلۇق بىرەر ۋەھىي كېلىشىنى كۈتەتتى. ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىنىڭ قىبلە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق

قىلغانلىق سانالمايتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساپ روھى بىلەن چىن ئىمانى ئۇنى ئۆزى ياخشىلىق دەپ گۇمان قىلغان ۋە ئۇنى قىلسا ئاللاھ رازى بولىدىغانلىقى ۋە مۇكاپاتلايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھەرقانداق بىر ئىشقا ئۈندەيتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇنى: «سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز» دېگەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ياخشىلىقنىلا ياقتۇراتتى.

ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىكىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا قىلغان ۋەدىسى بىلەن كەبىگە يۈز كەلتۈرۈشكە بۇيرىغان ئەمرى ئىككىسىنى بىرگە كەلتۈرگەنلىكى كەبىنىڭ قىبلىگە ئۆزگەرتىلىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىپى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلاھىي ھېكمەت تەقەززا قىلغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىئانلارنىڭ قىبلىسى بولغان بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئۇلارغا ماسلىشىپ كۆردى. لېكىن ئۇلار ھەقىقەتنى تولۇق بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىشتى. ھەتتا ئۇلار: «مۇھەممەد بىزنىڭ قىبلىمىزگە يۈز كەلتۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ بىزگە ئەگىشىدۇ» دەپ ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى قىبلىنى كەبىگە ئۆزگەرتىشنى تەقەززا قىلدى. چۈنكى كەبە پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسى ئىدى. قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرتىلىشىدە ئەرەبلەرنى ئىسلامغا ئەگەشتۈرۈش ئۈچۈن پۇرسەت بار ئىدى. چۈنكى ئەرەبلەر ئۆزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىمىز دەپ دەۋا قىلاتتى.

ئاللاھ تائالا شۇنىڭ بىلەن قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ۋەھيي ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەم پۈتۈن ئىسلام مىللىتىنىڭ كەبىگە قاراپ ناماز ئوقۇشلىرىنى بۇيرۇيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىئانلار ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن بارچە دەلىل - ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويغاندىمۇ ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىغا ۋە قىبلىسىگە ئەگەشمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارىسىدىمۇ بىر - بىرىنىڭ قىبلىسىگە ئەگەشمەيدىغانلىقىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ خاھىشلىرىغا بويسۇنۇشى قاتتىق ئاسىيلىق سانىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە يەنە يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىئانلار توغرىسىدىكى بايانغا داۋام قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشىلىق كۆرسىتىشى مۇشرىك ئەرەبلەرگە ئوخشاش ھەقىقەتنى تونۇماسلىقتىن ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن باش تارتىش ئۈچۈن ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ تەۋرات بىلەن ئىنجىلدىكى سۈپەتلىرى ئارقىلىق ئۆز ئوغۇللىرىنى

تونۇغاندەك تونۇيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەمىشە ھەقىقەتنى ئاۋام خەلقتىن يوشۇرىدىغانلىقىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قىبلىنى كەبىگە ئۆزگەرتكەنلىكتىن ئىبارەت ھېكمەتلىك ئىشىغا شەك كەلتۈرمەسلىكى، يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ پىتنە - پاساتلىرىغا ۋە ھەرخىل قۇتراتقۇلۇقلىرىغا ئالدانماسلىقى لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

## يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1. نامازدا كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈش پەرزدۇر. كەبىنىڭ يېقىنىدىكىلەر كەبىنىڭ ئۆزىگە قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ، يىراقتىكىلەر كەبە تەرەپكە قاراپ ئوقۇيدۇ.

2. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەقىقەتنى يوشۇرىدۇ ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى ھەر قاچان ئاخىرەتلىكتىن ئەۋزەل كۆرىدۇ.

3. مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا دىندىكىلەرگە ئەگىشىشى قەتئىي خاتادۇر.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى.

## قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

**وَلِكُلٍّ وِجْهَةٌ هُوَ مُوَلِّيهَا فَاسْتَبِقُواْ الْخَيْرَاتِ أَيْنَ مَا تَكُونُواْ يَأْتِ بِكُمُ اللّهُ جَمِيعاً إِنَّ اللّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ {148} وَمِنْ حَيْثُ خَرَجْتَ فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَإِنَّهُ لَلْحَقُّ مِن رَّبِّكَ وَمَا اللّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ {149} وَمِنْ حَيْثُ خَرَجْتَ فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَحَيْثُ مَا كُنتُمْ فَوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ شَطْرَهُ لِئَلاَّ يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَيْكُمْ حُجَّةٌ إِلاَّ الَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنْهُمْ فَلاَ تَخْشَوْهُمْ وَاخْشَوْنِي وَلأُتِمَّ نِعْمَتِي عَلَيْكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ {150} كَمَا أَرْسَلْنَا فِيكُمْ رَسُولاً مِّنكُمْ يَتْلُو عَلَيْكُمْ آيَاتِنَا وَيُزَكِّيكُمْ وَيُعَلِّمُكُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُعَلِّمُكُم مَّا لَمْ تَكُونُواْ تَعْلَمُونَ {151} فَاذْكُرُونِي أَذْكُرْكُمْ وَاشْكُرُواْ لِي وَلاَ تَكْفُرُونِ {152}**

تەرجىمىسى: ھەر ئۈممەتنىڭ يۈز كەلتۈرىدىغان قىبلىسى بار، ئى مۆمىنلەر ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار، قەيەردە بولماڭلار قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ھەممىڭلارنى ھېساب ئۈچۈن يىغىدۇ، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر(148). قەيەردىن سەپەرگە چىقمىغىن نامىزىڭدا يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن؛ بۇ، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر(149). يەھۇدىيلار بىلەن مۇشرىكلارغا سىلەرگە قارشى دەلىل - ئىسپات بولماسلىقى ئۈچۈن ئى مۇھەممەد! سەپەر قىلىشقا قەيەردىن چىقمىغىن، نامىزىڭدا يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە

قىلغىن. ئى مۆمىنلەر! سىلەرمۇ قەيەردە بولماڭلار، نامىزىڭلاردا يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار. پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلارلا قىبلىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى سىلەرگە قارشى دەلىل قىلىۋالىدۇ، زالىملاردىن قورقماڭلار، مېنىڭ ئەمرىمنى بەجا كەلتۈرۈش بىلەن مېنىڭدىن قورقۇڭلار. قىبلىنى ئۆزگەرتىشكە ئەمر قىلىشىم سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزۈشۈم ئۈچۈن ۋە توغرا يولدا بولۇشۇڭلار ئۈچۈندۇر(150). شۇنىڭدەك ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى مۇشرىكلىق ۋە گۇناھلاردىن پاك قىلىدىغان، سىلەرگە قۇرئاننى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگىنىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق(151). مېنى تائەت - ئىبادەت بىلەن ياد ئېتىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار مەنمۇ سىلەرنى ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت بىلەن ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار(152).

## يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ھەر قانداق بىر دىنىنىڭ ئۆزىگە خاس قىبلىسى بولىدۇ، ئەگەشكۈچىلىرى ئىبادەت ۋە دۇئالاردا شۇ مەخسۇس قىبلىگە يۈز كەلتۈرىدۇ. قىبلە قايسى تەرەپتە بولمىسۇن مۇھىم بولغىنى دىندارلارنىڭ ئىخلاسى ۋە ساداقىتىدۇر. ئاللاھ تائالا قايسى تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشنى بۇيرىسا شۇ تەرەپكە يۈزلىنىش لازىم كېلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە ھەممە جاي ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئۇ پۈتۈن يەر يۈزىنىڭ يېگانە ئىگىسى ۋە پادىشاھىدۇر. ئىنسانلا قەيەردە بولمىسۇن ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنى بىر يەرگە توپلايدۇ ۋە بۇ دۇنيادىكى بارلىق ياخشى - يامان ئەمەللىرىدىن تەپسىلى ھېساب ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا ئەلۋەتتە قادىردۇر. بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنىگە ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە ۋە قاتتىق تەھدىد باردۇر.

بىراق قىبلە دىنىنىڭ ئاساسىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. دىنىنىڭ ئاساسى ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەرىشتىلىرىگە، ياخشىلىق - يامانلىق ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان پەرزلەردۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، قىبلە مەسىلىسىدە تالاش - تارتىش قىلىش ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئىشى ئەمەس. مۇھىم بولغىنى ياخشى ئەمەللەرنى كۆپرەك قىلىشقا ئالدىراشتۇر. شۇڭىمۇ ئاللاھ تائالا يوقىرىقى ئايەتلەردە ھەر ئۈممەتنىڭ يۈز كەلتۈرىدىغان قىبلىسى بار ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىنلا، مۇسۇلمانلارنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراشقا چاقىرغان. چۈنكى مۇھىم بولغىنى شۇ. ئاخىرەت كۈنىدە ئەسقاتىدىغىنى پەقەت ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەردۇر.

قىبلىنىڭ پەلەستىندىكى بەيتۇلمۇقەددەستىن مەككىدىكى كەبىگە ئۆزگەرگەنلىكى مەلۇم بىرەر ۋاقىتقا مەخسۇس ئەمەسلىكى ۋە بۇ ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كەسكىن ئەمرى بىلەن ئىشقا ئاشقانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە مۆمىنلەرنىڭ

نامازلىرىدا يۈزىنى كەبە تەرەپكە قىلىشنى ئۈچ قېتىم قايتىلاپ بۇيرىغان. ئاۋۋالقى بۇيرۇقتا ئەھلى كىتابنىڭ بۇ ئىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن بولسا، ئىككىنچى بۇيرۇقتا بۇ ئىشنىڭ ئاللاھتىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. ئۈچىنچى بۇيرۇقتا بولسا، قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنىڭ ھېكمىتى بايان قىلىنغان.

بىرىنچى ھېكمەت: ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىقى ئايەتتىكى «يەھۇدىيلار بىلەن مۇشرىك ئەرەبلەرگە سىلەرگە قارشى دەلىل بولماسلىقى ئۈچۈن يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار» دېگەن سۆزى شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى تەۋراتنىڭ بېشارىتى بىلەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ قىبلىسى مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەم يەنى كەبە بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭىمۇ ئۇلار ھەمىشە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ: «ئۇ بىزنىڭ دىنىمىزغا ئەگەشمەيدۇ، ئەمما قىبلىمىزگە ئەگىشىدۇ»دەيتتى. ئەرەب مۇشرىكلىرى بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى قايتىدىن تىرىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مەككىدىكى كەبىگە يۈز كەلتۈرىدىغانلىقىنى سۆزلەيتتى. شۇڭىمۇ ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەققىدىكى شۈبھىسى چوڭ ئىدى. قىبلىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەستىن كەبىگە ئۆزگەرگەنلىكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىسلام دىنىغا تەنە قىلىش يولىنى تاقىغان بولاتتى. ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتى بىلەن قىبلىنى كەبىگە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ ماۋزۇدا سۆز - چۆچەك تارقىتىشلىرىغا خاتىمە بەردى. شۇڭا بۇ ئىش ھېكمەتلىك ئىش دەپ سۈپەتلەنگەن. دۈشمەنلەرنىڭ پىتنە - پاسات تېرىش ئۈچۈن دەلىل - ئىسپات كەلتۈرۈش يولى تاقالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پىتنىسىدىن قورقۇشقا ئورۇن قالمىغان بولدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى كۇففارلاردىن ئەمەس، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىدىنلا قورقۇشقا بۇيرىغان.

ئىككىنچى ھېكمەت: ئاللاھ تائالا قىبلىنىڭ ئۆزگەرگەنلىك مەسىلىسىنى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلغان نېمىتىنى تولۇقلاش ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ چوڭ نېمەت ئىدى. چۈنكى ئەرەبلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەردىن چىقتى. ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن قۇرئان كەرىممۇ ئەرەب تىلىدا چۈشۈرۈلدى. لېكىن ئۇ يالغۇز ئەرەبلەرنىڭلا پەيغەمبىرى ئەمەس. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرئاندىكى: «يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغىن» دېگەن ئىسلام دىنىنىڭ مەككىدىكى ئاۋۋالقى چاغلىرىدا چۈشكەن بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە، ئۆز قەۋمىنى ئەڭ ئاۋۋال ئىسلامغا كىرگۈزۈش، ئاندىن شۇلارنىڭ ھىممەتلىرى ئارقىلىق بۇ دىننى يەر يۈزىگە ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىرادىسى بىلەن ھەمىشە ئۆز قەۋمىنىڭ ھىدايىتىنى تىلەيتتى. قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرگەنلىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارزۇلىرى گۈل ئاچىدىغان، كۆزلىگەنلىرى ئەمەلگە ئاشىدىغان

ياخشى بىر پۇرسەت ئىدى. چۈنكى ئەرەب مۇشرىكلىرى ئەزەلدىن كەبىنى ئۇلۇغلايتتى ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلاتتى.

ئۈچىنچى ھېكمەت: مۆمىنلەر ھەقىقەتتە سابىت قەدەم تۇرۇپ داۋام قىلىشى ۋە مۇخالىپەتچىلىك ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىدىن بىرىنى «توغرا يولدا بولۇشۇڭلار ئۈچۈن»دەپ تەبىرلىگەن.

ئاخىرقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئونۇتماسلىق ۋە شۇ نېمەتنىڭ شۈكرانىسىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇنى كۆپ ياد ئېتىشكە چاقىرغان.

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - توغرا يولغا ئەگىشىشنى خالىمىغانلار بىلەن مۇنازىرىلىشىشنىڭ پايدىسى يوقتۇر.

2 - نامازدا قىبلىگە قاراش پەرزدۇر. ئۆزۈرسىز ھالدا قىبلىگە قارىماي ئوقۇغان ناماز مەقبۇل ئەمەس. قاتناش قۇراللىرى ئۈستىدە بولغاندا قاتناشنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ نەپلى نامازلارنى ئوقۇشقا بولىدۇ. بەزى ھەزھەبلەرگە كۆرە، بۇنداق ئۆزۈرلۈك ھاللاردا پەرز نامازلارنىمۇ شۇنداق ئوقۇشقا بولىدۇ.

3 - كىشىلەرنىڭ دەلىلسىز پىتنە - پاساتلىرىدىن قورقماسلىق، ھەر ئىشتا ئاللاھتىنلا قورقۇش كېرەك.

4 - ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق نېمەتلىرى شۈكۈر قىلىشنى لازىم قىلىدۇ.

5 - ئاللاھ تائالانى ھەمىشە ياد قىلىش زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالانى ياد قىلىش ئاغزاكى زىكىرلەر بىلەنلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئاجىزلارغا ياردەم قىلىش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش ۋە باشقىمۇ ياخشى ئىشلار ئاللاھ تائالانى ياد قىلىشقا ياتىدۇ.

## سەبىر قىلغۇچىلار ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلار

**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اسْتَعِينُواْ بِالصَّبْرِ وَالصَّلاَةِ إِنَّ اللّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ** {153} **وَلاَ تَقُولُواْ لِمَنْ يُقْتَلُ فِي سَبيلِ اللّهِ أَمْوَاتٌ بَلْ أَحْيَاء وَلَكِن لاَّ تَشْعُرُونَ** {154} **وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ بِشَيْءٍ مِّنَ الْخَوفْ وَالْجُوعِ وَنَقْصٍ مِّنَ الأَمَوَالِ وَالأنفُسِ وَالثَّمَرَاتِ وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ** {155} **الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُم مُّصِيبَةٌ قَالُواْ إِنَّا لِلّهِ وَإِنَّـا إِلَيْهِ رَاجِعونَ** {156} **أُولَـئِكَ عَلَيْهِمْ صَلَوَاتٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَرَحْمَةٌ وَأُولَـئِكَ هُمُ الْمُهْتَدُونَ** {157}.

تەرجىمىسى: ئى مۆمىنلەر! سەبىر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سەبىر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر(153). ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىدلەرنى ئۆلۈك دېمەڭلار، بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر، لېكىن سىلەر بۇنى سەزمەيسىلەر(154).

بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. بېشىغا كەلگەن زىيان ـ زەخمەتلەرگە سەبىر قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن(155). ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز»دەيدۇ(156). ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر(157).

## يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش يولىدا بېشىغا كېلىدىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەر، ئازارلار ۋە توسقۇنلۇقلارنى ئالدىن بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى سەبىرچانلىق ۋە ناماز بىلەن تەربىيىلىنىشكە چاقىرىدۇ. چۈنكى سەبىرچانلىق كىشىگە ياخشى نەتىجىلەرنى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغان بىر چارە بولسا، ناماز كىشىنىڭ روھىي مەنىۋىيىتىنى ئۆستۈرىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشتۈرىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. چۈنكى مۇسۇلمان كىشى ناماز مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر كۈنى ئاز دېگەندە بەش قېتىم ئاللاھ تائالانىڭ مۇلاقاتىغا ئېرىشىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىرادىسىنى تاۋلايدۇ ۋە ئۆزىنى چىداملىق قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ سەبىر قىلغۇچىلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. بۇ دېگەنلىك ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتى سەبىر قىلغۇچىلارغا خاس دېگەنلىكتۇر. ناماز ئىرادىنى تاۋلايدىغان، گۇناھ ـ مەسىيەتلەردىن توسىدىغان بىر ئىبادەت بولغىنىنىڭ سىرتىدا، ئۇ غەم ـ قايغۇلارنى يېڭىشنىڭ بىر چارىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بىرەر ئىشتا قايغۇرسا ياكى بىرەر مۇشكىلات يۈزبەردىن بېشى قاتسا ھامان ناماز ئوقۇيتتى. ھەتتا ئۇ بىر ھەدىسىدە: «ناماز — كۆڭلۈمنىڭ راھىتى قىلىندى»دېگەن. سەبىر بابىدىمۇ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ھاياتى ۋە بالا ـ قازاغا قارشى مەۋقەسى بىزگە ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر. ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ۋاپات بولغان كۈنى، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە بولغان تولۇق رازىمەنلىكى بىلەن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ: «كۆزلەر ياش ئاققۇزماقتا، يۈرەكلەر ئېزىلمەكتە، لېكىن بىز پەرۋەردىگارىمىز رازى بولىدىغان سۆزنىلا قىلىمىز. ئى ئىبراھىم سېنىڭدىن ئايرىلغىنىمىز ئۈچۈن بىز بەكمۇ قايغۇردۇق» دېگەن. مانابۇ، سەبىرنىڭ كامالىتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە بولغان رازىمەنلىكنىڭ بىردىنبىر ئۈلگىسىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى مۇداپىئە قىلىش يولىدا، كۇففارلار بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىد بولغانلار گەرچە بۇ دۇنيادىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ يېنىدا ھاياتتۇر. ئۇلار باشقا ئۆلۈكلەرگە ئوخشاش

بۇدۇنيا بىلەن خوشلاشقان بولسىمۇ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئۆلۈك ئەمەستۇر. قىيامەت كۈنى بارچە ئۆلۈكلەر ياتقان يېرىدىن تىرىلىپ قوپسا، شېھىدلار نېمەتلىنىۋاتقان جايىدىن تۇرىدۇ. شېھىدلار ھەر زامان ھاياتتۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ بەرزەختىكى ھاياتىنى (يەنى بۇ دۇنيا ھاياتى بىلەن ئاخىرەت ئالىمى ئوتتۇرىسىدىكى ھاياتلىقتا تىرىك ئىكەنلىكىنى) ئىنسانلار ھېس قىلمايدۇ. شېھىدلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە قېنى ئېقىپ تۇرغان ۋە خۇش پۇراق پۇرىغان ھالدا قوپىدىغانلىقى ھەققىدە ھەدىسلەر بار. شۇڭا شېھىدلار يۇيۇلماستىن ئۆز قېنى بىلەن دەپنە قىلىنىدۇ. ئافغانىستان، چېچەنىستان، پەلەستىن ۋە باشقىمۇ جايلاردا شېھىد بولغانلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ھېچ ئۆزگەرمىگەنلىكى، تىرناقلىرى بىلەن ساقاللىرىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكى ۋە قانلىرىنىڭ ھازىر ئاققان قاندەك يالتىراپ تۇرغانلىقى ھەققىدە ئاڭلىغان ئىشەنچلىك خەۋەرلىرىمىزمۇ شېھىدلارنىڭ ئادەتتىكى ئۆلۈكلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

مۇسۇلمان كىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەر قانداق كۆڭۈلسىزلىك، ھەر قانداق بالا ـ قازا، ھەر قانداق غەم ـ قايغۇ ۋە ھەر قانداق زىيان ـ زەخمەت پەقەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر. بۇ سىناقلار ئارقىسىدا چوقۇم چوڭ ئەجىرلەر ۋە ساۋابلار باردۇر. ئاللاھ تائالا بۇلار ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلايدۇ ۋە ئۇلارنى چىدام ۋە پىداكۆرلۇق بىلەن يېتىشتۈرىدۇ. ئاخىرى ئۇلار باشلىرىغا كەلگەن ھەرقانداق بالا ـ قازا ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر ئالدىدا تەۋرەنمەيدىغان، بەلكى «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» يەنى بۇ جاپالىرىمىزنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا چوقۇم كۆرىمىز، دەيدىغان تۆكامۇللۇقا يەتكۈزىدۇ. مۇسۇلمان كىشى ئىماندا ۋە ئىمانىي تەربىيىدە شۇنداق كامالىغا يەتكەن چېغىدا، ئۇ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە، مەغپىرىتىگە ئېرىشىدۇ ھەمدە ھىدايەتنى تولۇقى بىلەن تاپقانلاردىن بولىدۇ.

### يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1. باشقا كەلگەن بالا ـ قازالار ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە سەبىر قىلىش بىلەن بىرگە، نامازغا داۋام قىلىش بىلەن مەنىۋى قۇۋۋەت ھاسىل قىلىش ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ مۇشكىلاتلىرىغا تاقابىل تۇرۇش توغرا يول تاپقان مۇسۇلمان كىشىنىڭ خىسلىتىدۇر.

2. شېھىدلارنىڭ دەرىجىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا باشقا ھەر قانداق مۇسۇلمانىنىڭكىدىن ئالاھىدە يوقىرى بولىدۇ. ئۇلار ئۆلۈك سانالمايدۇ.

3. مۇسۇلمان كىشى ھەرتۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەتلەر ۋە قىيىنچىلىقلار بىلەن سىنىلىشى ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

4. مۇسەببەتتە «بىز ئاللاھ تائالانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا تەسەللى بېرىشنىڭ پەزىلىتى كۆپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «قانداقلا بىر مۇسۇلمان كىشى مۇسىبەتكە يولۇققىنىدا: "بىز ئاللاھ تائالانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ مۇسىبىتىم ئۈچۈن ماڭا ئەجىر بەرگەيسەن، بۇنىڭ بەدىلىگە ماڭا ياخشىلىق ئاتا قىلغايسەن" دەپ دۇئا قىلسا، ئاللاھ تائالا چوقۇم ئۇنىڭ سورىغىنىنى بېرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ھەجنىڭ بەزى ئەھكاملىرى ۋە ھەقىقەتنى يوشۇرغانلىقنىڭ جازاسى

**إِن الصفَا وَالْمَرْوَةَ مِن شَعَآئِرِ اللّهِ فَمَنْ حَج الْبَيْتَ أَوِ اعْتَمَرَ فَلاَ جُنَاحَ عَلَيْهِ أَن يَطوفَ بِهِمَا وَمَن تَطَوعَ خَيْراً فَإِن اللّهَ شَاكِرٌ عَلِيمٌ {158} إِن الذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنزَلْنَا مِنَ الْبَينَاتِ وَالْهُدَى مِن بَعْدِ مَا بَيناهُ لِلناسِ فِي الْكِتَابِ أُولَـئِكَ يَلعَنُهُمُ اللّهُ وَيَلْعَنُهُمُ اللاعِنُونَ {159} إِلا الذِينَ تَابُواْ وَأَصْلَحُواْ وَبَينُواْ فَأُوْلَـئِكَ أَتُوبُ عَلَيْهِمْ وَأَنَا التوابُ الرحِيمُ {160} إِن الذِينَ كَفَرُوا وَمَاتُوا وَهُمْ كُفارٌ أُولَئِكَ عَلَيْهِمْ لَعْنَةُ اللّهِ وَالْمَلآئِكَةِ وَالناسِ أَجْمَعِينَ {161} خَالِدِينَ فِيهَا لاَ يُخَففُ عَنْهُمُ الْعَذَابُ وَلاَ هُمْ يُنظَرُونَ {162}.**

تەرجىمىسى: سافا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ ۋەقەسى يوقتۇر. كىمكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرەر ياخشىلىق قىلىدىكەن ئاللاھ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى چوقۇم بېرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن شۈكۈرنىڭ مۇكاپاتىنى بەرگۈچىدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر(158). بىز تەۋراتتا كىشىلەرگە توغرا يولنى بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز چۈشۈرگەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ؛ پەرىشتىلەر بىلەن مۆمىنلەردىن ئىبارەت لەنەت قىلغۇچىلارمۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ(159). پەقەت تەۋبە قىلغانلار، ئەمەلىنى تۈزەتكەنلەر، يەھۇدىيلارنىڭ تەۋرات ئەھكاملىرىدىن يوشۇرغانلىرىنى بايان قىلغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن، مەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىمەن. ناھايىتى مېھرىبانمەن(160). شۈبھىسىزكى، كاپىر بولۇپ، كاپىر پېتى ئۆلگەنلەر بار، ئەنە شۇلار چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ(161). ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب كېچىكتۈرۈلمەيدۇ(162).

بۇ ئايەتلەرنىڭ يۇقىرىقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

قۇرئان كەرىم يوقىرىدا ئۆتكەن ئايەتلەردە، قىبلىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكى توغرىسىدا يەھۇدىيلار بىلەن مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ پىتنە ـ ئىغۋالىرى، ئۇلارغا قارشى سەبىرچانلىق ھەم نامازغا داۋام قىلىش بىلەن كۈچلىنىش، ۋاقتى كەلسە جىھاد قىلىشنىڭ كېرەكلىكى، جىھادتا شېھىد بولغانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى يوقىرى مەرتىۋىلىرى ۋە قىبلىنىڭ مەككىدىكى كەبىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنىڭ ھېكمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايانلارنى سۆزلىگەندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە، مەزكۇر كەبىنى تاۋاپ قىلىپ ھەج ۋە ئۆمرە پائالىيەتلىرىنى قىلىشنىڭ بەزى ئەھكاملىرىنى قىسقىچە بايان قىلىدۇ.

## يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبى

ئىمام بۇخارىي ئاسىم ئىبنى سۇلەيماندىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: بەزى كىشىلەر سافا بىلەن مەرۋە توغرۇلۇق سورىشىپ، «بىز سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيي قىلىشنى ئىسلامدىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە ئائىت ئىشلار دەپ بىلەتتۇق. چۈنكى ئۇ زامانلاردا مەزكۇر ئىككى ئورۇندا «ئەساف» ۋە «نائىلە» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى بۇت بار ئىدى، كىشىلەر بۇ ئىككى بۇتقا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى ۋە ئۇلارنى يۈزلىرىگە سۈرەتتى. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، بىز بۇ ئىشلارنى تەرك ئەتتۇق» دېيىشكەندە، ئاللاھ تائالا يوقىرىقى ئايەتلەرنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سوئاللىرىنى جاۋابلاندۇرغان.

## يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

سافا بىلەن مەرۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر ئالامەتتۇر. ھەج ياكى ئۆمرە ئۈچۈن مەسجىدى ھەرەمگە ھازىر بولغان كىشىلەرنىڭ سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيي قىلىشى گۇناھ ئەمەس، بەلكى ساۋابلىق ئىش. چۈنكى ۋەزىيەت بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدىن پەرقلىق بولۇپ، مەككە ئازات بولغان كۈنىدىلا كەبىدىكى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق بۇتلار چېقىپ تاشلانغان، بۇرۇنقىلار بۇ ئورۇنلاردىكى مەزكۇر ئىككى بۇت يۈزىسىدىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئايلانغان بولسا، مۇسۇلمانلار بۇ ئىككى ئورۇننى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر ئالامەت دەپ ئېتىقاد قىلغان ۋە ئاللاھ تائالادىن ساۋاب كۈتكەن ھالدا سەئيي قىلىدۇ. ئاللاھ يولىدا بىرەر ياخشى ئىشنى قىلىشقا بەل باغلىغان كىشىگە قىلغان ئىختىيارى ياخشى ئەمەلى ئۈچۈن كۆپ ساۋاب بېرىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا ئەڭ ياخشى مۇپاكات بېرىدىغان زاتتۇر.

كېيىنكى ئايەتلەردە قۇرئان كەرىم يەھۇدىيلار ئۈستىدە قايتا توختىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن ئەھكاملارنى كىشىلەردىن يوشۇرىدىغانلارنىڭ جازاسى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىشى بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن بۇرۇن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قايتىدىن

تىرىلدۈرىدىغان ۋە بۇتلارنى چېقىپ تاشلاپ مۇشرىكلىككە خاتىمە بېرىدىغان بىر ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى قولىدىكى تەۋراتتىن ئۆگىنىپ ھەمىشە دېگۈدەك سۆزلەيتتى، ھەتتا بۇ پەيغەمبەرنىڭ تېزرەك كېلىشىنى، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەرەب مۇشرىكلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىشاتتى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇتقان پوزىتسىيىسى سۆزلىگەنلىرىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولدى. ئۇلار بۇرۇن ئۆزلىرى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى توغرۇلۇق ھەدەپ سۆزلەپ كەلگەن بېشارەتلىرىنى ئەمدى يوققا چىقارغانىدى. تەۋراتنىڭ مەزكۇر بېشارەتلىرىنى كىشىلەردىن يوشۇردى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە مۆمىنلەرنىڭ لەنىتى ھەقلىق بولدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەقىقەتپەرۋەرلەر ۋە قىلمىشلىرىغا تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى كەڭدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنى ياقتۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى دەرىجىلىرىنى كۆتۈرىدۇ. ئەمما كۇفرىلىقتا داۋام قىلغۇچىلار ۋە ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قولاق سالمىغۇچىلار ئۈچۈن ئاخىرەتنىڭ ئازابى دەھشەتلىك بولىدۇ. ئازاب ئۇلاردىن يەڭگىللىتىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقىدا ئۆلگەن ئىكەن، ئۇلارغا كەچۈرۈم يوقتۇر.

### يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 ـ ھەقىقەتنى يوشۇرۇشنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىردۇر. بۇ ئايەت يەھۇدىيلار ھەققىدە چۈشكەن بولسىمۇ، ھەقىقەتنى ياكى پايدىلىق ئىلىمنى ياكى گۇۋاھلىقنى يوشۇرغان ھەرقانداق ئادەم بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىغا لايىق بولىدۇ.

2 ـ ئۆزىنىڭ بىلمەسلىكى ياكى ھەقسىزلىكى سەۋەبتىن ئىشنى بۇزغانلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بۇزغانلىرىنى ئۆزلىرى تۈزىتىشى شەرتتۇر.

3 ـ كۇفرىلىق ھالىتى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ جايى دوزاختىن بولىدۇ. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

4 ـ كۇففارلارغا ۋە گۇناھكارلارغا لەنەت ئېيتىش جائىزدۇر.

5 ـ سافا بىلەن مەرۋىنى سەئيي قىلىش ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ ئىشلىرىدىن ئىكەنلىكىگە بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر. ئەمما سافا بىلەن مەرۋىنى سەئيي قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق ئىسلام فىقھشۇناسلىرى ئىختىلاپلاشقان: ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفىگە كۆرە، ۋاجىبتۇر. تەرك قىلغان كىشىنىڭ بىر قوي قان قىلىپ مەككىنىڭ پېقىرلىرىغا تارقىتىشى ۋاجىب بولىدۇ. ئىمام ئەھمەدكە كۆرە، سۈننەتتۇر. ئىمام شافىئىيگە كۆرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەئيي قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرنى سەئيي قىلىشقا بۇيرىدى» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن پەرزدۇر.

## ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى، ئۇنىڭ رەھمىتى ۋە شېرىكتىن پاكلىقى

**وَإِلَـهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ لاَّ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الرَّحْمَنُ الرَّحِيمُ {163} إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ**
**اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَالْفُلْكِ الَّتِي تَجْرِي فِي الْبَحْرِ بِمَا يَنفَعُ النَّاسَ وَمَا أَنزَلَ اللّهُ مِنَ السَّمَاءِ مِن مَّاءٍ فَأَحْيَا بِهِ**
**الأرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَبَثَّ فِيهَا مِن كُلِّ دَآبَّةٍ وَتَصْرِيفِ الرِّيَاحِ وَالسَّحَابِ الْمُسَخِّرِ بَيْنَ السَّمَاءِ وَالأَرْضِ لآيَاتٍ**
**لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ {164} وَمِنَ النَّاسِ مَن يَتَّخِذُ مِن دُونِ اللّهِ أَندَاداً يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ اللّهِ وَالَّذِينَ آمَنُواْ أَشَدُّ**
**حُبّاً لِّلّهِ وَلَوْ يَرَى الَّذِينَ ظَلَمُواْ إِذْ يَرَوْنَ الْعَذَابَ أَنَّ الْقُوَّةَ لِلّهِ جَمِيعاً وَأَنَّ اللّهَ شَدِيدُ الْعَذَابِ {165} إِذْ تَبَرَّأَ**
**الَّذِينَ اتُّبِعُواْ مِنَ الَّذِينَ اتَّبَعُواْ وَرَأَوُاْ الْعَذَابَ وَتَقَطَّعَتْ بِهِمُ الأَسْبَابُ {166} وَقَالَ الَّذِينَ اتَّبَعُواْ لَوْ أَنَّ لَنَا**
**كَرَّةً فَنَتَبَرَّأَ مِنْهُمْ كَمَا تَبَرَّؤُواْ مِنَّا كَذَلِكَ يُرِيهِمُ اللّهُ أَعْمَالَهُمْ حَسَرَاتٍ عَلَيْهِمْ وَمَا هُم بِخَارِجِينَ مِنَ النَّارِ**
**{167}.**

تەرجىمىسى: سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر؛ ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر(163). ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، ئاللاھ بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر باردۇر(164). بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن غەيرىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى مۆمىنلەرنىڭ ئاللاھنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ. مۇمىنلەر ئاللاھ تائالانى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر، زالىملار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان ئازابنى كۆرگەن چاغدا پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى (دۇنيادا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىگە زىيادە پۇشايمان قىلاتتى)(165). ئەينى ۋاقىتتا ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئۈزۈلىدۇ(166). ئەگەشكۈچىلەر: «كاشكى، بىزلەرگە دۇنياغا قايتىشقا پۇرسەت بولسا ئىدى، ئۇلار بىزدىن ئادا ـ جۇدا بولغاندەك بىزمۇ ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولاتتۇق» دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا يامان ئىشلىرىنىڭ ھەسرەت بولغانلىقىنى مۇشۇنداق كۆرسىتىدۇ، ئۇلار دوزاختىن چىقمايدۇ(167).

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، كۇففارلارنىڭ كۇفرىلىقى ۋە ھەقىقەتنى يوشۇرۇشتەك رەزىللىكلىرىنى سۆكۈپ، ئۇلارغا قىيامەتتە بولىدىغان ئازابلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق كۇفرىلىق ۋە ئازغۇنلۇق كېسەللىكلىرىنى داۋالاشنى مەقسەت قىلىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ تائالا بىردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا ھەقلىق بولغان ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر. چۈنكى ئۇ ئاسمانلار بىلەن زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە باشقۇرغۇچىسى، يامغۇرنىڭ ياغدۇرغۇچىسى، زېمىننى قۇرغاقچىلىكتىن ئۆلگەن ھالىتىدىن يامغۇر بىلەن تىرىلدۈرگۈچى، شاماللارنى ئۆزى خالىغان رەۋىشتە يۆنىلىشتۈرگۈچى ۋە مۇندىن باشقا كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئىگىسى، ئىدارە قىلغۇچىسى ۋە جىمى مەخلۇقاتقا رىزىق بەرگۈچى يەككە - يېگانە ئىلاھتۇر. يوقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز زاتىدا، بارلىق تەسەررۇپاتىدا يالغۇز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. يوقىرىقىلار ئەقىل ئىگىسى بولغانلار ئۈچۈن ئىبرەتلىك دەلىللەردۇر.»

كېيىنكى ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ، ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىغان بۇتلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغانلىقى ۋە ئۇلارغا خۇددى مۆمىنلەر ئاللاھقا ئىخلاس قىلغاندەك ئىخلاس قىلىدىغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئازابنىڭ قاتتىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، مۆمىنلەرنىڭ ئاللاھ تائالانى ھەممىدىن بەك سۆيىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەيدىغانلىقى، بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالاغا يۈلىنىدىغانلىقى ۋە پۈتۈن ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار سۈپەتلىرىنى بايان قىلىدۇ.

ئاندىن كۇففارلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ھالىنى، ئۇلار ئازابنى كۆرگەندە ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەقلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى، بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ بىلگىنىنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى، زالالەتكە ئەگىشىپ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان زالىملار بۇ دۇنيادا چوقۇنغان مەبۇدلىرىنىڭ ئۇلاردىن بىزار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ئۇلارنى قۇتۇلدۇرالمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىغا يەنە بىر قېتىم قايتىپ، مۇشۇنداق ئېھتىياجلىق كۈندە ئۇلارنى ئۆز بېشىغا تەرك ئېتىپ ئۇلارغا ياردەم قىلالمىغان ۋە ئۇلاردىن تانغان مەبۇدلىرىدىن تېنىپ ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالغۇسى كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. لېكىن شۇنداق بولۇش مۇمكىنمۇ؟ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ پۇشايمانلىرى بۇ كۈندە پايدىسىزدۇر. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈلۈك مەھكۇم بولۇپ، دوزاختىن قەتئىي چىقمايدۇ.

### يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 - ھەقىقىي ئىمان ئېتىقاد، ئىبادەت، سۆيگۈ ۋە باشقىمۇ ئەمەل - ئىبادەتلەردە ئاللاھ تائالانى بىر بىلىپ، بۇ ئەمەللەرنى ئۇنىڭغىلا مەخسۇس قىلمىغىچە ھەقلىققا چىقمايدۇ.

2 - ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق كائىنات ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

3 - ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئالامەتلەردىن پەقەت ئەقىل ئىگىلىرى بولغانلارلا پايدىلىنالايدۇ.

4 - مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇ ياقتۇرىدىغانلارنى سۆيۈش پەرزدۇر.

5 - ئاللاھ تائالانىڭ غەيرىنى ئاللاھ تائالانى سۆيگەندەك سۆيۈش شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان خەتەرلىك ئىشتۇر. شۇڭا بۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەك.

6 - قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۈچۈن بولغان ساداقەتتىن باشقا ھەرقانداق ساداقەت دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ.

7 - بارلىق چوقۇنۇلغۇچىلار قىيامەت كۈنىدە ئۆزلىرىنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىنى تونۇمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ.

## ھەل قىلغۇچ چارە

**يَا أَيُّهَا النَّاسُ كُلُواْ مِمَّا فِي الأَرْضِ حَلاَلاً طَيِّباً وَلاَ تَتَّبِعُواْ خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ {168} إِنَّمَا يَأْمُرُكُمْ بِالسُّوءِ وَالْفَحْشَاء وَأَن تَقُولُواْ عَلَى اللّهِ مَا لاَ تَعْلَمُونَ {169} وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ اتَّبِعُوا مَا أَنزَلَ اللّهُ قَالُواْ بَلْ نَتَّبِعُ مَا أَلْفَيْنَا عَلَيْهِ آبَاءَنَا أَوَلَوْ كَانَ آبَاؤُهُمْ لاَ يَعْقِلُونَ شَيْئاً وَلاَ يَهْتَدُونَ {170} وَمَثَلُ الَّذِينَ كَفَرُواْ كَمَثَلِ الَّذِي يَنْعِقُ بِمَا لاَ يَسْمَعُ إِلاَّ دُعَاء وَنِدَاء صُمٌّ بُكْمٌ عُمْيٌ فَهُمْ لاَ يَعْقِلُونَ {171} يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُلُواْ مِن طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ وَاشْكُرُواْ لِلّهِ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ {172} إِنَّمَا حَرَّمَ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةَ وَالدَّمَ وَلَحْمَ الْخِنزِيرِ وَمَا أُهِلَّ بِهِ لِغَيْرِ اللّهِ فَمَنِ اضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلاَ عَادٍ فَلا إِثْمَ عَلَيْهِ إِنَّ اللّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ {173}.**

تەرجىمىسى: ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال، پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى ئۇلار سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر(168). شەيتان ھەقىقەتەن يامانلىقلارغا، قەبىھ گۇناھلارغا ۋە ئاللاھ نامىدىن، يالغاندىن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ(169). ھەر قاچان مۇشرىكلارغا: «ئاللاھ چۈشۈرگەن قۇرئانغا ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار «ياق، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز» دېيىشىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟(170). كاپىرلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچى خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشنى ۋە نىدانىلا

ئاڭلايدىغان چاھارپايلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، كاپىرلار ھەقنى ئاڭلاشتىن گاستۇر، ھەقنى سۆزلەشتىن گاچىدۇر، ھەقنى كۆرۈشتىن كوردۇر، ئۇلار ۋەز - نەسىھەتنى چۈشەنمەيدۇ(171). ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا (يەنى ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار(172). ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، ئاللاھتىن غەيرىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى. كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجىسىزلىقتىن يوقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر(173).

### يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يوقىرىدا ئۆتكەن ئايەتلەردە، شېرىك بىلەن گۇناھ - مەسىيەتنىڭ يامانلىقى ۋە ئۇلارنى قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى دۇزاختا مەڭگۈ قېلىش بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ چەكسىز رەھمىتى ۋە كەڭ پەزلى بىلەن پۈتۈن ئىنسان ئەۋلادىغا شۇنداق نىدا قىلىدۇ: ئى ئىنسانلار! زېمىندىكى ئاللاھ تائالا ھالال قىلىپ بەرگەن، پاكلىقىدا ھېچبىر شۈبھە بولمىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ھەققىگە ئارىلىشىپ قالمىغان نەرسىلەردىن يەڭلار، ئىچىڭلار. دىن نامىدىن كېلىدىغان ۋە سىلەر ئەگەشكۈچىلەردىن ئالىدىغان مال – دۇنيادىن ۋازكېچىڭلار. چۈنكى ئۇنداق مال ھارام ۋە نىجىستۇر، ئۇنى يېيىش ھالال ئەمەستۇر.

بۇنىڭدا، يەھۇدى ۋە خىرىستىئانلاردىن بولغان كۆپىنچە دىن ئادەملىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مەنسەبلىرىدىن پايدىلىنىپ كىشىلەردىن ئېلىپ يەيدىغان پۇل – مالدىن ۋە يېراققا بارمايدىغان ۋاقىتلىق دىنىي ئەمەلدارلىقتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورققانلىقتىن ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ئىسلام دىنىغا ئەگەشمىگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، توغرا يول تېپىش بىلەن شەيتانغا ئەگىشىشنىڭ يېيىش – ئىچىش ئىشلىرىدىكى تەسىرى ۋە شەيتانلارنىڭ ئاللاھ تائالا ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام قىلىشتىكى تەسىرى بايان قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا يېيىشكە رۇخسەت قىلغان ھالال نەرسىلەرنى يېيىش ياخشى بولغاندەك، ئۇ مەنئىي قىلغان ھارام نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ئېغىر گۇناھتۇر ھەم تەن ساقلىقىغا زىيانلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى زىيانلىق نەرسىلەرنى يېيىشكە بۇيرىمايدۇ. ئۇ مەنئىي قىلغان نەرسىلەر كىشىلەرنىڭ تەن ساقلىقىغا ۋە دىنىغا زىيانلىق بولغانلىقتىن ھارام قىلىنغان ۋە مەنئىي قىلىنغاندۇر.

شەيتانغا ئەگەشمەڭلار! شەيتان ھەمىشە سىلەرنى زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشقا ۋە گۇناھ - مەسىيەتلەرنى ئىشلەشكە كۈشكۈرتىدۇ ۋە يامان ئىشلارنى ياخشى ئىشتەك كۆرسىتىپ

سىلەرنى ئالدايدۇ. شەيتان سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەن بولغاندەك سىلەرگىمۇ ئەشەددى دۈشمەندۇر. ئۇنىڭغا ئەگەشمەڭلار. چۈنكى ئۇ سىلەرنى ھەرگىزمۇ ياخشى ئىشقا بۇيرىمايدۇ، ئۇ پەقەت يامانلىققىلا كۈشكۈرتىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى تەبىئىتى ساغلام، ئەقلى جايىدا بولغان ئادەم قوبۇل قىلمايدىغان يىرگىنىشلىك، قەبىھ ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ. شەيتانلار كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان سۆزلەشكە، ئۇنىڭ دىنىغا ئاسىيلىق قىلىشقا چاقىرىدۇ.

قۇرئان كەرىم مۇشرىكلار ۋە بەزى يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇلارغا «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن قۇرئانغا ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، «بىز ئاتا ــ بوۋىلىرىمىزنىڭ يولىغا ئەگىشىمىز، ئۇلار ئەڭ ئەقىللىق ۋە دىنىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان كىشىلەر ئىدى» دېيىشىدۇ. قۇرئان كەرىم يەنە ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ دەيدۇكى، ئۇلار دىنى ئىشلاردىن ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان، خۇددى ئەما كىشى يولنى كۆرەلمىگىنىدەك ئازغۇنلۇقنىڭ پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەن، توغرا يولدىن ئاداشقان ئاشۇ ئەقىلسىز ئەجدادلىرىغا ئەگىشەمدۇ؟!

شەيتانلارغا ئەگىشىپ ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالمىغان ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ شېرىك ۋە كۇفرىدىن ئىبارەت سەلبىي ئېتىقادلىرىغا ئەمالارچە چوقۇنغان مۇشرىكلار خۇددى چوپاننىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلاپ چاقىرغان تەرەپكە بويىنىنى سۇنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئەگەشمەستىن ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش كۆرىدىغان ئىسيانكار پادىلارغا ئوخشاشتۇر. ئۇلار ھەقىقەتنىڭ ساداسىنى ئاڭلايدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەيدۇ. بەلكى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا ئەمالارچە ئەگىشىدۇ، ئەقىللىرىنى ئىشلىتىپ بۇ ئەقىدىنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن، كۆزلىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پەردىلىۋەتكەن. شۇڭا ئۇلاردا ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا قابىلىيەت يوق. ئۇلار چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىن بۇ يەرگە كەلگىچىلىك قۇرئان كەرىمدە، ئۇنى قوبۇل قىلغۇچىلار ۋە قارشى چىققۇچىلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەردىن ئىككىنچى پارنىڭ ئاخىرىغىچە مۇسۇلمان شەخس ۋە ئىسلامىي جەمئىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ. بۇ بۆلۈم يېمەك ــ ئىچمەكلەردىكى ھالال ۋە ھاراملارنىڭ بايانى بىلەن باشلىنىدۇ.

ئى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە چىن ئىشەنگەن مۆمىنلەر! سىلەر ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھالال قىلىپ بەرگەنلەرنى كەڭتاشا يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئادا قىلىڭلار، مۇشرىكلار ۋە ئەھلى

كىتابتىن بولغان كۇففارلارغا ئوخشاش ئاللاھ تائالا ھالال قىلىپ بەرگەن نېمەتلەرنى ئۆزۈڭلارغا ھارام قىلىۋالماڭلار ۋە ئاللاھ تائالا ھارام قىلغانلارنى ھالال سانىماڭلار.

ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۆزۈڭلارنىڭ تەن ساقلىقىڭلارغا زىيانلىق بولغان ئۆزى ئۆلگەن مالنىڭ گۆشىنى، قاننى، چوشقا گۆشىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نامى ئېيتىلماستىن بوغۇزلانغان ماللارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ھارام قىلدى. چۈنكى ساپ تەبىئەتلىك كىشى مۇنداق مىكروبلۇق نەرسىلەرنى يېيىشنى خالىمايدۇ. چوشقىغا ئوخشاش نىجاسەتلەرنى ۋە گەندىلەرنى يەيدىغان پاسكىنا ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تىببىي مۇتەخەسسىسلەر سۆزلىمەكتە. شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالانىڭ نامى ئېيتىلماستىن بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشى ھارامدۇر. مۇشرىك ئەرەبلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە، ماللىرىنى لات ۋە ئۇززا بۇتلىرىنىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلايتتى. ئاللاھ تائالا يېيىشتىن مەنئى قىلغانلارنىڭ ھەممىسى شەرىئەت، ئەقىل ۋە تىببىي جەھەتتىن ھارامدۇر. شۇنداقتىمۇ، ئاچلىقتىن ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قالغانلار ئۈچۈن ھارام نەرسىلەردىن ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا يېيىشكە رۇخسەت قىلدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئەڭ مېھرىبان زاتتۇر. ئۇلارنى قىيىنچىلىقلاردا تەرك ئەتمەيدۇ. بەلكى ھەر قانداق زورلۇق ۋە ھەرقانداق بىر قىيىنچىلىق ئۈچۈن ئۇلارغا چىقىش يولى بېرىدۇ.

### يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 ـ باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش قاتتىق ھارامدۇر. ئاللاھ تائالا رىزىق قىلىپ بەرگەن جىمى نېمەتلىرىنى ئۇنىڭغا شۈكۈر ئادا قىلىش بىلەن بىرگە، كەڭتاشا يېيىش كېرەك. ئىسراپچىلىق قىلماسلىق لازىم.

2 ـ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش پەرزدۇر. ئۇنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش زۆرۈردۇر.

3 ـ ئۆزى ئۆلگەن ماللارنىڭ گۆشى، قان، چوشقا گۆشى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نامى ئېيتىلماستىن بوغۇزلانغان ماللارنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارامدۇر. پەقەت ئۆلۈم خەۋپى تۇيۇلغاندا ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا يېيىش ھالالدۇر.

4 ـ بېلىق بىلەن چېكەتكە گەرچە قېنى ئېقىتىلمايدىغان جانلىقلاردىن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككىسىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

5 ـ بىدئەتچىلەرگە ۋە ئازغۇنلارغا ئەگىشىشكە بولمايدۇ. بۇ ئازغۇنلۇقتۇر.

6 ـ تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقى قانچىلىك قاتتىق بولغان تەقدىردىمۇ ھەمىشە ھالال رىزىق ئۈچۈن تىرىشىش ۋە ھالالدىن يېيىش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىدۇر.

7 ـ ھارام بىلەن ھالال پەقەت ئىسلام شەرىئىتى بىلەنلا بەلگىلىنىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆزگەرتىش ياكى بەلگىلەش ھوقۇقى يوقتۇر.

8 ـ توغرا ئېتىقاد ۋە توغرا يولدىكى دىنىي ئۆلىمالارغا ئەگىشىش ۋە ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىغا قولاق سېلىش زۆرۈردۇر.

## ئەھلى كىتاب، قۇرئان كەرىم ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

**إِن الذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنزَلَ اللّهُ مِنَ الْكِتَابِ وَيَشْتَرُونَ بِهِ ثَمَناً قَلِيلاً أُولَـئِكَ مَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ إِلا النارَ وَلاَ يُكَلمُهُمُ اللّهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلاَ يُزَكيهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ {174} أُولَـئِكَ الذِينَ اشْتَرَوُاْ الضلاَلَةَ بِالْهُدَى وَالْعَذَابَ بِالْمَغْفِرَةِ فَمَا أَصْبَرَهُمْ عَلَى النارِ {175} ذَلِكَ بِأَن اللّهَ نَزلَ الْكِتَابَ بِالْحَق وَإِن الذِينَ اخْتَلَفُواْ فِي الْكِتَابِ لَفِي شِقَاقٍ بَعِيدٍ {176}.**

تەرجىمىسى: ئاللاھ تەۋراتتا چۈشۈرگەنلەرنى يوشۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئازغىنا پۇلغا ساتىدىغانلارنىڭ قارنىغا يېگىنى پەقەت ئوتتۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ يېگەن شۇ ھارام مېلى ئۇلارنى دوزاخ ئوتىغا ئېلىپ بارىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان سۆز قىلمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ(174). ئەنە شۇلار مەغپىرەتنى ئازابقا تېگىشتى، ئۇلار دوزاخ ئازابىغا نېمىدىگەن چىدامىلىق!(175) بۇ قاتتىق ئازاب شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەق تەۋراتنى چۈشۈردى، ئۇلار تەۋراتتىكى نەرسىلەرنى يوشۇردى ۋە ئۆزگەرتىۋەتتى. كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلار چوڭقۇر تالاش - تارتىشتىدۇر(176).

### يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

بۇ ئايەتلەردە يەھۇدىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرئان كەرىمگە قارشى مەۋقەسى توغرۇلۇق توختالغان. ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى يوشۇرۇش، تەۋراتنىڭ بەزى بېشارەتلىرى ۋە ئەھكاملىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشتەك رەزىللىكلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان. يەھۇدىيلار ئاۋاملىرىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراش ۋە ئۇلارنىڭ قىلىپ كەلگەن ياردەملىرى ھەم سەدىقىلىرىدىن مەھرۇم قېلىشتىن قورقۇپ، ئۇلارنىڭ خاھىشىغا ماس كەلمەيدىغان يېڭى دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ لازىملىقى، قۇرئاننىڭ تەۋراتنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىدىن ئىبارەت بىر قاتار ھەقىقەتلەرنى ئېيتىشتىن قورقاتتى. چۈنكى ئۇلار بۇ جاھىل ئاۋاملارغا ھەقىقەتنى ئېيتىپ يېڭى دىنىنىڭ ھەقلىقىنى بىلدۈرگىنىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئاۋام خەلق ئۈستىدىكى نوپۇزى يوقىلىدۇ، ئۇلارغا كېلىدىغان ياردەملەر توختايدۇ ۋە خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى يېڭى دىنغا دەۋەت قىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكىگە، ھەتتا يۇرتىدىن قوغلىنىشقا

ئۇچرىغىنىدەك ئۇلارمۇ قەۋمىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراشتىن، ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن قورقانلىقتىن ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرغان ئىدى. يەھۇدىي ئۆلىمالىرىنىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتنى دەپ ھەقىقەتنى قەۋمىدىن يوشۇرغانلىقى ۋە ئۇلار رازى بولىدىغان باتىل سۆزلەرنى قىلىپ بېرىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى توسقانلىقى ئىنتايىن خاتالىق ئىدى. بۇ قىلمىشنىڭ جازاسى پەقەت يالتىراپ تۇرغان دوزاخ ئوتى بولىدۇ. ئۇلاردىن ئازاب ھەرگىزمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار مەزكۇر قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىشلىدى ۋە ئاۋام خەلقنىڭ ھىدايەت تېپىش يولىنى توستى. ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى يوشۇرغانلىق بەدىلىگە ئالغان ھارام ماللىرى ئۇلارنىڭ قارنىغا بۇ دۇنيادا ئوت بولغان ھالدا كىرىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا دوزاخ ئوتىدا كۆيىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكتىن ئۇلارغا سۆز قىلماستىن ئۇدۇل جازا مەيدانىغا سۈرگۈن قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە ھەقىقەتنى يوشۇرۇشنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىردۇر. چۈنكى ئۇلار بۇ قىلمىشلىرى بىلەن جەننەتنى بېرىپ دوزاخنى سېتىۋالدى. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىش جەننەتنى قازانغانلىق بولسا، ئۇنىڭ دەۋىتىگە توسقۇنلۇق قىلىش ئۇنىڭغا ئەگەشمەسلىك دوزاخنى تاللىغانلىقتۇر.

يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىئانلار بىر ـ بىرىنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىشىدۇ ۋە تەۋرات بىلەن ئىنجىل توغرۇلۇق ئىختىلاپلىشىدۇ. يەھۇدىيلار ئىنجىلنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. خىرىستىئانلار بولسا يەھۇدىيلار ئېتىقاد قىلىدىغان تەۋراتنىڭ باشقا نۇسخىسىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ھەر بىر پىرقە ئۆزىنىڭ قولىدىكىسىنى ھەق دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئۆزئارا دۈشمەنلىكى ناھايىتى قاتتىقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن بۇ ھەقىقەتنى سۆزلىگەن بولسا، يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىئانلار تاھازىرمۇ بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولغان ھالدا ئۆمۈر سۈرمەكتە. بۇمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنىڭ بىر ئىسپاتىدۇر.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1 ـ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىگە ئالدىنىپ كىشىلەرگە دىنىنىڭ روھىنى تولۇق يەتكۈزۈشتىن باش تارتىشنىڭ گۇناھى ئېغىردۇر.

2 ـ ئىسلام ئۆلىمالىرىنى يەھۇدىي ئۆلىمالىرىنىڭ قىلمىشلىرىدىن ساقلىنىشقا چاقىرىلىدۇ. چۈنكى ھەقىقەتنى يوشۇرغانلىقنىڭ جازاسى ھەر ئىككىسىگە ئوخشاش بولىدۇ.

3 ـ قۇرئاننىڭ ئەھكاملىرى ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ پىرقىلارغا بۆلۈنۈشنىڭ خەتىرى ياماندۇر. بىرلىك ئىسلام دىنىنىڭ ئالدىنقى چاقىرىقىدۇر.

## ياخشىلىقنىڭ ھەقىقتى

**لَيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَـكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّآئِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُواْ وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاء والضَّرَّاء وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَـئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَـئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ {177}.**

تەرجىمىسى: سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھ تائالانى سۆيۈش يۈزىسىدىن ئۇرۇق - تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، پۇلسىز قالغان مۇساپىرلارغا، سائىللارغا ۋە قۇللارنى ئازات قىلىشقا پۇل - مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇللۇققا، كېسەللىككە ۋە ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھادقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار ئىماندا راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر(177).

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

قىبلىنىڭ مەسجىدى ئەقسادىن كەبىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكى يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كۆپ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ھەتتا ھەر بىر پىرقە ئۆزىنىڭ قىبلىسىگە ھامى بولۇش ۋە ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىشتا چېكىدىن ئاشۇرىۋەتتى. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزىلا مەقسەت قىلىنغان ياخشى ئەمەل قاتارىغا كىرمەيدىغانلىقىنى، بەلكى مەقسەت قىلىنغان ياخشى ئەمەلنىڭ كۈن چىقىش بىلەن كۈن پېتىش تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ياخشى ئەمەل — ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن ئىشىنىپ، ئىمان كەلتۈرۈش ۋە بۇ ئىماننى ئەمەلدە كۆرسىتىشتۇر. ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان ھەقىقىي ئىمان كىشىنى ياخشىلىققا ئۈندەيدىغان، نەپسىنى پاكلايدىغان، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان، ئىگىسىنى شەيتان بىلەن نەپسىي ھەۋەسنىڭ قۇترىتىشلىرىدىن ۋە يامان ئىشلارغا چاقىرىشلىرىدىن ساقلايدىغان، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سالغان ھامان تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىتىدىغان ئىماندۇر.

ئاللاھ تائالا ۋە قىيامەت كۈنىگە تولۇق ئىشەنگەن ھەقىقىي مۆمىن كىشى ئاللاھ تائالاغا يېقىن، شەيتانغا يىراق بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىك — پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىدىن ئىكەنلىكىگە، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن پەيغەمبەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچىلەر ئىكەنلىكى، پەرىشتىلەردىن بەزىلىرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەرشىنى كۆتۈرۈش ۋە خىزمىتىنى قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقىغا ۋە بەزىلىرىنىڭ ھەمىشە تائەت – ئىبادەت بىلەن بولىدىغانلىقىغا، ئومۇمەن، ھەممىسىنىڭ ئاللاھ تائالاغا قەتئىي

ئاسىيلىق قىلمايدىغان مەسۇم بەندىلەر ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش دېمەكتۇر.

ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىك — ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ۋە «قۇرئان كەرىم» قاتارلىق ئىلاھىي كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش، يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلارغا ئوخشاش كىتابلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىنكار قىلماسلىق.

پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىك — ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش دېمەكتۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىشىنىپ، بەزىسىگە ئىشەنمىگەن كىشىنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ.

بۇلار توغرا ئېتىقاد ۋە كامىل ئىماننىڭ ئاساسىدۇر. بۇ ئىماننى تولۇقلاپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىماننى نامايان قىلىش، نەپسىنى پاكلاش، روھنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتتە مۇھەببەت، سۆيگۈ، ئىناقلىق، بىرلىك ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىقنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش لازىم كېلىدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەتتە، ئېتىقاد ۋە ئىمان مەسىلىلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا، تۆۋەندىكى ياخشى ئەمەللەرنى بايان قىلغان:

ئاللاھ تائالانى سۆيۈش ۋە ئۇنى رازى قىلىش يۈزىسىدىن يوقسۇللارغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان زاكاتنى تولۇق بېرىش. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «خەير – ساخاۋەتنى سېنىڭ تېنىڭ ساق، ئۆزۈڭ بېخىل، بايلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان، پېقىرلىقتىن قورقىدىغان چېغىڭدا بېرىشىڭ كېرەك. جېنىڭ ھەلقۇمغا يېتىپ قېلىشتىن ئاۋۋال قىلغىنىڭ، ئۇ ۋاقىتتا «پالانىغا مۇنچىلىك، پوكۇنىغا مۇنچىلىك» دېگىنىڭنىڭ پايدىسى يوق». زاكات ۋە باشقىمۇ خەير – ئېھسانلارنى ئۆزىنىڭ يوقسۇل ئۇرۇق – تۇغقانلىرىغا بېرىش باشقىلارغا بەرگەندىن ئەۋزەلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ياخشىلىقنى ئاۋۋال ئۆز ئەھلىڭگە قىلىشتىن باشلىغىن» دېگەن. باققۇچىسى يوق يېتىملارغا، پۇلدىن ئايرىلىپ يولدا قالغان مۇساپىرلارغا، موھتاج يوقسۇللارغا خەير – ئېھسان قىلىش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش، تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلماستىن ھاجىتىنى ھايا بىلەن سورايدىغان ياكى سوراشقا پېتىنالمايدىغان، نەرسە سورىمىغانلىقتىن كىشىلەر ئۇنى باي دەپ ئويلايدىغان موھتاجلارغا ياردەم قىلىش، ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ياردەم قىلىش قاتارلىق ئەمەللەر ياخشى ئەمەللەردىن سانىلىدۇ.

نامازنى پۈتۈن شەرتلىرىنى تولۇقلىغان ھالدا كامىل ئوقۇش، زاكاتنى ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغانلارغا («قۇرئان كەرىم»نىڭ تەۋبە سۈرىسىدە بايان قىلىنغان 8 تۈلۈك كىشىگە) يەتكۈزۈپ بېرىپ ئادا قىلىش ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.

ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ھەقىقىي چىن مۆمىنلىكنىڭ ئالامىتى بولسا، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. ھەدىستە «مۇناپىقنىڭ سۈپىتى ئۈچتۇر. ئۇلار: يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش ۋە ئامانەتكە خىيانەت قىلىشتۇر»دەپ كۆرسىتىلگەن.

ياخشىلىق دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ۋە ئىماننىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىسى يوقسۇللۇقتا، كېسەللىكتە ۋە ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھادقا بەرداشلىق بېرىشتۇر. سەبىر – ئىماننىڭ يېرىمىدۇر. بەلكى كامىل ئىماننىڭ ئالامىتىدۇر. سەبرى قىلغۇچى ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ تائالادىن كۈتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا چوقۇم ئېرىشىدۇ. يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە لايىق بولغۇچىلار ئىماندا راستچىل كىشىلەردۇر. ئۇلار كامالەت مەرتىۋىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىقى پەللىسىگە يېتىشكەن كىشىلەردۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قالغۇچى ۋە جەننەتكە مۇيەسسەر بولغۇچىلاردۇر.

يۇقىرىقىلار ئىماندا راستچىل ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر. ئۇلار تەقۋالىق دائىرىسىگە كىرگەن كىشىلەردۇر. ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتە ۋە مۇشۇ دۇنيادا بېرىدىغان مۇكاپاتلىرى ھەقىقەتەن كاتتىدۇر. بۇنىڭدا بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇپ قويۇش بىلەنلا ئۆزلىرىنى كامىل مۇسۇلمان ساناپ، ئىسلام دىنىنىڭ زۆرۈر بولغان باشقىمۇ پەرزلىرىنى ئادا قىلىشتىن بىھاجەت بولۇشلىرىدىن ئىبارەت يېتەرسىزلىكلىرىگە رەددىيە بېرىلگەن بولۇپ، ئىسلام دىنى بارلىق تەكلىپلەرنى ئورۇنلاش بىلەنلا تولۇق ئورۇنلانغان بولىدۇ.

پۇل – مالدا ئاللاھنىڭ ھەققى، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، ئاللاھ يولىدا پۇل – مال سەرپ قىلىشنىڭ ئىككى خىل سۈرىتىنى بايان قىلىدۇ. بىرى، مەلۇم مىقداردىكى پۇل – مالنى مەخسۇس كىشىلەرگە سەرپ قىلىش بولۇپ، بۇ «زاكات» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھنىڭ «نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار» دېگەن ئەمرىدىكى زاكات مۇشۇدۇر. ئىككىنچىسى، پۇل – مالنى قەيتسىز ۋە شەرتسىز ھالدا سەرپ قىلىش بولۇپ، بۇ ئېھتىياجغا قاراپ بولىدۇ. بۇ مۇشۇ ئايەتتە «ئاللاھ تائالانى سۆيۈش يۈزىسىدىن ئۇرۇق - تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، پۇلسىز قالغان مۇساپىرلارغا، سائىللارغا ۋە قۇللارنى ئازات قىلىشقا پۇل - مال ياردەم بېرىش» دەپ تەبىرلەنگەن. بۇ «مۇتلەق زاكات»دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بىراۋنىڭ قولىدىكى پۇل – مالدا زاكاتتىن ئىبارەت مەلۇم كىشىلەرنىڭ ھەققى بولغىنىدەك، ئېھتىياجغا قاراپ سەرپ قىلىشقا بۇيرۇلغان «خەير – ئېھسان» ياكى «ياردەم» دەپ ئاتىلىدىغان مەجبۇرىيەتمۇ بار.

پۇل – مالنى ئاللاھ يولىدا يوقىرىقىدەك ئىككى خىل سۈرەتتە سەرپ قىلىش جەمئىيەتتىكى پېقىرلار بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى پىسخىكىي كىرىزىسنى ھەل قىلىش ۋە بايلارنىڭ بېخىللىقىنى يېڭىشى، پېقىرلارنىڭ ئېھتىياجلىرى قامدىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارىدۇر. ئىسلام دىنىمىزنىڭ بۇ ئىقتىسادىي پرىنسىپلىرى ھاياتلىقتا تولۇق تەتبىق قىلىنىدىغان بولسا، كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزم ھەل قىلالماي ئاخىرى يېڭىلگەن كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى يەڭگىلى ۋە باياشاتلىققا ئېرىشكىلى بولاتتى. چۈنكى بۇ شەرئەت ھەممىنى ياخشى بىلىدىغان ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان زات تەرىپىدىن كەلگەن بولسا، كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزم ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقتىن، ئىنسانلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلالمىدى ۋە دەردىگە دەرمان بولالمىدى.

يوقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ ئىسلامدا پەرزلەرنىڭ بەزىسىنى ئورۇنلاپ قويۇپ باشقىسىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك ھەقىقىي مۆمىنلىككە ياتمايدۇ.

2 ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان ئىشلاردۇر. ساماۋىي دىنلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى مەزكۇر ئىشلارغا بۇيرىغان.

3 ـ ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ۋە يوقسۇللارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ ساۋابى كۆپتۇر.

4 ـ ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى ئورنى ئالاھىدە چوڭدۇر.

5 ـ ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ئىماننىڭ كېرەكلىك ماددىلىرىدىن بىرىدۇر. ۋاپادارلىق مۇسۇلمانلىقنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىر سۈپەتتۇر.

6 ـ تەقۋادارلىق ئەڭ ئېسىل ئۇنۋاندۇر. ئۇ ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر كاپالىتىدۇر.

7 ـ ئىسلامنىڭ تەكلىپلىرىنى ئورۇنلاشتا چىدامىلىق بولۇش، خۇسۇسەن جىھاد مەيدانىدا چىدام كۆرسىتىشنىڭ دەرىجىسى ئالاھىدە يوقىرى بولىدۇ.

قىساسنىڭ پەرزلىكى

**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِصَاصُ فِي الْقَتْلَى الْحُرُّ بِالْحُرِّ وَالْعَبْدُ بِالْعَبْدِ وَالأُنثَى بِالأُنثَى فَمَنْ عُفِيَ لَهُ مِنْ أَخِيهِ شَيْءٌ فَاتِّبَاعٌ بِالْمَعْرُوفِ وَأَدَاء إِلَيْهِ بِإِحْسَانٍ ذَلِكَ تَخْفِيفٌ من رَّبِّكُمْ وَرَحْمَةٌ فَمَنِ اعْتَدَى بَعْدَ ذَلِكَ فَلَهُ عَذَابٌ أَلِيمٌ {178} وَلَكُمْ فِي الْقِصَاصِ حَيَاةٌ يَاْ أُولِيْ الأَلْبَابِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ {179}.**

تەرجىمىسى: ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس

ئىلىنىدۇ. قاتىل ئۈچۈن دىنىي قىرىندىشى تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا، يەنى ئۆلتۈرگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ، قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن دىيەتنى چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، جىنايەتچىمۇ دىيەتنى ياخشىلىقچە بېرىشى لازىم. بۇ ھۆكۈم پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە بېرىلگەن يېنىكلىتىش ۋە رەھمەتتۇر. دىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرگەن ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ(178). ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار(يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ). (ناھەق قان تۆكۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس يولغا قويۇلدى)(179).

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئى ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرگەن مۆمىنلەر! سىلەرگە ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش پەرز قىلىندى. قىساستا ئەر، ئايال، ھۆر، قۇل ئوخشاشتۇر. يەنى ئۆلتۈرگۈچى ئەر ئۆلتۈرۈلگۈچى ئايال ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۆلتۈرگۈچى ئايال ئۆلتۈرۈلگۈچى ئەر ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۆلتۈرگۈچى قۇل ئۆلتۈرۈلگۈچى ھۆر ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە ئۆلتۈرگۈچى ھۆر ئۆلتۈرۈلگۈچى قۇل ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ. مانا بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئادالىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى بىر قاندۇر (يەنى مۇسۇلمانلار ھوقۇقتا باراۋەردۇر)» دەپ كۆرسەتكەن. بىر توپ كىشىلەر بىرلىشىپ بىراۋنى ناھەق ئۆلتۈرگەن بولسا، بۇ بىر توپ قاتىلنىڭ ھەممىسى شۇ بىر ئادەم ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئەمما كۇففارلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھۆكۈم پەرقلىق بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىدا ۋە ئىسلام دۆلىتىنىڭ كاپالىتىدە ياشايدىغان غەيرى دىندىكى بىراۋنى ناھەق ئۆلتۈرگەن مۇسۇلمان ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئىسلام دۆلىتىنىڭ كاپالىتىدە بولمىغان ئەجنەبى كۇففارنى ئۆلتۈرگەن مۇسۇلمان ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ ياكى دىيەت (ماددى بەدەل) تۆلەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىسلام فىقھشۇناسلىرى ئىختىلاپلاشقان. ئەڭ كۈچلۈك قاراشقا كۆرە، كاپىر بولسىمۇ بىراۋنى ناھەق ئۆلتۈرگەن مۇسۇلمان قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇر.

ئاللاھ قىساستا ھاياتلىق بار ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. بۇ شەكسىز ھەقىقەتتۇر. چۈنكى قاتىلنى ئۆلتۈرۈش يەنە باشقا قاتىللارنىڭ ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش يولىنى توسىدۇ. ناھەق ئادەم ئۆلتۈرسە ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلگەن ئادەم قاتىللىقتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتى ئامان قالىدۇ. ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى قاتىلنىڭ دىيەت يەنى ماددى

بەدەل تۆلىشىگە رازى بولسا، بۇ ئۇلار تەرىپىدىن كەچۈرۈم بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قاتىل تۆلەم بېرىش ئارقىلىق ئۆلۈمدىن ساقلىنىپ قالالايدۇ. ئەمما ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى تۆلەمنى قوبۇل قىلىپ، قاتىلنى ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلىشقا زورلىنىلمايدۇ. ئۇلار ئۆز ئىختىيارى ۋە رازىلىقى بىلەن قاتىلنى كەچۈرۈم قىلىپ ئۇنىڭدىن ماددى بەدەلنى قوبۇل قىلسا شۇنداق بولىدۇ، بولمىسا قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ «قىساستا سىلەر ئۈچۈن ھاياتلىق بار» دېگەن بۇ ئىخچام ھەم چوڭقۇر مەنىلىك سۆزى قەدىمدىكى ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ بالاغەتلىك سۆز دەپ پەخىرلىنىپ كەبىگە ئاسقان «ئۆلتۈرۈش ئۆلتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» دېگەن سۆزىدىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى بۇ ئىبارىدىكى «ئۆلتۈرۈش» سۆزى قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشنى ئىپادىلىگىنىدەك، ناھەق ئۆلتۈرۈشنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىبارىدىكى«ئۆلتۈرۈش» دېگەن سۆزنىڭ ئىككى قېتىم سۆزنىڭ تەكرارلانغانلىقى سۆزنىڭ بالاغىتى ۋە پاساھىتىگە سەلبىي تەسىر بېرىدۇ. ئەمما قۇرئان كەرىمدىكى «قىساستا سىلەر ئۈچۈن ھاياتلىق بار» دېگەن ئىبارە مۇنداق نۇقسانلاردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە بالاغەت ۋە ئەدەبىيلىكتە ئەڭ ئۈستۈندۇر. چۈنكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئەمەسمۇ؟!

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1 ـ ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەنلەردىن قىساس ئېلىش ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. قىساستا ئىنسانلار باراۋەردۇر: قاتىل مەيلى قۇل بولسۇن، ھۆر بولسۇن، مۇسۇلمان بولسۇن، كاپىر بولسۇن ، ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

2 ـ ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىنىڭ قىساس بەدىلىگە ماددىي تۆلەم ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنغانلىقى ئىسلام دىنىنىڭ كەڭچىلىكلىرىدىن بىرىدۇر.

3 ـ قىساس ئايىتىدىكى بەدىئىيلىك پەقەت قۇرئان كەرىمگە خاس ئۈستۈن پاساھەت ۋە بالاغەتنىڭ نىشانىسىدۇر.

ۋەسىيەت

**كُتِبَ عَلَيْكُمْ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ إِن تَرَكَ خَيْراً الْوَصِيَّةُ لِلْوَالِدَيْنِ وَالأقْرَبِينَ بِالْمَعْرُوفِ حَقّاً عَلَى الْمُتَّقِينَ {180} فَمَن بَدَّلَهُ بَعْدَ مَا سَمِعَهُ فَإِنَّمَا إِثْمُهُ عَلَى الَّذِينَ يُبَدِّلُونَهُ إِنَّ اللّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ {181} فَمَنْ خَافَ مِن مُّوصٍ جَنَفاً أَوْ إِثْماً فَأَصْلَحَ بَيْنَهُمْ فَلاَ إِثْمَ عَلَيْهِ إِنَّ اللّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ {182}.**

تەرجىمىسى: ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى(180). ۋەسىيەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كىمكى

ئۇنى ئۆزگەرتىدىكەن، ئۇنىڭ گۇناھى ئۆزگەرتكەنلەرگە يۈكلىنىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر(181). كىمكى ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ سەۋەنلىكى ياكى قەستەن ناتوغرا قىلغانلىقىنى بىلىپ، ۋەسىيەت قىلغۇچىلار بىلەن ۋەسىيەت قىلىنغۇچىلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر(182).

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ۋەسىيەتنى پەرز قىلغان بولۇپ، بۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن قىلىنىدۇ. بىراۋ كۆپ مىقداردا مال قالدۇرغان بولسا، ئۆلۈش ئالدىدا سەكەراتقا چۈشۈشتىن بۇرۇن ۋەسىيەتنى قىلىشى لازىم.

ۋارىسلىرىغا مال ـ دۇنيا قالدۇرغان ئادەم كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ ياتقان ۋاقتىدىلا ۋەسىيەتنى يېزىپ قالدۇرۇشى كېرەك. ۋەسىيەت نورمالدا ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، بالىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈچۈن بولىدۇ. بىراق بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى قۇرئان كەرىمدىكى مىراس ئايىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋەسىيەتتىن مىراسخورلار ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇ پەقەت ۋەسىيەت قىلغۇچىدىن مىراس ئالالمايدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغىلا قىسقارتىلغان ۋە بار مۈلكىدىن ئۈچتىن بىرىنىلا ۋەسىيەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان. ئەمما مىراسخورغا قىلىنغان ۋەسىيەتنى باشقا مىراسخورلار قوبۇل قىلىپ يۈرگۈزسە جائىزدۇر. ئەگەر ئۇلار قوشۇلمىسا ۋەسىيەت بىكار قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا ھەر بىر ھەق ئىگىسىنىڭ ئالىدىغان ھەققىنى تولۇق بايان قىلدى. بىراۋنىڭ ئۆز ۋارىسلىرىغا ۋەسىيەت قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. يەنە ئۇ: «قانداقلا بىر مۇسۇلمان كىشى كېسەللىكتىن يېتىپ قالغان ۋە ۋەسىيەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى بولغان بولسا، ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى يېزىپ بېشىدا قويماستىن ئىككى كېچە يېتىشى جائىز ئەمەس» دېگەن.

ۋەسىيەتنى ئۆز ئەينى بىلەن ساقلىماي ئۇنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلەر ياكى كەم ـ زىيادە قىلىپ قويغانلارنىڭ گۇناھى ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدا ۋەسىيەت قىلغۇچىغا گۇناھ يوق. ھەقىقەتنى يوشۇرغان ۋە ئۆزگەرتكەننىڭ گۇناھى ئېغىردۇر. شۇڭا ۋەسىيەتنى ئاغزاكى قىلماستىن، خەت بىلەن يېزىپ ياكى يازدۇرۇپ قالدۇرۇش كېرەك. بۇ ئەڭ ئىشەنچلىك يولدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرغانلىقىنى ئەسكەرتىش بىلەن تۈگەتكەن. بۇنىڭ مەنىسى ــ ۋەسىيەت ئىشلىرىدا خىيانەت قىلغۇچىلار، ۋەسىيەتنى ئۆز نەپسىي خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتىپ كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنىڭ بۇ رەزىل قىلمىشلىرىنى ئاللاھ تائالا بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى جازالايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە يەنە مۆمىنلەرگە خىتاب قىلغان. ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ھېس قىلغان كىشىنىڭ بۇ خاتالىقنى رەددىيە بېرىپ ئۇنى تۈزىتىپ قويۇشى لازىمدۇر. ئەگەر ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ ۋەسىيىتى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن شەكىلدە بولسا، بۇ ۋەسىيەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ شەرىئەت كۆرسەتمىسى بىلەن ئادىل ئىش قىلىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا كىشىلەرنى ناھەقچىلىقتىن ۋە گۇناھكار بولۇشتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ بىلمەستىن خاتالاشقانلىقىنى ئاللاھ تائالا كەچۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ گۇناھلارنى ۋە خاتالىقلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ناھايىتى شەپقەتلىك زاتتۇر.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1- مىراسخورلارغا ۋەسىيەت قىلىشنىڭ پەرزلىكى قۇرئاندىكى مىراس ئايىتىنىڭ چۈشۈشى بىلەن ئەمەلدىن قالغان بولۇپ، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ۋە شۇلارغا ئوخشاش ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ مىراسىنى ئالالمايدىغان كىشىلەر ئۈچۈنلا ۋەسىيەت قىلىش جائىزدۇر. ئەمما مىراسخورغا قىلىنغان ۋەسىيەتكە باشقا مىراسخورلارنىڭ ھەممىسى بىردەك قوشۇلغان بولسا، مۇنداق ۋەسىيەت جائىزدۇر بولۇپ، ئەتىبارلىق بولىدۇ.

2 - كۆپ مال - دۇنيا قالدۇرغان كىشىلەرنىڭ ماللىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئاشۇرىۋەتمىگەن ھالدا بىر قىسمىنى ياخشى يوللارغا ئىشلىتىلىشى ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىشى ياخشى ئەمەللەردىن سانىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ساۋابى ئۇنىڭغا ئۆزۈلمەستىن يېتىپ تۇرىدۇ.

3 - ئۈستىدە ئېلىش ياكى بېرىش ئىشلىرى بولغان كىشىنىڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ۋەسىيەت قىلىشى زۆرۈردۇر. چۈنكى مۇنداق قىلمىغاندا كىشىلەرنىڭ ھەق – ھوقۇقلىرى زايا بولۇپ كېتىدۇ.

4 - ۋەسىيەتنى بۇرمىلاش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىق ئېغىر گۇناھتۇر.

## روزا ۋە ئۇنىڭ پەرزلىكى

**يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلكُمْ تَتقُونَ {183} أَياماً مَعْدُودَاتٍ فَمَن كَانَ مِنكُم مرِيضاً أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدةٌ منْ أَيامٍ أُخَرَ وَعَلَى الذِينَ يُطِيقُونَهُ فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسْكِينٍ فَمَن تَطَوعَ خَيْراً فَهُوَ خَيْرٌ لهُ وَأَن تَصُومُواْ خَيْرٌ لكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ {184}.**

تەرجىمىسى: ئى مۆمىنلەر! گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ رامىزان روزىسى پەرز قىلىندى(183). پەرز قىلىنغان بۇ روزا ساناقلىق كۈنلەردۇر. سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ روزا تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەرنى باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، روزىنى قىيىنلىق ياكى

ئاجىزلىق تۇيەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، كۈنلۈكى ئۈچۈن بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم. كىمكى فىدىيىنى بەلگىلەنگەن مىقداردىن ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر بىلسەڭلار، روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن ئېغىر ئوچۇق يۈرۈشتىن ۋە فىدىيە بېرىشتىن ياخشىدۇر(184).

## يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەزمۇنى

روزا مەنىۋى چېنىقىشتۇر. ئۇ تەقۋالىقنى ئاشۇرۇش، ئىرادىنى تاۋلاش، سەبىرچانلىقنى ئۆگىنىش، زورلۇقلارغا ئۆزىنى كۆندۈرۈش ۋە يوشۇرۇن – ئاشكارا گۇناھ ئىشلەشتىن ساقلىنىش قاتارلىق بىر قانچىلىغان ئىجابىي ئىشلارغا تۈرتكە بولىدىغان كاتتا ئىبادەتتۇر.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «روزا يېرىم سەبىردۇر» دېگەن. ھەقىقەتەن روزا تۇتۇش نەپسكە ئېغىر كېلىدىغان بىر ئىش. چۈنكى بۇ نەپسنى ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجلىرىدىن مەھرۇم قىلغانلىقتۇر. شۇ سەۋەبتىن قۇرئان كەرىمنىڭ مۆمىنلەرنى روزا تۇتۇشقا بۇيرىغان ئايىتىدە يۇمشاقلىق ۋە سىلىقلىقنى كۆرىمىز. ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئۇلارنىڭ مۆمىنلىك سۈپىتى بىلەن خىتاب قىلدى. چۈنكى مۆمىن دېگەن ئاللاھ تائالانىڭ قانداقلا بىر ئەمرى – پەرمانىنى باش ئۈستىگە دەپ قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئورۇنلاشقا ئالدىرايدۇ. ئاندىن ئۇلارغا روزىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ ۋە بۇرۇنقى ئۈممەتلەرمۇ ئېغىر كۆرمەستىن قوبۇل قىلىپ ئورۇنلىغان بۇ ئىبادەتنى مۆمىنلەرنىڭمۇ ئېغىر كۆرمەستىن ئورۇنلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

روزا يىلدا بىر ئاي تۇتۇلىدىغان ساناقلىق كۈنلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ئۈممىتىم رامىزان ئېيىدىكى ياخشىلىقلارنى بىلسە ئىدى، يىلنىڭ ھەممە كۈنى رامىزان بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان بولاتتى» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى دەۋرىدە، شەرىئەت ئەھكاملىرى ئانچە كۆپ بۇيرۇلماستىن، ئەقىدە، ئىمان ۋە ئەخلاق مەسىلىلىرىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلگەنىدى. شۇڭا مەككىدە چۈشكەن ئايەتلەر ئاساسەن بۇ ماۋزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان زۇلۇم جەۋرىلىرى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدۇ. ئۇ مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، مەدىنىدە ئىسلام دۆلىتى بەرپا بولىدۇ. شۇندىن باشلاپ شەرىئەت ئەھكاملىرى تەدرىجى بۇيرۇلۇشقا باشلايدۇ. يوقىرىدا ئۆتكەن ئايەتلەردە قىساس، ۋەسىيەت ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئەھكاملىرى بۇيرۇلغان بولسا، بۇ ئايەتلەردە، تەقۋادارلىقنى ئاشۇرۇشنىڭ چارىسى ۋە ھەرخىل گۇناھ - مەسىيەتلەردىن ساقلىنىشنىڭ قالقىنى بولغان روزا پەرزى بۇيرۇلىدۇ.

ئاللاھ تائالا روزا پەرزنى ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى يىلى بۇيرىغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ پەرزنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ يوقىرى ئۇنۋانى بولغان «مۆمىن »سۆزى بىلەن ئۇلارغا نىدا قىلىش

ئارقىلىق بۇيرىغان. روزا تۇتۇش بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئەتلىرىدىمۇ بولغان بىر پەرز بولسىمۇ، ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان روزا پەرزى كۆپلىگەن ئارتۇقچىلىقلار بىلەن بۇرۇنقىلارنىڭ روزىلىرىدىن پەرقلىقتۇر. رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش پەرزدۇر. رامىزان روزىسى گۇناھ - مەسىيەتلەردىن چەكلىنىشنىڭ قالقىنى بولغانلىقىنىڭ سىرتىدا، تەقۋادارلىقنىڭ ۋە ھەقىقىي ئىخلاسمەنلىكنىڭ بەلگىسىدۇر. چۈنكى كىمنىڭ روەزا تۇتقان ياكى تۇتمىغانلىقىنى پەقەت ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. بىراۋنىڭ باشقا ئىبادەتلىرىنى ئىنسانلار كۆرىدۇ ۋە بىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ راستىنلا روزا تۇتقان ياكى تۇتمىغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقىسى بىلمەيدۇ. شۇڭا روزا تۇتقانىنىڭ ساۋابى ئالاھىدە يوقىرى بولىدۇ. پەرز روزىنىڭ ۋاقتى رامىزان ئېيىدا بىر ئاي بولۇپ، بۇ بىر ئاي مەنىۋى ئوزۇقلىنىش، روھىي يوقىرىقى دەرىجىگە كۆتۈرۈش ۋە گۇناھلاردىن پاكلىنىش پەيتىدۇر

كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولغانلارنىڭ رامىزان روزىسىنى تۇتماستىن، باشقا كۈنلەردە قازاسىنى تۇتۇشىغا رۇخسەت قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ كەڭچىلىكى ۋە مۇسۇلمانلارغا كۆرسەتكەن شەپقىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر. ئەگەر كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولسىمۇ روزا تۇتۇشقا تاقەت قىلالايدىغان شارائىتتا بولغانلارنىڭ ئېغىزى ئوچۇق يۈرگىنىدىن روزا تۇتقىنى ئەۋزەلدۇر. ئەمما تۇتمىغىنىغا گۇناھ بولمايدۇ.

ياشىنىپ قالغانلىق ياكى ساقىيىشتىن ئۈمىدى بولمىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك كېسەللەرنىڭ رامىزان روزىسىنى تۇتماستىن، ئۇنىڭ ھەر بىر كۈنگە بىر پېقىرغا بىر ۋاخ تويغۇدەك فىدىيە بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ئېغىر ئاياق ياكى بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار بوۋاقلىرىدىن ئەنسىرىسە روزا تۇتماستىن، كېيىنچە قازاسىنى تۇتىدۇ.

تۇتالمىغان بىر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن بىردىن ئارتۇق پېقىرنى غىزالاندۇرۇشتەك پىداكارلىق قىلىدىغانلارنىڭ بۇ ياخشىلىقى ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر.

ئەي روزىنى مۇشەققەت بىلەن تۇتىدىغانلار! بىلسەڭلار روزا تۇتقىنىڭلار ئاغزىڭلار ئوچۇق يۈرگىنىدىن ئەلۋەتتە ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر.

روزا تۇتقانىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك چوڭ پايدىلىرى كۆپتۇر. روزىنىڭ دۇنيالىق پايدىلىرىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىكى تەن سالامەتلىكىدۇر. چۈنكى كىشى روزا سايىسىدا كېسەللىكلەردىن شىپا تاپىدۇ . ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرىنىڭ كۆرۈنەرلىكى گۇناھلارنىڭ مەغپىرەتلىكىدۇر. چۈنكى رامىزان ئېيى گۇناھلاردىن پاكلىنىشنىڭ بىر مەۋسىمىدۇر.

**يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:**

1 - رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش پەرزدۇر.

2 - روزا مۇسۇلمان كىشىنى تەقۋادارلىققا يېتەكلەيدۇ.

3 - روزا تۇتقان كىشىنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «كىمكى رامىزان روزىسىنى ئىمانى ۋە ساۋابىنى كۆزلەپ تۇتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆتكەن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

4 - كېسەل ۋە سەپەر ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ رامىزان روزىسىنى تۇتماستىن، كېيىن قازاسىنى تۇتۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

5 - بالا ئېمىتىدىغان ۋە ئېغىر ئاياق ئاياللارنىڭمۇ رامىزان روزىسىنى تۇتماستىن، كېيىن قازاسىنى تۇتۇشى جائىزدۇر.

6 - ياشىنىپ قالغان ياكى ساقىيىشىدىن ئۈمىدى بولمىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك كېسەلنىڭ روزا تۇتماستىن، رامىزاننىڭ ھەر بىر كۈنى ئۈچۈن بىر پېقىرنى تويغۇزۇشىغا روخسەتتۇر.

7 - روزىنىڭ دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك پايدىلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. روزىنىڭ پايدىلىرىدىن بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

(1) مۇسۇلمان كىشى روزا سايىسىدا ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىشتىن ئىبارەت ئېسىل روھنى يېتىلدۈرەلەيدۇ.

(2) روزا تۇتقان كىشى شەھۋانىي ھەۋەسىنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىدۇ.

(3) روزا تۇتقان كىشى جەمئىيەتتىكى يوقسۇللارنىڭ دەردىگە يېتىدۇ. رىۋايەتلەرگە كۆرە: يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مىسىرنىڭ خەزىنىسىگە مەسئۇل بولغان ۋاقىتلىرىدا تولىمۇ كۆپ روزا تۇتىدىكەن، ئۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە سورالغىنىدا: «ئۆزۈم توق يۈرۈپ يوقسۇللارنىڭ ھالىنى بىلمەي قېلىشىمدىن قورققانلىقىمدىن شۇنچە كۆپ روزا تۇتىمەن» دېگەنىكەن.

(4) روزىدا بايلار بىلەن پېقىرلار ئوخشاش سىنىلىدۇ.

(5) روزا سايىسىدا مۇسۇلمانلار ئىنتىزامچانلىققا ۋە سەبىرچانلىققا ئۆزلىرىنى كۆندۈرىدۇ.

(6) روزا سايىسىدا مۇسۇلمان كىشى ساقلىقنى ساقلاشنى ۋە نەپسىنى كونترول قىلىشنى ئۆگىنىدۇ.

## رامىزان ئېيىنىڭ پەزىلىتى

**شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِيَ أُنزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِّنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ وَمَن كَانَ مَرِيضاً أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ يُرِيدُ اللّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلاَ يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ وَلِتُكْمِلُواْ الْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُواْ اللّهَ عَلَى مَا هَدَاكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ {185}.**

تەرجىمىسى: رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىقلار ئۈچۈن قويۇلغان) يۇرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ(185).

**يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن روزىنىڭ پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ساناقلىق كۈنلەر ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن بولسا، بۇ ئايەتتە مەزكۇر ساناقلىق روزا كۈنلىرىنىڭ كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى قۇرئان كەرىم ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈشكە باشلىغان ئاي رامىزان ئېيى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. رامىزان ھىجرىيە ئايلىرىدىن 9 ـ ئاينىڭ نامى بولۇپ، بۇ ئايدا بىر ئاي روزا تۇتۇش ھەر قانداق مۇسۇلمان، ئاقىل، بالىغ بولغان ۋە كېسەللىك ئۆزرىسى بولمىغان، سەپەر ئۈستىدە بولمىغان كىشى ئۈچۈن پەرزدۇر. سەپەردە بولغانلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن رامىزان روزىسىنى تۇتالمىغانلار كېيىن ئۇنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ.

رامىزان ئېيى روھنىڭ ماددىدىن ئۈستۈن بولۇشى نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرى ۋە شەھۋەتلىرىنى ۋاقىتلىق رەت قىلىش ئارقىلىق مەنىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەتتۇر. رامىزان ئېيى باشتىن ـ ئاخىر تەربىيە ئېيىدۇر. ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلار گۈزەل ئەخلاق، ياخشى ئەمەل ۋە خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئۆزلىرىنى كۆندۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «رامىزان ئېيىدا كىشىلەرنىڭ ئەڭ سېخىيسى ۋە ئەمەل – ئىبادەتلەردە ئەڭ ئالدىنقىسى» ئىكەنلىكىنىڭ سىرىنى چۈشىنىش ئانچە قىيىن ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاندا جىبرىئىل بىلەن ئۇچراشقىنىدا تېخىمۇ سېخىي بولۇپ كېتەتتى. روزىنىڭ ئەدەبلىرىدىن بىرى شۇكى: سىزگە بىراۋ ئازار قىلسا، ئۇنىڭغا: «مەن روزىدارمەن» دەيسىز ۋە ئاچچىقىڭىزنى رامىزاننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يۇتىسىز. { إِنَّمَا يُوَفَّى الصَّابِرُونَ أَجْرَهُم بِغَيْرِ حِسَابٍ} يەنى «پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ» (زۇمەر سۈرىسى 10 –ئايەت).

مەلۇمكى، رامىزان روزىسى ئاللاھ تائالادىن بولغان بىر چوڭ نېمەتتۇر. روزىنىڭ پايدىسى ئۇنى تۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. چۈنكى بۇ ئىبادەت بەندىلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن

بۇيرۇلغان. ئىسلام دىنى كىشىلەرنى قىيىنچىلىقلارغا بۇيرىمايدۇ. بەلكى ئىسلام تەكلىپلىرىنىڭ ھەممىسى ھەر قانداق كىشىنىڭ ھېچقانداق بىر چارچاش ياكى قىيىنچىلىق ھېس قىلماستىن ئادا قىلىش ئىقتىدارىدا بولغان ئىبادەتلەردۇر. سەپەر ئۈستىدە بولغانلار بىلەن كېسەللىك ئۆزرىسى بولغانلارنىڭ رامىزاندا ئېغىزلىرى ئوچۇق يۈرۈشلىرىگە رۇخسەت قىلىنغانلىقىمۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كەڭچىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان بولۇپ، بەندىلىرىنىڭ قىيىنلىپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدۇ، بەلكى ئۇلارغا ھەر ئىشتا ئۇڭايلىقنى خالايدۇ. رامىزان ئېيىدا سەپەرگە چىققان ئادەم مەيلى ئۆتمۈشتىكىدەك، ئات ـ ئۇلاقلار بىلەن چىقسۇن، مەيلى كۈنىمىزدىكى ئايروپىلان، پويىز، پاراخوت ۋە ماشىنا قاتارلىق زامانىۋى قاتناش قۇراللىرى بىلەن چىقسۇن، سەپەردە قىيىنچىلىققا يولۇقسۇن ياكى يولۇقمىسۇن ئۇنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا ۋە كېيىن يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن تۇتالمىغان كۈنلىرىنىڭ قازاسىنى قىلىشىغا ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن رۇخسەت كۈچكە ئىگەدۇر. ئۇ رامىزاندا ئېغىزى ئوچۇق يۈرگىنى ئۈچۈن گۇناھكار بولمايدۇ. ئەگەر خالىسا سەپەردە قىيىنچىلىق كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن روزا تۇتسا ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. شۇنىڭدەك، كېسەل كىشىمۇ روزا تۇتسا كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ قېلىشى ياكى شىپا تېپىشىنىڭ كېيىنگە سوزۇلۇپ كېتىشى قاتارلىق ئەندىشىلەردىن خالىي بولغان شارائىتتا بولسا، ئۇنىڭ تۇتمىغىنىدىن تۇتقىنى ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلىنغان كېسەللىك روزا تۇتسا مۇشەققەت بىلەن، قىيىنلىپ تۇتىدىغان دەرىجىدىكى كېسەللىكتۇر. ئەمما زۇكام، كۆز ئاغرىقى، بەل ۋە بۇت ئاغرىقىغا ئوخشىغان ئادەتتىكى ئاغرىقلار ئۇنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا ئۆزرە بولالمايدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ رامىزان روزىسىنى تولۇق تۇتۇشى پەرزدۇر.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1 ـ رامىزان ئېيى بارچە ئايلار ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ ئايدۇر. شۇڭىمۇ ئىسلام مىللىتىنىڭ نەزەرىدە، ئۇ 11 ئاينىڭ سۇلتانى دەپ ئاتىلىدۇ.

2 ـ رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش ھەر قانداق ئاقىل، بالىغ بولغان، سەپەر ئۈستىدە ياكى كېسەل بولمىغان مۇسۇلمان كىشىگە پەرزدۇر. ئاياللارنىڭ روزا تۇتۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئايلىق ئادەت ۋە تۇغۇتنىڭ قېنىدىن پاك بولغان بولۇشى شەرتتۇر. ئاياللارمۇ تۇتالمىغان رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى پاكلانغان كۈنلىرىدە تۇتىدۇ.

3 ـ ئىسلام شەرىئىتى ئۇڭايلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە قىيىنچىلىقنى خالىمايدۇ.

4 ـ ھېيت نامازلىرىغا بېرىش يولىدا تەكبىر ئېيتىش ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر كەلتۈرۈشنىڭ ئىپادىسىدۇر.

5 ـ ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزى ئەڭ ئېسىل شۈكۈردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغانلىرىنى بەجا كەلتۈرمىگەن كىشىنىڭ ئاغزاكى «شۈكرى خۇدايىم» دېگىنى ئەھمىيەتسىزدۇر.

6 ـ ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئەڭ يېقىندۇر. چۈنكى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇدات ئۇنىڭ قولىدىدۇر.

7 ـ دۇئادا ۋە ئەزان بىلەن ئىقامەتتىن باشقىمۇ ئىبادەتلەردە ئاۋازنى كۆتۈرۈش ياخشى ئەمەستۇر. شەرىئەت ئىستىلاھىدا مەكرۇھ سانىلىدۇ.

8 ـ ئىماندا مۇستەھكەم بولۇش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ چاقىرىقىغا قولاق سېلىش زۆرۈردۇر.

9 ـ توغرا يول تېپىش ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىغا ئەگىشىشتۇر. ئۇنىڭ باشقىسى ئازغۇنلۇقتۇر.

## روزىنىڭ بەزى ئەھكاملىرى

**وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَني فَإِني قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الداعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِـي لَعَلهُـمْ يَرْشُدُونَ {186}. أُحِل لَكُمْ لَيْلَةَ الصيَامِ الرفَثُ إِلَى نِسَآئِكُمْ هُن لِبَاسٌ لكُمْ وَأَنتُمْ لِبَاسٌ لهُن عَلِمَ اللّهُ أَنكُمْ كُنتُمْ تَخْتانُونَ أَنفُسَكُمْ فَتَابَ عَلَيْكُمْ وَعَفَا عَنكُمْ فَالآنَ بَاشِرُوهُن وَابْتَغُواْ مَا كَتَبَ اللّهُ لَكُمْ وَكُلُواْ وَاشْرَبُواْ حَتى يَتَبَينَ لَكُمُ الْخَيْطُ الأَبْيَضُ مِنَ الْخَيْطِ الأَسْوَدِ مِنَ الْفَجْرِ ثُم أَتِموا الصيَامَ إِلَى الليْلِ وَلاَ تُبَاشِرُوهُن وَأَنتُمْ عَاكِفُونَ فِي الْمَسَاجِدِ تِلْكَ حُدُودُ اللّهِ فَلاَ تَقْرَبُوهَا كَذَلِكَ يُبَينُ اللّهُ آيَاتِهِ لِلناسِ لَعَلهُمْ يَتقُونَ {187}.**

تەرجىمىسى: مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا ، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن(186). روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر يەنى بىر ـ بىرىڭلارغا ئارىلىشىپ ياشايسىلەر، كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك بىر ـ بىرىڭلارغا يېپىشىسىلەر. ئاللاھ رامىزان كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىپ ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆزۈڭلارنى ئالدىغانلىقىڭلارنى بىلدى. ئاللاھ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى، سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. ئەمدى ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە تەقدىر قىلغان پەرزەنتنى تەلەب قىلىڭلار، تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا يەنى تاڭ ئاتقانغا قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن

كەچ كىرگەندە روزا تۇتۇشلار، سەلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا كۈندۈز بولسۇن، كېچە بولسۇن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، ئەنە شۇلار ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر. ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار. كىشىلەرنىڭ ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ(187).

## يوقىرىقى ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ساھابىلاردىن بەزىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا كېلىپ: «پەرۋەردىگارىمىز بىزگە يېقىنمۇ ياكى يىراقمۇ؟ ئەگەر ئۇ بىزگە يىراق بولسا ئۇنى چاقىرايلى، يېقىن بولسا مۇناجات قىلايلى» دەپ سوراشقاندا، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، بۇ ئايەتنى روزا ئايىتىدىن كېيىن چۈشۈرگەنلىكتىكى ئىلاھىي ھېكمەتنىمۇ ئۇنۇتماسلىق لازىم.

ئى مۇھەممەد! مېنىڭ بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، مەن ئۇلارغا ناھايىتى يېقىنمەن. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى بىلىپ، ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرىمەن. دۇئانى يۈرەكتىن قىلىپ، خۇدا رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى شەپى كەلتۈرگەن كىشىنىڭ دۇئاسىنى چوقۇم ئىجابەت قىلىمەن.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۇلار مېنىڭ ئىمانغا چاقىرغان دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلارغا ھىدايەت تېپىشىغا ۋەسىلە بولسۇن ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىمەن ۋە ئۇلارنى ئەڭ ياخشى مۇكاپات بىلەن مۇكاپاتلايمەن.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كەڭ ئىلمى ۋە چەكسىز ھېكمىتى بىلەن بەندىلىرىگە بەكمۇ يېقىندۇر. ئۇلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىدىن، ھەتتا كۆڭۈللىرىگە كەچۈرگەنلىرىدىنمۇ تولۇق خەۋەرداردۇر. ئۇنىڭ بەنلىرىگە بولغان يېقىنلىقى ئىنساننىڭ ئۆز جان تومۇرىغا يېقىن بولغىنىدىنمۇ يېقىندۇر. بۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغۇچى سورايدىغانلىرىنى مەيلى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سورىسۇن، مەيلى ئاۋازىنى چىقارماستىن ئىچىدە سورىسۇن ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە كەلتۈرگەنلىرىنىڭ ھەممىنى بىلىپ، پىچىرلىغانلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئىكەن، ئۇ ئاڭلاش ئۈچۈن تاۋۇشلارغا ئېھتىياجلىق ئەمەس. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ سورىغانلىرىنى تېز ياكى كېچىكتۈرۈپ بولسىمۇ چوقۇم بېرىدۇ. يېتەركى دۇئا قىلغۇچى دۇئاسىنىڭ تېز ئىجابەت بولمىغىنى سەۋەبلىك ئۈمىدسىزلەنمىسە ۋە دۇئادىن يۈز ئۆرۈمسە ئۇنىڭ تىلىگەنلىرى چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ. دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن بەزى شەرتلەر بولۇپ، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ھالالدىن بولۇشى، قىلغان دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىدىن شەكلەنمەسلىك، بەلكى چىن ئىشەنچ بىلەن دۇئا قىلىش، ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن ئالدىراپ كەتمەسلىك، ئۈمىدسىزلەنمەسلىك قاتارلىقلاردۇر.

روزا پەرز قىلىنغان ئاۋۋالقى چاغلاردا، مۇسۇلمانلارنىڭ رامىزان كېچىلىرىدە، ئاياللىرىغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلىشى ۋە يېيىش ـ ئىچىشى يوق ئىدى. گويا روزا تاڭدىن ئەمەس، ئاخشىمى يېتىش ۋاقتىدىنلا باشلىناتتى. بۇ سەۋەبتىن، بەزى كىشىلەر رامىزان كېچىلىرىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىپ سالدۇ ۋە بۇ ئىشقا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ئۇنى دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئايەتلەر چۈشىدۇ ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن رامىزان كېچىلىرىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىش، يېيىش ۋە ئىچىش قاتارلىق ئىشلار ھالال قىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ رامىزان كېچىلىرىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشلىرىغا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى بايان قىلغان مەزكۇر ئايەتتە، ئەر بىلەن ئايال مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەتنى تەسۋىرلەشتە، ئەر بىلەن ئايال ئىككىسىنى كىيىمگە ئوخشاتقان، يەنى كىيىممۇ بەدەننى قىشتا سوغۇقتىن، يازدا ئىسسىقتىن ساقلىغاندەك، سىلەرمۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىڭلار بىر ـ بىرىڭلارنى شۇنداق ھىمايە قىلىسىلەر، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ئەيىبلىرىنى يوشۇرىسىلەر ۋە بىر ـ بىرىڭلاردىن بېھاجەت بولالمايسىلەر دەپ سۈپەتلەش ئارقىلىق ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ئىشارەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئەر – ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىگە خۇددى ئۈستىلىرىگە كىيگەن كىيىملىرىدەك يېقىن بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ پۈتۈن بىر ئاي ئىچىدە بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشماستىن ئۆتۈشىنىڭ قىيىنلىقىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، ئۇلارغا رامىزان كېچىلىرىدە يېقىنچىلىق قىلىشنى رۇخسەت قىلغانلىقىنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كەڭ ئىلمى بىلەن بەزى كىشىلەرنىڭ رامىزان كېچىلىرىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشىنىڭ دۇرۇسلىقى ياكى ئۇنىڭ خاتالىقى تېخى مەلۇم بولمىغان، شۈبھىلىك بىر ئىشنى يەنى ئاياللىرىغا رامىزان كېچىلىرىدە يېقىنچىلىق قىلىشنى سادىر قىلغانلىقلىرىنى بىلگەنلىكىنى ۋە بۇ ئىشنىڭ خۇددى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئالدىغانلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھۆكۈمنى بىلمەستىن قىلىپ قويغان بۇ ئىشىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا رامىزان كېچىلىرىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشلىرىغا ۋە شۇ ئارقىلىق ئاللاھ تەقدىر قىلغان پەرزەنتنى تىلىشىگە ئوچۇق رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئاندىن روزىنىڭ ئەھكاملىرىدىن بولغان سۇھۇرنىڭ ۋاقتىنى بەلگىلەپ كۆرسىتىدۇ. سۇھۇردىن ئېغىزنى ئېتىشنىڭ ۋاقتى تاڭ ئاقىرىشىنىڭ ئازراق ئالدىنقى ۋاقتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇھۇردىن ئېغىزنى ئېتىشنىڭ ۋاقتىنى بايان قىلىپ: « تاڭدىن بۇرۇنقى ئۇپۇقتا ئۆزۈنىسىغا سوزۇلغان ئاقلىق ياكى بىلالنىڭ قارا سەھەردىكى باش ئەزىنى سىلەرنى ئالداپ قويمىسۇن، سۇھۇردىن ئېغىزىڭلارنى

ئىتىدىغان ۋاقىتىڭلار تاڭ ئېتىش ئالدىدىكى توغرىسىغا سوزۇلۇپ كۆرۈنگەن ئاقلىقتۇر، دەپ ئىككى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ چۈشەندۈرگەن.» (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس).

ئاندىن ئاللاھ تائالا ئېتىكاپنىڭ بەزى ئەھكاملىرىنى بايان قىلغان. ئېتىكاپ — دۇنيا ئىشلىرىدىن ۋاقىتلىق قول ئۈزۈپ، مەسجىدتە ئولتۇرۇپ ئىبادەت بىلەنلا مەشغۇل بولۇش دېگەنلىكتۇر. ئېتىكاپ قىلغۇچىنىڭ تاكى ئېتىكاپنى تۈگىتىپ ئۆيىگە چىققانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشى چەكلىنىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مەخسۇس بەلگىلىمىسىدۇر.

يوقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - روزا تۇتقۇچىلارنىڭ رامىزان كۈنلىرىدە ئىپتاردىن باشلاپ تاكى تاڭ ئاتقۇچە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشلىرى، يېيىش ۋە ئىچىشلىرى ھالالدۇر. بۇ شەرىئەتنىڭ رۇخسىتىدۇر.

2 - روزا تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ كۈن پاتقۇچە تۇتۇلىدۇ.

3 - روزا تۇتقۇچىلار كۈندۈزى ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىش، يېيىش، ئىچىش، گۇناھ ئىشلەش، غەيۋەت قىلىش، غەزەپلىنىش ۋە كىشىلەرگە ئازار بېرىش قاتارلىق ئىشلاردىن مەنئى قىلىنىدۇ.

4 - ئېتىكاپ قىلىش ساۋابلىق ئىش، خۇسۇسەن رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلىش سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلاتتى.

5 - ئېتىكاپ قىلغۇچىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرىدىن باشقا ئىشلار بىلەن مەسجىدتىن ئايرىلماسلىقى ۋە ئاياللىرىغا ئېتىكاپ ئەسناسىدا يېقىنچىلىق قىلماسلىقى ئېتىكاپنىڭ شەرتلىرىدىن سانىلىدۇ.

6 - ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش زۆرۈردۇر.

7 - شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ بۇيرىلىشى ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەتلىرىگە ئېرىشتۈرۈش ۋە بارلىق زىيانلىق ئىشلاردىن ئامان قىلىش ئۈچۈندۇر.

8 - سۇھۇردا ئاغزىنى ئېتىش ئىشىنى بىرئاز كېچىكتۈرۈش ۋە ئىپتارنى ئالدىراپ قىلىش سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «مېنىڭ ئۇممىتىم سۇھۇرنى كېچىكتۈرۈش ۋە ئىپتارغا ئالدىراشنىڭ ياخشىلىقىنى ھەمىشە كۆرگۈچىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى)

باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېيىشنىڭ ھاراملىقى

**وَلاَ تَأْكُلُواْ أَمْوَالَكُم بَيْنَكُم بِالْبَاطِلِ وَتُدْلُواْ بِهَا إِلَى الْحُكَّامِ لِتَأْكُلُواْ فَرِيقاً مِّنْ أَمْوَالِ النَّاسِ بِالإِثْمِ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ {188}**

تەرجىمىسى: بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار(188).

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئۇمۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىدا ئۆتكەن ئايەتلەردە، روزىنىڭ بەزى ئەھكاملىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتتە، شەرىئەتنىڭ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلات ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى ئەھكاملىرىنى بايان قىلىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى بويىچە، كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى قايسىبىر يول بىلەن بولمىسۇن ھەقسىز يەۋېلىش مۇتلەق ھارامدۇر. ناھەقچىلىككە ئىسلام شەرىئىتى ھەرگىزمۇ يول قويمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ھارام يەۋېلىش ۋاستىلىرىنىڭ ئەڭ يامىنى ھاكىملارغا، مەھكىمىدىكىلەرگە پارا بېرىش ئارقىلىق دەۋانى ئۆز پايدىسىغا چۆرۈشكە تىرىشىشتۇر. مانابۇ، ھاراملارنىڭ ئەڭ يامىنى بولۇپ، ھارام ئۈستىگە ھارام قېتىلغان كەچۈرۈلمەس بىر جىنايەتتۇر. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋېلىش ئۈچۈن ھىلە ـ مىكىر ئىشلىتىش بىر ھارام، ئاندىن مەھكىمىگە پارا بېرىش بىر ھارام، ئاندىن دەۋانى ئۆزىنىڭ پايدىسىغا چۆرۈپ قارشى تەرەپنىڭ ماللىرىنى ناھەق ئېلىۋېلىش بىر ھارام، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئەشەددىي ھاراملاردىن ئىبارەتتۇر. شۈنىسى ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ ئىبادەتلەرنى ئورۇنلىماسلىق، مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىش دېگەندەك گۇناھلىرىدىن ئۆتسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلغان ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىنى يەۋالغانلىقنىڭ گۇناھىدىن ھەق ئىگىسى ئۆتمىگىچە قەتئىي ئۆتمەيدۇ. چۈنكى ئالدىنقىسى ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ بولسا، ئىككىنچىسى بەندىلەرنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن جىنايەتتۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز ھەققىدىن ئۆتسىمۇ، باشقىلارنىڭ ھەققىدىن ئۆتۈپ بەرمەيدۇ. مانابۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىدۇر.

مەلۇمكى، بىر مىللەتتە پاراخورلۇق، چىرىكلىك ۋە جەۋرى – زۇلۇمنىڭ ئومۇملىشىشى شۇ مىللەتنىڭ قەبرىسىنى قازىدىغان بىر يامان ئاقىۋەتتۇر.

مۇسۇلمان ئادەمنىڭ بىراۋنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشنىڭ ھاراملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يولسىزلىق بىلەن ئۇنى يەۋېلىشى نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق قاباھەتلىك ئىش. مۇنداقلار قارنىغا يېنىپ تۇرغان ئوتنى سىڭدۈرگەن بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ جازاسىنى تولۇقى بىلەن كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى دەۋا سوراپ كەلگەن ئىككى كىشىگە: «مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن. سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا دەۋا قىلىشىپ كېلىسىلەر. بەزىلىرىڭلار بەزىلىرىڭلاردىن سۆزگە ئۇستا كېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىگە ئاساسەن ھۆكۈمنى ئۇنىڭ

تەرىپىگە بۇيرۇپ بېرىمەن. كىمگە قېرىندىشىنىڭ(قارشى تەرەپنىڭ) ھەققى بولغان بىر نەرسىنى بۇيرۇپ بەرگەن بولسام، ئالغۇچى ئۇنىڭدىن بىر ئوت پارچىسىنى ئالغان بولىدۇ» دېگەندە، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى يىغلىشىپ كېتىدۇ ۋە ھەر بىرى «مېنىڭ ھەققىم قېرىندىشىمغا بېرىلسۇن» دېيىشىپ دەۋادىن ۋاز كېچىشىدۇ.

يوقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىشنىڭ گۇناھى ھەققەتەن ئېغىردۇر. كىشىنىڭ ھەققىدىن ئۆز ئىگىسى ئۆتمىگىچە، ئاللاھ تائالا ئۆتمەيدۇ.

2 ـ قانداقلا بىر ئىش ئۈچۈن بولمىسۇن پارا بېرىش ۋە ئۇنى ئېلىش قاتتىق ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پارا بەرگۈچى بىلەن ئالغۇچى ھەر ئىككىسىگە لەنەت قىلغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ قاتتىق ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئەمما بىراۋ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن پارا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان شارائىتتا، پارا بېرىپ بولسىمۇ ئۆز ھەققىنى ئېلىشى كېرەك. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ گۇناھى مەجبۇرلۇقتىن پارا بەرگەنگە ئەمەس، بەلكى شۇنىڭغا زورلىغان ۋە پارا بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەققىنى يوققا چىقىرىشقا ئورۇنغان ھارامخور ئەمەلدارلارغا بولىدۇ. ئەمما بىراۋنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن پارا بېرىش بۇ ئايەتتە تەھدىد قىلىنغان ئېغىر گۇناھنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاي شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى

**يَسْأَلُونَكَ عَنِ الأَهِلَّةِ قُلْ هِيَ مَوَاقِيتُ لِلنَّاسِ وَالْحَجِّ وَلَيْسَ الْبِرُّ بِأَنْ تَأْتُوْاْ الْبُيُوتَ مِن ظُهُورِهَا وَلَـكِنَّ الْبِرَّ مَنِ اتَّقَى وَأْتُواْ الْبُيُوتَ مِنْ أَبْوَابِهَا وَاتَّقُواْ اللّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ {189}.**

تەرجىمىسى: ئى مۇھەممەد! سەندىن يېڭى چىققان ئاي(نىڭ كىچىك چىقىپ چوڭىيىدىغانلىقى، ئاندىن قايتا كىچىكلەيدىغانلىقى) توغرۇلۇق سورىشىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئۇ كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىك، سودا ـ سېتىق، مۇئامىلە، روزا تۇتۇش، ئېغىز ئېچىش قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ ۋە ھەجنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلىشى ئۈچۈندۇر». (جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلاردەك، ئېھرامدىكى چېغىڭلاردا) ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن( تۆشۈك ئېچىپ) كىرىش ياخشىلىققا ياتمايدۇ. (ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) قورققان ئادەم ياخشى ئەمەل (ئىگىسى)دۇر. ( ئېھرامدىكى چېغىڭلاردا ئادەتتىكىدەك) ئۆيلەرنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىڭلار، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىڭلار(189).

يوقىرىقى ئايەتنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى

رىۋايەتلەرگە كۆرە، بەزى ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاينىڭ كىچىك چىقىپ چوڭىيىدىغانلىقى، ئاندىن قايتا كىچىكلىشىپ ئەسلىدىكىدەك بولۇپ قالىدىغانلىقى توغرۇلۇق

سورىغانلىق مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئايەت چۈشكەن ۋە پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاينىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشچان ھالىتى كىشىلەرنىڭ مەئىشەت ئىشلىرىنىڭ، روزا، ھەج ۋە باشقىمۇ ئىبادەتلەرنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلىشى، ئاياللارنىڭ ئايلىق ئادەت كۈنلىرىنىڭ ۋاقىتلىرىنى بەلگىلىشى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە بۇيرۇلغان. مەدىنىلىكلەر ئىسلامدىن ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدە، ھەج ياكى ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرام باغلاپ ئۆيلىرىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇلار بەزىبىر ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆيلىرىگە كىرىشكە ئېھتىياجلىق بولغانلىرىدا، ھاۋانىڭ ئىسسىقىدىن ئىشىكلىرىنىڭ سايىسىدا سايىداپ قېلىشنى ئىبادەت ئۈچۈن نۇقسان يەتكۈزىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىدىن كىرمەستىن، تاملىرىدىن تۆشۈك ئېچىپ شۇ تۆشۈكتىن كىرەتتى. ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا بۇنداق ئاۋارىچىلىقنى بولىدىغان ئىبادەت سىستېمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ كىرىش ياخشىلىققا ياتمايدىغانلىقىنى، ئۆيگە كىرمەكچى بولغان ئادەم قائىدە بويىچە ئىشىكىدىن كىرىشى كېرەكلىكىنى، ئەمما ياخشىلىق پەقەت تەقۋادارلىق يەنى ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن ھەزەر قىلىش ۋە ئۇنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئەمەل - ئىبادەتلەرنى توغرا يوسۇندا ئورۇنلاش بىلەن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن ئىشىنى نىجاتلىقنىڭ بىردىنبىر ۋاسىتىسى بولغان تەقۋادارلىققا ئىخچاملىغان ھالدا، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

## يوقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 - ئىنسان ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان سوئالنى سورىشى ۋە كېرەك بولمىغانلاردىن سۆز ئاچماسلىقى ياخشىدۇر. بىلمىگەننى سوراپ ئۆگىنىش پەزىلەتلىك ئىشتۇر. شۇڭىمۇ ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلىپ: «ئەگەر بىلمىسەڭلار بىلىدىغانلاردىن سوراڭلار» دەپ كۆرسەتكەن.

2 - قەمەرىيە ئايلىرىنىڭ پايدىلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئىسلام دىنىدىكى بەزى ئىبادەتلەر مۇئەييەن ئايلاردا قىلىشقا بۇيرۇلغان. مەسىلەن، پەرز روزا قەمەرىيە ئايلىرىدىن 9 - ئاي يەنى رامىزان ئېيىدىلا تۇتۇلىدۇ. ھەج زۇلھەججە ئېيىدا ئادا قىلىنىدۇ. شۇنداقلا قەمەرىيە ئايلىرىدىن شەۋۋال، زۇلقەئىدە ۋە زۇلھەججە ئۈچ ئاي ھەج ئايلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. كىشىلەر كۆپلىگەن ئىبادەتلىرىنى شۇ قەمەرىيە ئايلىرىنىڭ ھېسابى بويىچە ئادا قىلىدۇ. مۇندىن باشقا يەنە، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك ئىشلىرىنىڭ ۋاقىتلىرىنى ئايلار بىلەن بەلگىلەيدۇ.

3 - ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاشتا شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە شۇ ئىبادەتلەرنىڭ سىستېمىلىرى بويىچە قىلىش كېرەك. ئەگەر شۇنداق بولمىغاندا مەزكۇر ئەمەل قوبۇل

قىلىنمايدۇ. دىندا بىدئەت سادىر قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. گەرچە ئۇنى ئىبادەت مەقسىتى بىلەن قىلسىمۇ قوبۇل ئەمەستۇر.

4 ـ تەقۋادارلىق ئىككى ئالەملىك خاتىرجەملىكنىڭ كاپالىتىدۇر. تەقۋادارلىق نىجاتلىققا ئېلىپ بارىدىغان داغدام يولدۇر. تەقۋادارلىق سايىسىدا كىشىلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادەتلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەدەبلىرى

**وَقَاتِلُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَكُمْ وَلاَ تَعْتَدُواْ إِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبِّ الْمُعْتَدِينَ {190} وَاقْتُلُوهُمْ حَيْثُ ثَقِفْتُمُوهُمْ وَأَخْرِجُوهُم مِّنْ حَيْثُ أَخْرَجُوكُمْ وَالْفِتْنَةُ أَشَدُّ مِنَ الْقَتْلِ وَلاَ تُقَاتِلُوهُمْ عِندَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ حَتَّى يُقَاتِلُوكُمْ فِيهِ فَإِن قَاتَلُوكُمْ فَاقْتُلُوهُمْ كَذَلِكَ جَزَاء الْكَافِرِينَ {191} فَإِنِ انتَهَوْاْ فَإِنَّ اللّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ {192} وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لاَ تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ لِلّهِ فَإِنِ انتَهَواْ فَلاَ عُدْوَانَ إِلاَّ عَلَى الظَّالِمِينَ {193}.**

تەرجىمىسى: سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ(190) مۇشرىكلارنى ھەرەمدە بولسۇن، باشقا يەردە بولسۇن ، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا بولسۇن ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرمۇ ئۇلارنى يۇرتىدىن چىقىرىۋېتىڭلار. زىيانكەشلىك قىلىش ئۇرۇشتىنمۇ ياماندۇر. تاكى ئۇلار ئۆزى ئۇرۇش ئاچمىغىچە مەسجىدى ھەرەم ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، ئەگەر ئۇلار مەسجىدى ھەرەم ئەتراپىدا ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار. كاپىرلارنىڭ جازاسى شۇنداق بولىدۇ.(191) ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا سىلەرمۇ ئۇرۇشتىن قول ئۈزۈڭلار، ئاللاھ تەۋبە قىلغۇچىلارغا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ مېھرىباندۇر(192). تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ(193).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبى

يۇقىرىقى ئايەتلەر ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدە چۈشكەن. ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەككىگە قاراپ ئاتلانغىنىدا، مەككە مۇشرىكلىرى ئۇلارنى مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن توسقان ۋە بۇيىل قايتىپ كېتىپ، كېلىدىغان يىلى كېلىشكە، مەككىدە ئۈچ كۈن مۇددەت ئىچىدە ھەج ئىشلىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېتىشكە ئىككى تەرەپ كېلىشىم ئىمزالىغان ئىدى. كېلىشىم بويىچە بىر يىلدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى ئۆمرە (ئالدىنقى يىلى قىلالمىغان ئۆمرىنىڭ قازاسىنى) قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ ۋە ئۇلار مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كېلىشىمنى بۇزىشىدىن، ئالدىنقى

يىلدىكىدەك ئۇلارنى مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن كۈچ بىلەن توسۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەمما ئەينى ۋاقىتتا ساھابىلار مەسجىدى ھەرەم ۋە ئۇرۇش قىلىش مەنئى قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلىشنى ياقتۇرمايتتى. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەرنى چۈشۈردى.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاۋۋالقى ئۈچ ئايەت، ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى ۋە زىيانكەشلىكتىن قول يىغقانلارغا چېقىلماسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەسلەپكى ئايەتلەر بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرگە خىتاب قىلىندۇ.

ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى باتىل دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارغا رەددىيە بېرىش ۋە كۇففالارنىڭ زۇلۇم - جەۋرلىرىدىن ئازات بولۇشىڭلار يولىدا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن سىلەرگە رۇخسەت بېرىلدى. چۈنكى مۇشرىكلار سىلەرگە كۆپ زۇلۇم قىلدى. سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلدى، ئەھدىنى بۇزدى. زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار ۋە سىلەرگە قارشى ئۇرۇش ئاچقانلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن قوغلاپ چىقارغاندەك، ئۇلارنىمۇ يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار. ئەمما كۇففار بولسىمۇ سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلمىغانلارغا چېقىلماڭلار. ئۇلارغا دۈشمەن بولماڭلار. ئۇرۇش ئەسناسىدا ياشانغانلار، كىچىك باللار ۋە ئاياللارغا چېقىلماڭلار. پەقەت سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغانلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. چۈنكى كۇففار بولسىمۇ سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلمىغانلارغا دۈشمەنلىك قىلىپ زۇلۇم قىلىش چەكلىنىدۇ. مانا بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپىدۇر.

مەسجىدى ھەرەم ئىچىدە ۋە ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئۇلۇغ ئايلاردا ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر كۇففارلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچقان ھالەتتە، سىلەرنىڭ ئۇلارغا رەددىيە بېرىش ۋە ئۆزۈڭلارنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن مەيلى مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىچىدە بولسۇن، مەيلى ئۇلۇغ ئايلاردا بولسۇن ئۇرۇش قىلساڭلار بولىدۇ. بۇرۇن سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغان ۋە ئىسلام دىنىغا ھاقارەت قىلغان كۇففارلار ئەگەر گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئىمان ئېيتسا ياكى زىيانكەشلىكتىن قول يىغسا ئۇلارغا چېقىلىشقا بولمايدۇ. تەۋبە قىلىپ مۇسۇلمان بولغانلىرى سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. چۈنكى ئىمان ئېيتقانلارنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىق شەرىپى بىلەن ئەپۇ قىلىنغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان بولۇپ، تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە ئەپۇ قىلىدۇ.

ئاخىرىقى ئايەتتە بولسا، ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى جىھاد ئەمرىنى قايتا تەكىتلەيدۇ. ئىسلام دىنىغا ھاقارەت قىلىدىغان، مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىدىغان ۋە ئىسلام دەۋىتىنىڭ يولىنى

تۇسىدىغان ئازغۇن كۈچلەرنى پۈتۈنلەي تامار قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى، ئىبادەتلىرىنى ئازادە، جاتىرجەم ھالدا قىلالايدىغان ھۆررىيىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، زالىم كۈچلەرگە قارشى كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش بۇيرۇلىدۇ. زادى ئاللاھ تائالانىڭ دىنى ئەركىن، ئازادە يولغا قويۇلىدىغان ۋە مۇسۇلمانلار ئىبادەتلىرىنى ئامانلىق ۋە جاتىرجەملىك ئىچىدە قىلالايدىغان بىر ۋەزىيەتنى يارىتىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇپ، ھەدەپ زىيانكەشلىكلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان زالىم كۈچلەرنى ئۈزۈل - كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدىن ساقلىنىش ياكى ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار سېپىگە قوشۇپ زۇلۇمغا خاتىمە بېرىشتىن باشقا چارە يوقتۇر. كۇففارلار ئەگەر زىيانكەشلىكلىرىدىن يېنىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلسا، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى زىيانكەشلىكلىرى ۋە دۈشمەنلىكلىرى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئىسلام بۇرۇنقى گۇناھلارنى يوققا چىقىرىدۇ. ئىسلام دىنىغا يېڭىدىن كىرگەن ئادەم ئىلگىرىكى بارلىق گۇناھلىرىدىن پاكلانغان بولىدۇ. ئىسلام دىنى شۇنداق ئۇلۇغ بىر دىنكى، ئۇ زىيانكەشلىك قىلغانلاردىن باشقىلارغا ئۇرۇش ئېچىشنى تاجاۋۇزچىلىق دەپ سانايدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان جىھاد پەرزى پەقەت ئىسلام دىنىغا ياكى مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى، زىيانكەشلىك قىلمىغانلار گەرچە باشقا دىندا بولسىمۇ ئۇلارغا چېقىلماسلىقنى تەقەززا قىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1 - مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلارغا قارشى جىھاد قىلىش پەرزدۇر. ئۇرۇش ئاچمىغانلارنى ئۆلتۈرۈش، ئۆيلەرنى يېقىتىش، زىرائەتلەرنى بۇزۇپ تاشلاش، ھايۋانلارغا زىيان يەتكۈزۈش مەنئى قىلىنىدۇ.

2 - ئۇرۇشتا ئاياللارنى، بالىلارنى ۋە ياشانغانلارنى ئۆلتۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ. پەقەت ئۇرۇش قىلغانلار بىلەنلا ئۇرۇشۇش تەلەب قىلىنىدۇ.

3 - مەسجىدى ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەككە شەھرىدە قان تۆكۈشنى ئاللاھ تائالا ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقان كۈنىدىن باشلاپ ھارام قىلغاندۇر. بۇ جايدا قان تۆكۈش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن تا قىيامەتكىچە چەكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇرۇش كۇففارلار تەرىپىدىن باشلىتىلغان بولسا ئۇلارغا رەددىيە بېرىش كېرەك».

4 - ئىسلام دىنى ئىلگىرىكى گۇناھلارنى يوققا چىقىرىدۇ، يەنى بىراۋنىڭ مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇنقى گۇناھلىرى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ.

5 ـ ئىسلام دىنىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىش پەرز كىفايە، يەنى ئىسلام ئارمىيىسىنىڭ بۇ پەرزنى ئادا قىلىشى بىلەن، ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ پەرزنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيىتى ساقىت بولىدۇ. ئەمما تاجاۋۇزچىلار مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىغا بېسىپ كىرگەن ۋاقىتتا، شۇ زېمىن ئەھلى بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش ھەممىسى ئۈچۈن جىھاد قىلىش پەرز ئەين (يەنى ھەركىم ئۆزى بىۋاستە ئادا قىلمىسا ئادا تاپمايدىغان پەرز)گە ئايلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھېچكىمنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

## ئۇلۇغ ھەج ئايلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش پرىنسىپلىرى

**الشَّهْرُ الْحَرَامُ بِالشَّهْرِ الْحَرَامِ وَالْحُرُمَاتُ قِصَاصٌ فَمَنِ اعْتَدَى عَلَيْكُمْ فَاعْتَدُواْ عَلَيْهِ بِمِثْلِ مَا اعْتَدَى عَلَيْكُمْ وَاتَّقُواْ اللّهَ وَاعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ {194} وَأَنفِقُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَلاَ تُلْقُواْ بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ وَأَحْسِنُوَاْ إِنَّ اللّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ {195}.**

تەرجىمىسى: ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاي ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايغا تەڭدۇر، يەنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا دۈشمەنلەر سىلەرگە چېقىلسا، شۇ ئايلاردا سىلەرمۇ ئۇلارغا چېقىلساڭلار بولىدۇ. ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر تەڭ ـ باراۋەردۇر (يەنى ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى باشقىلار دەپسەندە قىلسا، ئىنتىقام ئېلىش يۈزىسىدىن سىلەرمۇ ئۇلارنى دەپسەندە قىلساڭلار ھېچ يامىنى يوقتۇر). بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار؛ ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر(194). ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ(195).

## يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەزمۇنى

ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار قەمەرىيە ئايلىرىدىن 11 ـ 12 ـ 1 ـ ۋە 7 ـ ئايلاردىن ئىبارەت 4 ئاي بولۇپ، ئۇلارنىڭ ناملىرى زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم ۋە رەجەب ئايلىرىدۇر. ئۇرۇش ھارام قىلىنغان جاي مەسجىدى ھەرەمدۇر. بۇ ئايلاردا ۋە بۇ ئۇلۇغ جاي مەسجىدى ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىش ھارامدۇر، يەنى مەنئى قىلىنغاندۇر. ئەمما دۈشمەنلەر ئۆزلىرى بىرىنچى بولۇپ، بۇ ئايلاردا ۋە بۇ ئۇلۇغ جايدا ئۇرۇش ئاچقان بولسا، ئۇلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا بولىدۇ. بۇنداق ئۇرۇش ھۇجۇم قىلىش ئەمەس، بەلكى مۇداپىئەلىنىش ئۇرۇشىدۇر. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئادالىتى شۇنى تەقەززا قىلىدۇكى، ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن مەزكۇر ئايلاردا ياكى مۇقەددەس جاي مەسجىدى ھەرەمدە ئۇرۇش ئاچقانلارغا قارشى شۇ ئايلار ۋە

شۇجايدا بولسمۇ ئۇرۇش قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار مەزكۇر ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايلار ۋە ئۇلۇغ جاينىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغان ھېساپلانمايدۇ. چۈنكى ئۇرۇش بىرىنچى بولۇپ ئۇلار تەرىپىدىن باشلىتىلمىغانلىقى ئۈچۈن بارچە گۇناھ بىرىنچى بولۇپ ئۇرۇش باشلاتقانلارغا بولىدۇ. شۇنداقلا، زىيانكەشلىك قىلغانلاردىن ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلغىنى باراۋىرىدە ئىنتىقام ئېلىش، ئۇنىڭدىن ئارتۇق زىيانكەشلىك قىلماسلىق، كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. مانا بۇ تەقۋادارلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى تەقۋادارلىققا چاقىرىدۇ، تەقۋادارلارنى ياقتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ پەزلى كەرەمى ھەم نۇسرىتى ئۇلار بىلەن بىللە بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە، جىھادقا تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن پۇل - مال سەرپ قىلىشنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئىقتىدارى يەتكەنلەر ئۈچۈن پەرز ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ ۋە جىھادقا پۇل - مال ياردەم قىلىشنى تەرك ئېتىشنىڭ ئۆزلىرىنى ھالاكەتكە ئاتقانلىق ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. شۇنداقلا، ئاللاھ تائالانىڭ جىھادنى ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر تەرەپتىن قوللاش ئارقىلىق ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىنىڭ بەدىلىگە مۇكاپاتنى تولۇق بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر ئۇرۇش ئەسكەرلەرنى تەييارلاش ۋە قورال – ياراقلارنى ھازىرلاش ئۈچۈن پۇل – مالغا ئېھتىياجلىقتۇر. دەرھەقىقەت، دىنىنى، يۇرتىنى تاجاۋۇزچى كۈچلەردىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىش يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىشتىن باش تارتقۇچىلار خورلۇقتىن، ئاسارەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. تارىخ ۋە تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ياۋۇز دۈشمەنلەرگە، تاجاۋۇزچىلارغا ۋە ئىشغالىيەتچىلەرگە قارشى جىھاد قىلىشتىن باش تارتقان، جىھاد تەييارلىقى ئۈچۈن پۇل - مال سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلغان ھەر قانداق مىللەت ۋە ھەر قانداق شەخس ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ - ھۆررىيىتىدىن، ۋەتىنىدىن، بايلىقىدىن، ئاخىرىدا جېنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: «ئاللاھ ئاتا قىلغانلارنى ياخشى يوللارغا سەرپ قىلىشتىن بېخىللىق قىلغۇچىلار بۇ بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشىلىق دەپ ئويلىمىسۇن، بەلكى ئۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر» دەپ كۆرسەتكەن. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھەق سۆزى تارىخنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى جەريانىدا، ھەركىمنىڭ نەزەرىدە بىردەك رېئاللىققا ئايلانماقتا.

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئۇلۇغ ئايلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش زۆرۈردۇر. ئىسلام ئەھلىنىڭ مۇقەددەس قىبلىسى، مەسجىدى ھەرەمنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ئالدىنقى زۆرۈرىيەتتۇر.

2 - زىيانكەشلىك قىلغۇچىدىن ئۇنىڭ زىيانكەشلىكى باراۋەرىدە ئىنتىقام ئېلىش، ئاشۇرىۋەتمەسلىك كېرەك.

3 - ئۇرۇش ئاچقان دۈشمەنگە قانداقلا جايدا بولمىسۇن ۋە قانداقلا ئايدا بولمىسۇن ئۇرۇش ئارقىلىق رەددىيە بېرىش كېرەك.

4 - ئاللاھ تائالا تەقۋادارلارنى ياقتۇرىدۇ، ئۇنىڭ ياردىمى ۋە پەزلى - كەرەملىرى ئۇلارغا مەنسۇپتۇر.

5 - كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تائالا ياخشىلىق قىلىدۇ.

هەجنىڭ بەزى ئەھكاملىرى

**وَأَتِمواْ الْحَج وَالْعُمْرَةَ لِلّهِ فَإِنْ أُحْصِرْتُمْ فَمَا اسْتَيْسَرَ مِنَ الْهَدْيِ وَلاَ تَحْلِقُواْ رُؤُوسَكُمْ حَتى يَبْلُغَ الْهَدْيُ مَحِلهُ فَمَن كَانَ مِنكُم مريضاً أَوْ بِهِ أَذًى من رأسِهِ فَفِدْيَةٌ من صِيَامٍ أَوْ صَدَقَةٍ أَوْ نُسُكٍ فَإِذَا أَمِنتُمْ فَمَن تَمَتعَ بِالْعُمْرَةِ إِلَى الْحَج فَمَا اسْتَيْسَرَ مِنَ الْهَدْيِ فَمَن لمْ يَجِدْ فَصِيَامُ ثَلاثَةِ أيامٍ فِي الْحَج وَسَبْعَةٍ إِذَا رَجَعْتُمْ تِلْكَ عَشَرَةٌ كَامِلَةٌ ذَلِكَ لِمَن لمْ يَكُنْ أَهْلُهُ حَاضِرِي الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَاتقُواْ اللّهَ وَاعْلَمُواْ أَن اللّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ {196}.**

تەرجىمىسى: هەج بىلەن ئۆمرەنى ئاللاھ ئۈچۈن تولۇق ئورۇنلاڭلار، ئەگەر (دۈشمەن ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن) هەجنى ياكى ئۆمرەنى ئادا قىلىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار، ئۇھالدا نېمە ئوڭاي بولسا (يەنى تۆگە، كالا، قويدىن نېمىنى تاپالىساڭلار)، شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار، قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال جايىغا (يەنى بەلگىلەنگەن جايغا) يەتمىگىچە بېشىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى كېسەل (يەنى چېچىنى چۈشۈرسە زىيان قىلىدىغان كېسەل) ياكى بېشىدا ئىللەت (يەنى باش ئاغرىقى، پىتقا ئوخشاشلار) بولۇپ (بېشىنى چۈشۈرمىسە)، فىدىيە قىلىش يۈزىسىدىن (ئۈچ كۈن) روزا تۇتسۇن ياكى (ئالتە مىسكىنگە ئۈچ سا) سەدىقە بەرسۇن، ياكى (بىرەر مال) قۇربانلىق قىلسۇن، ئەمىنلىكتە بولغان چېغىڭلاردا (ئاراڭلاردىن) ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن هەج قىلىشتىن بەھرىمەن بولغان ئادەم (يەنى هەجدىن بۇرۇن ئۆمرە قىلىپ تاماملىغان ئادەم) نېمە ئوڭاي بولسا، شۇنى قۇربانلىق قىلسۇن، (پۇلى يوقلۇقتىن ياكى قۇربانلىق مال يوقلۇقىدىن قۇربانلىق مال) تاپالمىغان ئادەم هەج جەريانىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن، (هەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، ئۇنىڭ هەممىسى ئون كۈن بولىدۇ. مانا بۇ (يەنى ئۆمرە قىلغان ئادەمگە قۇربانلىق قىلىش لازىملىقى ياكى روزا تۇتۇش ھەققىدىكى ھۆكۈم) مەسجىدى ھەرەم دائىرىسىدە (يەنى ھەرەمدە) ئولتۇرۇشلۇق بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر(196).

يوقىرىقى ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ھەج – يىلدا بىر قېتىم مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولغان مەككە مۇكەررەمە شەھرىدە چاقىرىلىدىغان ئىسلامىي چوڭ قۇرۇلتايدۇر. بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلتايغا كىشىلەر دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدىن كېلىدۇ. ھەج مەۋسىمىدە باينى گادايدىن، رەئىسنى پۇقرادىن ئايرىغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە باراۋەردۇر. ھەج مەۋسىمى ئاخىرەتتىكى چوڭ توپلىنىش مەيدانىنى خاتىرىلىتىدۇ. ھەج 6 - ھىجرىيە يىلى پەرز قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلار ئۇچۇن ئۆمۈر ئىچىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشنى پەرز قىلغان بولۇپ، بۇ ئايەتتە، ھەج بىلەن ئۆمرىنى ئاللاھ ئۈچۈن تولۇق ئادا قىلىش تەلەب قىلىنغان. بۇ ئىككىسىنى ئاللاھ ئۈچۈن تولۇق ئاداقىلىش دېگەنلىك – ھەج ياكى ئۆمرە سەپىرىدە سودا - سېتىق قىلىش ياكى ھاجى بولۇپ شۆھرەت تېپىش نىيەت قىلىنماستىن، پەقەت ئاللاھ رازىلىقىدىن ئىبارەت ئىزگۇ نىيەت ئاساس قىلىنىشى ۋە ھەج، ئۆمرىنىڭ شەرتلىرىگە، ئەدەبلىرىگە ۋە جىمى ئەھكاملىرىغا تولۇق رىئايە قىلىش دېمەكتۇر. مۇشۇنداق قىلىنغان ھەج بىلەن ئۆمرە توغرا يوسۇندا ئادا تاپقان بولىدۇ.

ھەج ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلاپ بولغاندىن كېيىن، بىرەر سەۋەب بىلەن ئۇنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان كىشى ئېھرامدىن چىقماي تۇرۇپ بىرەر مال قۇربانلىق قىلىدۇ، ئاندىن بېشىنى چۈشۈرۈش ياكى چېچىنى قىسقارتىش ئارقىلىق ئېھرامدىن چىقىدۇ. شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا تەلىم بېرىپ بېشىدا كېسەللىك ياكى يارا بولغانلىقتىن ئېھرام جەريانىدا بېشىنى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان ياكى بېشىدا ئۆزرىسى بولغانلىقتىن ئۇنى ئېھرام ئەسناسىدا يۆرگىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئورنىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش ياكى ئالتە مىسكىنگە بىر ۋاخ تاماق بېرىش ياكى بىرەر مال قۇربانلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنىڭ قايسىسىنى قىلىشتا ئىختىيارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئېھرام ئەسناسىدا باشنى چۈشۈرۈش ياكى ئۇنى يۆرگىۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ. بۇ چەكلىمىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار يوقىرىقى ئۈچ جازانىڭ قايسىسىنى خالىسا شۇنى ئادا قىلىش ئارقىلىق مەزكۇر چەكلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنىڭ گۇناھىدىن پاكلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قىلغان ھەججىسى ياكى ئۆمرىسى نۇقسانسىز ئادا تاپقان بولىدۇ. شۇنداقلا، مەككە ئەھلى بولمىغانلاردىن مەككىگە كېلىپ ئۆمرە ئادا قىلىپ بولۇپ، ئېھرامدىن چىققان ۋە يەنە ھەج پەرزىنىمۇ شۇ قېتىملىق سەپىرىدە ئادا قىلغان، يەنى مەككىگە كەلگەن بىر قېتىملىق سەپىرىدە ئۆمرە بىلەن ھەجنى ئايرىم - ئايرىم ئېھرام باغلاش بىلەن ئادا قىلغان كىشىلەرنىڭ قۇربانلىق قىلىشى ۋاجىبتۇر. ئەگەر مال سېتىۋېلىپ قۇربانلىق قىلىشقا قۇدرىتى يەتمىگەن ياكى قۇربان قىلىدىغان مال تېپىلمىغان شارائىتتا قالغان كىشىلەر

زۇلھەججە ئېيىنىڭ بىرىدىن توققۇزىنچى كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈچ كۈن روزا تۇتىدۇ، كېيىن ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىي ئون كۈن روزا تۇتقان بولىدۇ. بۇ روزىلار بىلەن قۇربانلىق قىلالمىغانلىقتىن ئىبارەت نوقسان يۇيۇلىدۇ. نەتىجىدە قىلىنغان ھەج بىلەن ئۆمرە تولۇق ئادا تاپقان بولىدۇ.

يوقىرىقىلار ئاللاھ تائالا ئۆزى بېۋاسىتە بەلگىلىگەن بەلگىلىمىلەر بولۇپ، ھەج ياكى ئۆمرە قىلغۇچىلار بۇلارغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغاندۇر. مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئاخىرقى ئايەتتە مۇسۇلمانلارنى تەقۋالىق قىلىشقا ۋە ئاللاھ ئازابىنىڭ قاتتىق بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا چاقىرىدۇ.

### يوقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 - ھەج ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغانلارنىڭ گەرچە نەپلى ھەج ياكى نەپلى ئۆمرە قىلماقچى بولغان بولسىمۇ ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشى پەرزدۇر. چۈنكى قانداقلا بىر ئىبادەتكە باشلىغاندىن كېيىن، ئۇنى تاماملاش پەرز بولۇپ قالىدۇ.

2. ھەج ياكى ئۆمرىسىنى داۋام قىلدۇرۇشتىن مەلۇم ئۆزۈرلىرى تۈپەيلى ئاجىز كەلگەن ئادەم بىر مالنى قۇربانلىق قىلىدۇ، ئاندىن ئېھرامدىن چىقىدۇ، كېيىن ئەگەر خالىسا مەزكۇر ئۆمرىنى ياكى ھەجنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلىرىمۇ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئەرەب مۇشرىكلىرى ئوتتۇرىسىدا ھۇدەيبىيە كېلىشىمى بولغان يىلى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ئېھرام باغلاپ يولغا چىققان ۋە دۈشمەنلەرنىڭ توسقۇنلىقى تۈپەيلى ئۆمرىنى ئادا قىلالماستىن قايتىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، كېيىنكى يىلى مەزكۇر ئۆمرىنىڭ قازاسىنى قىلغان.

3 - ھەج ياكى ئۆمرىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغان ياكى چەكلەنگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى سادىر قىلغانلار قىلمىشلىرىغا جازا ئورنىدا، بىر مال قۇربانلىق قىلىدۇ، ياكى ئالتە مىسكىنگە بىر ۋاخلىق تاماق بېرىدۇ ياكى ئۈچ كۈن روزا تۇتىدۇ.

4 - شەۋۋال، زۇلقەئدە، زۇلھەججەدىن ئىبارەت ھەج ئايلىرىدا مەككىگە كېلىپ، ئۆمرە ئادا قىلغان، ئاندىن ئېھرامدىن چىقىپ ھەج ۋاقتى كەلگەندە قايتا ئېھرام بىلەن ھەجنى ئادا قىلغان ئادەم ئۈچۈن بىرەر مال قۇربانلىق قىلىش ۋاجىب بولۇپ بۇيرىلىدۇ. قۇربانلىق تاپالمىغانلىق ياكى پۇلى يەتمىگەنلىك سەۋەبلەر بىلەن قۇربانلىق قىلالمىغانلار ھەج كۈنلىرى ئىچىدە ئۈچ كۈن، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن، جەمئىي ئون كۈن روزا تۇتىدۇ.

### ھەجنىڭ بەزى ئەھكاملىرى

الْحَج أَشْهُرٌ مَعْلُومَاتٌ فَمَن فَرَضَ فِيهِن الْحَج فَلاَ رَفَثَ وَلاَ فُسُوقَ وَلاَ جِدَالَ فِي الْحَج وَمَا تَفْعَلُواْ مِنْ
خَيْرٍ يَعْلَمْهُ اللّهُ وَتَزَودُواْ فَإِن خَيْرَ الزادِ التقْوَى وَاتقُونِ يَا أُوْلِي الأَلْبَابِ {197} لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن
تَبْتَغُواْ فَضْلاً من ربكُمْ فَإِذَا أَفَضْتُم منْ عَرَفَاتٍ فَاذْكُرُواْ اللّهَ عِندَ الْمَشْعَرِ الْحَرَامِ وَاذْكُرُوهُ كَمَا هَدَاكُمْ وَإِن
كُنتُم من قَبْلِهِ لَمِنَ الضآلينَ {198} ثُم أَفِيضُواْ مِنْ حَيْثُ أَفَاضَ الناسُ وَاسْتَغْفِرُواْ اللّهَ إِن اللّهَ غَفُورٌ رحِيمٌ
{199} فَإِذَا قَضَيْتُم منَاسِكَكُمْ فَاذْكُرُواْ اللّهَ كَذِكْرِكُمْ آبَاءكُمْ أَوْ أَشَد ذِكْراً فَمِنَ الناسِ مَن يَقُولُ رَبنَا آتِنَا
فِي الدنْيَا وَمَا لَهُ فِي الآخِرَةِ مِنْ خَلاَقٍ {200}.

تەرجىمىسى: ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر، بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن ئوزۇق ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى ئوزۇق — تەقۋالىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ماڭا تەقۋالىق قىلىڭلار(197). پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەج مەۋسىمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرەم يەنى مۇزدەلىفەدە ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىڭلار، ئىلگىرى سىلەر ھەقىقەتەن ئازغۇنلار قاتارىدا ئىدىڭلار(198). ئاندىن كېيىن سىلەر ئەرەفاتتىن كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار، ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەب قىلىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر(199). سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانى بولسا ئاتا - بوۋاڭلارنى پەخىرلىنىپ ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياد ئېتىڭلار، بەزى كىشىلەر: « ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نېسىۋىمىزنى بۇ دۇنيادىلا بەرگىن» دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ياخشىلىقتىن ھېچ نېسىۋە يوقتۇر(200).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردىمۇ، ھەجنىڭ ئەھكاملىرىنى بايان قىلىشقا داۋام قىلغان. ھەج ئايلىرى شەۋۋال، زۇلقەئىدە ۋە زۇلھەججىنىڭ ئالدىنقى ئون كۈنى بولۇپ، بۇ ئايلاردىن باشقا ۋاقىتلاردا ھەجگە ئېھرام باغلاشقا بولمايدۇ. ھەج پەقەت مۇشۇ ئۈچ ئاي ئىچىدىلا قىلىنىدۇ. ئەمما ئۆمرىنى يىلنىڭ ھەر قايسى ئېيىدا قىلىشقا بولىدۇ. ھەج ئۈچۈن ئېھرام باغلىغان كىشى تاكى ھەج پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ بولغىنىغا قەدەر جىنسىي ئالاقە قىلىش، گۇناھ قىلىش ۋە جېدەل - ماجىرا قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلار ھەجنىڭ دۇرۇس شەكىلدە ئادا تېپىشى ئۈچۈن توسقۇنلۇق قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «كىمكى ھەجنى جىنسىي ئالاقە ۋە گۇناھ قىلماستىن ئادا قىلىدىكەن، ئۇ خۇددى

ئانىسىدىن ئەمدى تۇغۇلغاندەك گۇناھتىن پاك بولىدۇ. مەقبۇل بولغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەت جەننەتتىن ئىبارەتتۇر» دەپ كۆرسەتكەن.

ئاللاھ تائالا ئۆيىدىن ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن چىققان ھەر قانداق ھاجىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارچە ئەمەللىرىنى، ياخشى ئىشلىرىنى، ئىبادەتلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ھەركىمگە ئۇنىڭ نىيىتى ۋە ئەمەلىنىڭ خالىسلىقىغا قاراپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇچۇن ئىسسىق ئۆيىنى، ئەزىز پەرزەنتلىرىنى تەرك ئېتىپ، ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىپ چىققان ھاجىلارنىڭ سەپىرىدە ئەڭ كېرەكلىك بولغان نەرسە تەقۋالىقتۇر. تەقۋالىق ھەرقانداق ياخشىلىقنىڭ ۋەسىلىسىدۇر. تەقۋالىق ئاخىرەتنىڭ ئەڭ پايدىلىق ۋە ئەڭ زۆرۈر بولغان ئوزۇقىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ھاجىلارنى تەقۋالىق ۋە ياخشى ئىشلارنى، خەير ـ ئېھسانلارنى كۆپ قىلىش بىلەن ئاخىرەت ھاياتى ئۈچۈن ئوزۇقلىنىشقا چاقىرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ھەجنىڭ مۇھىم ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ھەج ۋاقتلىرىدا ئىبادەتلىرىنى تولۇق ئورۇنلاش بىلەن بىرگە، تىجارەت ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دۇنيالىق نېسىۋىلىرىنى ئېلىشلىرىغىمۇ رۇخسەت قىلىدۇ. مەككىگە كېلىشتىن ئاساسلىق مەقسەت ھەج قىلىشتىن ئىبارەت بولغان ئىكەن، ھەج پائالىيەتلىرىگە نوقسان يەتكۈزمىگەن ھالدا تىجارەت ۋە سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولىدۇ. ئەمما تىجارەت قىلىشنى ئاساسلىق مەقسەت قىلىپ كەلسە، ھەرەمگە كەلگۈچىلەرنىڭ ئەمەللىرى ئۆزلىرىنىڭ نىيەت قىلغىنىدەك بولىدۇ. يەنى ھەركىم ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە يېتىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ھاجىلارنى ئەرەفاتتا، مۇزدەلىفىدە ۋە باشقىمۇ ھەر بىر مۇقەددەس جايغا كەلگەندە ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد قىلىشقا، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئىزھار قىلىشقا ۋە بارلىق گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى ھەج مەۋسۇمى گۇناھلارغا تەۋبە قىلىپ، پاكلىنىشنىڭ بىردىنبىر چوڭ پۇرسىتىدۇر. قىلغان ھەججىسى قوبۇل بولغان كىشىنىڭ ئانىسىدىن تۇغۇلغان چېغىدىكىدەك گۇناھسىز بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھەدىسلار سابىتتۇر. ھەج پائالىيىتىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا بۇ چوڭ پۇرسەتكە مۇيەسسەر قىلغانلىقى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىپ ئۇنى كۆپ ياد قىلىش، تەكبىر، تەھلىل ئېيتىش كېرەك. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغاندا دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ھەر ئىككىسىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى سوراش كېرەك. ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ، دۇنيالىقنىلا تىلەش ئاقىۋەتتە زىيانلىقتۇر. شۇڭا ھەر ئىككى دۇنيالىق ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق سوراش كېرەك.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ ئېھرام ئەسناسىدا جىنسىي ئالاقە قىلىش، گۇناھ ئىشلەش، جېدەل ـ ماجىرا قىلىشش چەكلىنىدۇ.

2 ـ هاجىلارنىڭ ھەج ئەسناسىدا ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشى ھەسسىلەپ ساۋاب كەلتۈرىدۇ.

3 ـ هاجىلارنىڭ ھەج ۋاقىتلىرىدا ھەج پائالىيەتلىرىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمەستىن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىدا ھىچ گۇناھ يوقتۇر.

4 ـ هاجىلارنىڭ ھەج ئەسناسىدا، مۇزدەلىفە، ئەرەفات، ھەرەم ۋە باشقىمۇ مۇقەددەس جايلاردا ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىشى، ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا لايىقىدا شۈكۈر ئادا قىلىشى تەلەب قىلىنىدۇ.

5 ـ ھەج ئەسناسىدا هاجىلارنىڭ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەج پۇرسىتىگە مۇيەسسەر قىلغىنىدىن ئىبارەت كاتتا نېمىتىگە شۈكۈر قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

6 ـ ھەج ئەسناسىدا دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ھەر ئىككى دۇنيالىق ياخشىلىقلارنى تىلەش كېرەك. دۇنيالىقنىلا تىلىگەنلەر زىيان تارتقۇچىلاردۇر

ھەجنىڭ بەزى ئەھكاملىرى

**وِمِنْهُم من يَقُولُ رَبنَا آتِنَا فِي الدنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النارِ {201} أُولَـئِكَ لَهُـمْ نَصِيبٌ مما كَسَبُواْ وَاللّهُ سَرِيعُ الْحِسَابِ {202} وَاذْكُرُواْ اللّهَ فِي أَيامٍ معْدُودَاتٍ فَمَن تَعَجلَ فِي يَـوْمَيْنِ فَلاَ إِثْمَ عَلَيْهِ وَمَن تَأَخرَ فَلا إِثْمَ عَلَيْهِ لِمَنِ اتقَى وَاتقُواْ اللّهَ وَاعْلَمُوا أَنكُمْ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ {203}.**

تەرجىمىسى: بەزى كىشىلەر«پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ(201). ئەنە شۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مول مېۋىسىنى كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھېساب ئېلىشى تېزدۇر(202). ساناقلىق كۈنلەر (يەنى تەشرىق كۈنلىرى)دە ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىڭلار. مىنادىن ئالدىراپ ئىككى كۈندە قايتقان ئادەمگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، تەخىر قىلىپ قايتقان ئادەمگىمۇ گۇناھ بولمايدۇ. يۇقىرىقى ئەھكاملار تەقۋادارلىق قىلىپ ھەجنى تولۇق ئادا قىلماقچى بولغان ئادەم ئۈچۈندۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ھېساب ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر(203).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ھەج ۋاقتىدا بولسۇن ياكى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بولسۇن، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىدىغانلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى، نەزەر دائىرىسى بۇ دۇنيا مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن قىسقارغان، بارلىق ئارزۇسى مۇشۇ دۇنيانىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش بولۇپ، دۇئا قىلغىنىدا بۇ دۇنيالىقى ئۈچۈنلا ياخشىلىق تىلەيدۇ، ئاخىرەتلىكىنى بولسا تىلىشنى ئېلىپمۇ قويمايدۇ. ئاللاھ

تائالا بۇنداق كىشىلەرنىڭ قىلغان دۇئاسى ۋە سورىغان تىلىكىگە لايىق ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، بۇ دۇنيادا ئۇنى نېمەتلەندۈرىدۇ، ئارمىنىغا قاندۇرىدۇ. بىراق ئاخىرەتتە بولسا ئۇنىڭغا ساۋابلىقتىن، ياخشىلىقتىن نېسىۋە يوقتۇر. ئىككىنچىسى، ئاللاھقا دۇئا قىلىنىدا بۇدۇنيالىقنى، ئاخىرەتلىكنى بىرگە تىلەيدۇ ۋە دوزاخنىڭ ئازابىدىن پاناھ تىلەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئالى، دىيانىتى ۋە تەقۋادارلىقى كۈچلۈك، ئۆزلىرىنىڭ پايدىسىنى بىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا بۇنداق كىشىلەرنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىپ، بۇ دۇنيادا بەختلىك قىلىدۇ، ئاخىرەتتىمۇ ساۋابتىن، جەننەتتىن بەھرىمەن قىلىدۇ ۋە دوزاخ ئازابىدىن ئۇلارنى ساقلايدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىن ئىبارەت ئىككى ئالەملىكنى تىلىگەن كىشى ئەڭ ئۆلگىلىك كىشىدۇر. چۈنكى ئاخىرەت مەڭگۈلۈك قارارگاھ ۋە ھەقىقىي ئالەمدۇر. بۇ دۇنيا ۋاقىتلىق ئالەم ۋە ئاخىرەت يولىدىكى ھازىرلىنىش، تەييارلىنىش بېكىتىدۇر. ئاخىرەتلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا بۇ دۇنياغا ئېھتىياجىمىز بولغىنىدەك، بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمىزنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرۈش ۋە ئاخىرقى مەڭگۈلۈك يۇرتىمىزدا ئارام تېپىشىمىز ئۈچۈن ئاخىرەتكە ئېھتىياجلىقمىز. شۇڭا ھەر ئىككى ئالەملىك ياخشىلىقلارنى تىلىگەن ۋە شۇنىڭ يولىدا ئىشلىگەن مۇسۇلمان ئەڭ ئۆلگىلىك مۇسۇلماندۇر.

ئەتە قۇربان ھېيت دېگەن كۈنىدىن باشلاپ ھېيتنىڭ 4 ـ كۈنىگىچە جەمئىي بەش كۈن ھەر بىر پەرز نامازدىن كېيىن تەكبىر ئېيتىش ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشىگە ۋاجىبتۇر. ئەمما ھاجىلار ئۇلاردىن كۆپرەك تەكبىر ئېيتىدۇ. ئۇلار ھەج جەريانىدا، كەبىنى تاۋاپ قىلىش، مىنادا تۇرۇش، مۇزدەلىفەدە قونۇش، شەيتانغا تاش ئېتىش قاتارلىق ھەج پائالىيەتلىرى جەريانىدا تەكبىرنى كۆپ ئېيتىدۇ. مىنادا قونۇش ئۈچ كۈن بولۇپ، ئالدىرايدىغانلار ئۈچۈن ئىككى كۈن تۇرۇش كۇپايىدۇر. بۇنىڭدا ھېچ گۇنا بولمايدۇ، قىلغان ھەججىسىنىڭ كامىل ئادا بولۇشىغىمۇ ھېچ تەسىر يەتمەيدۇ. ئۈچ كۈننى تولۇق تولدۇرغانلارنىڭ ساۋابى ئارتۇقراق بولىدۇ. مىنادا ئۈچ كۈن تۇرغانلار شەيتانغا ئۈچ كۈن تاش ئاتىدۇ. ئىككى كۈن تۇرغانلار ئىككى كۈن تاش ئاتىدۇ. تەقۋادارلىقنى ئاشۇرماقچى بولغانلار ساۋاب بولىدىغانلىكى ئىبادەتلەرنى كۆپرەك قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ياخشى نىيىتى ۋە ياخشى ئىشلىرى سەۋەبلىك ئۇلارنى مەقسەتلىرىگە يەتكۈزىدۇ. قىلغان ئەمەلى بىلەن راستىنلا تەقۋالىقنى ۋە كۆپ ساۋابنى مەقسەت قىلغان بولسا ئۇ چوقۇم شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. ئاخىرەت ئالەمى ئۈچۈن تەقۋالىقتىن ئېسىل ۋە پايدىلىق تەييارلىق يوقتۇر. تەقۋادارلىق ئەڭ ياخشى ئوزۇقتۇر. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ھېساب بېرىش ئۈچۈن توپلانغاندا ئەسقاتىدىغان نەرسە تەقۋالىقتۇر. شۇڭا بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا كىشىلەرگە قىيامەتتىكى توپلىنىش يادلاندۇرۇلغان.

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ مىنادا شەيتانغا تاش ئاتقان ۋاقىتلاردا «اللّٰه ۋَكْبَرْ» دەپ تەكبىرنى كۆپ ئېيتىش ۋاجىبتۇر. شۇنداقلا، ھەج قىلىۋاتقان ۋە قىلمىغان ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ ئەرەفە (يەنى ئەتە قۇربان ھېيت دېگەن) كۈنى ناماز بامداتتىن باشلاپ ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنىنىڭ ئەسىر ۋاقتىغىچىلىك جەمئىي بەش كۈن ھەر بىر پەرز نامازدىن كېيىن تەكبىر ئېيتىش ۋاجىبتۇر.

2 ـ ئاللاھ تائالادىن ئىككى ئالەملىك ياخشىلىق تىلەشنىڭ پەزىلىتى كۆپتۇر. بۇ مۆمىنلىكنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

3 ـ «رەببەنا ئاتىنا» دۇئاسى لەۋزى ئىخچام ۋە مەنىسى مول دۇئالاردىن بولۇپ، بۇ دۇئالارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

4 ـ مىنادا ئۈچ كۈن قونۇش ھەج پائالىيتىنىڭ ۋاجىبلىرىدىندۇر. ئالدىرايدىغانلارنىڭ ئىككى كۈنلا قونۇشىمۇ يېتەرلىكتۇر.

5 ـ ئەرەفات مەيدانى قىيامەت كۈنىدىكى ھەشىر (توپلىنىش) مەيدانىنى خاتىرىلىتىدىغان بىر ئىبرەتلىك جايدۇر.

## مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرى

**وَمِنَ النَّاسِ مَن يُعْجِبُكَ قَوْلُهُ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَيُشْهِدُ اللَّهَ عَلَى مَا فِي قَلْبِهِ وَهُوَ أَلَدُّ الْخِصَامِ {204} وَإِذَا تَوَلَّى سَعَى فِي الْأَرْضِ لِيُفْسِدَ فِيهَا وَيُهْلِكَ الْحَرْثَ وَالنَّسْلَ وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ الْفَسَادَ {205} وَإِذَا قِيلَ لَهُ اتَّقِ اللَّهَ أَخَذَتْهُ الْعِزَّةُ بِالْإِثْمِ فَحَسْبُهُ جَهَنَّمُ وَلَبِئْسَ الْمِهَادُ {206} وَمِنَ النَّاسِ مَن يَشْرِي نَفْسَهُ ابْتِغَاءَ مَرْضَاتِ اللَّهِ وَاللَّهُ رَءُوفٌ بِالْعِبَادِ {207}.**

تەرجىمىسى: ئى مۇھەممەد ! كىشىلەر ئارىسىدا شۇنداق ئادەم باركى، ئۇنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكى توغرىسىدىكى سۆزى سېنى قىزىقتۇرىدۇ. (لېكىن ئۇ يالغانچى مۇناپىقتۇر) ، ئۇ دىلىدىكى نەرسىگە يەنى دىلى باشقا تىلى باشقا ئەمەسلىكىگە ئاللاھ تائالانى گۇۋاھ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكۈچىلەرگە ئەشەددى دۈشمەندۇر(204). ئۇ ھۇزۇرۇڭدىن قايتقاندىن كېيىن، زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋە زىرائەتلەرنى، ھايۋانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ زىرائەتلەرسىز ۋە ھايۋانلارسىز ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھ بۇزۇقچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ(205). ئۇنىڭغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىپ، يامان سۆز ھەرىكەتلىرىڭدىن قايتىپ ئاللاھتىن قورققىن دېيىلسە، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتىپ ، پىتنە ـ پاساتنى تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ. ئۇنىڭغا دوزاخ

يېتەرلىكتۇر. دوزاخ بەكمۇ يامان جايدۇر(206). بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر(207).

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا ئىنسانلاردىن ئىككى خىل كىشىنىڭ ئوبرازىنى يورۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولمىغان، ئىككى يۈزلۈك، كۆز بويامچى، رىياخور ئىنسان بولۇپ، ئۇ مۇناپىق دەپ ئاتىلىدۇ. مۇناپىقلار كۆڭۈللىرىدىكى زەرىللىكلىرىنى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن ئىسلامغا بولغان ئەشەددىي ئۆچمەنلىكىنى ۋە دۈشمەنلىكىنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ساختا ساداقەتمەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ راستچىللىقىغا يالغاندىن ئاللاھ تائالانى گۇۋاھچى قىلىپ تۇرۇپ، سۆزلىگەنلىرى كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدۇ، ئۇلار ھەر ۋاقىت ئۆزلىرىنى ئاجايىپ كارامەتلىك شەخسلەردىن قىلىپ كۆرسىتىشكە ئورۇنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ۋە رەزىل قىلىقلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ ياخشىلاردىن بولۇشقا ۋە بۇنداق رىياخورلۇق بىلەن قۇرۇق ماختىنىشنى تاشلاپ توغرا ئىش قىلىشقا چاقىرىلسا، ئۇنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. بەلكى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ بۇزغۇنچىلىقتا ئۆچىغا چىقىدۇ، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىدۇ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق چىقىرىش، ئىنسانلارغا ۋە تەبىئەتكە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈش يولىغا داۋام قىلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئىككىنچى خىلى، ھەقىقىي مۆمىنلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتايدۇ، قولىدىن كەلگەن بارلىق ياخشىلىقلارنى قىلىدۇ، بۇ ياخشىلىقلارنى شۆھرەت ئۈچۈن قىلمايدۇ، بەلكى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھ يولىدا ئاتىۋەتكەن ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر.

رىۋايەتلەرگە كۆرە، بۇ ئايەتلەر ئەخنەس ئىبنى شەرىق بىلەن سۇھەيب ئىبنى سەنان ئىككىسى توغرۇلۇق چۈشكەن بولۇپ، ئەخنەس مۇناپىقلىقنىڭ ئوبرازى، سۇھەيب بولسا ھەقىقىي مۆمىنلىكنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ كۆرسىتىلگەن. ئەخنەس مەدىنىلىك مۇناپىقلاردىن بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگىنىدە، ئۇنى چېكىدىن ئاشۇرۇپ ماختايتتى، ئۆزىنىڭ ئىماندا راستچىل ئىكەنلىكىنى يالغان قەسەم بىلەن تەكىتلەش ئارقىلىق قەلبىدىكى كۇفرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھ ئاتالا ئۇنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن ئىكەنلىكىنى پەيغەمبىرىگە بىلدۈرۈپ تۇراتتى. ئەمما سۇھەيب ئىبنى سەنان مەككىلىك مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ، ئەرەب مۇشرىكلىرى ئۇنى دىنىدىن يېنىشقا زورلىغاندا ، ئۆز دىنىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئۇلارغا بوي ئەگمەيدۇ. ئاخىرى مۇشرىكلار ئۇنىڭ بارلىق مال ـ دۇنياسىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، ئۆزى بولسا ئۆز ئەقىدىسىنى مۇداپىئە قىلىش يولىدا مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدۇ.

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 ـ ئىمانى ئاجىز، ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغان ئادەملەرنىڭ سۆزلەشتىكى ئۇستىلىقىغا ۋە نەيرەڭ سۆزلىرىگە ئالدىنىپ قالماسلىق كېرەك.

2 ـ ئەڭ خەتەرلىك بولغانلار يەر يۈزىدە پاساتچىلىق ۋە پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىدىغان ئىنسانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدىن ھەزەر قىلىش كېرەك.

3 ـ بەزى كىشىلەرنىڭ باشقىلارنى سۆزىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن "بۇنىڭغا ئاللاھ گۇۋاھ" دېگەن سۆزى قەسەمنىڭ ئورنىدا بولۇپ، بۇنداق دېگەنلەر ئەگەر سۆزلىرىدە يالغان ئېيتقان بولسا، ئۇلار يالغانغا قەسەم قىلغان ۋە ئاللاھ تائالاغا تۆھمەت قىلغان بولىدۇ.

4 ـ ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلماي، ئاللاھ تائالاغا ئىسيانكارلىق قىلىشقا داۋام قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز كەمچىلىكىنى ئېتىراپ قىلىش پەزىلەتتۇر.

5 ـ ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا بارلىقىنى ئاتىغانلارغا ئاللاھ تائالا ھەسسىلەپ ئەجىر ۋە ساۋاب بېرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئازلا ئەمەلىگىمۇ كۆپلەپ ساۋاب بېرىدۇ.

## شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەگەشمىگەنلەرنىڭ جازاسى

**يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُواْ ادْخُلُواْ فِي السلْمِ كَآفةً وَلاَ تَتبِعُواْ خُطُوَاتِ الشيْطَانِ إِنهُ لَكُمْ عَدُو مبِينٌ {208} فَإِن زَلَلْتُم من بَعْدِ مَا جَاءتْكُمُ الْبَينَاتُ فَاعْلَمُواْ أَن اللّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ {209} هَلْ يَنظُرُونَ إِلا أَن يَأْتِيَهُمُ اللّهُ فِي ظُلَلٍ منَ الْغَمَامِ وَالْمَلآئِكَةُ وَقُضِيَ الأَمْرُ وَإِلَى اللّهِ تُرْجَعُ الأمُورُ {210} سَلْ بَنِي إِسْرَائِيلَ كَمْ آتَيْنَاهُم منْ آيَةٍ بَينَةٍ وَمَن يُبَدلْ نِعْمَةَ اللّهِ مِن بَعْدِ مَا جَاءتْهُ فَإِن اللّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ {211}. زُينَ لِلذِينَ كَفَرُواْ الْحَيَاةُ الدنْيَا وَيَسْخَرُونَ مِنَ الذِينَ آمَنُواْ وَالذِينَ اتقَواْ فَوْقَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَاللّهُ يَرْزُقُ مَن يَشَاءُ بِغَيْرِ حِسَابٍ {212}**

تەرجىمىسى: ئى مۆمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىڭلار. شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار. شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر(208). سىلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى كۆرسىتىدىغان روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن، توغرا يولدىن يېنىپ كەتسەڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر جازالىنىسىلەر. چۈنكى ئاللاھ غالىبتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر(209). ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالىمىغانلار پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت

كۆنى خالايىق ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن بۇلۇت پارچىلىرى ئىچىدە كېلىشىنى، پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ۋە خالايىق ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، بىر گۇرۇھ جەننەتتە، بىر گۇرۇھ دوزىخى بولۇپ، ئايرىلىش بىلەن ئىشنىڭ پۈتۈشىنى كۈتەمدۇ؟ بەندىلەرنىڭ ھەممە ئىشى ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ(210). ئى مۇھەممەد! ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن سورىغىنكى، بىز ئۇلارغا نەقەدەر كۆپ روشەن دەلىللەرنى ئاتا قىلدۇق، كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنى كۇپرىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئازاب قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر(211). كاپىرلارغا دۇنيا تىرىكچىلىكى چىرايلىق كۆرسىتىلدى، ئۇلار دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە مەپتۇن بولىدۇ، مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ، ھالبۇكى، قىيامەت كۈنىدە تەقۋادارلار ئۇلاردىن دەرىجە جەھەتتە ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ(212).

**يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى**

ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابتىن مۇسۇلمانلارنى ۋە باشقىمۇ جىمى مۆمىنلەرنى ئىسلام دىنىغا تولۇق كىرىشكە، ئىسلام تەكلىپلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىشقا، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ھەقىقىي مەنىدىكى مۆمىنلەردىن بولۇشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى ھاياتلىقنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە شامىل بولغان بىر پۈتۈن دىن بولۇپ، ئۇنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى ئىنسانىيەتنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتلىرىگە كاپالەت قىلىدىغان بارچە ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ ئايەتلەر ئەھلى كىتابتىن ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ھەققىدە چۈشكەن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بەزى مۇسۇلمانلار شەنبە كۈنلۈكنى ئۇلۇغلاش ۋە يەھۇدىيلار ھەم خرىستىئانلارنىڭ دىنىدا مۇقەددەس دېيىلگەن بەزى ئىشلارنى قىلىش توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىزنى سورىغان. ھەتتا ئابدۇللاھ ئىبنى سالام (ئەسلى يەھۇدىي) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا كېچە نامىزىدا تەۋرات تېكىستلىرىدىن ئوقۇشى ۋە شەنبىنى ئۇلۇغلىشى ئۈچۈن رۇخسەت بېرىشىنى سورىغان.

ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان ئادەم ئىسلام شەرىئىتىگە تولۇق ئەمەل قىلىشقا چاقىرىلىدۇ. بەزى كىشىلەر ئىسلامنىڭ بەش چوڭ پەرزى بولغان ئىمان ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە ھەج قىلىش ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىش بىلەن مۇسۇلمانلىق ئادا بولىدۇ، جەننەتكە كىرىش بۇلار بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ چۈشىنىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس، يوقىرىقى بەش چوڭ پەرز ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم پەرزلىرىدىن سانالسىمۇ، يەنىلا ئۇلار ئىسلام ئىبادەتلىرىنىڭ، ئىسلام تەكلىپلىرىنىڭ ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ھەممىسى ئەمەس. ئىسلام دىنى ئىمان ــ ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلات، ئەخلاق

قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمان كىشى ئەقىل، تەپەككۇر، گەپ - سۆز، ئىش - پائالىيەت ۋە باشقىمۇ بارلىق ئىشلىرىدا پەقەت ئاللاھقا بويسۇنۇشى ۋە ئىسلام شەرئىتى بويىچە ئىش كۆرۈشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا تولۇق كىرگەن ۋە ئۇنىڭ تەكلىپلىرىنى تولۇق بەجا كەلتۈرگەن بولىدۇ. مۇسۇلمان ئادەم شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ۋە نۇسرىتىگە ھەقلىق بولغان بولىدۇ. بۇرۇنقىلار شۇنداق قىلغانلىقتىن ئەزىزلىقتا، ھۆرلۈكتە ئۆتكەن. كۈنىمىزدىكى ئىسلام مىللىتىنىڭ دەرت - ئەلەملىرى كۈندىن كۈنگە ئاشماقتا. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن ئۆزاقلاشقانلىق، ئىمان ۋە ئەخلاقنىڭ پۈتۈنلەي سۇسلاشقانلىقى نەتىجىسىدە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن ئىدى.

قەدىمدە ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەن بولغان بولسا، ھازىردا ئىبلىسنىڭ ئەۋلادلىرى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان. شەيتانلار ھەر ئامال قىلىپ ئىنسانلارنى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن ھەمىشە چاپىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى شەيتانلارنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدانماسلىققا ، ئۇلارنى دۈشمەن بىلىپ، ئۇلارغا ئەگەشمەسلىككە چاقىرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئىسلام دىنىغا تولۇق كىرىشكە، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈشكە ۋە شەيتانلارنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدانماسلىققا چاقىرىدۇ. بۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىلار ئىككى ئالەمدە سائادەتلىك بولىدۇ. ھەقىقەتنى تونۇپ بولۇپ، ياخشى - يامانىنىڭ پەرقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا شەرئەت كۆرسەتمىسىنىڭ ئەكسىچە ئىش ئىلىپ بارغۇچىلار ۋە توغرا يولدىن ئازغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئاللاھ ئىسيانكارلارنى جازالاشقا قادىر، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ھېكمەت بىلەن بىر تەرەپ قىلغۇچى زاتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن چىققۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتىكى ئازابىنى كۈتمەكتە. كېلىدىغان ئازاب كېچىكىپ بولسىمۇ چوقۇم كېلىدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا قىلغان ياخشىلىقلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلار ھىدايەت ۋە توغرا يول تېپىشقا ۋاسىتە بولىدىغان ئەقىل ۋە پىكىرگە ئوخشىغان قىممەتلىك نېمەتلەرنى ئىسيانكارلىققا قوللاندى. ھەقىقەت ئوپئوچۇق نامايان بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇلار كۇپرىنى ئىماندىن ئارتۇق كۆردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا ئاخىرەتتە تېتىتىغان ئازابى ناھايىتى قاتتىقتۇر. ئۇلارنىڭ ئەسىرلەرچە يەر يۈزىدە ۋەتەنسىزلىك ۋە خورلۇق دەردى چەككەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيادا ئۇلارغا كۆرسەتكەن قىسمەن ئازابى بولۇپ، بۇ ئاخىرەتتىكى ئازابلىرىنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە ئەمەستۇر.

كۇففارلارنىڭ كۆزلىرىگە دۇنيا مەنپەئەتلىرى چىرايلىق كۆرسىتىلدى، ئۇلار دۇنيالىققا ئالداندى، ئۇلارنىڭ قەلبى بۇ ۋاقىتلىق تىرىكچىلىككىلا تەلپۈندى، دۇنيالىق ئۈچۈن بارلىقىنى

ئاتىدى. ئۇلار مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلدى. ھالبۇكى، مۆمىنلەر قىيامەت كۈنىدە كۇففارلاردىن ئۈستۈندۇر. چۈنكى مۆمىنلەر ئەڭ يۇقىرى جەننەتلەردە بولسا، كۇففالار دۇزاخنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا بولىدۇ. بۇ ئاخىرەتتە بولىدىغان ئىشلار. ئەمما بۇ دۇنيا مۇكاپات ياكى بېرىش ئورنى ئەمەس. بۇ دۇنيادا سىناق بىلەن ئەمەللا باردۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا خالىغان بەندىسىنىڭ — گەرچە ئۇ كاپىر ياكى ئاسىي - گۇناھكار بولسىمۇ — رىزقىنى كەڭ ۋە بايلىقىنى مول قىلىدۇ. شۇنىڭدەك خالىغان بەندىسىنىڭ — گەرچە ئۇ مۆمىن، ئىتائەتچان مۇسۇلمان كىشى بولسىمۇ — رىزقىنى تار ۋە نامرات قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىگە ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىن قەتئىينەزەر ھالدا ھەددى ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - ھەقىقىي مۆمىنلىك ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن كۆرسەتمىلىرى، تەلىماتلىرى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىش ۋە ئەمەل قىلىش بىلەنلا بولىدۇ.

2 - ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە كۇپۇرلۇق قىلىشتىن ھەزەر قىلىش كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ جازاسى قاتتىقتۇر. مۇسۇلمان ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ كاتتا نېمىتى ئۇنى ئىسلام دىنىغا ھىدايەت قىلغانلىقىدۇر.

3 - ئىسلامنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭ روھى بويىچە ئىش كۆرۈش مۇسۇلماچىلىقنىڭ نىشانىسىدۇر.

4 - شەرىئەت ئەھكاملىرىنى مەسخىرە قىلىدىغان، ئۇنى ھازىرقى زامانغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ، دەپ كەمسىتىدىغانلار مۇسۇلمان ئەمەستۇر.

5 - شەرىئەتتە ھارام دەپ بەلگىلەنگەن ئىشلارنى ھالال سانىغان، شەرىئەت ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشتىن باش تارتقانلار ئازغۇنلاردۇر.

6 - رىزىق ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇ خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلغىنىدەك، خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ. بۇنىڭدا دىنىي ئېتىقاد ۋە تەقۋالىق ئۆلچەم قىلىنمايدۇ. چۈنكى بۇ دۇنيا مۇكاپات ياكى جازا دۇنياسى ئەمەس. ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا مۆمىن، كۇففار، تەقۋا، ئاسىي پۈتۈن بەندىلىرىنى رىزىقلاندۇرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئېھتىياجى

**كَانَ النَّاسُ أُمَّةً وَاحِدَةً فَبَعَثَ اللّهُ النَّبِيِّينَ مُبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ وَأَنزَلَ مَعَهُمُ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ لِيَحْكُمَ بَيْنَ النَّاسِ فِيمَا اخْتَلَفُواْ فِيهِ وَمَا اخْتَلَفَ فِيهِ إِلاَّ الَّذِينَ أُوتُوهُ مِن بَعْدِ مَا جَاءتْهُمُ الْبَيِّنَاتُ بَغْياً بَيْنَهُمْ فَهَدَى اللّهُ الَّذِينَ آمَنُواْ لِمَا اخْتَلَفُواْ فِيهِ مِنَ الْحَقِّ بِإِذْنِهِ وَاللّهُ يَهْدِي مَن يَشَاءُ إِلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ {213}**

تەجمىسى: ئىنسانلار دەسلەپتە بىر ئۇممەت(يەنى ھەق دىندا) ئىدى، كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ، بەزىسى ئىمان ئېيتماي ئىختىلاپ قىلىشتى، ئاللاھ مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى، كۇففارلارنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. ئاللاھ كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەق كىتابنى چۈشۈردى، پەقەت كىتاب بېرىلگەن كىشىلەرلا ئۆزلىرىگە روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۆز ئارا ھەسەد قىلىشىپ ، كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە مۆمىنلەرنى ئۇ ئازغۇنلار ئىختىلاپ قىلىشقان ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلدى. ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ(213).

## يوقىرىقى ئايەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىنى بايان قىلىدۇ. ئەسلىدە ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلغان ۋاقتىدىكى ساپ تەبىئەتلىرى بويىچە، ئەقلىنىڭ رەھبەرلىكىدە ياشايتتى، ئۇلارنىڭ يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ماكانلىشىشتىن ئىبارەت ئىنسانىي ئارمانلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تالاش ـ تارتىش قىلىشلىرىغا ، ئىمان، ئىنساپ ۋە ھىدايەتتىن ئېزىپ كېتىشلىرىگە سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلاشتى، ئەقىل ئۆزى ئىنسانىي ھەۋەسلەرنى يېڭەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇلارغا يول كۆرسەتتى، ئۇلارنى كۇپرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقاردى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلارغا كىتابلارنى چۈشۈردى. پەيغەمبەرلەر بىلەن كىتابلار پەقەت ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە ئۇلارنى دۇنيادا بەختلىك ياشىتىش، ئاخىرەتتە بولسا سائادەتمەنلەردىن قىلىش ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭدىن بىلىندىكى، ئەقىل ئۆزى يالغۇزلا كىشىلەرنى توغرا يولغا، ھەق دىنغا يېتەكلەشكە ئاجىزدۇر. پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارغا چۈشكەن ئىلاھىي كىتابلار بىرلىكتە ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسىنى تولۇقلايدۇ ۋە ئۇنى ئاللاھقا باشلايدۇ.

ئىنسانلارغا كىتابلار كەلگەن ۋە ھەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزلىرىگە ئىلاھىي كىتابلار كەلگەن ئۇممەتلەر مەزكۇر كىتابلار ھەققىدە ئۆزئارا ئىختىلاپلارغا چۈشتى، ھەق دىنلىرىدىن ئۆزاقلاشتى. ئەمما ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھەقىقىي مۆمىنلەرنى بولسا، ئاللاھ تائالا باشقىلار ئىختىلاپ قىلىشقان پىتنىلەردىن ساقلاپ، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىدى. ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى توغرا يولغا باشلايدۇ ۋە ئۇنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدۇ.

## يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىگە ئالدىنىپ، ئاخىرەت ھاياتىنى ئۇنتۇش ئەڭ ئېچىنىشلىق ھاماقەتلىكتۇر. ئەقىللىق كىشىلەر ھەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى ئويلىغاندەك ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتىنىمۇ ئويلايدۇ ۋە ئاقىۋەتتە بەختلىك بولۇش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى قىلىدۇ.

2 - بۇ دۇنيادا ئۆزلىرىنىڭ ئاقىۋەتسىز مال - مۈلكىگە، مەنسىپىگە، شان - شۆھرىتىگە ئىشىنىپ، باشقىلارغا ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلار، باشقىلارنى مەسخىرە قىلغانلار ئاخىرەتتە ئۆزلىرىنىڭ خورلۇقىنى ھېس قىلىدۇ ۋە بۇ دۇنيادا ئۇلار كۆزگە ئىلمىغانلارنىڭ ئاخىرەتتىكى يۇقىرى دەرىجىلىرىنى كۆرۈپ ھەسرەت چېكىدۇ.

3 - ئاللاھ تائالانى بىر بىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسى بارچە ساماۋىي دىنلارنىڭ ئورتاق دەۋىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلى ئەقىدىسىدۇر. كۇپرىلىق بىلەن شېرىك ئەقىدىسى بولسا، ئىنسان ئىدېئولوگىيىسىگە سىرتتىن كىرگەن ئاپەتلەردۇر.

4 - پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ياخشىلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش، ئازغۇنلار ۋە گۇناھكارلارنى دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ۋەزىپىدۇر.

5 - ھەر قانداق بىر ئۇممەتنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىنىڭ ئالدىنقى سەۋەبلىرىدىن بىرى دىندا ئىختىلاپ قىلىشىش، دەستۇرنى بورمىلاشتۇر. يەھۇدىي ۋە خىرىستىئان دىنلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلارغا تەسەللى ۋە سىلە - رەھىم

**أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُواْ الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُم مَّثَلُ الَّذِينَ خَلَوْاْ مِن قَبْلِكُم مَّسَّتْهُمُ الْبَأْسَاء وَالضَّرَّاء وَزُلْزِلُواْ حَتَّى يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُواْ مَعَهُ مَتَى نَصْرُ اللّهِ أَلا إِنَّ نَصْرَ اللّهِ قَرِيبٌ {214} يَسْأَلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ قُلْ مَا أَنفَقْتُم مِّنْ خَيْرٍ فَلِلْوَالِدَيْنِ وَالأَقْرَبِينَ وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ وَمَا تَفْعَلُواْ مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ اللّهَ بِهِ عَلِيمٌ {215}.**

تەجىمىسى: سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۆمىنلەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەر: «ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ۋەدە قىلغان ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر(214). ئى مۇھەممەد! سەندىن ماللىرىنى قانداق سەرپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، مال - مۈلكىڭلاردىن نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئۇنى ئاتا - ئاناڭلارغا، خىش - ئەقرىبالىرىڭلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە مۇساپىرلەرگە سەرپ قىلساڭلار بولىدۇ. ياشىلىقتىن نېمىنى قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ(215).

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرگە خىتاب قىلىپ، ئۇلارنى كۇففارلارغا ۋە ئۇلارنىڭ رەزىل دۈشمەنلىكىگە قارشى ئىرادىلىك ۋە چىداملىق بولۇشقا چاقىرىدۇ. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ باشلىرىغا كەلگەن كۈلپەت ۋە ئېغىرچىلىقلارنى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ئازغۇنلارنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە قارشى چىقىشى سەۋەبلىك تارتقان ئازاب ــ ئوقۇبەتلىرىنى يادلاندۇرۇش ئارقىلىق سەبىرنىڭ ۋە چىدامچانلىقنىڭ خەيرلىك ئاقىۋىتىنى بايان قىلىدۇ.

سىلەر تېخى بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇممەتلىرى سىنالغاندەك سىنالماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى كۆرمەي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىمىز دەپ ئويلامسىلەر؟ ئۇلار شۇنداق دەھشەتلىك قورقۇنچ ۋە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز جاپالارغا ئۇچرىغان، باشلىرىغا كەلگەن چىدىغۇسىز كۈلپەتلەر ۋە قىيىنچىلىقلار تۈپەيلى سەبىرسى تۈگىگەن ئىدى. ھەتتا ئاللاھ تائالانى ئەڭ ياخشى تونۇيدىغان، ئۇنىڭ ياردىمىنىڭ مۆمىنلەرگە خاس ئىكەنلىكىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان تۇرۇپ مۆمىنلەر بىلەن بىرلىكتە: «ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېيىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرىتى ۋە ياردىمى ھەقىقىي مۆمىنلەر ئۈچۈن ھەر زامان يېقىندۇر، يەنى ئۇلارغا چوقۇم يېتىپ كەلگۈچىدۇر.

ھەر بىر ئۇممەت ئاللاھ يولىدا شۇنداق قىيىن سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر.

ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن زاكاتتىن باشقا، سەدىقە، خەير ــ ئېھسان ۋە ياردەم دېگەندەك ئىختىيارىي ھالدا ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىدىغان پۇل ـ ماللىرىنى قانداق ۋە كىملەرگە سەرپ قىلسا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سورايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ يوقىرىقى ئايەتنى چۈشۈرىدۇ.

ئىختىيارى ياردەملەرنى قانچىلىك بېرىش بەرگۈچىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشتۇر. يەنى ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ قۇدرىتى يەتكەنچە خەير ـ ئېھسان قىلسا بولىدۇ. ئەمما ياخشىلىق قىلىنىدىغانلارنىڭ مەرتىۋىسى ئاتا ـ ئانىدىن باشلىنىدىغان بولۇپ، ئاۋۋال ئاتا ـ ئانا، ئاندىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، ئاندىن يېتىملەر، پېقىرلار ۋە مۇساپىرلار كېلىدۇ. ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلىنغان ھەر قانداق ياخشىلىق ۋە خەير ـ ئېھساننىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ چوقۇم تولۇق بېرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممىنى ئېنىق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

يوقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ دۇنيادا كۆپلىگەن قىيىن سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئاللاھ يولىدا مال ـ مۈلكىنى، جېنىنى قۇربان قىلىشنى

بىلگەنلەر جەننەتكە لايىق كىشىلەردۇر. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئاخىرەتتىكى دەرىجىلىرىنى يۇقىرى قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى بۇ دۇنيادا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار بىلەن سىنايدۇ.

2 ـ پەيغەمبەرلەرگە ۋە دىندىكى ئۆلگىلىك كىشىلەرگە ئەگىشىش، ئۇلارنىڭ باسقان يولىنى داۋاملاشتۇرۇش ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشىدىن تەلەپ قىلىنىدىغان مەسىلىدۇر.

3 ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ سەبىرچانلىق روھىدىن ئۆگىنىش ۋە ئۇلارغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەگىشىش كېرەك.

4 ـ بىلمىگەننى بىلىدىغانلاردىن سوراش ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ئۇسۇلىدۇر. شۇڭا «سوراش ـ ئىلىمنىڭ يېرىمى» دەپ ئېيتىلغان.

5 ـ بايلارنىڭ پېقىرلارغا سەدىقە يولى بىلەن ياردەم قىلىشى ئەڭ ئېسىل ئەمەل ـ ئىبادەتتۇر.

6 ـ ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئەمەللىرىدىن ئاللاھ تائالا تولۇق خەۋەرداردۇر. ئۇلار قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرگىنىدەك، يامان ئەمەللىرىنىڭ جازاسىنىمۇ چوقۇم كۆرىدۇ.

## جىھادنىڭ پەرزلىكى

**كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ وَهُوَ كُرْهٌ لَّكُمْ وَعَسَى أَن تَكْرَهُواْ شَيْئاً وَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ وَعَسَى أَن تُحِبُّواْ شَيْئاً وَهُوَ شَرٌّ لَّكُمْ وَاللّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لاَ تَعْلَمُونَ {216} يَسْأَلُونَكَ عَنِ الشَّهْرِ الْحَرَامِ قِتَالٍ فِيهِ قُلْ قِتَالٌ فِيهِ كَبِيرٌ وَصَدٌّ عَن سَبِيلِ اللّهِ وَكُفْرٌ بِهِ وَالْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَإِخْرَاجُ أَهْلِهِ مِنْهُ أَكْبَرُ عِندَ اللّهِ وَالْفِتْنَةُ أَكْبَرُ مِنَ الْقَتْلِ وَلاَ يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّىَ يَرُدُّوكُمْ عَن دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُواْ وَمَن يَرْتَدِدْ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَيَمُتْ وَهُوَ كَافِرٌ فَأُوْلَـئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ وَأُوْلَـئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ {217}. إِنَّ الَّذِينَ آمَنُواْ وَالَّذِينَ هَاجَرُواْ وَجَاهَدُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ أُوْلَـئِكَ يَرْجُونَ رَحْمَتَ اللّهِ وَاللّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ {218}**

تەرجىمىسى: سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى. ھالبۇكى سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر؛ بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ بۇيرىغانغا ئالدىراڭلار(216). ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن: «ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى، بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر؛ ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىن توسۇش، ئاللاھقا كۇپۇرلۇق قىلىش، مەسجىدى ھەرەمدە ئىبادەت قىلىشتىن توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرەمدىن ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىش ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ئېغىر گۇناھتۇر. پىتنە يەنى مۆمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر.كۇففارلار قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرىۋەتكەنگە قەدەر سىلەر

بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر(217). شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغانلار ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار — ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر(218).

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا ئىسلام مىللىتى ئۈچۈن ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلغان كۇففارلارغا قارشى جىھاد قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ ۋە جىھادنىڭ جاننى پىدا قىلىش، پۇل - مال، ۋاقىت سەرپ قىلىش، جاپا - مۇشەققەت تارتىش تەلەپ قىلىدىغان بىر ئىبادەت بولغانلىقىدىن ئادەتتە ئۇنى كىشىلەرنىڭ ياقتۇرمايدىغانلىقىنى، گەرچە ئۇلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ بۇ نەتىجە جەھەتتىن ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەڭ ساۋابلىق ياخشى ئەمەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە ئۇلار ياقتۇرمىغان ئىشلارنىڭ ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق، ئۇلار ياخشى كۆرگەن ئىشلارنىڭ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىق بولۇپ چىقىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى، جىھادمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ياقتۇرۇلمىغان بىلەن، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى جىھاد قىلىش بۇ دۇنيادا ھۆر ياشاش، باشقىلار تەرىپىدىن ئاياق ئاستى قىلىنغان ھۆرمەت، ئېتىبارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بېسىمدارلارغا بېقىنىپ ئۆمۈر سۈرۈشنىڭ خورلۇقىدىن ئازات بولۇپ، ئەركىن ھاياتلىققا ئېرىشىش بىلەن بىر قاتاردا ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ يېنىدا يۇقىرى دەرىجىلەرگە يۈكسىلىشتىن ئىبارەت كۆپلىگەن ياخشى ئاقىۋەتلەرگە كېپىللىك قىلىدىغان بىر ئۇلۇغ ئەمەلدۇر.

شۇنىڭدەك، جىھادنى ئۇنتۇپ قۇللۇق ھاياتقا رازى بولۇپ، بېقىندىلىق بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتى، زىيانلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئىنسان چەكلىك ئەقىل، ئىدراك بىلەن يارىتىلغان ئاجىز بىر مەخلۇقات بولغانلىقىدىن، بېشىغا كېلىدىغانلىرىنى بىلمەيدۇ. ئۇ كۆپىنچە ئۆزىنىڭ پايدا - زىيىنىنى ئېنىق بىلىشتىن ئاجىزلىق قىلىدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ پايدا - زىيانلىرىنى ياخشى بىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدىغان ئىشلارغىلا چاقىرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنلاش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىش زۆرۈردۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ھېچ ۋاقىت ئۇلارغا زىيانلىق بولغان ئىشلارغا ۋە پايدىسىز، بىھۇدە ئىشلارغا بۇيرىمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتنىڭ پايدىسىنى كۆزدە تۇتقان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۆمىنلەر ئۈچۈن جىھاد قىلىشنىڭ پەرز بولغانلىقى بىلدۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ كۇففارلارنىڭ كۈچ جەھەتتىكى ئەھۋالىنى بايقاش ئۈچۈن ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشنىڭ قوماندانلىقىدا «بەتنى نەخلە» دېگەن جايغا قوشۇن ئەۋەتىدۇ. ئۇلار بىلەن قۇرەيش كۇففارلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش چىقىدۇ، ئۇرۇشتا قۇرەيش مۇشرىكلىرىدىن ئەمر ئىبنى ھەزرەمى ئىسىملىك بىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە ئىككى كىشى ئەسىر قىلىنىپ مەدىنىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. بۇ ۋاقىت قەمەرىيە ئايلىرىدىن 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنى ۋە 7 ـ ئاينىڭ ئاۋۋالقى باشلىنىش كېچىسى ئىدى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان قۇرەيش مۇشرىكلىرى بۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «مۇھەممەد ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايدا (7 ـ ئايدا) ئۇرۇش قىلدى، دېگەن ئىغۋانى كەڭ تارقىتىشقا باشلايدۇ.

قەمەرىيە 7 ـ ئاي ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ۋاقىتتا پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن مەدىنە يەھۇدىلىرى بىلەن مۇناپىقلار مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ دەۋالىرىنى ياغدۇرۇشقا ۋە مۇسۇلمانلارغا تەنە قىلىشقا باشلايدۇ. قوماندان ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش كۆپ كىشىلەرنىڭ ئازارلىرىغا ئۇچرايدۇ. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ ۋەقەلىك ئۈستىدە بىرەر ھۆكۈم چىقارمايدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىنى كۈتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا «ئۇلار سەندىن ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟ دەپ سورايدۇ» دېگەن ئايەتنى چۈشۈرىدۇ ۋە دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ ئېيتقىنكى، ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايدا قان تۆكۈش ئېغىر گۇناھى كەبىرىلەردىن(چوڭ گۇناھلاردىن) سانىلىدۇ. ئەمما كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ مەسجىدلىرىدە ئىبادەت قىلىشتىن توسۇش، پەيغەمبەرنى ۋە مۆمىنلەرنى ئۆز يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش، مۇسۇلمانلارنى ئازابلاش، مال ـ مۈلۈكلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىش ۋە ئۇلارنى ھەق دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنۇش ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردا قان تۆككەندىنمۇ ئېغىر گۇناھتۇر. ئۇلار مۆمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش، ئۇلارنى دىنىدىن قايتۇرۇشقا ئورۇنۇش ۋە ئۇلارنى ئازابلاشنىڭ گۇناھى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى قاتىللىقتىنمۇ ئېغىر گۇناھ سانىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟

كۇففارلار بارلىق چارىلىرىنى قوللىنىپ مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىنىدىن قايتۇرۇپ ئۆزلىرىگە ئوخشاش مۇشرىكلاردىن قىلىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا قارشى تۇرۇش، مىكىرلىرىنى بەربات قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرىدىن قورقماي دىندا مەھكەم تۇرۇش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مۆمىنلىك بۇرچىدۇر. شۇنىڭدەك، كۇففارلاردىن قورقۇپ ئۆز دىنىدىن يېنىپ كېتىپ كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرنىڭ بۇرۇن قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ئاخىرەتتە دوزاخقا مەھكۇم بولىدۇ ۋە ئۇجايدا مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭدىن پاناھ بەرسۇن ئامىن.

ئەمما دىندا مەھكەم بولغان قىيىنچىلىقلار ئالدىدا بېلىنى قويۇپ بەرمەستىن ئاللاھ تائالا يولىدا جىھاد قىلغان ھەقىقىي مۇجاھىدلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى مۇنداق:

ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا ۋەتىنىدىن، ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېپىگە قوشۇلغان، ھەق يولدا جىھاد قىلغان كىشىلەر ئاخىرەتتە بۇ ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتلىرىنى نەچچە ھەسسە ئارتۇق كۆرىدۇ ۋە جەننەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىرىگە ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بەزى خاتالىقلىرىنى ۋە كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرىۋېتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرى ـ شەپقەتلىك زاتتۇر.

بۇ ئايەت ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىكى مۇجاھىدلار ھەققىدە چۈشكەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئابدۇللاھ ۋە ئۇنىڭ چەكچىلىرىنىڭ ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان ئۇلۇغ جىھادلىرىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى، كىشىلەر ئەيىبلىگەندەك، ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلغىنى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە ئەيىبلەنمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ جەننەتتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىنى تاشلاپ ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغان ۋە جانلىرىنى ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى پىدا قىلىپ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلىقلىرىنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ئىدى.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1 ـ مەسجىدى ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىش ۋە ناھەق قان تۆكۈش ھارامدۇر.

2 ـ قەمەرىيە ئايلىرىدىن 11 ـ 12 ـ 1 ـ ۋە 7 ـ ئايلاردا يەنى زۇلقەئىدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم ۋە رەجەب ئايلىرىدا ئۇرۇش قىلىش ئىسلامنىڭ ئاۋۋالقى چاغلىرىدا چەكلەنگەنىدى. كېيىنچە بۇ ھۆكۈم ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زۇلقەئىدە ئېيىدا ھەۋازىن ۋە سەقىف قەبىلىلىرىگە قارشى غازات قىلغانلىقى دەلىلدۇر.

3 ـ كۇففارلار ھەر زامان مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا ئىش ئېلىپ بارىدۇ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ھەق دىندىن قايتۇرۇپ يولدىن چىقىرىش ئۈچۈن تا قىيامەتكىچە كۈرەشلىرىنى داۋام قىلغۇچىلاردۇر. ھازىرقى ئەسىرىمىزدىكى دۇنيا ۋەزىيىتى بۇ ئېيتقانلىرىمىزنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

4 ـ دىندىن يېنىۋېلىش بارچە ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. دىندىن يېنىپ مۇرتەد بولغان ئادەم دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

5 ـ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قوغداش ۋە بۇ دىنغا خىزمەت قىلىش يولىدا ۋەتەندىن ئايرىلىش ۋە جىھاد قىلىشنىڭ دەرىجىسى ناھايىتى يوقىرىدۇر.

هاراقنىڭ زىيىنى ۋە يىتىملارنىڭ ماللىرى ھەققىدە

**يَسْأَلُونَكَ عَنِ الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ قُلْ فِيهِمَا إِثْمٌ كَبِيرٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ وَإِثْمُهُمَا أَكْبَرُ مِن نَّفْعِهِمَا وَيَسْأَلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ قُلِ الْعَفْوَ كَذَلِكَ يُبيِّنُ اللّهُ لَكُمُ الآيَاتِ لَعَلَّكُمْ تَتَفَكَّرُونَ {219}**

تەرجىمىسى: ئى مۇھەممەد! سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: ”بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە ئازغىنا ماددى پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ “ دېگىن. ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ، ”ئېھتىياجدىن ئارتۇقنى سەدىقە قىلىڭلار“ دېگىن. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ ئۆز ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ(219).

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا ساھابىلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان سوئاللىرىغا مۇناسىپ ۋاقىت ۋە پۇرسەتلەرگە بۆلۈپ بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ھاراق توغرۇلۇق تۆت ئايەت چۈشكەن. ئاللاھ تائالا بۇ تۆت ئايەت ئارقىلىق ھاراقنى تەدرىجى مەنئى قىلىش يولىنى تۇتقان. ئەڭ ئاخىرى قەتئىي ھارام قىلىنغان ئايەتنى چۈشۈرۈش بىلەن ھاراقنىڭ قەتئىي تۈردە چەكلەنگەنلىكىنى جاكارلىغان.

ئەرەبلەر ئىسلامدىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدە ھاراق ئىچەتتى، قىمار ئوينايتتى ۋە مۇندىن باشقىمۇ يامان ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلاتتى. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەرنى ئىمانغا، گۈزەل ئەخلاققا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشكە چاقىرىدىغان ئىسلام دەۋىتى باشلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بېرىشى بىلەن مەدىنىدە ئىسلامنىڭ شەرئەت ئەھكاملىرى تەدرىجى بويرۇلۇشقا باشلايدۇ. بىر كۈنى ساھابىلاردىن بىرى جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغىنىدا ئۆزىنىڭ مەسلىكىدىن ئوقۇغان ئايەتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇۋاقىتتا «ئى مۆمىنلەر سىلەر مەس ھالىتىڭلار بىلەن نامازغا يېقىنلاشماڭلار» دېگەن ئايەت چۈشۈشى بىلەن مۇسۇلمانلاردىن ھاراق ئىچىدىغانلار ئۇنى مۇئەييەن ۋاقىتلارنىڭ سىرتىدا ئىچمەيدىغان بولىدۇ. شۇندىن بىرى،

ھاراق بىلەن قىمار توغرىسىدا سوئاللار كۆپ سورىلىشقا باشلايدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «ئى مۇھەممەد ئۇلار سەندىن ھاراق ، قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ........» دېگەن ئايەت چۈشىدۇ.

بەزى ساھابىلار، خۇسۇسەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھاراق بىلەن قىمارنىڭ ھەقىقەتتە ھارام ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىش ئۈچۈن بەكمۇ قىزىقاتتى. ھەتتا دۇئاسىدا: «ئى ئاللاھ! بىزگە ھاراق بىلەن قىمار توغرۇلۇق ئېنىق بىرەر ھۆكۈم چىقىرىپ بەرگىن» دەپ سورايتتى. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانىڭ: «ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار» دېگەن ئايىتىدىن «ئەمدى ھاراق بىلەن قىماردىن يانامسىلەر؟» دېگەن ئايىتىگىچە بولغان ئايەتلەر چۈشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھالاك بولدۇق ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئەمدى ھالاك بولدۇق!» دەيدۇ. شۇندىن بىرى ھاراق بىلەن قىمار قەتئىي تۈردە ھارام قىلىنغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ھاراق ئىچىشتىن مەنئى قىلىدۇ ۋە ھاراقنى «پاسكىنىلىقلارنىڭ ئانىسى» دەپ سۈپەتلەيدۇ. ھەتتا بىر ھەدىسىدە:«ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۈچ خىل ئادەمگە سۆز قىلماستىن، ئۇلارنى دوزاخقا تاشلايدۇ: بىرى، ھاراقنى باش ئالمايدىغان ئادەم ....» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ ئايەتتىكى «بۇ ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ بار» دېگەن سۆزنىڭ بايانى مائىدە سۈرىسىدە ھاراق بىلەن قىمارنى قەتئى ھارام قىلغان ئايەتتە ئېنىق سۆزلەنگەن بولۇپ، ھاراق بىلەن قىمارنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۆزئارا دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەتنى پەيدا قىلىدىغانلىقى، توغرا يولدىن يىراقلاشتۇرىدىغانلىقى بۇ ئىككىسىنىڭ گۇناھىنىڭ قانچىلىك چوڭلىقىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ «ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىڭلار» دېگەن چاقىرىقىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئىدى. شۇڭا ئۇلار سەدىقە بېرىشتە نېمىنى بېرىدىغانلىقى ھەققىدە سورىغان. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «ئېھتىياجىڭلاردىن ئاشقىنىنى سەدىقە قىلىپ بېرىڭلار» دېگىن دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «ئەڭ ياخشى سەدىقە باينىڭ قولىدىن چىققىنىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. سەدىقە ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىدىكىلىرىنىڭ بارلىق ئېھتىياجىدىن ئاشقاننى پېقىرلارغا، يېتىملارغا بېرىش ئۈچۈن بۇيرۇلغان بىر ئىختىيارىي ئىبادەتتۇر.

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 ـ ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش، ئۆز دىنىنى قوغداش يولىدا ھىجرەت قىلىش ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ ساۋابى كۆپتۇر. بۇنداق قىلغانلار ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا ۋە ئالى ئىنئاملىرىغا ھەقلىق بولغۇچىلاردۇر.

2 ـ ھاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناش ھارامدۇر. شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. ھاراق بىلەن قىمار مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان، ئەخلاقنى كىرلىتىدىغان، ئەقلىدىن ئازدۇرىدىغان يامان ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە :«مۆمىن كىشى مۆمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

3 ـ ئۇتۇش ۋە ئۇتتۇرۇش بىلەن بولىدىغان ھەرقانداق ئويۇن شەرئەت ھۆكمى بويىچە قەتئىي ھارامدۇر.

4 ـ سەدىقە ئىختىيارى ئىبادەت بولۇپ، ئۆز ئېھتىياجىدىن ئاشقاننى سەدىقە بېرىشنىڭ ساۋابى كۆپتۇر.

## يېتىملارنىڭ مال – مۈلكىنى رىئايە قىلىش

**فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الْيَتَامَى قُلْ إِصْلاَحٌ لَّهُمْ خَيْرٌ وَإِنْ تُخَالِطُوهُمْ فَإِخْوَانُكُمْ وَاللّهُ يَعْلَمُ الْمُفْسِدَ مِنَ الْمُصْلِحِ وَلَوْ شَاء اللّهُ لأعْنَتَكُمْ إِنَّ اللّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ {220}**

تەرجىمىسى: ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، ” تەربىيىلەش، ماللىرىنى ئۆستۈرۈپ ئۇلارنى تۈزەش ياخشىدۇر. ئۇلار بىلەن ئۇلارغا پايدىلىق بولغان رەۋىشتە ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، ئۇچاغدا ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار. ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. ئاللاھ يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى بۇزغۇچى ۋە تۈزگۈچىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ خالىسا سىلەرنى قىيىن ئىشقا تەكلىپ قىلىش بىلەن چوقۇم جاپاغا سالاتتى. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر(220).

### يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

يېتىملارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئەرەبلەر يېتىملارنىڭ ماللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىغا قوشۇپ قويىاتتى ۋە ئورتاق مالدىن ئائىلىگە خىراجەت قىلاتتى. ئاللاھ تائالانىڭ نىسا سۈرىسىدىكى: «زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرغان ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ. ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ» دېگەن ئايىتى چۈشكەندىن كېيىن، ئۆيلىرىدە يېتىملەرنى بېقىۋاتقان مۇسۇلمانلار بۇ ئايەتتىكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتىن قورقۇپ كېتىپ، يېتىملەر بىلەن يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى

ئايرىۋېتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن كۆپ ئۆگايسىزلىقلار يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېتىملارنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدىكى بۇ كىرىزىستىن قانداق چىقىش چارىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراشقا باشلايدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ: «ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورايدۇ» دېگەن ئايىتى چۈشۈپ، ئۇلارغا يېتىملەرنىڭ يېمەكلىرىنى ئايرىش ياكى بىرلەشتۈرۈش مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈگىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى تاماقنى بىرلەشتۈرگەندىمۇ، ئۇلارنى ياخشى تەربىيلەش، ماللىرىنى ئۆستۈرۈپ بېرىش، ئۇلارنى زىيانغا ئۇچراتماسلىقتۇر. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە يوشۇرغانلىرىنى بىلىدۇ. يېتىملەرنىڭ كېلىچەكنى بۇزىدىغانلار بىلەن تۈزىدىغانلار ئاللاھ تائالاغا ئاياندۇر. ئاللاھ خالىسا ئىدى سىلەرگە مۇشەققەتلەرنى ياراتقان بولاتتى ۋە يېتىملەر بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇپ يېمەك - ئىچمەكلىرىڭلارنى ئايرىم تۇتۇشنىڭ قىيىنچىلىقلىرى بىلەن سىلەرنى ئىمتىھان قىلغان بولاتتى. چۈنكى ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر. ھەممىنى قىلالايدۇ. لېكىن ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى بولغانلىقتىن سىلەرگە قىيىنچىلىقنى خالىمىدى.

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - يېتىمنىڭ ھەققى يېيىش ئوتنى يۇتقانغا ئوخشاشتۇر.

2 - يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر تېپىش ئەڭ كاتتا ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن قىيامەت كۈنىدە يېتىمنى باققۇچى بىلەن بىرگەمەن» دېگەن.

مۇشرىكلار بىلەن ئۆيلىنىشنىڭ جائىز ئەمەسلىكى

**وَلاَ تَنكِحُواْ الْمُشْرِكَاتِ حَتَّى يُؤْمِنَّ وَلأَمَةٌ مُّؤْمِنَةٌ خَيْرٌ مِّن مُّشْرِكَةٍ وَلَوْ أَعْجَبَتْكُمْ وَلاَ تُنكِحُواْ الْمُشِرِكِينَ حَتَّى يُؤْمِنُواْ وَلَعَبْدٌ مُّؤْمِنٌ خَيْرٌ مِّن مُّشْرِكٍ وَلَوْ أَعْجَبَكُمْ أُوْلَـئِكَ يَدْعُونَ إِلَى النَّارِ وَاللّهُ يَدْعُوَ إِلَى الْجَنَّةِ وَالْمَغْفِرَةِ بِإِذْنِهِ وَيُبَيِّنُ آيَاتِهِ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ {221}.**

تەرجىمىسى: ئى مۇسۇلمانلار! مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار. ھۆر مۇشرىك ئايال ھۆسىن - جامالى ۋە مېلى بىلەن سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن دىدەك، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغىچە مۆمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار، ھۆر مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ مۆمىن قۇل ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. ئەنە شۇلار يەنى مۇشرىك ئەر ۋە مۇشرىك ئاياللار سىلەرنى دوزاخقا چاقىرىدۇ، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە سىلەرنى جەننەتكە، مەغپىرەتكە چاقىرىدۇ، كىشىلەر پەندە - نەسىھەت ئالسۇن دەپ ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز ئايەتلىرىنى بايان قىلىدۇ(221).

يوقىرىقى ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان ئەرلەرنى مۇسۇلمان بولمىغان مۇشرىك ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشتىن ۋە مۇسۇلمان ئاياللارنى مۇسۇلمان بولمىغان مۇشرىك ئەرلەرگە ياتلىق قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ. چۈنكى مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا لايىق ئەمەستۇر. يەھۇدى ۋە خرىستىئانلاردىن باشقا كۇففارلار ئىسلام نەزەرىدە مۇشرىكلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، بۇددىستلار، دىنسىزلار ۋە باشقا دىندىكى ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىش ۋە ياتلىق بولۇش مۇسۇلمان ئەرلىرى ۋە ئاياللىرى ئۈچۈن ھارامدۇر. ئەمما مۇسۇلمان ئەرلىرىنىڭ يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنىدىكى ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشى جائىزدۇر. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بىلەن ئۆيلەنمىگەن ئەۋزەلدۇر. بىراق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ، قىزلارنىڭ باشقا دىندىكى ئەرلەرگە، جۈملىدىن يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنلىرىدىكى ئەرلەرگە ياتلىق بولۇشى قەتئىي جائىز ئەمەستۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: «ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ» دەيدۇ. مۇسۇلمان ئايال باشقا دىندىكى ئەرگە ياتلىق بولغاندا تۇرمۇشنىڭ تەقەززاسى بويىچە، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان ئىشلاردا ئېرىگە بويسۇنۇشى تەلەب قىلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئېرىگە بويسۇنۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دىنىنى ئېرىنىڭ دىنى ئالدىدا خورلىغان بولىدۇ. ھالبۇكى بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. شۇڭا مۇسۇلمان ئاياللارنى باشقا دىندىكى ئەرلەرگە ياتلىق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. پۈتۈن ئىسلام مەزھەپلىرى بۇ ھۆكۈم بويىچە ئىش كۆرمەكتە. بۇ ئايەتنىڭ ئېپادىسى بويىچە، مۇسۇلمان بولمىغان ئەر بىلەن مۇسۇلمان بولمىغان ئايال مۇسۇلمان جۈرىسىنى دوزاخقا باشلايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا بۇيرۇش ئارقىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. بۇنداق بولغان ئىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنلاش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىش ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇسۇلمانلىق بۇرچىدۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ ئايەتلىرىنى شۇنداق ئوچۇق ۋە تەپسىلى بايان قىلىدۇ.

يوقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاياللاردىن باشقا كۇففار ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشى توغرا ئەمەس، شەرىئەت ئىستىلاھى بويىچە ئېيتقاندا ھارامدۇر. ئەمما يەھۇدىي ياكى خرىستىئان دىنلىرىدىكى ئاياللارغا ئۆيلىنىشى جائىزدۇر.

2 ـ مۇسۇلمان ئاياللارنى، قىزلارنى مەيلى يەھۇدىي بولسۇن، مەيلى خرىستىئان بولسۇن، مەيلى باشقا دىندىكى كۇففارلار بولسۇن ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە ياتلىق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھېچبىرى مۇسۇلمان ئاياللارغا ئۆيلىنىشكە لايىق ئەمەستۇر.

3 ـ مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنى، قىزلىرىنى باشقا دىندىكىلەر بىلەن ئۆيلىنىش ۋە ياتلىق بولۇشتىن توسۇش كېرەك. چۈنكى بۇنداق قىلىش مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنىڭ ئەقىدىسىگە زىيانلىقتۇر.

4 ـ ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنلاش جەننەتكە كىرىشنىڭ يولىدۇر.

هەيز ۋە ئۇنىڭ هۆكمى

**وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الْمَحِيضِ قُلْ هُوَ أَذًى فَاعْتَزِلُواْ النِّسَاء فِي الْمَحِيضِ وَلاَ تَقْرَبُوهُنَّ حَتَّىَ يَطْهُرْنَ فَإِذَا تَطَهَّرْنَ فَأْتُوهُنَّ مِنْ حَيْثُ أَمَرَكُمُ اللّهُ إِنَّ اللّهَ يُحِبُّ التَّوَّابِينَ وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ {222} نِسَآؤُكُمْ حَرْثٌ لَّكُمْ فَأْتُواْ حَرْثَكُمْ أَنَّى شِئْتُمْ وَقَدِّمُواْ لأَنفُسِكُمْ وَاتَّقُواْ اللّهَ وَاعْلَمُواْ أَنَّكُم مُّلاَقُوهُ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ{223}.**

تەرجىمىسى: ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى، ھەيز زىيانلىقتۇر يەنى ھەيز مەزگىلىدە يېقىنچىلىق قىلىش ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللاردىن يېراق تۇرۇڭلار. ھەيزدىن پاك بولغىچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا ئۇلارغا ئاللاھ بۇيرىغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغانلارنى دوست تۇتىدۇ. ئۇ ھارامدىن ۋە پاسكىنىلىقتىن پاك بولغانلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ(222). ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن خۇددى ئېكىنزارلىق يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئالدىنئالا ياخشى ئەمەل تەييارلاڭلار، گۇناھتىن چەكلىنىش بىلەن ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ئاللاھ تائالاغا مۇلاقات بولىسىلەر. مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن(223).

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

يەھۇدىيلار ھەيزدار ئاياللارغا مۇئامىلە قىلىشتا بەكمۇ تاش يۈرەك ئىدى، ئاياللىرى ئايلىق ئادەتلىرىنى كۆرگەن كۈنلەردە ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش ۋە بىر ئورۇندا ئولتۇرۇش ۋە بىرگە يېتىشتىن ئۆزلىرىنى مەنئى قىلاتتى. ھەتتا ھەيزدار ئايالنى تۇتۇپ سالغاننى پاسكىنا بولغانلىق دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، خرىستىئانلار ئاياللارنىڭ ھەيز ياكى پاكلىق ھالەتلىرىنى ئايرىمايتتى. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى بۇ مەسىلە ئۈستىدە سوئال قىلىشقا تۈرتكە بولاتتى.

ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلار بۇ مەسىلە ئۈستىدە پەيغەمبەر ئەلەيھسساالامدىن ئاياللىرىنى ھەيز كۆرگەن كۈنلەردە بۇرۇنقىدەك كۆزدىن يېراق قىلىش كېرەكمۇ ياكى ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇشقا بولامدۇ دەپ سورىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا بۇ

ئايەتلەرنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىدۇ ۋە ئاياللار ئادەت كۆرگەن ۋاقىتلاردا ئۇلار بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشتىن باشقا بارلىق ئىشلاردا ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇشىنىڭ دۇرۇسلىقىنى، ھەتتا ئۇلار بىلەن كىيىمنى يەشمەستىن بىرگە يېتىشىنىڭمۇ دۇرۇسلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئادەت كۆرگەن ھەيزدار ئاياللار بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ مەنئى قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئايال كىشى ھەيز كۆرگەن كۈنلىرىدە ئۇنىڭ بالا ياتقۇسىدىن كېلىدىغان قان مىكروبنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا سىرتتىن كىرگەن مىكروبلاردىن مۇداپىئەلىنىش جىھازلىرى ئىشتىن توختاپ يېرىم جان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ ساقلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىقتۇر. ھازىرقى زامان تىببىي مۇتەخەسسىسلىرى ھەيزدار ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشنىڭ ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىنى ئەڭ خەتەرلىك كېسەللەرگە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىققان . ئەمما ھەيزدىن باشقا سەۋەبلەر بىلەن قان كېلىپ تۇرغان ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلىشنىڭ زىيىنى يوقتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئەرلەرنى ھەيزدار ئاياللار بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشتىن مەنئى قىلغان ۋە جىنسىي ئالاقىدىن باشقا كۆڭۈل ئېچىشلارنى قىلىشتىن توسمىغان، بەلكى ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلغان. ھەيزدار ئاياللار ھەيزدىن پاكلانغان ۋە غۇسلى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن خالىغان رەۋىشتە يېقىنچىلىق قىلىشقا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاياللارنى زىرائەتلەرنى يېتىشتۈرىدىغان ئېكىنزارلىققا ئوخشىتىدۇ. ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە كەلمەسلىك شەرتى بىلەن خالىغان رەۋىشتە، خالىغان جايدىن كېلىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ بايانمۇ بەزى ساھابىلارنىڭ بۇ توغرىدىكى سوئالىغا بىنائەن كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا كىشىلەرگە بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك ھەر قانداق بىر مەسىلىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ. ئاخىرىدا، مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىشقا چاقىرىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۆمىنلەر ئۈچۈن ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى بۇيرۇيدۇ.

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ ھەيزدار ئاياللار بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش مۇتلەق ھارامدۇر. ئۇنىڭ گۇناھى ئېغىر ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ تەن ساقلىقىغا قاتتىق زىيانلىقتۇر.

2 ـ تۇغۇت ۋە ھەيزنىڭ قېنى توختىغان بولسىمۇ غۇسلى قىلىپ پاكلانمىغان ئايال كىشىگە جىنسىي تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

3 ـ گۇناھلار ئۈچۈن تەۋبە قىلىپ پاكلىنىشنىڭ پەزىلىتى كۆپتۇر. ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىسىنى سۆيىدۇ.

4 - ئاخىرەت ھاياتى ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش بىلەن تەييارلىق كۆرۈشنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك. چۈنكى ئاخىرەت ھاياتى ھەقىقىي ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتتۇر. بۇ دۇنيا بولسا ئۆتكۈنچى ئالەم.

5 - يامان ئىشلاردىن يېنىپ، ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىش ئارقىلىق ئاللاھتىن قورقۇش كېرەك.

6 - جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت مۆمىنلەر ئۈچۈن خاستۇر.

## ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش

**وَلاَ تَجْعَلُواْ اللّهَ عُرْضَةً لِّأَيْمَانِكُمْ أَن تَبَرُّواْ وَتَتَّقُواْ وَتُصْلِحُواْ بَيْنَ النَّاسِ وَاللّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ {224} لاَّ يُؤَاخِذُكُمُ اللّهُ بِاللَّغْوِ فِيَ أَيْمَانِكُمْ وَلَكِن يُؤَاخِذُكُم بِمَا كَسَبَتْ قُلُوبُكُمْ وَاللّهُ غَفُورٌ حَلِيمٌ {225}**

تەرجىمىسى: ياخشىلىق قىلماسلىققا، تەقۋادار بولماسلىققا ۋە كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرمەسلىككە قەسەم قىلىش شەكلى بىلەن ئۇلارنى قىلىشقا ئاللاھ تائالانى توسالغۇ قىلىۋالماڭلار، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشنى ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى قىلىۋالماڭلار، ئاللاھ سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر(224). مەقسەتسىز ئىچكەن قەسىمڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ، قەستەن ئىچكەن قەسىمڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى جازاغا تارتىدۇ. ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇ ھەلىم(يەنى بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)(225).

### يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ياخشى ئىش قىلماسلىققا قەسەم ئىچىشتىن مەنئى قىلىدۇ. ئاللاھ قەسەمنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى تەرك ئېتىشكە يول قويمايدۇ. بەزى كىشىلەر گاھىدا ئاچچىقلىرىنى باسالمىغانلىقتىن بىراۋغا ياردەم قىلماسلىققا ياكى بىراۋغا سۆز قىلماسلىققا قەسەم قىلىدۇ. مۇسۇلمان كىشى ئۆزى قىلغان قەسىمگە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغان. چۈنكى ئۇ قەسەمدە ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى قوللىنىپ ۋە ئاللاھ تائالانى گۇۋاھچى قىلىپ تۇرۇپ بىرەر ئىشقا ۋەدە بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن ئەمەل قىلىشى شەرتتۇر. ئەمما پېقىرلارغا سەدىقە قىلىش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش، بىر - بىرىدىن رەنجىشىپ قالغانلارنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاپ قويۇش ۋە مۇندىن باشقىمۇ ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىققا قەسەم قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئىشلارغا قەسەم قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنى بۇزۇشى لازىم كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «بىراۋ بىرەر ئىشنى ياخشى

ئىش دەپ بىلىپ ئۇنى قىلىش ئۈچۈن قەسەم قىلسا ۋە كېيىنچە ئۇنىڭ باشقىسىنى توغرا تاپقان بولسا، قەسىمىنى بۇزسۇن ۋە ئۆزى بىلگەن ياخشىلىقنى قىلسۇن» دەپ كۆرسەتكەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ قەسەم باھانىسى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىقى ۋە يامان ئىشلارنى قىلىشقا يول قويمايدۇ. ئاللاھ كىشىلەرنىڭ نىيىتى مەقسەت قىلىپ قەسەم قىلغانلىقلىرىنى ئۇبدان بىلىپ تۇرىدۇ.

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ قەسەمنى ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىق ئۈچۈن قوللىنىشقا بولمايدۇ. ناۋادا بىراۋ بىرەر ياخشى ئىشنى قىلماسلىققا ياكى بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلىشقا قەسەم قىلغان بولسا، قەسىمىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ كاپارىتىنى ئادا قىلىدۇ ۋە ئۇ ياخشىلىقنى قىلىدۇ، گۇناھنى تەرك ئېتىدۇ.

2 ـ قەسەمنى نىيەت قىلماستىن ئىختىيارسىز ھالدا قەسەم ئىبارىلىرىنى ئېيتىش قەسەم ئىچكەنگە كىرمەيدۇ. شۇنىڭدەك، كىشى ئۆز گۇمانىدا راستچىل بولغان ھالدا مەلۇم بىر ئىشقا قەسەم قىلغان ۋە ئۇ ئۇنىڭ ئەكسىچە چىققان بولسىمۇ، ئۇ ئادەم يالغانغا قەسەم قىلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز گۇمانى بويىچە راستچىل ئىدى.

3 ـ كىشى ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان قەسەم شۇكى، مەنپەئەتنى كۆزلەپ كىشىلەرنى ئالداش ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى يولسىز يېيىش ئۈچۈن بىلىپ تۇرۇپ يالغانغا قەسەم قىلىش ياكى ئۈستىدىكى باشقىلارنىڭ ھەققىدىن تېنىشتۇر. بۇنداق قەسەم «يەمىن غۇمۇس ـ قەسەم قىلغۇچىسىنى گۇناھقا پاتۇرىدىغان ئەڭ خەتەرلىك يامان قەسەم» دەپ ئاتىلىدۇ.

4 ـ كاپارەت بېرىش بەلگىلەنگەن قەسەم، بىراۋ بىرەر ئىشنى قىلىش ياكى بىرەر ئىشنى تەرك ئېتىش ئۈچۈن قەسەم قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان قەسەم بولۇپ، ئۇنى سادىر قىلغان كىشى ئون پېقىرغا بىرۋاخلىق تاماق بېرىش ياكى ئۇلارغا بىر قۇردىن كىيىم بېرىش، ئەگەر كۈچى يەتمىسە ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش بىلەن كاپارەت ئادا قىلغان بولىدۇ.

## ئايالدىن يېراقلىشىش مەسىلىسى

**لِلَّذِينَ يُؤْلُونَ مِن نِّسَآئِهِمْ تَرَبُّصُ أَرْبَعَةِ أَشْهُرٍ فَإِنْ فَآؤُوا فَإِنَّ اللّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ {226} وَإِنْ عَزَمُواْ الطَّلاَقَ فَإِنَّ اللّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ {227}**

تەرجىمىسى: ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەنلەر تۆت ئاي كۈتىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار (بۇ مۇددەت ئىچىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا) قايتسا، (ئاياللىرىغا يامانلىق قىلغان

گۇناھىنى) ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاللاھ ناھايىتى مېھرىباندۇر(226). ئەگەر ئۇلار تالاق قىلىش نىيىتىگە كەلسە، ئاللاھ ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر(227).

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، ئاياللىغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشماسلىققا قەسەم قىلىش مەسىلىسىنى بايان قىلىدۇ. خۇسۇسەن، ئەرەبلەردە ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا جېدەل ـ ماجىرا يۈزبەرگەن ياكى ئەرنىڭ كۆڭلى ئايالدىن سوۋۇپ كەتكەن سەۋەبلەر بىلەن ئاياللىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلىش ئادىتى بار ئىدى. بۇنداق قىلغانلارغا شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى مۇنداق: ئاياللىغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشماسلىققا قەسەم قىلىش ئايال كىشىنى ئۆگايسىزلاندۇرىدىغان بىر ئىش. بۇنداق قىلغانلار قەسىمىگە ئەمەل قىلىپ تۆت ئاي كۈتىدۇ. چۈنكى تۆت ئاي ئېرىنىڭ قولىدىكى ئايال كىشىنىڭ ئۇنىڭسىز يېتىشقا بەرداشلىق بېرىش مۇددىتىنىڭ ئەڭ ئېزىدۇر. تۆت ئاي توشقاندىن كېيىن، ئېرىنىڭ ئەگەر ئايالى بىلەن بىرگە ئۆتۈش نىيىتى بولسا قەسىمىنى بۇزۇپ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىدۇ ۋە قەسىمىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن كاپارەت بېرىدۇ. ئەگەر ئاياللىغا قايتىشنى خالىمىسا ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىدۇ. ئەگەر ئەر كىشى قەسەم قىلغىنىغا تۆت ئاي توشقاندىن كېيىنمۇ يا قەسىمىنى بۇزۇپ ئاياللىغا يېقىن كەلمەي ياكى ئۇنىڭ سۆزىنى بېرىپ ئۇنى بۇ قىيىنچىلىقتىن چىقارماستىن تۇتتۇۋالسا، ئىسلام مەھكىمىسى ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدۇ. بۇنداق قىلغان كىشىنىڭ نىيىتىنى ئاللاھ تائالا بىلىپ تۇرغانلىقتىن ئۇنىڭغا نىيىتىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ بىراۋ ئاياللىغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشماسلىققا قەسەم قىلغان بولسا، قەسىمى بويىچە ئەڭ كۆپ تۆت ئاي داۋام قىلىدۇ، بۇ تۆت ئاي ئىچىدە قەسىمىنى بۇزۇپ ئۇنىڭ كاپارىتىنى ئادا قىلىپ ئاياللىغا يېقىنلاشسا ياخشى. ئەگەر تۆت ئاي توشقاندىن كېيىنمۇ، قەسىمىنى بۇزۇپ ئاياللىغا يېقىنچىلىق قىلىشنى خالىمىسا، ئۇنىڭ ئاجرىشىش نىيىتى بار ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ، ئاياللىنىڭ سۆزىنى بېرىپ ئۇنى بۇ قىيىنچىلىقتىن چىقىرىشى كېرەك.

2 ـ ئاياللارنى يا سۆزىنى بەرمەي ياكى ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتمەي تۇتۇۋېلىش ئەرنىڭ شەنىگە ياقمايدىغان نامەردلىكتۇر. ئاياللارغا زۇلۇم قىلغان ئەرلەرنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدۇ.

## ئاجرىشىشتا بالىياتقۇنىڭ پاكلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر

**وَالْمُطَلَّقَاتُ يَتَرَبَّصْنَ بِأَنفُسِهِنَّ ثَلاَثَةَ قُرُوَءٍ وَلاَ يَحِلُّ لَهُنَّ أَن يَكْتُمْنَ مَا خَلَقَ اللّهُ فِي أَرْحَامِهِنَّ إِن كُنَّ يُؤْمِنَّ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَبُعُولَتُهُنَّ أَحَقُّ بِرَدِّهِنَّ فِي ذَلِكَ إِنْ أَرَادُواْ إِصْلاَحاً وَلَهُنَّ مِثْلُ الَّذِي عَلَيْهِنَّ بِالْمَعْرُوفِ وَلِلرِّجَالِ عَلَيْهِنَّ دَرَجَةٌ وَاللّهُ عَزِيزٌ حَكُيمٌ {228}**

تەجىمىسى: تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكىچە ئىددەت تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاللاھ تائالاغا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، ئالىياتقۇلىرىدىكى ئاللاھ ياراتقان نەرسىنى يوشۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەگەر ئەپلىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە باشقىلارغا قارىغاندا ھەقلىقتۇر. ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللىرىنىڭمۇ ھەقلىرى بار. ئاياللارغا مېھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە. ئاللاھ غالىبتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر(228).

يوقىرىقى ئايەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئېرىدىن ئايرىلغان ئايال كىشى ئۈچ قېتىم ئايلىق ئادىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن پاكلانمىغىچە، ھەيز كۆرۈش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئاياللار ئۈچ ئاينى توشقۇزمىغىچە ياتلىق بولالمايدۇ. بۇ مۇددەتنىڭ توگىشى ئۇلارنىڭ ياتلىق بولۇشىنىڭ دۇرۇسلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. ئاياللار ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەيز ۋە ئېغىر ئاياقلىق ئىشلىرىنى ئۆزلىرى ياخشى بىلىدۇ. بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ ياتلىق بولۇشىنىڭ جائىزلىقى ياكى جائىز ئەمەسلىك مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ راستچىل بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ھەقىقي مۆمىنەلەردىن بولسار، ئالىياتقۇلىرىدىكىلەرنى يوشۇرماستىن راستىنى ئېيتىدۇ ۋە ياتلىق بولۇشقا قىزىقىپ يالغان سۆزلىمەيدۇ. تالاق قىلىنغان ئايال كىشىنى تالاق قىلىنغىنىغا ئۈچ ئاي توشقان ياكى ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرۈپ پاكلىنىپ بولغىچىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئۆز ئېرىنىڭ قايتۇرۇۋېلىشىغا بولىدۇ. بەلكى ئۆز ئېرى ئەگەر ئۇ ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەتنى ئىسلاھ قىلىپ راستىنلا يارىشىپ قېلىشنى نىيەت قىلىپ ئايالنى قايتۇرۇپ ئالماقچى بولغان بولسا، ئۇ ئۇنىڭغا تامامەن ھەقلىقتۇر. چۈنكى تالاق قىلىنغان ئايال كىشى ئىددەتتىن چىقىپ بولغىچىلىك ئېرىنىڭ زىممىسىدە بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئەرنىڭ مەقسىتى ئايالى بىلەن يارىشىپ قېلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ياتلىق بولۇش يولىنى توسۇش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش بولسا، بۇنداق ئەر كىشى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا يولۇقىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشى نە ئىنسانىيەتچىلىككە، نە دىيانەتكە ياتمايدىغان بىر رەزىللىكتۇر. ئايال كىشىنىڭ ئىددىتى توشماستىن ياتلىق بولىشىغا يول قويۇلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ، ئۇنىڭ ئىددەت ئەسناسىدا ئېرىنىڭ زىممىسىدە بولغانلىقى

ۋە ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرۈپ پاكلانمىغىچە ئۇنىڭ ئېغىر ئاياق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى بىلىنمىگەنلىكىدىن ئىدى. ئايال كىشى ئىددەتتىن چىققاندىن كېيىن باشقىسىغا ياتلىق بولالايدۇ.

ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتى كۆپلىگەن مەسئۇلىيەتلەر ۋە بىر - بىرىگە قارىتا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەق - ھوقۇقلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بىر تۇرمۇش بولۇپ، ئىسلام دىنى ئەر - ئايال ھەر ئىككى جىنسنىڭ تەبىئىتى، يارىتىلىشى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتى جەھەتتىكى بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، ھەر بىر جىنسقا ئۆز لايىقىدا مۇناسىب ۋەزىپىلەرنى يۈكلىگەن ۋە ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەق - ھوقۇقلىرىنى بەلگىلىگەن. ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىغا قارىتا ئۆتەشكە تېگىشلىك مۇھىم بۇرچلىرى ۋە ھەقلىرى بولغاندەك، ئاياللارنىڭمۇ ئەرلىرىگە قارشى ئۆتەشكە بۇيرۇلغان بۇرچلىرى ۋە ھەقلىرى باردۇر. ئەرلەر ئائىلىنىڭ بىر پۈتۈن مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش يولىدا جاپالىق ئىشلارغا چىداملىق يارىتىلغانلىقى ۋە ئۈستىگە يۈكلەنگەن بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشقا مەجبۇر ئىكەنلىكى سەۋەبلىك ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلىققا ئىگەدۇر. ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن ئارتۇقلىقى ھۆرمەت، خۇجايىنلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك ئەمەس، بەلكى مەسئۇلىيەت ۋە ئائىلىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈش جەھەتتىكى ئارتۇقلۇقتۇر. ئەمما ھۆرمەتتە، خۇجايىنلىقتا ئەر - خوتۇن باراۋەردۇر.

ئاياللارنىڭ ھاياتلىقتىكى ئورنى ۋە ئائىلىدىكى ۋەزىپىسى ناھايىتى چوڭدۇر. ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ تۇنجى مۇئەللىملىرىدۇر. يارامىلىق ئىنسانلارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئانىلىق ۋەزىپىسى ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ ۋەزىپىدۇر. ئەمما ئاياللارنىڭ سىرتتا مۇناسىپ ئىشلاردا ئىشلىشى مەنئى قىلىنمايدۇ. بۇمۇ ھاياتلىقنىڭ تەقەززاسىدۇر.

### يوقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 - ئېرىدىن ئاجراشقان ئايال كىشى ئىددىتى توشمىغىچە، يەنى ئۈچ قېتىم ئايلىق ئادىتىنى كۆرۈپ پاك بولمىغىچە تۇرمۇشقا چىقالمايدۇ.

2 - ئېرىدىن ئاجراشقان ئاياللارنىڭ قايسىبىر مەقسەت بىلەن بولمىسۇن، ئۆزىنىڭ ئىددىتى ۋە ئېغىر ئاياق ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا راستچىل بولۇشى كېرەك. بالىياتقۇسىدىكىنى يوشۇرماسلىقى كېرەك.

3 - ئىددەتتىن چىقمىغان ئاياللارغا ئۆيلىنىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار تېخى ئەرلىرىنىڭ زىممىسىدىن چىقىپ بولمىغان ئاياللاردۇر.

4 ـ ئۈچ تالاقنىڭ باشقىسى بىلەن تالاق قىلىنغان ئايالنى ئۇنىڭ ئىددىتى توشۇپ بولۇشتىن بۇرۇن ئۆز ئېرى قايتا نىكاھ قىلماستىنلا قايتۇرۇپ ئېلىشقا ھەقلىقتۇر. چۈنكى ئۇ ئايال ئىددەتتىن چىقىپ بولمىغان مۇددەت ئىچىدە، ئېرىنىڭ زىممىسىدە بولغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا قايتا نىكاھ قىلىشقا ھاجەت يوق.

5 ـ ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككى جىنسنىڭ ھاياتلىقتا مۇئەييەن ۋەزىپىلىرى ۋە بىر ـ بىرىگە ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچلىرى ھەم ھەق ـ ھوقۇقلىرى باردۇر. ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپكە ئۆتەشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان.

6 ـ ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرى ۋە ئائىلىلەرنىڭ مەسئۇللىرىدۇر.

7 ـ ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ تۇنجى مۇئەللىملىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ئانىلىق ۋەزىپىسى ئەڭ شەرەپلىك ۋەزىپىدۇر.

## تالاقنىڭ بەزى ئەھكاملىرى

**الطلاَقُ مَرَتَانِ فَإِمْسَاكٌ بِمَعْرُوفٍ أَوْ تَسْرِيحٌ بِإِحْسَانٍ وَلاَ يَحِلُ لَكُمْ أَن تَأخُذُواْ مِما آتَيْتُمُوهُن شَيْئاً إِلا أَن يَخَافَا أَلا يُقِيمَا حُدُودَ اللّهِ فَإِنْ خِفْتُمْ أَلا يُقِيمَا حُدُودَ اللّهِ فَلاَ جُنَاحَ عَلَيْهِمَا فِيمَا افْتَدَتْ بِهِ تِلْكَ حُدُودُ اللّـهِ فَلاَ تَعْتَدُوهَا وَمَن يَتَعَد حُدُودَ اللّهِ فَأُوْلَـئِكَ هُمُ الظالِمُونَ {229} فَإِن طَلقَهَا فَلاَ تَحِل لَهُ مِن بَعْـدُ حَتـى تَنكِحَ زَوْجاً غَيْرَهُ فَإِن طَلقَهَا فَلاَ جُنَاحَ عَلَيْهِمَا أَن يَتَرَاجَعَا إِن ظَنا أَن يُقِيمَا حُدُودَ اللّهِ وَتِلْكَ حُـدُودُ اللّـهِ يُبَيِّنُهَا لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ {230}.**

تەجىمىسى: قايتا يارىشىشقا بولىدىغان تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن خوتۇنىنى چىرايلىقچە تۇتۇش، ياكى ياخشىلىق بىلەن (ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەستىن، كىشىلەرگە ئۇنى يامان كۆرسەتمەستىن) قويۇۋېتىش لازىم. ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى بولمىسىلا، ئۆزۈڭلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا مېھرى ئۈچۈن بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇنىنىڭ تالاق خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە گۇناھ بولمايدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر. ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار. ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر(229). ئەگەر ئۇ خوتۇنىنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلسا، (خوتۇن مەڭگۈلۈك نىيىتى بىلەن) باشقا ئەرگە تەگمىگىچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ، كېيىنكى ئەر ئۇنى تالاق قىلغاندىن كېيىن ئىددىتىنى توشقۇزۇپ، بۇرۇنقى ئەر بىلەن قايتا ياراشسا، ئۇلارغا ھېچ

گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالمايدىغانلىقىنى (قايتا ياراشقاندىن كېيىن ياخشى ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى) تەسەۋۋۇر قىلسا، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇركى، ئاللاھ ئۇنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بايان قىلىدۇ(230).

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبى

ئەرەبلەر ئاياللىرىنى تالاق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغاندا، تالاقتىن ۋازكېچىپ ئۇلارنى قايتۇرىۋالاتتى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئاياللىرىنى يا قويۇپ بەرمىگەن ياكى ھەققىنى ئايالىم دەپ چىڭ تۇتمىغان ھالدا ئىش كۆرەتتى، ئاياللارغا زۇلۇم قىلاتتى. بۇخىل ناچار ئادەتنى يوق قىلىش ئۈچۈن بۇ ئايەت چۈشكەن ۋە تالاق بىلەن قايتۇرىۋېلىشنىڭ چەك ــ چېگرىسىنى بەلگىلىگەن.

## يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا تالاق مەسىلىسىنى بايان قىلىشقا داۋام قىلىدۇ. ئەرنىڭ ئايالىنى ئۆزىگە قايتۇرىۋېلىشقا بولىدىغان تالاق ئىككى بولۇپ، ئۇ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق تالاقتۇر. ئىككىنچى تالاقتىن كېيىن ئەر ياخشى ئويلاپ ئىش كۆرۈشى كېرەككى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىدا پەقەت ئىككىلا يول قالغان بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى، ئايالى بىلەن چىرايلىقچە يارىشىپ قېلىش، ئىككىنچىسى، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەستىن، ئۇنىڭ ئەيىبىنى كىشىلەرگە ياياستىن ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىقچە ئايرىلىشتۇر. مانا بۇ ئۈچىنچى تالاق بولۇپ، بۇ ئاخىرقى ئايرىلىش تالىقىدۇر. ئايالىنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلىپ ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن يارىشىشقا يول يوق. پەقەت ئۇ ئايال باشقا بىر ئەرگە ـ بىرىنچى ئېرىگە قايتىش ئۈچۈن يول چىقىرىش نىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك خوتۇن بولۇش نىيىتى بىلەن ياتلىق بولۇپ، قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئۇنىڭدىن ئاجراشسا، ئاندىن بىرىنچى ئېرى ئۇنى قايتا نىكاھ بىلەن ئۆزىگە قايتۇرالايدۇ.

ئۈچ تالاق، ئايالىنى بىرقېتىمدىن تالاق قىلىپ ئۈچىنچىسىگە يېتىش ياكى بىرلا ۋاقىتتا بىر سۆز بىلەن «ئۈچ تالاق» دەپ تالاق قىلىش دېمەكتۇر. ھەر ئىككى ھالەتتە بۇ ئىسلام تەلىماتلىرىغا خىلاپ كېلىدىغان بىدئەت تالاق ھېسابلىنىدۇ. مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ ئورتاق كۆرۈشى بويىچە، ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال كىشىنى ئېرى نىكاھ بىلەنمۇ قايتۇرىۋېلىشقا بولمايدۇ. پەقەت ئۇ باشقا ئەرگە ئۆمۈرلۈك خوتۇن بولۇش نىيىتى بىلەن ياتلىق بولۇپ ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇنى يېڭى نىكاھ بىلەن قايتۇرۇۋالسا بولىدۇ.

ئۆچ تالاق بىر تالاققا ھېسابلىنامدۇ ياكى ئۈچ تالاقمۇ؟

بىرلا ۋاقىتتا بىر سۆز بىلەن «ئۈچ تالاق »دەپ قىلىنغان ئۈچ تالاق ئايەتنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسىغا كۆرە، بىر تالاققا ھېسابلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكرىنىڭ زامانىدا ۋە ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ باشلىنىش دەۋرلىرىدە بىر قېتىمدا قىلىنغان ئۈچ تالاق بىر تالاققا ھېسابلىناتتى. ئۆمەر دېدىكى "كىشىلەر ئالدىراشقا بولمايدىغان ئىشتا ئالدىراپ كەتتى. ئۇلارغا يول قويسۇۋەرسەك بۇ ئىش ئۇلارنىڭ زىيىنىغا داۋام قىلىپ كېتىۋېرىدۇ"».

ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە مەشھۇر تۆت مەزھەپ، ئۆمەر، ئىبنى ئاباس ۋە باشقا ساھابىلارنىڭ رەيى بويىچە، بىر لەۋزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاقنى ئۈچ تالاققا ھېساب قىلىدۇ. بەزى ئۆلىمالار بىر تالاققا ھېسابلايدۇ.

خەلىپە ئۆمەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۆپچىلىك ئۆلىمالار بىر لەۋز بىلەن «ئۈچ تالاق»قىلىش ئىشىغا قاتتىق قارشى تۇرغان. بەزى ئاز ساندىكى ئۆلىمالار كىشىلەرگە ئۇڭايلىق تۇغدۇرۇش مەقستى بىلەن بىر لەۋز بىلەن قىلىنغان «ئۈچ تالاق»نى بىر تالاققا ھېسابلىغان ۋە ئىبنى ئاباسنىڭ بۇ ھەدىسنى تەۋىل قىلغان. ئۇلارغا كۆرە، ھەدىسنىڭ مەنىسى: بۇرۇن ئۈچ تالاق دېگەن نەرسە يوق ئىدى. كىشىلەر بىرلا تالاق قىلاتتى. كېيىنچە ئۈچ تالاق پەيدا بولدى. ئۆمەر «كىشىلەر تالاقتا يېڭى ئىشلارنى پەيدا قىلىۋالدى» دېگەن سۆزىمۇ بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئىبنى ئاباسمۇ بىرلا ۋاقىتتا بىر لەۋز بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاقنى ئۈچ تالاق دەپ پەتىۋا بەرگەن. ھەدىسنىڭ خۇلاسىسى، بۇرۇن بىرلا تالاق بار ئىدى، كېيىن كىشىلەر ئۈچ تالاقنى پەيدا قىلىۋالغان. شۇڭا بۇ ئۈچ تالاق ئۈچ تالاققا ھېسابلانغان.

ئايرىلىش سەۋەبى بىلەن ئەرنىڭ ئايالىغا بۇرۇن بەرگەنلىرىنى قايتۇرىۋېلىشى ياكى بىرقىسمىنى بولسىمۇ تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئايال كىشىگە ئەر تەرەپتىن بېرىلگەن مېھرى، تويلۇق قاتارلىق نەرسىلەر نىكاھ سەۋەبى بىلەن ئايال كىشىكە بەلگىلەنگەن ھەقلەردۇر. كېيىن ئاجراشقانلىق سەۋەبى بىلەن ئەرنىڭ بەرگەنلىرىنى ئايالدىن ئېلىۋېلىشى يولسىزلىقتۇر. مۇبادا ئېرىدىن ئاجرىششقا سەۋەب بولغىدەك جەۋر ـ زۇلۇم كۆرمەستىن، پەقەت ئۇنىڭ بىلەن تۇرۇشنى ئۆزى ياقتۇرمىغانلىق سەۋەبتىن ئېرىدىن خېتىنى تەلەپ قىلغان ئايالنىڭ، خېتىنى ئالغانلىق بەدىلىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېرىگە بەرگەن نەرسىسى ئېرى ئۈچۈن ھالالدۇر. ئۇنى ئالسا بولىدۇ. ئەمما ئايال كىشىنىڭ خېتىنى بەرمەي ئۇنى بىر نەرسە بېرىشكە زورلاش ئىنتايىن يامان ئىشتۇر. بۇنداق قىلىش نامەرتلەرنىڭ ئىشىدۇر. ئالغان نەرسىسى ھارامدۇر.

ئايالنى تالاق قىلماقچى بولغان ئادەم ئۇنى ھەيزدار كۈنلىرىدە تالاق قىلماستىن، ئايالى پاكلانغان ھالىتىدە تالاق قىلىشى تالاقنىڭ ئەدەبلىرىدىن سانىلىدۇ. مانا بۇ، ئىسلام

شەرىئىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بولۇپ، بۇنىڭدا ئايال كىشىنىڭ مەنپەئىتى كۆپرەك كۆزدە تۇتۇلغان . ئايال كىشىنى ھەيزدار ۋاقتىدا تالاق قىلىش ۋە ئۈچ تالاق قىلىش بىدئەت تالاق (يەنى ئىسلامدا بولمىغان تالاق قىلىش ئۇسۇلى) دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭدەك، تالاق قىلىشتا ئېھتىياج تۇيۇلغاندا، بىرقېتىمدىن تالاق قىلىش، بىراقلا ئىككى ياكى ئۈچ تالاق قىلماسلىق لازىم. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتتىكى: «قايتىشقا بولىدىغان تالاق ئىككى قېتىمدۇر» دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى ئىپادىلىسە كېرەك. بۇ ئايەتتە، «قايتىشقا بولىدىغان تالاق ئىككى» دېمەستىن، بەلكى «ئىككى قېتىمدۇر» دېيىلگەن. مەلۇمكى، قېتىم سۆزى بىر-بىرىدىن كېيىن يەنە بىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تالاقنىڭ بۇنداق باسقۇچلارغا بۆلۈنۈشىدە ئەر - خوتۇن ھەر ئىككىسىنىڭ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ ئايرىلماستىن يارىشىپ قېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك. يۇقىرىقىلار ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرى بولۇپ، ئۇلار پەقەت ھېكمەت بىلەن بېكىتىلگەن ئەھكاملاردۇر. بۇلارنىڭ ھېكمىتىنى ھەقىقەتنى چۈشىنىدىغان ئالىملار ۋە باشقىمۇ ئەقىل ئىگىلىرى بىلىدۇ. بۇرۇن ئىسلام دىنىنى ئۇنىڭ تالاققا يول قويغانلىقى سەۋەبلىك ئەيىبلىگەن خرىستىئان چېركاۋلىرى ۋە بارچە غەرب دۇنياسى بۈگۈنكى كۈندە، ھاياتلىقنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئىسلام دىنىدىكى تالاقنىڭ ھېكمىتىنى چۈشىنىپ، تەۋەلىرىگە زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا تالاق قىلىشنى رۇخسەت قىلىشقا باشلىغان. تالاق ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان بىر ئىش. ئەمما ھاياتلىقتا بەزى ئەر — خوتۇنلار ئاجرىشىپ يېگىدىن تۇرمۇش قۇرۇشقا زور ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭغا رۇخسەت بەرمەستىن ئىنسانلارنى قىيناشنى ھەق دىن خالىمايدۇ.

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1 - ئۈچ تالاق ئىسلام تەلىماتلىرىغا خىلاپ كېلىدىغان بىدئەت تالاقتۇر. ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلغان ئادەم ئۇنىڭدىن قەتئىي ئايرىلغان بولىدۇ.

2 - ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال باشقا بىرىگە مەڭگۈلۈك خوتۇن بولۇش نىيىتى بىلەن ياتلىق بولۇپ، ئېرىگە ئۆلگەن ياكى ئۇنىڭدىن قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئايرىلغاندىن كېيىن بىرىنچى ئېرىگە يېڭى نىكاھ بىلەن قايتالايدۇ. ئەمما ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئېرىگە قايتىشىغا يول ئېچىش مەقسىتى بىلەن ئۇنى ۋاقىتلىق ئەرگە بېرىش ھارامدۇر. بۇنداق نىكاھ باغلانمايدۇ. ئۇ پەقەت زىنانىڭ ئورنىدا بولىدۇ.

3 - ئۆز رىغبىتى بىلەن ئېرىدىن تالاق خېتىنى ئېلىش بەدىلىگە ئېرىگە ھەق تۆلىمەكچى بولغان ئايالنىڭ زورلىماستىن ئۆز رازىلىقى بىلەن بەرگەن نەرسىسى ئېرى ئۈچۈن ھالالدۇر. ئەمما ئايالىغا بۇرۇن بەرگەنلىرىدىن بىر قىسمىنى ياكى ھەممىنى قايتۇرۇۋېلىش نىيىتى بىلەن

ئۇنىڭ خېتىنى بەرمەسلىك ياكى ئارقىغا سوزۇش چوڭ گۇناھتۇر. بۇ نامەرت ئەرلەرنىڭ قىلىقىدۇر.

4 ـ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىش، ئۇنىڭدىن چەتنىمەسلىك زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئاقىۋەتتە ئۆزلىرى ئۈچۈن زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

5 ـ قۇرئاننىڭ تەبىرى بويىچە، زۇلۇم ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھىدىن تەۋبىسىز ئۆتمەيدۇ، يەنى مۇنداق كىشى شېرىك ئىشلىرىدىن يانمىغان ۋە تەۋبە قىلىپ ئىمانغا قايتمىغان ھالدا ئۆلسە، ئۇنىڭ گۇناھىنى ئاللاھ قەتئىي كەچۈرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولسىمۇ، خاتالىقىنى تونۇپ تەۋبە قىلىپ، ئىمانغا قايتسا ئۇنىڭ گۇناھىنى ئاللاھ كەچۈرىدۇ دېگەنلىك. زۇلۇمنىڭ ئىككىنچى تۈرى، كىشىلەرگە ھەقسىزلىك قىلىش بولۇپ، ھەقسىزلىق قىلغۇچى ھەقسىزلىق قىلىنغۇچىنى رازى قىلمىغىچە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتمەيدۇ. ئۈچىنچىسى، ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىشى بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشى دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ گۇناھىنى ئاللاھ تائالا خالىسا تەۋبىسىز، خالىسا تەۋبە قىلغاندىن كېيىن كەچۈرىدۇ.

## تالاقتا رىئا قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر

**وَإِذَا طَلَّقْتُمُ النِّسَاء فَبَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَأَمْسِكُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ أَوْ سَرِّحُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ وَلاَ تُمْسِكُوهُنَّ ضِرَاراً لَّتَعْتَدُواْ وَمَن يَفْعَلْ ذَلِكَ فَقَدْ ظَلَمَ نَفْسَهُ وَلاَ تَتَّخِذُوَاْ آيَاتِ اللّهِ هُزُواً وَاذْكُرُواْ نِعْمَتَ اللّهِ عَلَيْكُمْ وَمَا أَنزَلَ عَلَيْكُمْ مِّنَ الْكِتَابِ وَالْحِكْمَةِ يَعِظُكُم بِهِ وَاتَّقُواْ اللّهَ وَاعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ {231} وَإِذَا طَلَّقْتُمُ النِّسَاء فَبَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَلاَ تَعْضُلُوهُنَّ أَن يَنكِحْنَ أَزْوَاجَهُنَّ إِذَا تَرَاضَوْاْ بَيْنَهُم بِالْمَعْرُوفِ ذَلِكَ يُوعَظُ بِهِ مَن كَانَ مِنكُمْ يُؤْمِنُ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ ذَلِكُمْ أَزْكَى لَكُمْ وَأَطْهَرُ وَاللّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لاَ تَعْلَمُونَ {232}**

تەرجىمىسى: سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغان بولسا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يارىشىپ ئۇلارنى نىكاھىڭلاردا تۇتۇڭلار، ياكى ئۇلارنى ياخشىلىق بىلەن قويۇۋېتىڭلار، زۇلۇم قىلىش مەقسىتىدە زىيان يەتكۈزۈپ ئۇلارنى تۇتۇۋالماڭلار. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى كۈلكە قىلىۋالماڭلار، يەنى ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى خىلاپلىق قىلىش يولى بىلەن مەسخىرە قىلماڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ۋە سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن

چۈشۈرگەن كىتابنى، ئۇنىڭ ھېكمەتلىك ئەھكاملىرىنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر(231). ئەگەر سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان ۋە قائىدە بويىچە تەگمەكچى بولغان ئېرى بىلەن يۈتۈشكەن بولسا، ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار. بۇنىڭ بىلەن، ئىچىڭلاردىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە نەسىھەت قىلىنىدۇ، بۇ يەنى ۋەز - نەسىھەت ئېلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرلىرىنى تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىقتۇر ۋە ئەڭ پاكتۇر. شەرئىەت ئەھكاملىرىدىن سىلەرگە نېمىلەر پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر(232).

## يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا تالاق توغرۇلۇق بەلگىلىمىسىنى بايان قىلىشقا داۋام قىلىدۇ. ئايالىنى تالاق قىلغان ۋە ئۇ ئايالىنىڭ ئىددىتى توشقىلى ئازقالغاندا، ئېرىنىڭ ئايالىنى بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىگە قايتۇرۇپ ئېلىشى ياكى ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىش نىيىتى بولمىسا ئايالىنىڭ ئىددەتنى توشقۇزۇپ تۇرمۇشقا چىقىشىغا يول قويىشى لازىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئايالىغا زىيانكەشلىك قىلىش ياكى ئۇنىڭ ياتلىق بولۇش يولىنى توسۇش ئۈچۈن ئۇنى ئىددىتى توشقىلى ئازقالغاندا ئۆزىگە قايتۇرىۋېلىش، قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن يا ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشنى داۋام قىلدۇرۇپ ياخشى ئۆتمەي ياكى ئۇنى قويۇپ بەرمەي ئۇنى ئۇڭايسىزلاندۇرۇش قەتئىي خاتادۇر. بۇنداق قىلىش ئەڭ ئېغىر گۇناھنى سادىر قىلىش بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. مەلۇمكى، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. شۇنداقلا، ئاللاھ تائالا شەرىئەت ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلمىغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە شەرىئەتكە ئەمەل قىلمىغانلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىق ۋە كۆزىگە ئىلمىغانلىق بولىدىغانلىقىنى ئۇچۇقلايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى ياد ئېتىش ھەم ئۇنىڭغا لايىقىدا شۈكۈر ئادا قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى جاكارلايدۇ. شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ كىشىلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقى ۋە نېمە قىلىشنى مەقسەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، شۇنىڭغا بىنائەن، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىگە ھېكمەتلىك ھالدا تېگىشلىك جازا ياكى مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئېرىگە، ئاتا - ئانىسىغا ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭ باشقىمۇ ئىگىلىرىگە خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، تالاق قىلىنغاندىن كېيىن يەنە شۇ ئېرى بىلەن يارىشىپ قېلىش ياكى باشقا بىر ئەر بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش ئۈچۈن يۈتۈشكەن ئاياللارنى نۆۋەتتىكى يارىشىش ياكى ياتلىق بولۇش ئىشلىرىدىن توسماڭلار، ئۇلارغا زورلۇق ئىشلەتمەڭلار. تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ ئۆز ئەرلىرى بىلەن يارىشىپ قېلىشىغا يول قويۇش سىلەر ۋە ئۇلار

ئۆچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى بىلىدۇ. ئەمما ئىنسانلار ئۇنى بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا زىيانلىق بولغان ئىشلارنى بۇيرىمايدۇ. بۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنۇش، ئۇنىڭ توسقانلىرىدىن يېنىش زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئىجرا قىلىش، هارام ۋە گۇناھ ئىشلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش بەختلىك بىر ئائىلە تۇرمۇشىغا ئىگە بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋەسىلىسىدۇر.

تالاق ئىشىدا كۆپىنچە جېدەل ـ ماجىرالار يۈز بېرىدۇ، ئىنسان نەپسىدە يامانلىق ۋەسۋەسىلىرى ئويغىنىدۇ. ئۇلارنىڭ نەپسىنىڭ ۋە ھەرخىل ۋەسۋەسىلەرنىڭ كۈشكۈرتىشىگە بوي ئەگمەسلىكىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن بۇ ئورۇندا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا شەرىئەتنىڭ ئەمر ۋە مەنئىيلىرىنى يادلاندۇرۇشنى مۇناسىپ كۆرگەن.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ تالاق قىلىنغان ئايالنى باشقا ئەرگە ياتلىق بولۇشتىن توسۇش ۋە تۇل قالدۇرۇش نىيىتىدە، ئۇنىڭ ئىددىتىنى توشقۇزۇپ ياتلىق بولۇشىغا توسقۇنلۇق كۆرسىتىشكە بولمايدۇ. بۇنداق قىلغانلار ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ.

2 ـ شەرىئەت ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلماستىن، ئۇنىڭ چېكىدىن ئېشىش شەرىئەتنى مەسخىرە قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3 ـ ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى قەلب بىلەن ۋە ئىش پائالىيەتلەر بىلەن ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش لازىم.

4 ـ ئاياللارنى ئۆز ئەرلىرىگە قايتىش ياكى باشقىسىغا ياتلىق بولۇش ئىشلىرىدىن توسماسلىق لازىم.

5 ـ ۋەز ـ نەسىھەتلەر مۆمىنلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئالىدىغانلار شۇلاردۇر، ئەلۋەتتە.

6 ـ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرلىرىنى تۇتۇش ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئادالەتلىك ئىشتۇر. شۇنداقلا بەختلىك بىر ئائىلىنى بەرپا قىلىشنىڭ ۋەسىلىسىدۇر.

## بالا ئېمىتىشنىڭ بەزى ئەھكاملىرى

**وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلاَدَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ لِمَنْ أَرَادَ أَن يُتِمَّ الرَّضَاعَةَ وَعلَى الْمَوْلُودِ لَهُ رِزْقُهُن وَكِسْوَتُهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ لاَ تُكَلَّفُ نَفْسٌ إِلاَّ وُسْعَهَا لاَ تُضَآرَّ وَالِدَةٌ بِوَلَدِهَا وَلاَ مَوْلُودٌ لَّهُ بِوَلَدِهِ وَعَلَى الْوَارِثِ**

**مِثْلُ ذَلِكَ فَإِنْ أَرَادَا فِصَالاً عَن تَرَاضٍ مِّنْهُمَا وَتَشَاوُرٍ فَلاَ جُنَاحَ عَلَيْهِمَا وَإِنْ أَرَدتُّمْ أَن تَسْتَرْضِعُواْ أَوْلاَدَكُمْ فَلاَ جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِذَا سَلَّمْتُم مَّا آتَيْتُم بِالْمَعْرُوفِ وَاتَّقُواْ اللّهَ وَاعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ {233}.**

تەرجىمىسى: ئانىلار بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم. ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق، ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم. ئەگەر ئاتا ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى (يەنى ئانا بولغۇچىغا نەپەقە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى) ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەگەر ئاتا ـ ئانا كېلىشىپ بالىنى ئىككى يىل توشماستىنلا ئايرىۋەتمەكچى بولسا، ئۇلارغا ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر بالىلىرىڭلارنى ئىنىكئانىلارغا ئېمىتمەكچى بولساڭلار قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرسەڭلەرلا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھتىن (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر(233).

### يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

تالاق قىلىنغان ئېغىر ئاياق ئاياللار بالىلىرى تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنى تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىدۇ، بالىلارنىڭ ئاتىلىرى بالىلىرىنىڭ ۋە بۇ بالىلارنىڭ ئانىلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك ھەم باشقىمۇ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ. ئاتا قولىدىن كەلگەننى قىلىشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، ئەگەر يوقسۇل بولسا، ئىقتىدارىدىن كۆپ نەرسە بېرىشكە زورلانمايدۇ. چۈنكى دىندا كىشىلەرنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلاش يوقتۇر. بالىنىڭ ئانىسىغا ئۇنى ئۆز بالىسىنى ئېمىتىشتىن مەنئى قىلىش، ياكى ئۇنىڭغا نەپىقە بېرىشنى توختىتىش بىلەن زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ. شۇنداقلا بالىنىڭ دادىسىغىمۇ ئۇنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلاش، بالىسىنى ئېمىتىپ بەرگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسىدىن ئۈستۈن ھالدا كۆپ نەرسە تەلەپ قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ.

بالىنى تولۇق ئېمىتىش مۇددىتى ئىككى يىل بولۇپ، ئانىسىنى ئىككى يىل ئېمىش ھەر قانداق بىر بوۋاقنىڭ تەبىئىي ھەققىدۇر. ئەمما ئاتا بىلەن ئانا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق بالىنى ئىككى يىلدىن بۇرۇن ئايرىۋەتسىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئانا ئۆز بوۋىقىنى ئۆزى ئىمىتمەستىن، ئۇنى باشقىلارغا ئېمىتكۈزۈشنى خالىسا بۇنىڭدىمۇ ھېچ گۇناھ يوقتۇر. مۇھىم بولغىنى بالىنىڭ ئېنىكئانىسىنىڭ ھەققىنى قائىدە بويىچە تولۇق بەرسە بولىدۇ.

تالاق قىلىنغان ئايال كىشى ئۆز بالىسىنى ئېمىتىش ئۈچۈن بالىنىڭ ئاتىسىدىن ھەق تەلەپ قىلسا، ئاتا ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا كۆرە مۇناسىپ ھەق تۆلەشكە بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر ئاتا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ۋارىسى (مىراسىنى ئالىدىغان كىشى) بېرىدۇ. ئۇنىڭ ۋارىسى نارىسىدە بالا بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاتىسى قالدۇرغان مال ـ دۇنياسىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر مەزكۇر نارىسىدىنىڭ مال ـ دۇنياسى بولمىسا، ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلاردىن ئېلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئاتا ـ ئانىلارغا بوۋاقلىرىنى ئېمىتىش ئىشلىرى توغرۇلۇق ئىككى ئىشقا رۇخسەت بەرگەن: بىرى، ئىككى يىل توشۇشتىن بۇرۇن ئايرىۋېتىش، يەنە بىرى، ئاتا بىلەن ئانا بالىسىنى باشقا بىرىگە ئېمىتمەكچى بولسا، ئۇنىڭغا ئېمىتىش ھەققىنى تۆلىسە بولىدۇ. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا بالىنى ئېمىتكۈچى ۋە ئېمىتكۈزگۈچى ھەر ئىككىسىنى تەقۋادارلىق قىلىشقا، ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ھەزەر قىلىشقا چاقىرىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ بالىلىرىنى ئېمىتىش ئانىلار ئۈچۈن پەرزدۇر. ھەتتا تالاق قىلىنغان ئايالنىڭمۇ بالىسىنى تۇنجى قېتىم ئېمىتىشى ئۇنىڭ بۇرچىدۇر. تۇنجى قېتىمدىن كېيىنكى ئېمىتىشلەر تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچۈن پەرز ئەمەس، بەلكى ئىختىيارى ئېمىتىشتۇر. چۈنكى بالىنىڭ كېيىنكى ئېمىش ئىشلىرىدىن ئاتىسى مەسئۇل. شۇڭا ئۇ بالىسىنى ئېمىتكۈچى ئايال، مەيلى بالىنىڭ ئۆز ئانىسى بولسۇن ياكى باشقا يات ئايال بولسۇن ئۇنىڭ ئېمىتكەن ھەققىنى تۆلەيدۇ.

2 ـ بوۋاقلارنى تولۇق ئېمىتىش مۇددىتى ئىككى يىل بولۇپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ ئىككى يىل توشماستىنمۇ بالىسىنى ئەمچەكتىن ئايرىۋەتسە بولىدۇ.

3 ـ ئېرىدىن تالاق قىلىنغان ۋە بالىسى ئېرىگە بۇيرۇپ بېرىلگەن ئايال بالىسىنى ئېمىتكىنى ئۈچۈن بالىسىنىڭ ئاتىسىدىن ھەق ئالسا بولىدۇ.

4 ـ ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن يوقسۇل بولغانلىرىنىڭ چىقىملىرى ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىراق بولغانلىرىنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر.

5 ـ ئاتىنىڭ بالىسىنى ئۇنىڭ ئۆز ئانىسى (ئاجراشقانلىق ياكى كېسەلچانلىق ياكى قانداقلا بىر سەۋەب بىلەن ئېمىتىشنى) خالىمىسا باشقا ئاياللارغا ئېمىتكۈزۈش ھەققى باردۇر.

## ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتى

**وَالَّذِينَ يُتَوَفَّوْنَ مِنكُمْ وَيَذَرُونَ أَزْوَاجاً يَتَرَبَّصْنَ بِأَنفُسِهِنَّ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَعَشْراً فَإِذَا بَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَلاَ جُنَاحَ عَلَيْكُمْ فِيمَا فَعَلْنَ فِي أَنفُسِهِنَّ بِالْمَعْرُوفِ وَاللّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ {234}**

تەرجىمىسى: ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ، ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتىشى لازىم. ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۆزلىرى توغرۇلۇق قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، سىلەرگە (يەنى شۇ ئاياللارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارغا) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىڭلاردىن خەۋەرداردۇر(234).

يوقىرىقى ئايەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئىددەت ـــ ئېرىدىن ئايرىلغان ئايالنىڭ قايتا ياتلىق بولۇشى ئۈچۈن كۈتىدىغان كۈنلىرى دېمەكتۇر. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالغا نىسبەتەن ئىددەت «ھازا تۇتۇش»تۇر. ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئىددەت ئايال كىشىنىڭ بالىياتقۇسىدا بالا يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈندۇر. ئېرىدىن ئاجراشقان ئايال ئۈچ قېتىم ئايلىق ئادىتىنى كۆرۈپ پاكلانغاندىن كېيىن ئىددەتتىن چىققان بولىدۇ. ئادەت كۆرۈش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئاياللارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر. ئەمما ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال كىشىنىڭ ئىددىتى تۆت ئاي ئون كۈن بولۇپ، بۇ مەزگىل ئىچىدە ئۇ ياتلىق بولۇشتىن چەكلىنىدۇ. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن، ياكى ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئېغىر ئاياق ئايال كىشىنىڭ ئىددىتى بالىسنى تۇغقىچىلىك بولۇپ، ئېرى ئۆلۈپ، ياكى ئاجرىشىپ بىر كۈندىن كېيىنلا تۇغقان ئايالنىڭمۇ تۇغۇتنىڭ قېنىدىن پاكلىنىپ بولغىنىدىن كېيىن ھامان ياتلىق بولۇشى جائىزدۇر.

ئەمما ھەنەپىي مەزھىبىگە كۆرە، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئېغىر ئاياق ئايال كىشى ئىككى ئىددەتنىڭ ئۇزۇنراقىنى تۇتىدۇ، يەنى بالىسنى تۇغۇشقا تۆت ئاي ئون كۈندىن ئاز ۋاقىت قالغان بولسا، ئۇ ئىددەتتىن چىقىش ئۈچۈن تۆت ئاي ئون كۈننى ھېسابقا ئالىدۇ. ئەگەر بالىسنى تۇغۇشقا تۆت ئاي ئون كۈندىن كۆپرەك ۋاقىت قالغان بولسا، بالىسنى تۇغقانغا قەدەر بولغان ۋاقىتنى ھېسابقا ئالىدۇ. ئىسلام شەرىئىتىدە، ئېرى ئۆلگەن ئايال كىشىدىن باشقىسىنىڭ قانداقلا بىر كىشىسى ئۈچۈن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ھازا تۇتۇشى بۇيرۇلمىغان بولۇپ، پەقەت ئېرى ئۆلگەن ئايال كىشى ئېرى ئۈچۈن تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتىدۇ. ئايال كىشىنىڭ ئىددەتتىن چىققانلىقى ئۇنىڭ ياتلىق بولۇشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىددەتتىن چىقمىغان ئايال كىشى بىلەن ئۆيلىنىشكە بولمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتىكى نىكاھمۇ باغلانمايدۇ. چۈنكى ئىددەت ئىچىدىكى ئايال تېخى ئېرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ بولمىغان ئايالدۇر. ئىددەت ئىچىدىكى ئاياللارنىڭ ياتلىق بولۇش نىيىتىدە، ئۆزلىرىنى كۆرسىتىپ ياسىنىپ، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە كىرىپ يۈرۈشلىرى جائىز ئەمەستۇر. پەقەت ئۇلار ئىددەتلىرىنى توشقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى كۆرسىتىش ۋە

ياتلىق بولۇش ھەممىسى ئۇلار ئۈچۈن جائىزدۇر. بۇ چاغدا ئۇ ئاياللار ياكى ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلار گۇناھكار بولمايدۇ.

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتىدۇ.

2 - ئېرىدىن تالاق بىلەن ئايرىلغان ئايال ئۈچ قېتىم ئادەت كۆرۈپ پاك بولغىچە ئىددەت تۇتىدۇ.

3 - ئادەت كۆرمەيدىغان ئايال كىشى ئۈچ ئاي ئىددەت تۇتىدۇ. ئايال كىشىنىڭ ئىددەتتىن چىققانلىقى ئۇنىڭ ياتلىق بولۇشىنىڭ جائىزلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

4 - ئىددىتى توشمىغان ئاياللارغا ئۆيلىنىشكە بولمايدۇ.

## ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالغا سۆز سالدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئەدەبلىرى

**وَلاَ جُنَاحَ عَلَيْكُمْ فِيمَا عَرَضْتُم بِهِ مِنْ خِطْبَةِ النسَاء أَوْ أَكْنَنتُمْ فِي أَنفُسِكُمْ عَلِمَ اللّهُ أَنكُمْ سَتَذْكُرُونَهُن وَلَـكِن لاَ تُوَاعِدُوهُن سِرّاً إِلا أَن تَقُولُواْ قَوْلاً معْرُوفاً وَلاَ تَعْزِمُواْ عُقْدَةَ النكَاحِ حَتىَ يَبْلُغَ الْكِتَـابُ أَجَلَـهُ وَاعْلَمُواْ أَن اللّهَ يَعْلَمُ مَا فِي أَنفُسِكُمْ فَاحْذَرُوهُ وَاعْلَمُواْ أَن اللّهَ غَفُورٌ حَلِيمٌ {235}.**

تەرجىمىسى: ئىددىتى توشمىغان ئاياللارغا ئۇلارنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى بۇرىتىپ ئۆتسەڭلار ياكى بۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇن تۇتساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۇلارغا ئېغىز ئاچىدىغانلىقىڭلار ئاللاھقا مەلۇمدۇر، لېكىن ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويماڭلار، پەقەت (ئاشكارا ئېيتىلسا كىشى خىجىل بولمايدىغان) مۇۋاپىق سۆزنى قىلساڭلار بولىدۇ، ئىددىتى توشمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا بەل باغلىماڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ جازالىنىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئاللاھتىن قورقۇپ گۇناھتىن چەكلەنگەنلەرگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ) (235).

## يوقىرىقى ئايەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئۆلچەتىن ئاز تالاق قىلىنغان ئايالارغا ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە ئۆيلىنىش ۋە سۆز سالدۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۇلار بىلەن ئۆيلىنىدىغانلىقىنى ئىشارەت بىلەن پۇرىتىپ ئۆتۈشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىددىتى توشقانغا قەدەر ئەرلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ھېسابلىنىدۇ.

ئۇلار ئەرلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان ئىكەن، ئىددىتى توشقىچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئەرلىرى بىلەن يارىشىپ قېلىشى ئېھتىمال. چۈنكى بۇنداق ئاياللارنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆز ئەرلىرى ئەڭ ھەقلىق كىشىلەردۇر. ئۇلارنى ئۆز ئەرلىرى يېڭىدىن نىكاھ ئوقۇماستىنلا قايتۇرۇپ ئالسا بولىدۇ. چۈنكى ئۈچ تالاقنىڭ تۆۋىنىدىكى تالاقلار مەڭگۈلۈك ئايرىلىش تالىقى ئەمەس، بەلكى قايتىشقا بولىدىغان تالاقلاردۇر. شۇڭا ئۈچتىن ئاز تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان ئاياللارنى ئۆز ئەرلىرى قايتا نىكاھ ئوقۇتماستىنلا قايتۇرۇپ ئالالايدۇ.

ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالمۇ ئىددەتتىن چىقمىغىچە ياتلىق بولۇشتىن مەنئى قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بۇ مۇددەت ئىچىدە سۆز سالدۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا ئاشكارا ئېيتىلىسا خىجىل بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۆيلىنىدىغانلىقنى بىلدۈرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن بەرىبىر ياتلىق بولماي قالمايدۇ.

ئەمما ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالغا ئۇنىڭ ئىددىتى توشماستىنلا سۆز سالدۇرۇشقا ۋە ئىددىتى توشقاندا ئۆيلىنىش ئۈچۈن پۈتۈشۈشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال كىشى تالاق قىلىنغان ھامان ئېرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. ئېرى ئۇنى يېڭى نىكاھ بىلەنمۇ ئۆزىگە قايتۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىددەت تۇتۇشى پەقەت بالىياتقۇسىنىڭ بالىدىن خالىي ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈندۇر.

يۇقىرىقىلار ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بەلگىلىمىلىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ بايانلاردىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنى تەقۋادارلىققا (ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىشقا، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلماسلىققا) چاقىرىدۇ ۋە بەندىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە يوشۇرۇغانلىرىنىڭمۇ ئاللاھ تائالاغا ئايان ئىكەنلىكىنى، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ئارقىدىن تەۋبە قىلغۇچىلارنى كەچۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

## يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1 - ئۈچتىن ئاز تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان ئاياللارغا ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە سۆز سالدۇرۇش ۋە خېرىدار بولۇشقا بولمايدۇ. پەقەت ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال بىلەن ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۆيلىنىشنى خالايدىغانلىقنى پۇرىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

2 - ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئىش پائالىيەتلىرىنى، گەپ - سۆزلىرىنى، ھەتتا ئويلىغانلىرىنى ئۇبدان بىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان يامان ئىشلارنى سادىر قىلىشتىن ھەزەر قىلىش لازىم.

## يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ مەسىلىسى

**لا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِن طَلَّقْتُمُ النِّسَاء مَا لَمْ تَمَسُّوهُنُّ أَوْ تَفْرِضُواْ لَهُنَّ فَرِيضَةً وَمَتِّعُوهُنَّ عَلَى الْمُوسِعِ قَدَرُهُ وَعَلَى الْمُقْتِرِ قَدْرُهُ مَتَاعاً بِالْمَعْرُوفِ حَقّاً عَلَى الْمُحْسِنِينَ {236} وَإِن طَلَّقْتُمُوهُنَّ مِن قَبْلِ أَن تَمَسُّوهُنَّ وَقَدْ فَرَضْتُمْ لَهُنَّ فَرِيضَةً فَنِصْفُ مَا فَرَضْتُمْ إَلاَّ أَن يَعْفُونَ أَوْ يَعْفُوَ الَّذِي بِيَدِهِ عُقْدَةُ النِّكَاحِ وَأَن تَعْفُواْ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى وَلاَ تَنسَوُاْ الْفَضْلَ بَيْنَكُمْ إِنَّ اللّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ {237}.**

تەرجىمىسى: ئەگەر سىلەر ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماي ياكى مېھرىنى تەيىنلىمەي تۇرۇپ ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار (يەنى نىكاھىڭلارغا ئالغان ئايال بىلەن بىر يەردە بولمىغان ياكى مېھرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن شارائىتتا) ئۇنى قويۇۋەتسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بەلگىلىك مىقداردا پۇل - مال بېرىشىڭلار كېرەك، ئۇلارغا نەرسە بېرىڭلار، باي ئۆز ھالىغا يارىشا، كەمبەغەلمۇ ئۆز ھالىغا يارىشا قائىدە بويىچە بەرسۇن(236). بۇ ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر. ئەگەر سىلەر ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە مېھرى تەيىنلىنىپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلساڭلار، تەيىنلەنگەن مېھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىڭلار، ئەمما ئايال ئۆتۈنسە (يەنى مېھرىدىن ۋاز كېچىپ پۈتۈنلەي ئالمىسا) ياكى نىكاھنىڭ تۈگۈنى قولىدا بولغان ئەرلەر ئۆتۈنسە (يەنى تەيىنلەنگەن مېھرىنىڭ ھەممىنى بەرسە)، شۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم. سىلەر ئۆتۈنسەڭلار، ئۆتۈنگەن ئادەم تەقۋالىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئۆزئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنۇتماڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر(237).

بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ئايەتلەر ئەنسارلاردىن بىر كىشى توغرۇلۇق چۈشكەن بولۇپ، ئۇ بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مېھرى ھەققى بەرمىگەن ۋە جىنسىي تەرەپتىن ئۇنىڭغا يېقىنلاشماستىن قويۇپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇ ئايالنى دوپپاڭنى بېرىپ بولسىمۇ رازى قىلغىن» دېگەن.

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا تالاق مەسىلىسىنى بايان قىلىشقا داۋام قىلىدۇ. ئەي ئەرلەر! ئەگەر سىلەر ئەمدىلا ئۆيلەنگەن ئاياللىرىڭلارنى ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ۋە مېھرى تەيىنلەشتىن بۇرۇن تالاق قىلغان بولساڭلار ئۇلارغا مېھرى تۆلەشكە مەجبۇر ئەمەسسىلەر. پەقەت ئۇلارغا تەسەللى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا پۇل - مال بېرىشىڭلار بەلگىلىنىدۇ. قانچىلىك بېرىش ئەرنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىغا باغلىق بولۇپ، ھەركىم ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ قائىدە بويىچە ئايالنى رازى قىلىدۇ.

ئەمما ئايالىغا مېھرى بەلگىلىنىپ بولغان بولۇپ، ئۇنى يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن تالاق قىلغان بولسا، ئۇ ئايالغا شۇ بەلگىلەنگەن مېھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىشى بەلگىلىنىدۇ. مەزكۇر يېرىم مېھرىنى ئېلىش ئۇ ئايالنىڭ قانۇنلۇق ھەققىدۇر. ئەگەر ئۇ ئايال مەزكۇر يېرىم مېھرىنى ئېلىشتىن ۋازكەچسە، ياكى ئۇنىڭ نىكاھى ئىلكىدە بولغانلار ئۇنى ئالماسلىققا قارار قىلىپ ئۆتۈنسە بۇ ياخشىدۇر.

مۇپەسسىرلەردىن بۇ ئايەتتىكى «ئۇنىڭ نىكاھى ئىلكىدە بولغانلار» دېگەن ئىبارە، ئاياللىرىنى ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن تالاق قىلغان ئەرلەرنى كۆرسىتىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغانلارمۇ بار. بۇ تەپسىرگە كۆرە، ئايەتنىڭ مەنىسى: ئايالنى نىكاھ قىلىپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا تولۇق مېھرى بەرگەن ئەر ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنى تالاق قىلغاندىن كېيىن، ئەگەر بۇرۇن بەرگەن مېھرىنىڭ يېرىمىنى قايتۇرۇۋېلىشتىن ۋازكېچىپ ئۇنى مەزكۇر ئايالى ئۈچۈن ئۆتۈنسە بۇ ياخشىدۇر، دېگەنلىكتۇر. ئەپۇ قىلىش، كەچۈرۈش ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ياخشى ئىشتۇر. بولۇپمۇ ئەر - ئاياللار ئۆزئارا ياخشىلىق قىلىشىنى، بىر - بىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاشنى ئونۇتماسلىقى لازىم. چۈنكى نىكاھنىڭ رىشتىسى ئەڭ مۇقەددەس رىشتىدۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ قىلغانلىرىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە ۋە نىيەتلىرىگە قاراپ ساۋاب ياكى جازا بېرىدۇ.

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - بىراۋ بىرەر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلماستىن ئايرىلغان بولسا ۋە باشتا ئۇنىڭ مېھرىنى تەيىنلىمىگەن بولسا، بۇنداق شارائىتتا ئۇنىڭ مەزكۇر ئايالغا مېھرى بېرىشى لازىم كەلمەيدۇ، پەقەت ئۆزىنىڭ ماددىي شارائىتىغا يارىشا پۇل - مالدىن بىر نەرسە بېرىشى بەلگىلىنىدۇ.

2 - بىراۋ بىرەر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلماستىن ئايرىلغان بولسا ۋە ئۇنىڭغا مېھرى بەلگىلەپ بولغان بولسا، شۇ مېھرىنىڭ يېرىمى ئايالنىڭ ھەققىدۇر. ناۋادا ئايال ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۇنىڭدىن ۋازكەچسە ئۇ ئەر كىشى ئۈچۈن ھالال بولىدۇ. شۇنداقلا ئەر كىشىمۇ ئەگەر ئاتىغان مېھرىنىڭ ھەممىنى بېرىشنى خالىسا ئۇمۇ ئايال كىشى ئۈچۈن ھالالدۇر.

3 - ئەر - خوتۇنلار قايسى بىر سەۋەب بىلەن ئاجراشقاندىن كېيىنمۇ، ئۆزئارا ياخشىلىق قىلىشنى ئونۇتماسلىقى، بىر بىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە ئىززىتىنى قوغدىشى، ئاجراشقانلىق سەۋەب بىلەن بۇرۇنقى مۇھەببەتنى نەپرەتكە، قۇدىلار ئارا يېقىنلىقنى ئاداۋەتكە ئۆرۈمەسلىكى تەلەب قىلىنىدۇ.

## نامازنىڭ ۋاقىتلىرىغا رىئايە قىلىش

**حَافِظُواْ عَلَى الصَّلَوَاتِ والصَّلاَةِ الْوُسْطَى وَقُومُواْ لِلّهِ قَانِتِينَ {238} فَإنْ خِفْتُمْ فَرِجَالاً أَوْ رُكْبَاناً فَإِذَا أَمِنتُمْ فَاذْكُرُواْ اللّهَ كَمَا عَلَّمَكُم مَّا لَمْ تَكُونُواْ تَعْلَمُونَ {23}.**

تەرجىمىسى: بەش نامازنى، بولۇپمۇ ئەسىر نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇڭلار(يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار) نامازدىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئىتائەتمەنلىك ۋە ئەيمىنىش بىلەن تۇرۇڭلار(238). قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا، پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ ناماز ئوقۇڭلار. ئامانلىق تاپقىنىڭلاردا ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئۆگەتكىنى بويىچە ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىڭلار(239).

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

بەش ۋاخ ناماز دىنىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى ۋە ئۇنىڭ كۈندە بەش قېتىم تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئەمەلىي پەرزىدۇر. كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش ھەر قانداق مۇسۇلمان، بالىغ، ئاقىل بولغان كىشى ئۈچۈن پەرزدۇر. نامازنىڭ نەپسنى پاكلاش، روھنى ساپلاشتۇرۇش ۋە گۇناھلاردىن پاكلاشتىكى زور ئەھمىيىتى ھېچكىمگە يىنھان ئەمەس. كۈندىلىك بەش ۋاخ ناماز ئۇنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرى، خاتالىقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرىدىن پاكلىنىشى ئۈچۈن خۇددى ئۇلارنىڭ كۈندە بەش قېتىم يۇيۇنىدىغان مۇنچىسىغا ئوخشاشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا قالدۇرغان ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىمۇ ناماز بولغان. دېمەك كۈندىلىك بەش ۋاخ ناماز مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم، شانلىق ئىبادەتتۇر.

مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدا نامازنىڭ شۇنچىلىك زور ئەھمىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھەرقانداق بىر ئۆزرۈر يۈزىسىدىن تەرك ئېتىشكە قەتئى بولمايدۇ. ھەتتا قورقۇنچلۇق، كېسەللىك، سەپەردىكى ۋاقىتلاردىمۇ ئۇنى ئىما ـ ئىشارەت بىلەن بولسىمۇ داۋاملاشتۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇسۇلمان كىشى بۇنداق شارائىتلاردا نامازنى ئات، ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىدە يۈرۈۋېتىپ ئوقۇيامدۇ ياكى پىيادە كېتىپ بېرىپ ئوقۇيامدۇ، قانداقلا ھالەتتە بولمىسۇن، تەرك قىلماي ئوقۇشى، ئەمما قورقۇنچ يوقالغان ۋە ئۆزرۈلەر تۈگىگەن ۋاقىتلاردا بەش ۋاخ نامار بۇيرۇلغان ئەسلى كەيپىيتى بويىچە تولۇق ئوقۇلىدۇ.

نامازدا «خۇشۇئ»نىڭ ئەھمىيىتى زوردۇر. خۇشۇئ ـ دۇنيالىقتىن يۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن ھالدا، ئاللاھ تائالاغىلا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭ ھەيبىتىدىن ئەيمىنىپ ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇش دېگەنلىكتۇر. نامازدا خۇشۇئ پەرزدۇر. «ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئىتائەتمەنلىك ۋە ئەيمىنىش بىلەن تۇرۇڭلار» دېگەن ئايەت بۇنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئايەتتە، ئەسىر نامىزىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ تەكىتلەشتە، ئەسىر نامىزىنىڭ بامدات بىلەن پېشىن ۋە شام بىلەن خۇپتەندىن ئىبارەت تۆت نامازنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگىنى ئۈچۈن ئەھمىيىتىنىڭ چوڭلىقى سەۋەبتىن بولىشى ئېھتىمال. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھزاب غازىتىدا ئەسىر نامىزىنى قولىدا بولمىغان سەۋەبلەر تۈپەيلى كېچىكتۈرۈپ سالغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ:«دۈشمەنلەر بىزنىڭ ئەسىر نامىزىنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشىمىزغا توسقۇن بولدى» دېگەنىدى.

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ بەش ۋاخ نامازنى ئۆز ۋاقىتلىرىدا تولۇق ئادا قىلىش ھەر قانداق مۇسۇلمان، بالىغ، ئاقىل بولغان كىشى ئۈچۈن پەرزدۇر.

2 ـ ناماز ئالالاھ تائالاغا بولغان كامالى ئېھتىرام ۋە ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن ئادا قىلىنىدىغان بىر قۇللۇق بۇرچىدۇر. نامازدا بارلىق خىيال ۋە پىكىر ئالالاھ تائالاغا يۈزلەنگەن بولىدۇ.

3 ـ بامدات بىلەن ئەسىر ئىككى نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش تولىمۇ مۇھىمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «بامدات بىلەن ئەسىر نامازلىرىنى جايىدا ئادا قىلغان ئادەم جەننەتكە كىرىشكە ھەقلىقتۇر» دەپ كۆرسەتكەن.

4 ـ قورقۇنچلۇق ۋاقىتلاردا نامازلارنى قايسىبىر كەيپىيات بىلەن بولسىمۇ ئادا قىلىش تولىمۇ زۆرۈردۇر. ھەتتا بۇنداق شارائىتلاردا ئات ـ ئۇلاغ ۋە باشقىمۇ قاتناش قۇراللىرى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، پىيادە يۈرۈپ كېتىپ بېرىپ ئىشارەت بىلەنمۇ ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ.

5 ـ نامازدا خۇشۇئ پەرزدۇر.

ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ھەقلىرى توغرىسىدا

**وَالذِينَ يُتَوَفوْنَ مِنكُمْ وَيَذرُونَ أزْوَاجاً وَصِيةً لأزْوَاجِهِم مَتاعاً إِلى الحَوْل غيْرَ إِخْرَاجٍ فإِنْ خَرَجْنَ فَلا جُنَاحَ عَليْكُمْ فِي مَا فَعَلنَ فِيَ أنفُسِهِن مِن مَعْرُوفٍ وَاللهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ {240} وَلِلْمُطلقَاتِ مَتاعٌ بِالمَعْرُوفِ حَقاً عَلى المُتقِينَ {241} كَذَلِكَ يُبَينُ اللهُ لكُمْ آيَاتِهِ لعَلكُمْ تعْقِلُونَ {242}**

تەرجىمىسى: سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئايالى قېلىپ قالىدىغانلار ئاياللىرىنىڭ بىر يىلغىچە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلىنىشىنى، ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلماسلىقىنى ۋەسىيەت قىلسۇن. ئەگەر ئاياللىرى ئۆزلىرى چىقىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى توغرىسىدا قىلغان قائىدىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن سىلەرگە يەنى مېيىتنىڭ

ئىگىلىرىگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر(240). تالاق قىلىنغان ئاياللارغا قائىدە بويىچە نەپىقە بېرىش لازىم. ئۇ تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر(241). سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ ئۆز ئەھكاملىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئايەتلىرىنى سىلەرگە مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ(242).

## يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتتە، ئاياللىرىدىن بۇرۇن ۋاپات بولغۇچىلارنىڭ ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئاياللىرى توغرۇلۇق مىراسخورلىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇشىنىڭ لازىملىقىنى بايان قىلىدۇ. ۋاپات بولغۇچى جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن مىراسخورلىرىغا ئۇنىڭ ئايالىنى بىر يىلغىچىلىك ئۇنىڭ ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقارماسلىققا، ئۇنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى ئېرىنىڭ قالدۇرغانلىرىدىن قامداپ بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىشى زۆرۈردۇر. مىراسخورلارمۇ ۋەسىيەتكە ئەمەل قىلىپ مەزكۇر ئايالنى ئېرىنىڭ ئۆلۈمىگە بىر يىل توشماستىن ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقارماسلىقى لازىم. ئەگەر ئايال كىشى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېرىگە تۆت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشنى خالىسا، ئۇ چىقىپ كېتىشتىن مەنئى قىلىنمايدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ ياتلىق بولسىمۇ ئىختىيارىدۇر. ئېرىنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ئۇنى ياتلىق بولۇشتىن مەنئى قىلىش ياكى ئۇنىڭغا قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇش ھوقۇقى يوقتۇر. بۇنداق قىلغۇچىلار گۇناھكار بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز تەۋسىيەلىرىنى يۈرگۈزۈشكە ۋە كىشىلەرگە ھەقسىزلىق قىلىپ زۇلۇم قىلغۇچىلارنى جازالاشقا قادىردۇر، ئۇنى ھېچقانداق بىر كۈچ يېڭەلمەيدۇ. ئۇ بارلىق تەسەررۇپاتلىرىدا ۋە بۇيرۇقلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش كۆرگۈچىدۇر.

تالاق قىلىنغان ئاياللارغا ئەرلىرىنىڭ قائىدە بويىچە پۇل ـ مالدىن خالىغىنىنى بېرىشى بەلگىلىنىدۇ. بۇ ھۆكۈم ياتلىق بولۇپ ئېرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغان ۋە تېخى يېقىنچىلىق قىلماستىن ئايرىلغان ھەرقانداق ئايال كىشىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇلارغا پۇل ـ مالدىن بىر نەرسە بېرىش مەيلى ئەرنىڭ ئۈستىگە بەلگىلەنگەن ھەق دېيىلسۇن، مەيلى ئىختىيارى ياردەم دېيىلسۇن، ھەرھالدا ئاللاھتىن قورقىدىغان تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتنى چۈشىنىدىغانلار ئۈچۈن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئەنە شۇنداق تەپسىلى چۈشەندۈرىدۇ.

## يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1 ـ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىدە تولۇق بىر يىل تۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگەدۇر. ئەگەر ئۇ ئايال ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولسا، ئېرى ئۈچۈن تۆت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، چىقىپ كېتىش ئىختىيارىغا

ئىگىدۇر. ئەمما ئۇنى ئىبرىنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىر يىل تۇشماستىن ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىش ھوقۇقى يوقتۇر.

2 - تالاق قىلىنغان ئاياللارغا پۇل - مالدىن بىر نەرسە بېرىپ ئۇلارنى رازى قىلىش ئەرلىرىنىڭ ئۈستىگە بەلگىلىنىدۇ.

3 - ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بەرگەنلىكى بەندىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

## مىللەتلەر قانداق ياشايدۇ

**أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ خَرَجُواْ مِن دِيَارِهِمْ وَهُمْ أُلُوفٌ حَذَرَ الْمَوْتِ فَقَالَ لَهُمُ اللّهُ مُوتُواْ ثُمَّ أَحْيَاهُمْ إِنَّ اللّهَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى النَّاسِ وَلَـكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَشْكُرُونَ {243} وَقَاتِلُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَاعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ {244} مَّن ذَا الَّذِي يُقْرِضُ اللّهَ قَرْضاً حَسَناً فَيُضَاعِفَهُ لَهُ أَضْعَافاً كَثِيرَةً وَاللّهُ يَقْبِضُ وَيَبْسُطُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ {245}.**

تەرجىمىسى: ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ئاللاھ ئۇلارنى«ئۆلۈڭلار» دېدى، ئۇلار ئۆلدى. ئاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنى تىرىلدۈردى، ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلمايدۇ(243). ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، نىيىتىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر(244). كىمكى ئاللاھ تائالاغا قەرز ھەسەنە بېرىدىكەن، يەنى ئاللاھ يولىدا پۇل - مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ. ئاللاھ سىناش ئۈچۈن بەزى كىشلەرنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر(245).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا تاجاۋۇزچى دۈشمەنگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىشتىن ئاۋۋال، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەدىمكى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ سان جەھەتتە كۆپ تۇرۇقلۇق ئۆلۈمدىن قورقۇپ، جىھادنى تەرك ئېتىپ دۈشمەندىن قېچىپ يۇرتلىرىنى تاشلاپ چىققان ۋە ئاللاھ ئۇلارنىڭ قورقۇنچاقلىقىغا غەزەب قىلىپ، دۈشمەنلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە غالىب قىلىش بىلەن ئۇلارنى جازالىغانلىقى، ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقىنى

تونۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ جىھاد ئەمرىنى بەجا كەلتۈرگىنىدىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا يېڭىدىن ھايات ئاتا قىلغانلىقى ۋە دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب قىلغانلىقى قىسسىسىنى بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئاددىغىنە قىسسە ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ قانداق قىلغاندا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، ئەركىن، ھۆر ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا ئورۇنلاشتۇرغان قانۇنىيىتى ئەزەلدىن ئۆزگەرگىنى يوق. ئۆلۈمدىن قورقىدىغان، تاجاۋۇزچى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان توخۇ يۈرەكلەر قۇللۇقتىن، ئاسارەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، ئۆزلىرىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى، ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەزىز ۋەتىنىنى باشقىلارنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايدىغان، ھەقىقەت يولىدا ئۆلۈمدىن، جاپادىن، پۇل - مال سەرپ قىلىشتىن قاچمايدىغان ۋە خورلۇققا ھەرگىز رازى بولمايدىغان مىللەتلەر بۇ دۇنيادا ھۆر ۋە ئەزىز، ئاخىرەتتە بولسا بەختلىك ئۆتىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى بۇ دۇنيادا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار بىلەن سىناش ئارقىلىق ئۇلارنى شۇنداق يېتىشتۈرىدۇ. ئەرەبلەردە: «سىناقلار ئەرلەرنى يارىتىدۇ» دەيدىغان ماقال بار. لېكىن كۆپىنچە كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بۇنداق سىناقلىرىنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنمىگەنلىكىدىن، ئۇنى بىر خىل ئىنتىقام ياكى جازالاش دەپ تونۇيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى شۇنداق زورلۇقلار ۋە قىيىنچىلىقلار بىلەن سىناپ يېتىشتۈرىشى ئۇنىڭ بەندىلىرىگە قىلغان كاتتا ئىنئامىدۇر.

بۇ ئايەت، مىللەتلەرنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئاساسلىق ئامىلنىڭ قورقۇنچاقلىق بىلەن بېخىللىق ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە، دۈشمەندىن قورقۇپ يۇرتلىرىنى تاشلاپ قېچىپ چىققانلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا بۇيرىغاندىن كېيىن: «كىمكى ئاللاھ تائالاغا قەرز ھەسەنە بېرىدىكەن» دېگەن ئايەتنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ھۆر، ئازات ھايات سۈرۈشلىرى ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھادلارغا پۇل - مال سەرپ قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىنغان پۇل - مالنى ئاللاھ تائالاغا قەرز بەرگەنلىك دەپ ئاتىغان. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا بىراۋنىڭ قەرز بېرىشىگە مۇھتاج ئەمەس، يەر يۈزىنىڭ خەزىنىسى ئۇنىڭغا ئائىتتۇر. ئاسمان ، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق شەيئىلەر ئۇنىڭ مۈلكىدۇر. ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا سەرپ قىلىنغان پۇل - مالغا يەتتە يۈز ھەسسە ۋە خالىسا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلغانلىق سەۋەبتىن كىشى كەمبەغەل بولۇپ قالمايدۇ. چۈنكى رىزىق بىلەن بەرىكەت ئاللاھ تائالانىڭ قولىدىدۇر. ئاللاھ خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ ۋە خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى سىنايدۇ. بەندىلەرنىڭ قايتىپ

باردىغان ئاخىرقى قارارگاھى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھى بولۇپ، ئاللاھ تائالا شۇ جايدا ئۇلارنىڭ مۇكاپات ۋە جازالىرىنى ئېلان قىلىدۇ.

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 ـ ئۆلۈمدىن قورقۇپ، زۇلۇمغا قارشى تۇرماسلىق ۋە قۇللۇق ھاياتقا رازى بولۇشنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەتتۇر.

2 ـ ئاللاھ تائالانىڭ نىمەتلىرىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا لايىقىدا شۈكۈر قىلىش ھەر قانداق ئىنساندىن تەلەپ قىلىنىدۇ.

3 ـ جىھاد قىلىش بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پەرزدۇر.

4 ـ ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنىڭ ساۋابى ئىنتايىن كاتتا بولۇپ، ئاللاھ تائالا بىرگە يەتتە يۈز ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان.

5 ـ ئاللاھ تائالانىڭ خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ ۋە خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىشى ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ سىناق ئارقىلىق، نېمەتكە شۈكۈر قىلغۇچىلار بىلەن قاتتىقچىلىققا سەبىر قىلغۇچىلار ئاللىنىدۇ.

## تالۇت بىلەن جالۇتنىڭ قىسسىسى

**أَلَمْ تَرَ إِلَى الْمَلإِ مِن بَنِي إِسْرَائِيلَ مِن بَعْدِ مُوسَى إِذْ قَالُواْ لِنَبِيٍّ لَّهُمُ ابْعَثْ لَنَا مَلِكاً نُّقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللّهِ قَالَ هَلْ عَسَيْتُمْ إِن كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ أَلاَّ تُقَاتِلُواْ قَالُواْ وَمَا لَنَا أَلاَّ نُقَاتِلَ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَقَدْ أُخْرِجْنَا مِن دِيَارِنَا وَأَبْنَآئِنَا فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيْهِمُ الْقِتَالُ تَوَلَّوْاْ إِلاَّ قَلِيلاً مِّنْهُمْ وَاللّهُ عَلِيمٌ بِالظَّالِمِينَ {246} وَقَالَ لَهُمْ نَبِيُّهُمْ إِنَّ اللّهَ قَدْ بَعَثَ لَكُمْ طَالُوتَ مَلِكاً قَالُوَاْ أَنَّى يَكُونُ لَهُ الْمُلْكُ عَلَيْنَا وَنَحْنُ أَحَقُّ بِالْمُلْكِ مِنْهُ وَلَمْ يُؤْتَ سَعَةً مِّنَ الْمَالِ قَالَ إِنَّ اللّهَ اصْطَفَاهُ عَلَيْكُمْ وَزَادَهُ بَسْطَةً فِي الْعِلْمِ وَالْجِسْمِ وَاللّهُ يُؤْتِي مُلْكَهُ مَن يَشَاءُ وَاللّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ {247} وَقَالَ لَهُمْ نِبِيُّهُمْ إِنَّ آيَةَ مُلْكِهِ أَن يَأْتِيَكُمُ التَّابُوتُ فِيهِ سَكِينَةٌ مِّن رَّبِّكُمْ وَبَقِيَّةٌ مِّمَّا تَرَكَ آلُ مُوسَى وَآلُ هَارُونَ تَحْمِلُهُ الْمَلآئِكَةُ إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً لَّكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ {248}.**

تەرجىمىسى: ساڭا مۇسا ۋاپاتىدىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بىر جامائەنىڭ خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە: «بىزگە پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن، ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەرگە قارشى ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلايلى» دېيىشتى. پەيغەمبەر: «سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىنسا جىھاد قىلماي قالارسىلەرمۇ؟» دېدى. «ئۇلار يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟» دېدى. ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسى جىھادتىن باش تارتتى. ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان

بىلگۈچىدۇر(246). پەيغەمبىرى ئۇلارغا: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە تالۇتنى پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتتى» دېدى. ئۇلار پەيغەمبىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ: «ئۇ قانداقمۇ بىزگە پادىشاھ بولىدۇ. ئارىمىزدا پادىشاھ ئەۋلادلىرى بولغانلىقتىن پادىشاھلىققا بىز ئۇنىڭدىن ھەقلىقمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى كۆپ بولمىغان تۇرسا» دېدى، پەيغەمبەر: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە پادىشاھ قىلىشقا ئۇنى ئىختىيار قىلدى، ئۇنىڭ ئىلمى زىيادە ۋە بەدىنى قاۋۇلدۇر، ئاللاھ سەلتەنەتنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ پەزلى كەڭدۇر، ئۇنىڭغا كىمنىڭ لايىق بولىدىغانلىقىنى ئۇبدان بىلىدۇ» دېدى(247). ئۇلارغا پەيغەمبىرى ئېيتتىكى «ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، سىلەرگە بىر ساندۇق كېلىدۇ، ئۇنىڭدا رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرنى تەسكىن تاپقۇزىدىغان نەرسە ۋە مۇسانىڭ، ھارۇننىڭ تەۋەلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر (يەنى مۇسانىڭ ھاسىسى، كىيىمى ۋە تەۋرات يېزىلغان بەزى تاختىلار) قاچىلانغان بولىدۇ، ئۇنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئەگەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ تابۇتنىڭ چۈشۈرۈلىشىدە ئاللاھنىڭ تالۇتنى سىلەرگە پادىشاھلىققا تاللىغانلىقىغا ئەلۋەتتە سىلەر ئۈچۈن روشەن ئالامەت بار (248)».

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا جىھادنى پەرز قىلىپ بەلگىلىدى. بەدر غازىتىدىن ئېتىبارەن جىھاد باشلاندى. مەلۇمكى، جىھاد قىلىشتا ئىرادىلىك ئەرلەر بىلەن پۇل ـ مالغا بولغان ئېھتىياج كۆپەرەك بولىدۇ. ئىسلام دەۋىتىنىڭ تارقىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ۋە ئىسلام مىللىتىنىڭ تەقدىرىگە تەھدىت سېلىۋاتقان ئەرەب ـ ئەجەم زوراۋان كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار سېپىنى كۈچەيتىش، مۇجاھىدلارنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاش، ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن يېتىشتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. تەبىئىيكى، غازاتتىن قېچىش، قورقۇنچاقلىق ۋە بېخىللىق قاتارلىق ئىللەتلەر ئەرلەر شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان نوقسانلىقلاردۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ جىھاد قىلىش روھىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدىنقى ئايەتلەردە ئۇلارغا قەدىمكى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىنى تاشلاپ دۈشمەندىن قېچىپ چىققانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ئۇچرىغانلىقى توغرۇلۇق قىسسىسىنى بايان قىلغان. ئاندىن ئارقىدىنلا ئۇلارنى ئاللاھ يولىدا سابىت قەدەم بولۇپ جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە جىھادقا ئەسكەرلەرنى ۋە ئەسلىھەلەرنى تەييارلاش ئۈچۈن پۇل ـ مالنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنىڭ كاتتا ئەجرلىرىنى بايان قىلغان. ھەتتا ئۇنى ئاللاھ تائالاغا قەرز ھەسسىلەپ بەرگەنلىك دەپ ساناغان. شۇندىن كېيىن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ جىھادقا بولغان ئىرادىسىنى تاۋلاش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ يەنە بىر قىسسىسىنى تەپسىلى ھالدا ھېكايە قىلىشقا باشلايدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ قىسسىنى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىش بىلەن باشلايدۇ.

ئى مۇھەممەد! ساڭا مۇسانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بىر قەۋمنىڭ خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئۆز پەيغەمبىرى سەمۇئىل ئەلەيھىسسالامدىن «بىزگە غازاتتا قوماندانلىق قىلىدىغان بىر پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن. بىز ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ غازات قىلايلى ۋە يۇرتىمىزدىن دۈشمەننى ھەيدەپ چىقىرىپ ئۇنى ئازات قىلايلى» دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ قورقۇنچاقلىقى، ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئىرادىسىنىڭ سۇسلىقىنى ئوبدان بىلگەنلىكىدىن ئۇلارنىڭ غازاتقا بەرداشلىق بېرەلمەي سۆزلىرىدىن يېنىۋېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئېيتقىنىدا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غازات قىلىشتا ئىرادىلىك، سورىغان تەلەپلىرىدە ھەقىقەتەن راستچىل ئىكەنلىكلىرىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقارغان دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىپ يۇرتلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشتىن باشقا مۇددىئاسى يوق ئىكەنلىكىنى قەسەملەر بىلەن تەكىت قىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى سەمۇئىل ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تالۇتنى قوماندان قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ئۇلار تالۇتنىڭ قوماندانلىقىدا ئۆزلىرىنى پەلەستىن زېمىنىدىن ھەيدەپ چىقارغان بابىل ئىمپېراتورلىقىغا قارشى غازاتقا ئاتلىنىدۇ. ئۇلار غازات مەيدانىغا كىرە - كىرمەستىن ئارقىغا چېكىنىشكە باشلايدۇ ۋە قارشى تەرەپتىكى دۈشمەن كۈچىنى كۆرۈپلا ئۇرۇش قىلماستىن يېڭىلىدۇ. ئىش پەيغەمبەرنىڭ بايقىغىنىدەك بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇرۇش مەيداندىن قاچىدۇ.

ئۆلۈك مىللەتلەرنىڭ ھالى شۇنداق بولىدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىزلىكى، قورقۇنچاقلىقى سەۋەبلىك ئۆز ۋەتەنلىرىنى دۈشمەن قولىدىن قايتۇرۇپ ئېلىش يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ ئەسىرلەر بويى سەرسانلىقتا، خورلۇقتا ۋە قۇللۇقتا ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشكە مەھكۇم بولغانىدى. ئۆزلىرىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىش ۋە باشقىلار تەرىپىدىن زورلۇق بىلەن تارتىپ ئېلىنغان ۋەتىنىنى قايتۇرۇپ ئېلىش يولىدا كۈرەش قىلىشتىن قاچىدىغان ۋە خورلۇققا رازى بولىدىغان مىللەتنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا زۇلۇمغا، ھەقسىزلىككە قارشى كۈرەش قىلماسلىق بىلەن ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ياخشى بىلىدۇ.

قىسسىنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: سەمۇئىل ئەلەيھىسسالام قەۋملىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن تالۇتنى پادىشاھ ۋە قوماندان قىلىپ بەلگىلىگەنلىكىنى ئېيتقىنىدا، قەۋملىرى ئىچىدىكى كاتتىباشلىرى ئۆزلىرىنىڭ يەھۇدىيلارغا خاس ئىسيانكارلىق، ھەسەتخورلۇق ۋە ئاغۇنلۇقتىن ئىبارەت ناچار ئادىتى بويىچە، ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرىدۇ ۋە تالۇتنى تۆۋەن

ساناپ بۇنداق پۇل - مالدا ۋە ئابرويدا ئۈزلىرىدىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمىگەن بىرىنىڭ ئۈزلىرىگە پادىشاھ بولىشىنى رەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، بۇ ئىشنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن شۇنداق بەلگىلەنگەنلىكىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، تالۇت بايلىقتا ۋە شۆھرەتتە ئۇلاردەك يوقىرىلىقنى ئىگىلىمىگەن بولسىمۇ، ئىلىم - ھېكمەتتە، ئەقىل - پاراسەتتە ۋە جىسمانىي كۈچ جەھەتتە ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئاللاھ پادىشاھلىقنى كىمنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەھۇدىيلار ئۈزلىرىنىڭ ئەزەلدىنكى ھاكاۋۇرلۇق ئادىتى بويىچە، تالۇتنىڭ ئۇلارغا پادىشاھ قىلىپ بېرىلگەنلىكى توغرۇلۇق سەمۇئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتى بىلەن تالۇتنىڭ پادىشاھلىققا ئەمەلىيەتتە ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئىسپاتلاپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، تالۇتنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە دەلىل بولغان ھالدا ئۇلارغا بىر ساندۇقنىڭ كېلىدىغانلىقىنى، ساندۇق ئەسلىدە ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدىن كۈچ بىلەن باشقىلار تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنغانلىقى، ئۇنىڭدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى، كىيىملىرى، ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ سەللىسى ۋە تەۋرات تېكىستلىرى يېزىلغان بەزى تاختىلار بار ئىكەنلىكى، ئۇ ساندۇقنى غازات ئەسناسىدا ئۈزلىرى بىلەن بىرگە ھەمرا قىلىپ كۆتۈرۈشتە ئۇلار ئۈچۈن خاتىرجەملىك ۋە غەلىبە بار ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - جىھادتا ۋە ھەرقانداق بىر يۈرۈشتە قۇماندانغا بويسۇنۇش ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

2 - ئىش باشقۇرغۇچىنىڭ ئىلىم - ھېكمەتلىك ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشى، جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بولۇشى شەرتتۇر.

3 - قورقۇنچاقلىق بىلەن بېخىللىق ئەرلەر شەنىگە ياراشمايدىغان ناچار ئىللەتلەردۇر.

4 - ھەقسىزلىككە قارشى تۇراسلىق ۋە خورلۇققا رازى بولۇشنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىقتۇر.

## داۋۇدنىڭ جالۇتنى ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى قىسسە

**فَلَما فَصَلَ طَالُوتُ بِالْجُنُودِ قَالَ إِن اللّهَ مُبْتَلِيكُم بِنَهَرٍ فَمَن شَرِبَ مِنْهُ فَلَيْسَ مِني وَمَن لمْ يَطْعَمْهُ فَإِنهُ مِني إِلا مَنِ اغْتَرَفَ غُرْفَةً بِيَدِهِ فَشَرِبُواْ مِنْهُ إِلا قَلِيلاً منْهُمْ فَلَما جَاوَزَهُ هُوَ وَالذِينَ آمَنُواْ مَعَهُ قَالُواْ لاَ طَاقَـةَ لَنَـا الْيَوْمَ بِجَالُوتَ وَجُنودِهِ قَالَ الذِينَ يَظُنونَ أَنهُم ملاَقُو اللّهِ كَم من فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةً بِإِذْنِ اللّهِ وَاللّـهُ مَعَ الصابِرِينَ** {249} **وَلَما بَرَزُواْ لِجَالُوتَ وَجُنُودِهِ قَالُواْ رَبنَا أَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْراً وَثَبتْ أَقْدَامَنَا وَانصُرْنَا عَلَى**

**الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ {250} فَهَزَمُوهُم بِإِذْنِ اللّهِ وَقَتَلَ دَاوُودُ جَالُوتَ وَآتَاهُ اللّهُ الْمُلْكَ وَالْحِكْمَةَ وَعَلَّمَهُ مِمَّا يَشَاءُ وَلَوْلاَ دَفْعُ اللّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَّفَسَدَتِ الأَرْضُ وَلَـكِنَّ اللّهَ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْعَالَمِينَ {251} تِلْكَ آيَاتُ اللّهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِالْحَقِّ وَإِنَّكَ لَمِنَ الْمُرْسَلِينَ {252}.**

تەرجىمىسى: تالۇت ئەسكەرلىرى بىلەن بەيتۇلمۇقەددەستىن ئايرىلغان چاغدا: «ئاللاھ سىلەرنى بىر دەريا بىلەن سىنايدۇ، كىمكى ئۇنىڭدىن ئىچىدىكەن، ئۇ ماڭا تەۋە ئەمەس، كىمكى دەريا سۈيىنى تېتىمايدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر. ئۇنىڭدىن (ئۇسسۇزلۇقنى بىرئاز بېسىش ئۈچۈن) ئىچكەن ئادەم بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلمايدۇ» دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقا ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئىچتى. تالۇت ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر دەريادىن ئۆتكەن چاغدا (دۈشمەننىڭ كۆپلىكىنى كۆرۈپ قورقۇنچقا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى: «بۈگۈن بىز تالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تاقەت كەلتۈرەلمەيمىز» دېدى. (تالۇتنىڭ تەۋەلىرىدىن) ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشقا ئېتىقاد قىلىدىغانلار: «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» دېدى. ئاللاھ چىداملىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر (249). ئۇلار جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا: «پەرۋەردىگارىمىز! قەلبىمىزنى چىداملىقلىق بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېدى(250). مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلدى، داۋۇد جالۇتنى ئۆلتۈردى. ئاللاھ داۋۇدقا سەلتەنەتنى، ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرلىكنى) بەردى. ئۇنىڭغا خالىغان نەرسىلىرىنى (يەنى پايدىلىق ئىلىملەرنى) بىلدۈردى. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى، لېكىن ئاللاھ يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر(251). بۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇركى، ئۇنى بىز ساڭا توغرا رەۋىشتە ئوقۇپ بېرىمىز. ئى مۇھەممەد! سەن ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىسەن(252).

### يوقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىشقا داۋام قىلىدۇ. سەمۇئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى تالۇتنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن پادىشاھ ۋە قوماندان بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكىنى ئەڭ ئاخىرى قوبۇل قىلىپ ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تالۇت قوشۇنلىرىنى باشلاپ بەيتۇلمۇقەددەستىن يولغا چىقىدۇ. شۇ ۋاقىتتا سەمۇئىل ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى غازات مەيدانىغا يېتىپ بېرىش يولىدىكى بىر دەريا سۈيى بىلەن سىنايدىغانلىقىنى، كۈننىڭ قاتتىق ئىسسىقى سەۋەبلىك چىدىغۇسىز ئۇسسۇزلۇققا

بەرداشلىق بېرىپ، بۇ دەريانىڭ سۈيىدىن ئىچمىگەنلەر ھەقىقىي مۆمىنلەر بولۇپ تاللىنىدىغانلىقىنى، پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ ئۇنىڭدىن ئىچكەنلەر ئاسىيلاردىن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار دەريا بويىغا بارغاندىن كېيىن، ھاۋانىڭ ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ۋە پەيغەمبەرنىڭ بۇيرىقىغا خىلاپلىق قىلغان ھالدا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دەريا سۈيىدىن ئىچىدۇ. تالۇت ئۆزىگە ئەگەشكەن ئازغىنە قوشۇن بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ غازات مەيدانىغا يېتىپ بارىدۇ. تالۇتنىڭ قوشۇنىدىكى دەريا سۈيىنى ئىچىپ قويغان بەزىلەر دۈشمەن تەرەپنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنلىرىنى كۆرۈپلا قورقۇپ كېتىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ يېڭىلغانلىقلىرىنى ئېلان قىلىپ تىكىۋېتىدۇ. ئەمما قوشۇندىكى يا غەلىبە ياكى شېھىدلىقتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ قايسىبىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان ھەقىقىي مۆمىنلەر بولسا، دۈشمەننىڭ كۆپلىكىدىن ھېچ قورقۇپ قالمايدۇ. ئەكسىچە، باشقىلارنى ئالغا باشلاپ «ئەي قەۋم! سىلەر دۈشمەن تەرەپنىڭ ئادەم سانى جەھەتتىكى كۆپلىكىدىن قورقماڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمانى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» دېيىش ئارقىلىق ئۇلارغا روھىي ئوزۇق بېغىشلايدۇ. تالۇت قوشۇنلىرى بىلەن جالۇت قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈتۈلگەن جەڭ باشلىنىدۇ. تالۇت سېپىدىكى كۈرەشچان مۆمىنلەر قارشى تەرەپتىكى ئۆزلىرىدىن ھەسسىلەپ كۆپ بولغان قوشۇننى كۆرگەندىن كېيىن، غەلىبىدىن ھېچ ئۈمىدسىزلەنمەستىن بارچە كۈچى بىلەن كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ ۋە ئاللاھتىن ياردەم تىلەيدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇرۇش مەيدانىدا سابىت قەدەم قىلىشىنى، كاپىر قەۋم ئۈستىدىن غەلىبە ئاتا قىلىشىنى سورايدۇ. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ياردىمى بىلەن تالۇتنىڭ ئاز سانلىق مۆمىن قوشۇنى جالۇتنىڭ كۆپ سانلىق تاجاۋۇزچى قوشۇنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. تالۇتنىڭ قوشۇنىدىن داۋۇد ئىسىملىك بىرى (داۋۇد ئەلەيھىسسالام) قارشى تەرەپنىڭ قوماندانى جالۇتنى ئۆلتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا داۋۇدقا ئىلىم ـ ھېكمەت ئاتا قىلغان بولۇپ، سەمۇئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن تالۇت ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ھەم پادىشاھلىق ئاتا قىلىنىدۇ.

ئۇرۇش ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرىدىن قابىل قېرىندىشى ھابىلنى ئۆلتۈرگەندىن باشلاپ يەر يۈزىدە ئىنسانلار ئارا بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈش ئىشى مەۋجۇدتۇر. ئۇرۇش ئاچچىق تۇيۇلىدۇ. ئەمما بەزىدە ئۇرۇشنىڭ زىيىنى بولغىنىدەك ھەققانىي ئۇرۇشنىڭ پايدىسى باردۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن بەزىسىنى بەزىسى ئارقىلىق مۇداپىئە قىلىپ تۇرمايدىغان بولسا ئىدى، يەر يۈزىدە زۇلۇم، قالايمىقانچىلىق ۋە پاساتلىق ئومۇملاشقان بولاتتى. ئاللاھ تائالا زىكىر قىلغان جايلارمۇ يەر بىلەن يەكسان بولغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تولىمۇ مېھرى ـ شەپقەتلىك ۋە ئاتا ـ

ئېھسانلىق بولغانلىقىدىن ھەرقانداق ھەددىدىن ئاشقان بىر زالىم كۈچكە ئۇنىڭدىنمۇ زورراق بىر كۈچنى مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىنى ھالاكەتتىن مۇداپىئە قىلىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن يۈرگۈزۈپ كەلگەن قانۇنى ۋە ھاياتلىقنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىگە غەيبتىن شۇنداق ياردەم قىلغان.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى قىسسىسلەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قايتا خىتاب قىلىپ، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ راستىنلا ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەق پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنجىسى ئىكەنلىكىگە ئۇچۇق دالالەت قىلىدىغان ئاللاھ ئايەتلىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1 - غازاتچى قوشۇننى ھەر تەرەپتىن يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى تۈرلۈك سىناقلار بىلەن سىناش ۋە چېنىقتۇرۇش جائىزدۇر. بەلكى كېرەكتۇر. چۈنكى قىيىن سىناقلار كىشىنىڭ سەبىرچانلىقىنى ۋە چىدامىلىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

2 - مۇجاھىدلاردىكى غەلىبە ياكى شېھىدلىقتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان ئىمان ۋە قايتماس ئىرادە كۈرەش مەيدانىدىكى ئەڭ زور كۈچ - قۇۋۋەتنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىمانى بىلەن ئۇرۇش قىلغانلار ھەر زامان غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر.

3 - جىھادنىڭ يولغا قويۇلىشىدىكى ھېكمەت زالىملارغا، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى كۈرەش قىلىپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئارقىلىق يەر يۈزىدە ئادالەت تارازىسىنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەتتۇر.

4 - ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتى پەقەت ئۇنىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ ياردىمىگە ھەقلىق بولغانلار ئۈچۈنلا خاستۇر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ دەرىجىلىرى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىشتىكى خاراكتېرلىرى

**تِلْكَ الرُّسُلُ فَضَّلْنَا بَعْضَهُمْ عَلَى بَعْضٍ مِّنْهُم مَّن كَلَّمَ اللّهُ وَرَفَعَ بَعْضَهُمْ دَرَجَاتٍ وَآتَيْنَا عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ الْبَيِّنَاتِ وَأَيَّدْنَاهُ بِرُوحِ الْقُدُسِ وَلَوْ شَاء اللّهُ مَا اقْتَتَلَ الَّذِينَ مِن بَعْدِهِم مِّن بَعْدِ مَا جَاءتْهُمُ الْبَيِّنَاتُ وَلَـكِنِ اخْتَلَفُواْ فَمِنْهُم مَّنْ آمَنَ وَمِنْهُم مَّن كَفَرَ وَلَوْ شَاء اللّهُ مَا اقْتَتَلُواْ وَلَـكِنَّ اللّهَ يَفْعَلُ مَا يُرِيدُ {253}.**

تەرجىمىسى: ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ بەزىسى بىلەن سۆزلەشتى ۋە بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. مەريەم ئوغلى ئىيساغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق. ئۇنى روھۇلقۇدۇس (جىبرىئىل

ئەلەيھىسسالام) بىلەن كۆچلەندۈردۇق. ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئۈممەتلەر ئۇلارغا روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۇرۇشماس ئىدى. لېكىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى، بەزىسى ئىمان ئېيتتى، بەزىسى كاپىر بولدى. ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشماس ئىدى. لېكىن ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ(253).

## يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىدا بەزى قىسسىلەرنى بايان قىلىپ ئۇنى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلەش بىلەن ئاياقلاشتۇرغاندىن كېيىن، سۆزنى يېڭىدىن باشلاپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ دەرىجىسىنى بىر-بىرىدىن پەرقلىق قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەردىن ئارتۇقلۇقىنى ۋە ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرگە كىشىلەرنىڭ تۇتقان پوزىتسىيىسىنى بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئارتۇق قىلغان. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنى ۋە دەرىجىسىنى باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭكىدىن ئۈستۈن قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىك زەنجىرىنى ئاخىرلاشتۇرغان، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۇزى بىۋاسىتە سۆز قىلىش بىلەن ئۇنى شەرەپلەندۈرگەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۆزى ئۈچۈن خەلىل يەنى دوست دەپ ئاتىغان، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئىلىم - ھېكمەت ۋە تەۋراتنى ئېزىپ ئىشلىتىش ھۈنىرىنى ئاتا قىلغان، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىكنىڭ يېنىدا پادىشاھلىق ئاتا قىلغان ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بۆشۈكتە يېتىپ سۆزلەش، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان، گاچىلارنى ۋە بەرەس كېسىلىنى ساقايتىدىغان مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلغان، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنى كۆچلەندۈرگەن.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى بۇ سۈپەتلەر بىلەن ئالاھىدە تەرىپلەشتىكى ھېكمەت شۇكى، يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە توغرا بولمىغان ئېتىقادلاردا بولغان. يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنى ۋە ئانىسىنى ئېغىر تۆھمەت بىلەن قارىلىغان بولسا، خرىستىئانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋالغان. شۇڭا يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلاردىن ئىبارەت بۇ بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى پىرقىنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن تەرەپلىرىگە رەددىيە بېرىلگەن.

ئەمما ئايەتتىكى «بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى»دىن مەقسەت پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنى

بارلىق ساماۋىي دىنلارنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىمۇ پۈتۈن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغۇچى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرلىك ھەم پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئومۇمىيۈزلۈك پەيغەمبەر بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاللاھ دەرگاھىدىكى دەرىجىسى، ھۆرمىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن قىزىل تەنلىك، قارا تەنلىك بارلىق ئىنسانلارغا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم، ماڭا زېمىن مەسجىد قىلىندى، زېمىننىڭ تۇپراقلىرى پاك قىلىندى، بىر ئايلىق مۇساپىدىن دۈشمەنگە قورقۇنچ سېلىش ھەيبىتى بېرىلدى، غەنىمەتلەر ھالال قىلىندى ۋە قىيامەت كۈنىدىكى شاپائەت رۇخسىتى ماڭا بېرىلدى.»

ئايەتتىكى «بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى»دىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەقسەت قىلىنغانلىقىنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى، قۇرئان كەرىم بۇ ئايەتتە، ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇممەتلىرىگە خىتاب قىلغان، قۇرئان كەرىم چۈشكەن شۇ ۋاقىتتا، پەقەت يەھۇدى، خىرىستىئان ۋە ئىسلام ئۇممەتلىرىلا بار ئىدى. يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام «بەزىسى بىلەن سۆزلەشتى»دېگەن ئىبارە بىلەن، خىرىستىئانلارنىڭ پەيغەمبىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى سۈپەتلىرى بىلەن تولۇق تونۇشتۇرۇلغان ۋە «بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى»دېگەن ئىبارە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىپادىلىگەن ھالدا يېگانە قالغان ئىدى.

ئاندىن ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرىگە قارشى تۇتقان پوزىتسىيىسىنى بايان قىلىدۇ. ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، كىشىلەرگە پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلىپ، ھەقىقەت ئايدىڭلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق دىنلىرىغا ئەگەشكەن ۋە ئۆزئارا زىددىيەتلىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەن بولۇشماس ئىدى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتكە ئەقىل ـ ئىدراك ئاتا قىلدى، ئۇلارغا يول تاللاش ئىختىيارىنى بەردى، بىراۋنىڭ خاراكتېرى ، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە چۈشىنىش تەرزى بىراۋغا ئوخشىمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا پىكىر، ئېتىقاد ئايرىمچىلىقلىرى بولىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا شۇنداق تەپەككۇر قىلىش، ئويلاش ۋە يول تاللاش ئەركىنلىكىنى ھەم ئىختىيارنى بەرمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئۇممەت بولغان — يا ھەممىسى مۆمىن ياكى ھەممىسى كاپىر بولغان — بولاتتى. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ دىنىنى ۋە ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىنى قوبۇل قىلىش ئىشىنى تەپەككۇر قىلماستىن ۋە ئىزدەنمەستىنلا تۇغما قابىلىيىتى بىلەن ئېتىقاد قىلسا بولىدىغان قىلمىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلىشتىكى ئىختىيارى ئوخشاش بولمىدى، بەزىسى مۆمىن بولدى ۋە بەزىسى كاپىر بولدى.

ئەھۋال بۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئىلاھىي ھېكمەت ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشىنى تەقەززا قىلدى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ۋە ئېتىقادىي ئايرىمچىلىقلار تۈپەيلى ئۇرۇش قىلىشتى. ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار بىر – بىرىگە شۇنچىلىك قاتتىق دۈشمەن بولۇشقان تەقدىردىمۇ ئۇرۇش قىلمىغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۆز ئىرادىسىنى يۈرگۈزۈشتە مۇتلەق ئىختىيار ئىگىسىدۇر. ئۇ خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئىرادىسىنى قايتۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قارشى چىققۇچى يوقتۇر. ئۇ ھەممىگە قادىر ۋە ھەر ئىشنى ھېكمەتلىك ھالدا قىلغۇچى زاتتۇر.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 - پەيغەمبەرلەر ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللاپ چىقىپ، ئۇلارغا يولباشچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئۇلۇغ زاتلاردۇر. ئۇلارمۇ مەرتىۋە جەھەتتە بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان. ئاللاھ تائالا ھەر بىر پەيغەمبەرنى بىرەر ئارتۇقچىلىق بىلەن باشقا پەيغەمبەرلەردىن پەرقلىق قىلغان. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىۋاسىتە سۆز قىلىش بىلەن ئۇنى شەرەپلەندۈرگەن بولسا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاق كېسەلنى، تۇغما كورنى داۋالايدىغان مۆجىزىنى بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تا قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدىغان مەڭگۈلۈك دەستۇر قۇرئاننى ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ دىنىنى مەڭگۈلۈك دىن قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بارچە پەيغەمبەرلەردىن مەرتىۋىدە ئۈستۈن قىلغان.

2 - كۇفرى، ئىمان، ھىدايەت ۋە زالالەت ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. توغرا يولدا يۈرۈشنى خالىغان كىشىنى ئاللاھ توغرا يولغان باشلايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ قىڭغىر يولنى، خاتا ئەقىدىلىرىنى ۋە ئازغۇن پىكىرلىرىنى توغرا دەپ بىلىپ، ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى خالىمىغانلارنى ئاللاھ ھىدايەت قىلمايدۇ. ئۇنداقلار ئازغۇنلۇقنىڭ قىرلىرىغا پاتقۇچىلاردۇر. ئۇلارغا زالالەت ھىدايەت كۆرىنىدۇ. ھىدايەت بىلەن زالالەت ئاللاھنىڭ قولىدا، بىراق قايسىسىنى تاللاپ ئېلىش ھەر زامان ئىنساننىڭ ئىختىيارىدىدۇر.

3 - دىندا ئىختىلاپ قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى بەختسىزلىك ۋە پالاكەتتۇر.

### ئاللاھ يولىدا پۇل – مال سەرپ قىلىشقا ئۈندەش

**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَنفِقُواْ مِمَّا رَزَقْنَاكُم مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِيَ يَوْمٌ لاَّ بَيْعٌ فِيهِ وَلاَ خُلَّةٌ وَلاَ شَفَاعَةٌ وَالْكَافِرُونَ هُمُ الظَّالِمُونَ {254}**

تەرجىمىسى: ئى مۆمىنلەر! سودا - سېتىق، دوستلۇق ۋە ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز شاپائەت بولمايدىغان (قىيامەت) كۈنى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن

مال ـ مۈلۈكلەردىن ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىڭلار. نېمەتكە ناشۈكۈرلۈك قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر(254).

## يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

قۇرئان كەرىم مۇندىن ئىلگىرىكى ئايەتلەردە، ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش مەسىلىسىنى ئىنتايىن بەدىئىيلىك بىلەن سىلىق ئۇسۇلدا تەشەببۇس قىلغان ئىدى. «كىمكى ئاللاھقا قەرز ھەسەنە بېرىدىكەن ....» دېگەن ئايەت شۇنىڭ مىسالىدىندۇر. كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش ئىشى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇپ قىلسا، بەزىسى ساۋاب ئىزدەپ قىلىدۇ. شۇڭا مۇنداقلارغا بۇ ئايەت ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر بىلەن خىتاب قىلىنغان.

ئى مۆمىنلىكتىن ئىبارەت ئەڭ ئالى ۋە ئەڭ ئېسىل سۈپەتكە لايىق بولغۇچى كىشىلەر! ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە جەننىتىنى تىلىگەن ھالدا ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشقا ئالدىراڭلار. مۇشۇ ھاياتى دۇنيادا ياخشىلىقتىن قانچىلىك قىلىۋېلىش ئۈچۈن سىلەرگە يېتەرلىك، كەڭرى پۇرسەت بار. چۈنكى سودا ـ سېتىق، دوستلۇق ۋە ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز شاپائەت بولمايدىغان، پەقەت كىشىنىڭ ئۆز ئەمەللىرىدىن باشقىسى ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنى كەلگەندە مۇشۇ دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىسىلەر. چۈنكى قىيامەت كۈنى ئىشلەش كۈنى ئەمەس، مۇكاپات ياكى جازا كۆرۈش كۈنىدۇر. ئۇ كۈندە مال – دۇنيا ۋە باللار ئەسقاتمايدۇ، پەقەت ئاللاھقا بېغىشلانغان سادىق ۋە ساغلام قەلبىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قىلغان ياخشى ئىشلارلا ئەسقاتىدۇ. ئۇ كۈندە بەندىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان زور ئېھتىياجى تېخىمۇ تولۇق ھېس قىلىنىدۇ ۋە نامايان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بەرگەن نېمەتلەرنى تونۇمىغان، ئۆزىنى ئىشلەپ تاپتىمغۇ دەپ تۇزكورلۇق قىلىپ ئۇنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشتىن باش تارتقۇچىلار نېمەتكە ئىنكار قىلغان ۋە ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلغانلاردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «پۇل – مېلىڭلارنى زاكات بىلەن قوغداڭلار» دەپ كۆرسەتكەن. زاكاتنى قوغداشتا پېقىرلارنىڭ بايلارنىڭ پۇل – مېلىدا مۇئەييەن ھەققى بارلىقىنى بىلىشىدىنمۇ كۈچلۈك قورغان يوقتۇر.

ئايەتتىكى پۇل – مال سەرپ قىلىش ئەمرىدىن مەقسەت زاكاتتۇر. زاكات ئىسلام پەرزلىرىنىڭ بىرى، ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنىڭ ئاساسىدۇر. زاكات ئىسلام شەرىئىتى پېقىرلىققا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن قوللانغان بىر ئۈنۈملۈك چارىدۇر. زاكات يولىدا قوللىنىلسا پېقىرلىققا خاتىمە بەرگىلى بولىدۇ.

## يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1ـ ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەردىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىش تەلەب قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى زاكات، يەنە بىرى سەدىقىدۇر. زاكاتنى ئادا قىلىش پەرزدۇر. ئەمما سەدىقە، خەير – ئېھسان قاتارلىق ياردەم ۋاستىلىرى ئىختىيارىي ئىبادەتلەردىندۇر.

2 ـ زاكات بېرىش بىلەن پۇل – مال كېمىيىپ كەتمەيدۇ، بەلكى بەرىكەت بىلەن ئۆسىدۇ.

## ئايەتۇلكۇرسى

**اللّهُ لاَ إِلَـهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاء وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَ يَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ {255}**

تەرجىمىسى: بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر. ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى يەنى دۇنيادا قىلغان، كەينىدىكى يەنى ئۇلار ئۇچۇن ئاخىرەتتە تەييارلىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن ئاللاھ ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن(پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر(255).

### يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە، ھەركىمگە بۇ دۇنيادا ئۆزى قىلغان ياخشى ئەمەللەردىن باشقىسى ئەسقاتمايدىغان، كاپىرلار ۋە گۇناھكارلار ئۈچۈن ھېچقانداق مەدەتكار ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى بولمايدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بەرگەندىن كېيىن، بۇ ئايەتتە، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كامالىتى ۋەكاتتىلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئاللاھتىن باشقا ئېتىقاد قىلىشقا، ئىبادەت قىلىشقا ۋە بويسۇنۇشقا ھەقلىق بولغان ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. دۇنيادا كىشىلەر تەرىپىدىن تىكلىۋېلىنغان ساختا ئىلاھلار كۆپ. ئەمما ھەقىقىي ئىلاھ پەقەت ئاللاھتۇر. ئاللاھ مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنىڭ ئىگىسى بولغان، ھېچ ئۆلمەيدىغان، ھەمىشە مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغۇچى، ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى بەلگىلەش، باشقۇرۇش

ۋە پەرۋىش قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھېچبىرىدىن ئاجىز كەلمەيدىغان، ئۇيقۇ ۋە ھارغىنلىق باسمايدىغان، تەڭداشسىز، يەككە - يېگانە ئىلاھتۇر. ئاللاھ ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسىدۇر. ئۇ خالىغىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى قۇدرەتلىك زاتتۇر. ئۇ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىم ھېچكىمگە شاپائەت ۋە ياردەم قىلالمايدىغان بۇ كۈندە مەخلۇقاتلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئىشى ئۇنىڭغىلا خاستۇر. ئاللاھ بىر ئاندا پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلغۇچى زات بولۇپ، ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق ئالەملەرنى باشقۇرۇش، پەرۋىش قىلىش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش ئىشلىرى ئۇنىڭغا ھېچ ئېغىر كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ قۇدرىتى چەكسىز، ھېكمىتى مول، مەرتىۋىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان يېگانە ئىلاھتۇر. ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.

ئايەتۇلكۇرسىنىڭ پەزىلىتى توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپتۇر. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئايەتۇلكۇرسىنى ھەر نامازدىن كېيىن ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى ئۆلۈمدىن باشقا نەرسە توسالمايدۇ. بۇ ئايەتنى ئوقۇشقا پەقەت راستچىل ياكى ئابىد كىشى ئادەتلىنىدۇ، كىمكى بۇ ئايەتنى ياتىدىغان ۋاقتىدا ئوقۇيدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ خوشنىسىغا، خوشنىسىنىڭ خوشنىسىغا ۋە ئەتراپىدىكى ئۆيلەرگە ئامانلىق ئاتا قىلىدۇ».

### يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 - يۇقىرىقى ئايەت «ئايەتۇلكۇرسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئايەتۇلكۇرسى قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ 18 ئىسىم زاتى بايان قىلىنغان. بۇ ئايەت 50 سۆز ۋە 15 جۈملىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەممىسىدە دېگۈدەك ئاللاھنىڭ كامالى قۇدرىتى، ئېسىل سۈپەتلىرى، ئۇلۇغ ئىسىملىرى بايان قىلىنغان.

2 - ئايەتۇلكۇرسىنى ھەر بىر پەرز نامازدىن كېيىن ۋە ئاخشىمى يېتىشتىن بۇرۇن ئوقۇش مۇستەھەب ئەمەللەردىن بولۇپ، ئۇنىڭ پەزىلىتى يوقىرى ۋە پايدىلىرى كۆپتۇر.

### ئىنسانلارنىڭ دىن تاللاش ئەركىنلىكى

**لاَ إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ قَد تَّبَيَّنَ الرُّشْدُ مِنَ الْغَيِّ فَمَنْ يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِن بِاللّهِ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَىَ لاَ انفِصَامَ لَهَا وَاللّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ {256} اللّهُ وَلِيُّ الَّذِينَ آمَنُواْ يُخْرِجُهُم مِّنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّوُرِ وَالَّذِينَ كَفَرُواْ أَوْلِيَآؤُهُمُ الطَّاغُوتُ يُخْرِجُونَهُم مِّنَ النُّورِ إِلَى الظُّلُمَاتِ أُوْلَـئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ {257}**

تەرجىمىسى: دىندا ئۇنىڭغا كىرىشكە زورلاش يوقتۇر. ھىدايەت ئازغۇنلۇقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (ئاللاھتىن باشقا بارچە مەبۇد)نى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر(256). ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى كۇفرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئىمانىنىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ؛ كاپىرلارنىڭ ئىگىسى شەيتاندۇر، ئۇلارنى ئىمانىنىڭ يورۇقلۇقىدىن ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىغا چىقىرىدۇ. ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر(257).

## چۈشۈش سەۋەبى

ئەبۇ ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سالىم ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن خرىستىئانلىشىپ كېتىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەندىن ئۇلار مەدىنىگە كېلىدۇ ۋە ئاتىسىغا قوشۇلىدۇ. ئاتىسى ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا قىستايدۇ ۋە ئۇلار قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىدۇ ۋە ئاتىسى: «مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنىڭ بەزىسى دوزاخقا كىرسە مەن قاراپ تۇرامدىمەن»دەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەت چۈشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلىدۇ.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقىدا ئۆتكەن ئايەتۇلكۇرسىدا، ئۆزىنىڭ كامالى قۇدرىتىنى ۋە يەككە - يېگانە، تەڭداشسىز ئىلاھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنى زورلۇق بىلەن كىرگۈزۈشكە ئورۇنۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، ھەقىقەت باتىلدىن ئېنىق ئايرىلغان ئىكەن، كىشىلەرنىڭ ياخشى - يامانىنى ، توغرا - خاتانى پەرق ئېتىپ توغرىسىنى ئۆزلىرى تاللىۋېلىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىسلام پرىنسىپى بويىچە، كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلاشقا بولمايدۇ. «سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟» [يۇنۇس سۈرىسى 99 - ئايەت].

چۈنكى ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ۋە دىن تاللاشتا ھۆر ئىكەنلىكىنى دۇنيادا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلغان ئىلغار دىندۇر. كىشىلەرگە ھەقىقەتنى توغرا يوسۇندا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى مۇسۇلمانلىققا دەۋەت قىلىش، ئاندىن، قايسى يولنى تاللاش ئىختىيارىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇش، ئۇلارنى ئىسلام دىنغا كىرىشكە زورلىماسلىق تەلەب قىلىنىدۇ.

ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ «ئىسلام دىنى قىلىچ بىلەن تارقالغان»دەيدىغان سەپسەتىلىرى باتىل دەۋادۇر. چۈنكى مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇنقى چاغلاردا نامازلىرىنى مەخپىي ئوقۇيتتى، مەككە كۇففارلىرىنىڭ دۈشمەنلىكلىرىدىن قورقاتتى، ئۇلارغا قارشى تۇرۇشقا پېتىنالمايتتى. بۇ ئايەت ھىجرەتتىن 3 يىل كېيىن چۈشكەن بولۇپ، كىشىلەرنى دىنغا زورلاشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ئۇچۇقلىغان. مۇسۇلمانلار قۇدرەت تاپقان شۇنداق ۋەزىيەتتىمۇ كىشىلەرنى ئىسلامغا زورلاشنى رەت قىلغان تۇرسا، قايسى ۋاقىتتا ۋە قايسى جايدا كىشىلەرنى ئىسلامغا زورلاش يۈز بەرگەن؟!

كۇففارلار بىلەن بولغان غازاتلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام ئەقىدىسىنى مۇشرىك كۈچلەرنىڭ خەترىدىن قوغداش ئۈچۈن يولغا قويۇلغاندۇر. چۈنكى مۇشرىك ئەرەبلەر مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يېڭى دىنىدا پىتنە ـ پاساتلارنى تېرىش بىلەن ئۇلارنى ئازدۇرۇپ دىنىدىن چىقىرىش ئۈچۈن بار كۈچىنى سەرپ قىلاتتى. ئىسلام دىنىنىڭ كۇففارلاردىن تەلەپ قىلغىنى كىشىلەرنى دىن تاللاشتا ئۆز ئىختىيارىغا ئەركىن قويۇپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭىمۇ مۇسۇلمانلار كىشىلەرنىڭ ئىسلامنى تىلى بىلەن بولسىمۇ ئىزھار قىلىشى ياكى جىزيە (يىللىق سېلىق) تۆلىشىگە كۇپايە قىلغان.

ئاللاھ تائالا كىشىلەرگە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش، كىتابلارنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارغا ھەقىقەتنى يەتكۈزدى، ئۆگەتتى ۋە بىلدۈردى. ھەق بىلەن باتىلنىڭ پەرقىنى ئايرىپ كۆرسىتىپ بەردى. كىشىلەرنى ھەقىقەتكە ئەگىشىشكە چاقىردى. شۇڭا دۇنيادىكى بارلىق ساختا ئىلاھلارنى ئىنكار قىلىپ، ياراتقۇچى يېگانە ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرگەن ئادەم سۇنماس مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ. ھەقىقەتنىڭ سادا سىغا قولاق بەرمەي، باتىل يوللارنى ھەقىقەتتىن ئەۋزەل كۆرۈپ ئازغۇنلۇق يولىغا داۋام قىلغان ۋە ئاللاھنى تونۇمىغانلار ئۈمۈچۈكنىڭ تورىدىنمۇ چىدامسىز ۋە ئاجىز بىر نەرسىگە ئېسىلغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ھەقىقىي مۆمىنلەرنىڭ يېتەكچىسى ۋە ياردەمچىسىدۇر. ئۇ ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى خالىغانلارنى ھىدايەتنىڭ ، ئىماننىڭ ۋە ئىسلامنىڭ نۇرىغا يېتەكلەيدۇ. ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. ئۇلارنى كۇفرى، زالالەت، شەك ۋە نىفاقنىڭ ئىللەتلىرىدىن ۋە گۇناھ ـ مەسىيەتلەردىن ساقلايدۇ. ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن يىراق قىلىپ، نازۇ نېمەتلىك جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئەمما كۇففارلار بولسا، ساختا ئىلاھلارغا، ئىنسانلاردىن بولغان ئازغۇن يولباشچىلارغا چوقۇنىدۇ. ئۇلارغا ئىشەنچ قىلىپ، ئۇلاردىن ياردەم سورايدۇ. ئۇلار ئىشەنچ قىلىپ چوقۇنغان بۇ ئىلاھلىرى ئۇلارنى توغرا يولدىن چىقىرىدۇ. ئۇلارنى بىر ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت توغۇلۇشىدىن بىرى ئۆزلىرىدە بار بولغان تەبىئىي خىسلەتتىن يىراقلاشتۇرۇپ، كۇفرى ۋە

ئازغۇنلۇقنىڭ قىرلىرىغا كۆمىدۇ. ئاخىرىدا، ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشلىگۈچىلەر بىلەن بىرلىكتە دوزاختىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 - ئىسلام دىنىدا كىشىلەرنى ئۇنىڭغا كىرىشكە زورلاش يوق. ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ ئۇنىڭغا كىشىلەرنى چاقىرىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

2 - ئەڭ توغرا يول ۋە ئەڭ ھەق دىن ئىسلام دىنىدۇر. ئىسلام دىنىدىن باشقا بارلىق دىنلار زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقلاردۇر.

3 - يامان ئىشلانى تەرك ئېتىش ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر.

4 - «لائىلاھە ئىللەللاھۇ»نىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالاغا چىن ئېتىقاد قىلىپ، بارلىق ساختا ئىلاھلارغا، يالغان مەبۇدلارغا ئېتىقاد ۋە ئەمەل جەھەتتە ئىنكار قىلىش دېمەكتۇر. 5 - ئاللاھ تائالانىڭ دوستلۇقى ۋە ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنىڭ بىرلا يولى ئىماندا راستچىل بولۇش ۋە ئاللاھنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراشقا سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلىشتىن ئىبارەت.

6 - ئاللاھنىڭ ياردىمى ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يولىدا يۈرگۈچى مۆمىنلەرگە خاستۇر.

نەمرۇد ۋە ئۇنىڭ كىبىرى

**أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِي حَآجَّ إِبْرَاهِيمَ فِي رِبِّهِ أَنْ آتَاهُ اللّهُ الْمُلْكَ إِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّيَ الَّذِي يُحْيِـي وَيُمِيتُ قَالَ أَنَا أُحْيِـي وَأُمِيتُ قَالَ إِبْرَاهِيمُ فَإِنَّ اللّهَ يَأْتِي بِالشَّمْسِ مِنَ الْمَشْرِقِ فَأْتِ بِهَا مِنَ الْمَغْرِبِ فَبُهِتَ الَّذِي كَفَرَ وَاللّهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ {258}**

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم(نەمرۇد) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەينى زاماندا ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىپ: «مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدۇ، تىرىكنى ئۆلتۈرەلەيدۇ»دېدى. ئۇ: «مەنمۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيمەن، تىرىكنى ئۆلتۈرەلەيمەن»دېدى. (نەمرۇد ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ بىرىنى ئۆلتۈردى، بىرىنى قويۇپ بەردى). ئىبراھىم نەمرۇدنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكىنى كۆرۈپ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان بولساڭ سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن»دېدى. بۇنداق پاكىت ئالدىدا كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ(258).

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىدا ئۆتكەن ئايەتتە ، ئۆزىنىڭ ھىدايىتى ۋە ياردىمى ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەن مۆمىنلەرگە خاس ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قىرغاقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمانىنىڭ، ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ھەقىقەتەن مۆمىنلەرگە ياردەم ئاتا قىلىپ، كۇففارلار ئالدىدا ئەزىز قىلىدىغانلىقىنىڭ راستلىقىغا بۇ ئورۇندا بىر مىسال كەلتۈرۈشنى لايىق تاپقان.

بۇ قەدىمقى بابىل پادىشاھى نەمرۇد بىلەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىككىسىنىڭ ئاللاھ توغرۇلۇق مۇنازىرىلەشكەن قىسسىسى بولۇپ، نەمرۇد ئۆز گۇمانىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى مۇنازىرىدە يېڭىپ چۈشۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا دەۋەت قىلىش يولىنى توسماقچى بولىدۇ. لېكىن ئۇ مۇنازىرىدە يېڭىلىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا روھىي مەدەت ئاتا قىلىش، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بۇ قىسسىنى ئۇنىڭغا خىتاب قىلىش بىلەن باشلىغان.

نەمرۇد ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە ۋە بەرگەن پادىشاھلىق مەنسىپىگە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئىلاھلىق دەۋاسى قىلغان بىر مەخلۇق ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا كەلگەن ھەق دىنىنى نەمرۇدقا يەتكۈزىدۇ. ئۇنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرىدۇ. لېكىن نەمرۇد مۇتەكەببىرلىك قىلىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى مۇنازىرىدە يېڭىشنى ئويلاپ ئۇنىڭدىن: «كىم ئۇ سېنىڭ رەببىڭ؟» دەپ سورايدۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نەمرۇدقا جاۋاب بېرىپ: «مېنىڭ رەببىم — پۈتۈن مەخلۇقاتقا ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى ۋە ئەجەلى كەلگەندە ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالغۇچى قادىر ئاللاھتۇر» دەيدۇ. نەمرۇد ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىنى يېپىش ئۈچۈن، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى نەپەر مەھبۇسنى ئېلىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ ، يەنە بىرىنى قويۇپ بېرىدۇ. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا، «مەنمۇ ئۆلتۈرەلەيمەن ۋە تىرىلدۈرەلەيمەن ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرگە خاس ھۇشيارلىق ۋە ئۆتكۈرلۈك بىلەن نەمرۇدنىڭ بۇنداق بىمەنە سۆزىنى رەت قىلىپ، دەيدۇكى: «مېنىڭ رەببىم قۇياشنى شەرق تەرەپتىن چىقىرىدۇ. سەنمۇ ئىلاھ بولساڭ ئۇنى غەرب تەرەپتىن چىقىرىپ باقمامسەن!» بۇۋاقىتتا نەمرۇد زۇۋان سۈرەلمەي قالىدۇ ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنازىرىسى ئالدىدا يېڭىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق ياردەم قىلغان. مانا بۇ، ئاللاھنىڭ مۆمىن بەندىلىرىنى جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىلىم ۋە مەرىپەتنىڭ نۇرىغا چىقىرىدىغانلىقىغا بىر مىسالدۇر.

### يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 - ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدىن مەھرۇم قالغانلارغا بېرىلگەن نېمەت ئۇلارنىڭ ئىسيانكارلىقىغا سەۋەب بولىدۇ.

2 - ئاللاھنىڭ ياردىمى ئۇنىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە خاستۇر. ئاللاھ گاھىدا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى مۇنازىرىدە يېڭىشلىرىغا ئىلھام بېرىش ئارقىلىق ياردەم قىلىدۇ.

3 - ھەقىقەتنى نامايەن قىلىش يولىدا ھەقىقەت دۈشمەنلىرى بىلەن مۇنازىرە قىلىشمۇ جىھادنىڭ بىر تۈرىدۇر.

4 - ھەقىقەتنى ئىزدەشنى خالىمايدىغان مەغرۇرلار ھىدايەتتىن مەھرۇم قالىدۇ.

## ئۇزەير ۋە ئۇنىڭ ئىمانى

**أَوْ كَالَّذِي مَرَّ عَلَى قَرْيَةٍ وَهِيَ خَاوِيَةٌ عَلَى عُرُوشِهَا قَالَ أَنَّى يُحْيِـي هَـَذِهِ اللَّهُ بَعْدَ مَوْتِهَا فَأَمَاتَهُ اللَّهُ مِئَةَ عَامٍ ثُمَّ بَعَثَهُ قَالَ كَمْ لَبِثْتَ قَالَ لَبِثْتُ يَوْماً أَوْ بَعْضَ يَوْمٍ قَالَ بَل لَّبِثْتَ مِئَةَ عَامٍ فَانظُرْ إِلَى طَعَامِكَ وَشَرَابِكَ لَمْ يَتَسَنَّهْ وَانظُرْ إِلَى حِمَارِكَ وَلِنَجْعَلَكَ آيَةً لِّلنَّاسِ وَانظُرْ إِلَى العِظَامِ كَيْفَ نُنشِزُهَا ثُمَّ نَكْسُوهَا لَحْماً فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُ قَالَ أَعْلَمُ أَنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ {259}** .

تەرجىمىسى: ياكى سەن تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ ۋەيران بولغان خارابە شەھەردىن ئۆتكەن كىشى (ئۆزەير)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ ئەجەبلىنىپ: «ئاللاھ بۇ شەھەرنى قانداق قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرەر؟» دېدى. ئاللاھ ئۇنى يۈز يىل ئۆلۈك ھالىتىدە تۇرغۇزۇپ ئاندىن (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) تىرىلدۈردى. ئاللاھ (پەرىشتە ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن: «بۇ ھالەتتە قانچىلىك تۇردۇڭ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «بىركۈن ياكى بىركۈنگە يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس (تولۇق) يۈز يىل تۇردۇڭ، يېمەك - ئىچمىكىڭگە قارىغىنكى، بۇزۇلمىغان؛ ئېشىكىڭگە قارىغىنكى، ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن. ساڭا يۇقىرىقىدەك ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى قىلغانلىقىمىز سېنى بىز كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىلى قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى قانداق قۇراشتۇرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا گۆش قوندۇرىمىز. يۇقىرىقى ئىشلار ئۇنىڭغا ئېنىق بولغان (ئۇ روشەن مۆجىزىلەرنى كۆرگەن) چاغدا، ئۇ: «مەن ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم»دېدى(259).

## يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ خالىغان بەندىلىرىگە قانداق ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلايدىغانلىقىغا يەنە بىر مىسال بولۇپ، ئۆي - ئىمارەتلىرى يىقىلىپ خارابىگە ئايلانغان ۋە ھاياتلىقنىڭ ھېچقانداق ئەسىرى قالمىغان بەيتۇلمۇقەددەس شەھىرىدىن ئۆتۈپ

كېتىۋاتقــان ئــۆزەير ئەلەيهىســسالام بــۇ شــەھەرنىڭ قايتــــدىن گۈللىنىشـــنى يــــراق سانىغانلىقتىن، «ئاللاھ بۇ خارابە شەھەرنى قانداقمۇ قايتىدىن گۈللەندۈرۈپ ئەسلىگە كەلتۈرەر؟» دېگەندە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇنى يۈز يىل ئۆلۈك ھالىتىدە تۇرغۇزغاندىن كېيىن، قايتىدىن ئۇنى تىرىلدۈرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن بۇ ھالەتتە قانچىلىك ۋاقىت تۇرغانلىقىنى سورايدۇ. ئۆزەير «بىر كۈن ياكى بىر كۈنگە يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، «ياق! سەن تولۇق يۈز يىل تۇردۇڭ. پەرۋەردىگارىڭنىڭ قۇدرەت كامالىنى كۆرۈشۈڭ ئۈچۈن، مۇندىن يۈز يىل بۇرۇنقى يېمەك - ئىچمەكلىرىڭگە قاراپ باققىنكى، ئۇ ھېچ بۇزۇلمىغان. رەڭگىمۇ ئۆزگەرمىگەن، بەلكى شۇ پېتى تۇرغان. ئېشىكىڭگە قارىغىنكى، ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن سېنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ئۆلۈك ھالىتىڭدە تۇرغانلىقىڭنى بىلىسەن. بىز بۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئىشنى ساڭا قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىش ۋە سېنى كىشىلەرگە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغان كاتتا قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىلى قىلىشىمىز ئۈچۈن قىلىپ كۆرسەتتۇق. ئەمدى سەن بىزنىڭ ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىمىزنى بىلىشىڭ ئۈچۈن، بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىن، ئۇنى ئۆز جايىغا بىر - بىرلەپ قانداق قۇراشتۇرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا قانداق گۆش قوندۇرىمىز».

ئۇزەير ئەلەيهىسسالام ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ كاتتىلىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، مەن ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم دەيدۇ.

### يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 - بۇ قىسسە مەخلۇقاتنى يوقتىن ياراتقان ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يەنە قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي ئىسپات بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن. 2 - قىيامەت كۈنىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ قايتىدىن تىرىلىپ ھېساب مەيدانىغا ھازىر بولىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

3 - ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىگە ئىمانى كامىل تۇرۇپ، خارابىگە ئايلانغان بەيتۇلمۇقەددەس شەھىرىنى ئاللاھنىڭ قايتىدىن گۈللەندۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى يىراق سانىغان ئۇزەير ئەلەيهىسسالامغا ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامالىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىدىكى شەك - شۈبھىنى يوقاتقانلىقى ئۇنىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلىدىغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

4 ـ ئاللاھنىڭ قۇدرەت كامالى توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلىش ئەڭ ياخشى ئەمەللەردىن سانىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئايەتلەر

**وَإِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّ أَرِنِي كَيْفَ تُحْيِـي الْمَوْتَى قَالَ أَوَلَمْ تُؤْمِن قَالَ بَلَى وَلَـكِن لِّيَطْمَئِنَّ قَلْبِي قَالَ فَخُذْ أَرْبَعَةً مِّنَ الطَّيْرِ فَصُرْهُنَّ إِلَيْكَ ثُمَّ اجْعَلْ عَلَى كُلِّ جَبَلٍ مِّنْهُنَّ جُزْءاً ثُمَّ ادْعُهُنَّ يَأْتِينَكَ سَعْياً وَاعْلَـمْ أَنَّ اللّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ {260}**

تەرجىمىسى: ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم، ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن »دېدى. ئاللاھ «ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا ئىشەنمىدىڭمۇ؟»دېدى. ئىبراھىم: «ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم تېخىمۇ قارار تاپسۇن ئۈچۈن كۆرۈشنى تىلەيمەن» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «قۇشتىن تۆتنى ئالغىن، ئۇلارنى ئۆزەڭگە توپلىغىن(يەنى ئۇلارنى پارچىلاپ گۆشلىرىنى پەيلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرغىن)، ئاندىن ھەر بىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلۈكىنى قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، سېنىڭ ئالدىڭغا ئۇلار چاپسان كېلىدۇ، بىلگىنكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر(260).

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە قانداق ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى شەك ـ شۈبھىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ يورۇقلىقىغا چىقىرىش ئارقىلىق توغرا يولغا باشلايدىغانلىقىغا كەلتۈرۈلگەن ئۈچىنچى مىسالدۇر.

بۇنىڭدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ئۇنىڭ ئۆلۈكلەرنى قانداق ئۇسۇل بىلەن تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشىنى سورايدۇ.

تەبىئىكى، بۇ سوئال ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشتىن ئىبارەت قۇدرىتىگە ئىشەنمىگەنلىك ياكى ئۇنىڭغا شەك قىلغانلىقتىن سورالغان ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈمىدى بىلەن سورالغان سوئالدۇر. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمە مەقسەت بىلەن سورىغانلىقىنى ئەلۋەتتە ياخشى بىلىدىغانلىقىدا شەك يوق. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سوئالغا بىنائەن، ئۇنىڭدىن: «ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا ئىشەنمىدىڭمۇ» دەپ سورايدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ دەرھال جاۋاب بېرىپ: «ياق! مەن سېنىڭ بارچە قۇدرەتلىرىڭنىڭ ھەممىگە ئىشەندىم. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈم تېخىمۇ قارار تاپسۇن ئۈچۈن، سېنىڭ ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى كۆرۈشنى تىلەيمەن»،

دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۇچار قۇشتىن تۆتنى ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ گۆشلىرى بىلەن پەيلىرىنى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن ھەر بىر تاغقا بىر بۆلۈكتىن قويۇشىنى، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرسا دەرھال كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بۇ ئەمرىگە ئاساسەن، ئۇچار قۇشلاردىن تۆتنى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇلارنى بوغۇزلاپ، گۆشلىرى بىلەن پەيلىرىنى ئارىلاشتۇرىدۇ، ئاندىن ئۇنى تۆتكە بۆلۈپ تۆت تاغقا بىر پارچىدىن تاشلايدۇ. ئاندىن ھەر بىر قۇشنىڭ كاللىسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ قۇشلارنى بىر - بىرلەپ چاقىرىدۇ - دە، قۇشلار تىرىلىپ، ھەر بىرى ئۆز گۆشلىرى ۋە پەيلىرى بىلەن قايتا تەركىبلەنگەن ھالدا كېلىپ ، ھەر بىرى ئۆز كاللىسىغا ئېرىشىدۇ ۋە ئاسمانغا ئۆرلەپ ھەممىسى بىردەك ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتىدۇ.

### يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1- ئۆزىگە مەجھۇل بولغان ئىشلار ھەققىدە مەرىپەتكە ئېگە بولۇش ئۈچۈن ئىزدىنىش ۋە سوراش ئىنسان خىسلىتىنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

2 - ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشتىن ئىبارەت قۇدرىتىنى كۆرسەتكەنلىكى، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ قارار تېپىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىلغان كاتتا ياردىمى ۋە ئىنئامىدۇر.

3 - بۇ ئايەت، قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ روشەن ھالدا ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

4 - ئىنسان ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قۇدرەتلىرىنىڭ ئالامەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ۋە قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەنىلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق ئىماننى كۈچەيتەلەيدۇ ھەم ئاشۇرالايدۇ.

### ئاللاھ تائالا يولىدا پۇل خەجلەش ۋە ئۇنىڭ ئەدەبلىرى

**مَثَلُ الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنبُلَةٍ مِّئَةُ حَبَّةٍ وَاللّهُ يُضَاعِفُ لِمَن يَشَاءُ وَاللّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ {261} الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللّهِ ثُمَّ لاَ يُتْبِعُونَ مَا أَنفَقُواُ مَنّاً وَلاَ أَذًى لَّهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ {262} قَوْلٌ مَّعْرُوفٌ وَمَغْفِرَةٌ خَيْرٌ مِّن صَدَقَةٍ يَتْبَعُهَا أَذًى وَاللّهُ غَنِيٌّ حَلِيمٌ {263} يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تُبْطِلُواْ صَدَقَاتِكُم**

**بِالْمَنِ وَالأذَى كَالَّذِي يُنفِقُ مَالَهُ رِئَاء الناس وَلاَ يُؤْمِنُ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَمَثَلُهُ كَمَثَلِ صَفْوَانٍ عَلَيْهِ تُرَابٌ فَأَصَابَهُ وَابِلٌ فَتَرَكَهُ صَلْداً لاَّ يَقْدِرُونَ عَلَى شَيْءٍ مِّمَّا كَسَبُواْ وَاللّهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الْكَافِرِينَ {264}.**

تەرجىمىسى: ئاللاھ يولىدا پۇل - مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر، (ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر)(261). پۇل - مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير - ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قورقۇنچ ۋە غەم قايغۇ بولمايدۇ(262). ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش كېيىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ بەندىلەرنىڭ سەدىقىسىدىن بىھاجەتتۇر، ھەلىمدۇر، يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ(263). ئى مۆمىنلەر! پۇل - مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىنىڭ ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق پۇل - مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا - چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن يۇيۇلۇپ بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ئاخىرەتتە ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ(264).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە، ئاللاھنىڭ دىنىنى يەر يۈزىدە ئۈستۈن قىلىش، ۋەتەننى قوغداش ۋە پۇقرالارنى بەختلىك قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى مۇستەملىكىچىلەردىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا پۇل - مال ياردەم قىلىشنىڭ ئاللاھ نەزەرىدىكى ئورنىنى ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلغانلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىسى بەرىكەت ۋە ساۋاب جەھەتتە خۇددى يەرگە تېرىلىپ يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100دىن دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشاشتۇر. تېرىمى، تۇپرىقى ۋە ئۇرۇقى ياخشى بولغان يەردىن شۇنداق ھوسۇل چىقىشى ئەلۋەتتە مۇمكىندۇر. بۇ ساۋاب ۋە ئەجرنىڭ شۇنداق ھەسسىلەپ زىيادە بولىدىغانلىقىغا كەلتۈرۈلگەن بىر مىسالدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئەڭ كەڭ پەزلى – كەرەم ئىگىسىدۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، ئاللاھ يولىدا بىر تەڭگە سەرپ قىلغان مۇسۇلمان كىشىنىڭ بۇ بىر

تەڭگىسى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا 700 ھەسسە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى ۋە بۇدۇنيادىمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك كۆپ بەرىكەت بېرىلىدىغانلىقى ئېنىقتۇر.

بۇ مىسالدىن ئاللاھ پەزلىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكى، ئاللاھنىڭ ناھايىتى سېخى ۋە كەرەملىك زات ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن.

ئاللاھ يولىغا پۇل - مال سەرپ قىلغان كىشى — پېقىرلارغا بەرگەن نەرسىسىگە مىننەت قىلماسلىق، ئۇلارغا ئازار بەرمەسلىكى شەرتى بىلەن — سەرپ قىلغان بىر تەڭگىسى بەدىلىگە بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە 700 ھەسسە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەكىگە چوقۇم ئېرىشىدۇ.

بېرىلگەن خەير – ئېھسانغا مىننەت ياكى ئەزىيەتنى ئەگەشتۈرۈش بۇ خەيرلىك ئىشنىڭ بېكار بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا ھاجەتمەنلەرگە بىر نەرسە بېرىش ئەسناسىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بەرگەن نەرسىسىگە مىننەت قىلماسلىق ۋە تىلغا ئالماسلىق لازىم.

كىشىلەرگە خەير – ئېھسان قىلىپ، ئارقىدىن ئۇلارغا ئازار قىلمىغان، مىننەت قىلمىغان ۋە قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ بەدىلىنى ئۇلاردىن سورىمىغان ۋە كۈتمىگەن كىشىلەرنىڭ ساۋابىنى ۋە ئەجرىنى ئاللاھ تائالا تولۇق بەرگۈچىدۇر. ئۇلار بۇ دۇنيادا قىلغان بۇ ياخشىلىقلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، ھېچ قانداق غەم – ئەندىشە كۆرمەيدۇ. بېخىللار بۇ دۇنيادا قىلغان بېخىللىقلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ قوللىرىنى چىشلەيدىغان قىيامەت كۈنىدە غەم – قايغۇدىن پۈتۈنلەي خالاس بولغان ھالدا مەڭگۈلۈك بەختلىك ھاياتقا ئېرىشكۈچىلەردۇر.

ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىشنىڭ ساۋابى چوڭ بولغىنىدەك، پېقىرلارغا، يوقسۇللارغا ۋە ھەرقانداق ئېھتىياج ئىگىسىگە پۇل - مال بېرەلمىسىمۇ، ياخشى سۆز قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئېچىش ۋە كۆڭۈلسىزلىكلىرىگە تەسەللى بېرىش كاتتا ئىبادەتتۇر ۋە ئەزىيەت بىلەن بېرىلگەن سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر.

كىشىلەرگە چىرايلىق سۆز قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىش ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. سەدىقىنىڭ بۇيرىلىشىدا كىشىلەرنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى خۇشال قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كىشىلەرگە سەدىقە بېرىپ بولۇپ، ئارقىدىن ئۇلارغا مىننەت قىلىش ياكى كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ ئابرويىنى تۆكۈپ، ئۇنى رەنجىتىپ قويۇش ياخشى ئىش ئەمەستۇر. بۇنىڭدىن كۆرە سەدىقە بەرمىگەن، ياردەم قىلمىغانلىق ئۇلارغا سەدىقە بېرىپ ئارقىدىن ئازار بەرگەندىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

مىننەت قىلىش ۋە ئازار قىلىش ئىنسان تەبىئىتىدىكى بىر ئىللەتتۇر. شۇڭا ئىسلام دىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىنغان پۇل – مالنىڭ بۇ ئىككىسىدىن خالىي بولۇشىنى شەرت قىلدى. چۈنكى بۇ ئىككىسى كىشىنىڭ قىلغان سەدىقىسىنى ۋە ياردىمىنى يوققا چىقىرىدۇ. خۇددى سىلىق تاش ئۈستىگە قونغان توپا - تۇزاڭلارغا يامغۇرنىڭ يېغىشى بىلەن ئېچىلىپ بۇزۇنقى ھالىتىدە بولۇپ قالغىنىغا ئوخشاش، پۇل - مېلىنى رىيانى كۆزلەپ سەدىقە قىلغان ئادەمنىڭ ساۋابتىن ھېچ قانداق نېسىۋىسى يوقتۇر. بۇ ئايەتتە، سەدىقىنىڭ مىننەت بىلەن بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقى، ئۇنىڭ رىيا بىلەن بىكار بولۇپ كەتكىنىگە ئوخشىتىلغان. ھەر ئىككى ھالەتتە ساۋابتىن نېسىۋە يوقتۇر. قىلىنغان سەدىقە بىكاردۇر.

ياخشىلىقنى باشقىلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە يامان كۆرۈلگىنىدەك، ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدىمۇ قاتتىق يامان كۆرىلىدىغان ئىشتۇر. مۇنداقلار بۇ دۇنيادا كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ، ئاخىرەتتە ساۋابتىن مەھرۇم بولىدۇ. چۈنكى ئاخىرەتنىڭ ساۋابى ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلىگەن ھالدا خالىس ياخشى ئىش قىلغانلارغا خاستۇر. ئاللاھ تائالا كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 - ئاللاھ يولىدا قىلىنىدىغان جىھادقا پۇل - مال ياردەم قىلىشنىڭ ساۋابى ۋە پەزىلىتى ھەرقانداق تەرەپكە قىلىنغان ياردەمدىن ئەلۋەتتە ئارتۇقتۇر.

2 - پېقىرلارغا ۋە باشقىمۇ ھاجەت ئىگىلىرىگە سەدىقە بېرىشنىڭ ساۋابى كۆپتۇر. ئاقىۋىتى ياخشىلىقتۇر.

3 - كىشىلەرگە زاكات ياكى سەدىقە بېرىپ ئارقىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلىش ياكى ئالغۇچىلارغا ئازار بېرىشنىڭ گۇناھى ئېغىردۇر. مۇنداق قىلىنغان سەدىقىنىڭ ساۋابى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىر ھەدىسىدە، مىننەت قىلغۇچىنى جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلارنىڭ قاتارىدىن سانىغان.

4 - كىشىلەرگە ئېسىل مۇئامىلە قىلىش، ياخشى سۆز قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈش سەدىقە بېرىپ مىننەت قىلغاندىن ياخشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىر ھەدىسىدە: «ياخشى سۆز سەدىقىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن.

5 - رىيا يەنى ئەمەللەرنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىش شېرىكنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىر ھەدىسىدە: «رىيادىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ كىچىك شېرىكتۇر» دەپ كۆرسەتكەن.

## پۇل ـ مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغانلار بىلەن شەيتانى ھەۋەسلەر ئۈچۈن سەرپ قىلغانلارنىڭ پەرقى ۋە ئاقىۋىتى

**وَمَثَلُ الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُمُ ابْتِغَاء مَرْضَاتِ اللّهِ وَتَثْبِيتاً مِّنْ أَنفُسِهِمْ كَمَثَلِ جَنَّةٍ بِرَبْوَةٍ أَصَابَهَا وَابِلٌ فَآتَتْ أُكُلَهَا ضِعْفَيْنِ فَإِن لَّمْ يُصِبْهَا وَابِلٌ فَطَلٌّ وَاللّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ {265} أَيَوَدُّ أَحَدُكُمْ أَن تَكُونَ لَهُ جَنَّةٌ مِّن نَّخِيلٍ وَأَعْنَابٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ لَهُ فِيهَا مِن كُلِّ الثَّمَرَاتِ وَأَصَابَهُ الْكِبَرُ وَلَهُ ذُرِّيَّةٌ ضُعَفَاء فَأَصَابَهَا إِعْصَارٌ فِيهِ نَارٌ فَاحْتَرَقَتْ كَذَلِكَ يُبَيِّنُ اللّهُ لَكُمُ الآيَاتِ لَعَلَّكُمْ تَتَفَكَّرُونَ {266}**

تەرجىمىسى: ماللىرىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش ۋە ئۆزلىرىدىكى خەير ـ ئېھسان قىلىش روھىنى كۈچلەندۈرۈش يۈزىسىدىن سەرپ قىلىدىغانلار ئېگىزلىككە جايلاشقان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولسا مېۋىسى ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدىغان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولمىسا شەبنەم بىلەنمۇ قانىدىغان (يەنى قايسى ھالدا بولسۇن مېۋە بېرىدىغان) بىر باغقا ئوخشايدۇ. ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر(265). ئاراڭلاردا كىممۇ ياقتۇرسۇنكى، ئۇنىڭ خورمىلىق، ئۈزۈملۈك، ئاستىدىن ئېرىقلار ئېقىپ تۇرىدىغان، مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىللىرى بولغان بىر بېغى بولسۇن، ئۇنىڭ ئۆزى قېرىپ قالغان، بالىلىرى ئۇششاق بولۇپ، (بۇ باغ) ئوت ئېلىپ كەلگەن بىر قارا بوراندا كۆيۈپ كەتسۇن. سىلەرنىڭ ئويلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلىرىنى شۇنداق (گۈزەل مىسال بىلەن) بايان قىلىدۇ(266).

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى ئايەتتە، كىشىلەرگە سەدىقە بەرگۈچىلەردىن ئىككى خىل ئادەمنىڭ مىسالىنى بايان قىلىدۇ. بىرى، پۇل ـ مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋىسى ۋە كىشىلەرگە ئۆزىنى كۆرسىتىش يولىدا سەرپ قىلغان.

پۇل ـ ماللىرىنى ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە ئۆزلىرىنى خەير ـ ئېھسان قىلىدىغان، ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلمايدىغان قىلىپ تەربىيىلەش مەقسىتى بىلەن سەرپ قىلغۇچىلار ئېگىزلىككە جايلاشقا، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولسا ئىككى ھەسسە كۆپ مېۋە بېرىدىغان، ئەگەر يامغۇردىن بەھرىمەن بولالمىسىمۇ تۇپرىقىنىڭ تېرىمچىلىققا ياراملىقلىقى بىلەن يەنە مېۋە بېرىشكە داۋام قىلىدىغان بەرىكەتلىك باغقا ئوخشىتىلغان. دېمەك، بۇنداق خەير ـ ساخاۋەتلىك ئادەم مېلى كۆپ بولسا كۆپكە يارىشا، ئاز بولسا ئازغا يارىشا بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ ئوخشىتىشتىن شۇ مەنە مەقسەت قىلىنغانكى، ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشقا ئۆزىنى ئادەتلەندۈرۈش ۋە ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەش نىيىتى بىلەن خەير ـ ئېھسان قىلىدىغانلار

زىرائەتچىلىككە ياراملىق بولغان ياخشى زېمىنغا ئوخشايدۇ، خۇددى ياخشى تېرىم يەر مەيلى ئۇنىڭغا يامغۇر كۆپ چۈشسۇن، مەيلى ئاز چۈشسۇن، ھەر ھالەتتە مېۋە بېرىشتىن توختىمىغاندەك، ياخشى ئادەممۇ ياخشىلىقتىن توختاپ قالمايدۇ، كۈچىنىڭ يەتكىنىچە ياخشىلىقنى داۋاملاشتۇرىدۇ. قولىدا كۆپ بولغان چاغلاردا خەير - ئېھسان ۋە خالىسانە ياردەملەرنى كۆپ قىلىدۇ. قولى قىسقا بولۇپ قالغان چاغلىرىدىمۇ چامىنىڭ يېتىشىچە خەير - ئېھسان قىلىدۇ.

ئەمما ئىككىنچى مىسالدىكىلەر ئالدىنقىسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، پۇل - ماللىرىنى نەپسىي ھەۋەسلىرى ۋە كىشىلەرگە ئۆزلىرىنى سېخىيلاردىن قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلغۇچىلاردۇر. ئايەتتە، مۇنداقلارنىڭ ھالى، خۇددى نازۇ نېمەتلىك كاتتا بېغى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرخىل ئېسىل مېۋىلەر بولغان، ئۆزى ياشىنىپ قالغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ ۋە تىرىكچىلىك ئىشلىرىغا كۈچى يەتمەيدىغان كىچىك باللىرىنىڭ رىزىق مەنبەئى مۇشۇ باغدىن بولۇپ، بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇتلا بۇ باغ دەھشەتلىك قارا بوران ئېلىپ كەلگەن ئوتتا كۆيۈپ ۋەيران بولۇشى ۋە خارابىگە ئايلىنىپ قېلىشى بىلەن ھەممىدىن بىراقلا ئايرىلغاندىن كېيىن قۇرۇق قول قالغان ئادەمنىڭ ھالىغا ئوخشىتىلغان. دۇنيادا ھېچكىم ئاقىۋىتىنىڭ بۇ مىسالدىكىگە ئوخشاپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدۇ، ئەلۋەتتە.

پۇل - مېلىنى رىيا ئۈچۈن سەرپ قىلغان ياكى باشقىلارغا رەنجىتىش، مىننەت قىلىش بىلەن بەرگەن ئادەم ئۇنىڭ ساۋابىنى ئۇنىڭغا ئەڭ موھتاج تۇرۇقلۇق يوقىتىپ قويغان بولىدۇ. بۇ مىسالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، پۇل - مېلىنى كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈش ۋە مىننەت قىلىش بىلەن سەرپ قىلغۇچىلار ۋە رىيا ئۈچۈن سەدىقە قىلغۇچىلار قىلغان بۇ ئىشلىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق سەرپ قىلغان پۇل - ماللىرىنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. قىيامەت كۈنىدە ئۇلارغا ئەسقاتمايدۇ. ئۇ كۈندە ئۇلار قۇرۇق قول بولۇپ قالىدۇ.

سىلەرنىڭ پىكىر يۈگۈرتۈشۈڭلار ۋە ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئايەتلىرىنى خۇددى مۇشۇ باياندىكىدەك ئوچۇق ۋە ئېنىق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1 - كىشىلەرگە ئەزىيەت بەرمەستىن ۋە مىننەتسىز ھالدا خالىسانە قىلىنغان خەير - ئېھساننىڭ ساۋابى ناھايىتى كۆپتۇر.

2 ـ كىشىلەر ئالدىدا ئۆزىنى سېخىيلەردىن قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن خەير ـ ئېھسان قىلغۇچىلار ۋە ئالغۇچىلارغا ئەزىيەت بېرىپ ، بەرگەن نەرسىسىگە مىننەت قىلىدىغانلارنىڭ قىلغان خەير ـ ئېھسانلىرى پايدىسىز بولۇپ، ساۋابتىن نېسىۋىسى يوقتۇر.

3 ـ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۇنىڭ جەۋھەرلىرىنى چىقىرىش پايدىلىقتۇر ھەمدە كاتتا ئىبادەتتۇر.

## سەرپ قىلىنىدىغان مال ۋە ئۇنىڭ سۈپىتى

**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَنفِقُواْ مِن طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُم مِّنَ الأَرْضِ وَلاَ تَيَمَّمُواْ الْخَبِيثَ مِنْهُ تُنفِقُونَ وَلَسْتُم بِآخِذِيهِ إِلاَّ أَن تُغْمِضُواْ فِيهِ وَاعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ {267}**

تەرجىمىسى: ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر) نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئىلغاپ سەدىقە قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، ماختاشقا لايىقتۇر(267).

## يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىدا ئۆتكەن ئايەتلەردە، مۇسۇلمان بەندىلىرىنى ئاللاھ يولىدا خالىس نىيەت بىلەن خەير ـ ئېھسان قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان بولسا، بۇ ئايەتتە، زاكاتتىن ئىبارەت ئىسلام پەرزىنى، سەدىقە نامى بىلەن ئاتالغان ئىختىيارى ياردەمنى ئورۇنلاشقا، زاكات ۋە سەدىقە بەرگەندە، ناچارلىرىنى تاللاپ بەرمەستىن، بەلكى ياخشىلىرىدىن بېرىشكە ئەمر قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە: «سىلەر ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭلارنى سەرپ قىلمىغىچە جەننەتكە ئېرىشەلمەيسىلەر»دەپ كۆرسەتكەن.

ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ كۆرىشى بويىچە: مېلىنىڭ ناچارلىرىنى تاللاپ زاكاتقا بەرگەن كىشىنىڭ بەرگەن زاكىتى قوبۇل بولمايدۇ. بەلكى ئوتتۇراھاللىرىدىن بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەڭ ياخشىلىرىدىن بېرىشنىمۇ سورىمايدۇ. ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، زاكاتقا مالىنىڭ ناچارلىرىنى تاللاپ بەرمەڭلار. ئويلاڭلاركى، ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولۇپ، سىلەرگە مالنىڭ ناچارلىرى بېرىلسە، پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالمىساڭلار ھەرگىز ئالغۇڭلار كەلمەيدۇ ئەمەسمۇ. ئۆزۈڭلار ئۈچۈن لايىق كۆرمىگەننى قانداقمۇ باشقىلار ئۈچۈن لايىق كۆرىسىلەر! ئاللاھ سىلەرنىڭ زاكات ۋە سەدىقەڭلاردىن بىھاجەتتۇر. ئاللاھ سىلەرنى زاكات ۋە سەدىقە بېرىشكە چاقىرىشتا پەقەت سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلارنى كۆزلەيدۇ.

بۇ ئايەت زاكات بېرىلىدىغان مالنىڭ سۈپىتىنى ۋە تۈرىنى بايان قىلغان. زاكاتقا بېرىلىدىغان مال ئەڭ ياخشىسىمۇ ئەمەس، ناچىرىمۇ ئەمەس، بەلكى ئوتتۇراھاللىرىدىن بولسا يېتەرلىكتۇر.

ئەمما زاكاتنىڭ تۈرلىرى يەنى زاكات بېرىلىدىغان نەرسىلەر: ئاشلىق، مېۋە، كۆكتات، تىجارەت ئۈچۈن تۇتۇلغان ماللار، زېمىندىن چىقىرىلغان مەدەنلەر، نېفت بايلىقلىرى ۋە باشقىلاردۇر.

### يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 ـ ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرىنىڭ سىرتىدا 85 گىرام ئالتۇن كەلگىدەك پۇل ـ مالغا ئىگە بولغان، مۇسۇلمان، ئاقىل ، بالىغ ئادەمنىڭ يىلدا بىر قېتىم زاكات بېرىشى پەرزدۇر. زاكات كېلىدىغان ماللار ئالتۇن، كۈمۈش، نەچ پۇل، تىجارەت ماللىرى، چارۋا ماللىرى، ئاشلىق، مېۋە، كۆكتات، كان بايلىقلىرى ۋە ئاياللارنىڭ ئېھتىياجىدىن تاشقىرى ئالاھىدە قىممەت باھالىق زىننەتلىنىش ئەسۋابلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەمما كىشىنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرى، ئىشلىتىۋاتقان ماشىنىلىرى، ئۆي جىھازلىرى، كىتاب ماتېرىياللىرى، ھۈنەر ئەسۋابلىرى، ئاياللارنىڭ قوللىنىۋاتقان زىننەت ئەسۋابلىرى قاتارلىق ئۆزىنىڭ نورمال ئېھتىياجى ئىچىدىكى مۈلكىگە زاكات كەلمەيدۇ. زاكات — زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن پۇل ـ مالغا ئېگە بولغانغا تولۇق بىر يىل توشقان بولۇش شەرتى بىلەن پەرز بولىدۇ.

2 ـ ئالتۇن، كۈمۈش، نەخ پۇل ۋە تىجارەت ماللىرى ئۈچۈن 2% ـ 5 ى زاكاتقا بېرىلىدۇ. ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلار ئۈچۈن ئەگەر ئۇلار يامغۇر سۈيى بىلەنلا سۇغۇرىلغان بولسا 10%ى، ئەگەر ئادەم كۈچى ۋە تېخنىكىلىق سۇغىرىش ئۇسۇللىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولسا 5%ى، ئەگەر ھەر ئىككىسى، يەنى ھەم يامغۇر ھەم ئادەم كۈچى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولسا % 5-7 ى زاكات بېرىلىدۇ.

3 ـ زىرائەتلەرنىڭ زاكىتى ئۆشرە ـ خىراج دەپ ئاتىلىدۇ. يەر ئاستىدىن تېپىلغان مەدەن بايلىقلىرىدىن 20% يەنى بەشتىن بىرى زاكات بېرىلىدۇ. چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتىغا كەلسەك، قوي بىلەن ئۆچكە سانى 40 قا يەتسە بىر قوي، كالا بەشكە يەتسە بىر قوي زاكات بېرىلىدۇ.

4 ـ مالنىڭ ناچارلىرىنى تاللاپ بېرىلگەن زاكات ئادا تاپمايدۇ. بەلكى نورماللىرىدىن بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

**الشَّيْطَانُ يَعِدُكُمُ الْفَقْرَ وَيَأْمُرُكُم بِالْفَحْشَاء وَاللّهُ يَعِدُكُم مَّغْفِرَةً مِّنْهُ وَفَضْلاً وَاللّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ {268} يُؤتِي الْحِكْمَةَ مَن يَشَاءُ وَمَن يُؤْتَ الْحِكْمَةَ فَقَدْ أُوتِيَ خَيْراً كَثِيراً وَمَا يَذَّكَّرُ إِلاَّ أُوْلُواْ الأَلْبَابِ {269}.**

تەرجىمىسى: شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا (يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە ) بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە ئۆز مەغپىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر(268). ھېكمەتنى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ، ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند-نەسىھەت ئالىدۇ(269).

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى شەيتانلارنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىنىشقا، شۇنداقلا نەپسىي شەيتاننىڭ ئىنساننى بېخىللىققا چاقىرىپ «ئەگەر سەن پۇل - مېلىڭنى زاكات ئۈچۈن بەرسەڭ، پۇل - مېلىڭ كېمىيىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ»، دېگەندەك ۋەسۋەسىلىرىگە ئالدانماسلىققا، ئاللاھنىڭ پۇل - ماللىرىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغۇچىلارغا بەرىكەت، مەغپىرەت ۋە كۆپ ساۋاب ئاتا قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەق ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ئەمەل قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. زاكات بېرىش بىلەن مال - دۇنيا كېمىيىپ كەتمەيدۇ. بەلكى بەرىكەت بىلەن ئۆسىدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ۋە كەرەمى كەڭدۇر.

شەيتانلار ئەزەلدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدۇر. شەيتانلارنىڭ ئاتىسى ئىبلىسمۇ ھىلە - مېكىرلىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئادەمنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان بولسا، ئىبلىسنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان شەيتانلار ئادەم ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلارغا دۈشمەندۇر. ئۇلار ئىنسانلارنى تۈرلۈك ھىلە – مېكىرلىك چارىلىرى بىلەن ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قىلىشنى ۋە ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئەھلى دوزاختىن بولۇشىنى كۆزلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ياخشىلىقلارغا، نىجاتلىققا ۋە جەننەتكە چاقىرىدۇ. ئاللاھ يولىدا ئادا قىلىنغان زاكات، بېرىلگەن سەدىقە ۋە قىلىنغان ياخشىلىقلارنىڭ پايدىسى پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. زاكات پۇل - مالنى پېقىرلارنىڭ ھەقلىرىدىن پاكلاپ ساپلاشتۇرىدۇ، ئۆستۈرىدۇ ۋە گۇناھلارنى يويۇدۇ.

ئىمام بۇخارىي بىلەن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر كۈنى ئىككى پەرىشتە چۈشۈپ بىرى «ئى ئاللاھ!

سىخي ئادەمگە خەير ـ ئېھسان قىلىپ، بەرگىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن»دېسە، يەنە بىرى «ئى ئاللاھ! بېخىلنىڭ مېلىنى ھالاك قىلىۋەتكىن»دەپ دۇئا قىلىدۇ».

ئىبنى مەسئۇد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كۆڭۈلدە شەيتان تەرەپتىن تاشلىنىدىغان بىر خىيال بولغىنىدەك، پەرىشتە تەرىپىدىن بىر خىيال بولىدۇ. شەيتان تاشلىغان خىيال ھەقىقەتنى رەت قىلىشقا ۋە يامانلىققا ئۈندەيدۇ. ئەمما پەرىشتە تاشلىغان خىيال ھەقىقەتنى تونۇشقا ۋە ياخشى ئىشقا ئۈندەيدۇ. بۇنى ھېس قىلغان ئادەم بىلسۇنكى، ئۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىندۇر. ئاۋۋالقىسىنى ھېس قىلغان ئادەم ئاللاھتىن پاناھ تىلىسۇن، چۈنكى بۇ شەيتاندىندۇر.» دېدى، ئاندىن «شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا (بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە ) بۇيرۇيدۇ» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى».

ئاخىرقى ئايەتتە، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ياخشى ئىشلارغا يېتەكچى بولىدىغان پايدىلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ئۈندەيدۇ ۋە بۇنداق ئىلىملەرنى خالىغان بەندىسىگە ــــ يەنى ئاللاھنىڭ ھىدايەت ۋە ئىلىم ـ ھېكمەت ئاتا قىلىشنى سورىغان ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ئىنتىلگەن بەندىسىگە ــــ ئاتا قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ ئايەتتىكى ھېكمەت ــــ ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىم دېمەكتۇر. ياخشى ئىشلارغا يېتەكچى بولىدىغان پايدىلىق ئىلىمنى ھاسىل قىلالىغان ئادەم ھەقىقەتەن كۆپ ياخشىلىققا ئېرىشكەن بولىدۇ. زادى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بىلەن ھاسىل قىلىنغان پايدىلىق ئىلىمدىن ئارتۇق نېمە بولسۇن؟! ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1 ـ نەپسي شەيتان كىشىلەرنى ھەمىشە بېخىللىق قىلىشقا چاقىرىدۇ، ياخشىلىقلاردىن توسۇشقا ئورۇنىدۇ. ئۆز نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىنى يېڭىپ ئەقىل ۋە شەرىئەتنىڭ نىدا ىسىغا قۇلاق سالغان ئادەم نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىدۇر.

2 ـ ئاللاھنىڭ ھىدايىتى ۋە ياخشى ئىشلارغا يېتەكچى بولىدىغان پايدىلىق ئىلىملەرنى ئاتا قىلىشى سورالماستىن ۋە ئىنتىلمەستىن بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ھىدايەت بىلەن پايدىلىق ئىلىم ئەڭ قىممەتلىك نېمەتلەردۇر.

3 ـ مال ـ دۇنيادىن ئىلىم چوڭدۇر. ھازىرقى ئەسىرىمىزدە پۇل ـ مال ئىگىلىرى ئالىملاردىن چوڭ كۆرۈنسىمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئالىملار چوڭدۇر. ئاللاھ ئالىملارنىڭ شەنىنى كۆتۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنى پەيغەمبەرلەر، مەسۇم پەرىشتىلەر ۋە شېھىدلار قاتارىدا

تىلغا ئالغان. بۇ ئايەتتىكى «ئەقىل ئىگىلىرى» دېگەن ئىبارىمۇ ئالىملارغا ئىشارەت قىلىنماقتا. چۈنكى ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ قورالى ئەقىلدۇر.

ئاللاھ يولىدا پۇل سەرپ قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بەزى ھۆكۈملەر

**وَمَا أَنفَقْتُم من نَفَقَةٍ أَوْ نَذَرْتُم من نَذْرٍ فَإِنَّ اللّهَ يَعْلَمُهُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ {270} إِن تُبْدُواْ الصَّدَقَاتِ فَنِعِمَّا هِيَ وَإِن تُخْفُوهَا وَتُؤْتُوهَا الْفُقَرَاء فَهُوَ خَيْرٌ لُّكُمْ وَيُكَفِّرُ عَنكُم من سَيِّئَاتِكُمْ وَاللّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ {271}**

تەرجىمىسى: نېمىنى خەير ــ ئېھسان قىلماڭلار ياكى (ئاللاھنىڭ يولىدا) نېمىنى ۋەدە قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىدۇ. زالىملار (يەنى زاكاتنى مەنئى قىلغۇچىلار ياكى پۇل ــ مېلىنى گۇناھ ئىشلارغا سەرپ قىلغۇچىلار) غا ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ(270). سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار بۇ ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنى مەخپىي بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار تېخىمۇ ياخشىدۇر. بۇ، سىلەرنىڭ بەزى گۇناھلىرىڭلارغا كاپارەت بولىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر(271).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتتە، مۇسۇلمانلارنى ئىسلام پەرزلىرىدىن بولغان زاكات پەرزىنى ئادا قىلىشقا ۋە سەدىقە، خەير ـ ئېھسان نامىلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشقا بۇيرىغان بولسا، بۇ ئايەتتە، كىشىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا نېمىنى سەرپ قىلمىسۇن ۋە قانداق نىيەتتە بەرمىسۇن ئاللاھنىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇكى، كىشىلەر زاكات ۋە سەدىقە ئۈچۈن ماللىرىنىڭ ياخشىلىرىنى بېرەمدۇ ياكى ناچارلىرىنى بېرەمدۇ؟ ئۇنى ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ خالىسانە بېرەمدۇ ياكى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا سېخىيلىق نامىنى ئېلىپ شۆھرەت قازىنىش يولىدا رىيا ئۈچۈن بېرەمدۇ؟ ئاللاھ تائالاغا ھەرگىز پىنھان قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئاللاھ كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدىكىنى بىلىدۇ. ئاللاھ شۇنىڭغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ خالىس نىيەت بىلەن كىشىلەرگە خەير ـ ئېھسان قىلغۇچىلارنىڭ ساۋابتىن بولغان نېسىۋىلىرىنى تولۇق بەرگىنىدەك، پۇل ـ ماللىرىنى رىيا ئۈچۈن سەرپ قىلغان ۋە بەرگەن نەرسىسى ئۈچۈن كىشىلەرگە مىننەت ۋە ئەزىيەت قىلىدىغانلارنىڭ بۇ ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ئاللاھ پەرز قىلغان زاكاتنى بېرىشتىن باش تارتقۇچىلار ياكى ئاللاھنى ئالدىماقچى بولغانلار، يەنى زاكاتقا ماللىرىنىڭ ناچارلىرىنى تاللاپ بەرگۈچىلەر ياكى رىيا ئۈچۈن

بەرگۈچىلەر ياكى بەرگەن نەرسىسى ئۈچۈن كىشىلەرگە مىننەت ۋە ئەزىيەت قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر. مۇنداقلارغا قىيامەت كۈنىدە ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ پايدىسىنى كۆرەلمەيدۇ.

كېيىنكى ئايەتتە بولسا، قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارغا زاكات، سەدىقە، خەير ـ ئېھسان ۋە خالىسانە ياردەم قاتارلىق ياردەم ۋاستىلىرىنى ئادا قىلىشنىڭ ئەدەبلىرىنى ئۆگىتىدۇ. يۇقىرىقىلارنى كىشىلەرگە ئاشكارا بېرىش ياخشىدۇر. خۇسۇسەن زاكاتنى ئاشكارا بېرىشنىڭ ئەۋزەللىكىدە شەك يوق. چۈنكى ئىسلام پەرزلىرىدىن بولغان زاكاتنى ئاشكارا بېرىش ئارقىلىق كىشىلەرگە بۇ ياخشى ئىشتا ئۈلگە بولۇپ، باشقىلارنى ئۇنى ئادا قىلىشقا ئۈندەش ئەۋزەلدۇر. ئەمما، سەدىقە، خەير ـ ئېھسان ۋە خالىسانە ياردەم قاتارلىق ياردەم ۋاستىلىرىنى رىيانىڭ شۈبھىلىرىدىن يىراق بولۇش ۋە ئېھتىياجلىق كىشىلەرنىڭ ئابرۇيلىرىنى قوغداش يۈزىسىدىن بېرىدىغان نەرسىلەرنى مەخپىي ھالدا بېرىش ئەۋزەلدۇر. مۇنداق قىلىش ئالغۇچى ۋە بەرگۈچى ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ياخشىدۇر. ياردەمنى ئالىدىغان ئورۇن بىرەر خەيرىيەت فوندى ياكى مۇئەسسەسە بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ياردەمنى ئاشكارا بېرىش ئەۋزەلدۇر، ھەتتا ئېلان قىلىسمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. چۈنكى مۇنداق قىلىش كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىشلارنى ۋە خەير ـ ساخاۋەتلەرنى قىلىشتا بەسلىشىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ياخشى ئىشلارغا بەسلەشكۈچىلەرنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلاردۇر، ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا باشقىلاردىن ئىلگىرىلەپ كەتكۈچىلەردۇر.»[مۆئمىنۇن سۈرىسى 61 – ئايەت].

ئاللاھ يولىدا قىلىنغان خەير ـ ئېھسانلار ئارقىلىق گۇناھلار يوققا چىقىرىلىدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: «ياخشى ئەمەللەر يامانلىقلارنى يوققا چىقىرىدۇ»دەپ كۆرسەتكەن. زاكات، سەدىقە ۋە خالىسانە ياردەملەر ياخشى ئەمەللەردۇر. بۇ ياخشى ئەمەللەر يۈزىسىدىن خاتالىقلار، گۇناھلار ئۆچۈرۈلىدۇ.

ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلارنى ئېنىق بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ كۆڭۈللەردە يوشۇرۇنغان سىرلارنى بىلگۈچى ۋە شۇنىڭغا قاراپ جازا ياكى مۇكاپات بەرگۈچىدۇر. ئۇنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇشتىن ھەزەر قىلىڭلار. چۈنكى كۆڭۈللەردىكى رىيا ۋە قىلغان ئىشىدا ئاللاھ رازىلىقىدىن باشقىسىنى كۆزلەش قاتارلىقلار قەلبتىكى ئىشلار بولۇپ، قەلبتىكىلەرنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

## يذقعرعقع ظايةتلةرنعث مذهعم نوقتعلعرع

1 ـ ئاللاھ بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى، ھەتتا كۆڭۈللىرىدە ئويلىغانلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ ھەركىمنىڭ نىيىتىگە ۋە ئەمەلىگە قاراپ ساۋاب ياكى جازا بېرىدۇ. 2 ـ

پۇل ـ مالغا ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە خەير ـ ئېھسان قىلىشنىڭ ساۋابى چوڭدۇر. ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلغۇچىلار بۇ ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

3 ـ ئاللاھ بۇيرىغان زاكاتنى بەرمىگۈچىلەر ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلادۇر.

4 ـ زاكاتنى ئاشكارا بېرىش مەخپىي بەرگەندىن ئەۋزەلدۇر. ئەمما خەير – ئېھسان ۋە سەدىقىلەرنى باشقىلارغا كۆرسەتمەستىن مەخپىي ھالدا بېرىش ئەۋزەلدۇر. مەخپىي ھالدا قىلىنغان خەير ـ ئېھساننىڭ ساۋابى كۆپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە، قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشەتلىك ئىسسىقىدىن ئەرشنىڭ سايىسىدا سايىداش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدىغان يەتتە خىل ئادەمنىڭ بىرىنى «خەير ـ ئېھسانىنى مەخپىي قىلىدىغان، ھەتتا ئوڭ قولى بىلەن بەرگەن نەرسىنى سول قولى بىلمەيدىغان ئادەم» دەپ تەرىپلىگەن.

## سەدىقىنىڭ كىملەرگە بېرىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق بەزى مەسىلىلەر

**لَيْسَ عَلَيْكَ هُدَاهُمْ وَلَـكِنَّ اللّهَ يَهْدِي مَن يَشَاءُ وَمَا تُنفِقُواْ مِنْ خَيْرٍ فَلأنفُسِكُمْ وَمَا تُنفِقُونَ إِلاَّ ابْتِغَاء وَجْهِ اللّهِ وَمَا تُنفِقُواْ مِنْ خَيْرٍ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنتُمْ لاَ تُظْلَمُونَ {272} لِلْفُقَرَاء الَّذِينَ أُحصِرُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ لاَ يَسْتَطِيعُونَ ضَرْباً فِي الأَرْضِ يَحْسَبُهُمُ الْجَاهِلُ أَغْنِيَاء مِنَ التَّعَفُّفِ تَعْرِفُهُم بِسِيمَاهُمْ لاَ يَسْأَلُونَ النَّاسَ إِلْحَافاً وَمَا تُنفِقُواْ مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ اللّهَ بِهِ عَلِيمٌ {273} الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُم بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ سِرّاً وَعَلاَنِيَةً فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ {274}.**

تەرجىمىسى: (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس. لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ. مىلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، ئۇ ئۆزەڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، سىلەر پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير ـ ئېھسان قىلىسىلەر (يەنى خەير – ئېھسانىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزدە تۇتماڭلار). مىلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ياخشى ئەمەلىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)(272). ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان، (تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير ـ ئېھسان قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ. مىلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر(273). ماللىرىنى كېچە – كۈندۈز (يەنى ھەممە ۋاقىت)، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا

يوسۇندا خەير ـ ئېھسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ(274).

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يوقىرىدا ئۆتكەن ئايەتتە، سەدىقە ۋە خەير ـ ئېھسانلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرىغا بېرىشكە بولغىنىدەك، مۇسۇلمان ئەمەس پېقىرلارغىمۇ بېرىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسا، بۇ ئايەتتە يەنە شۇ مەسىلىنى تەكىتلەيدۇ ۋە مۇسۇلمان ئەمەس ئېھتىياج ئىگىلىرىنى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولمىغانلىقى سەۋەبلىك سەدىقىدىن ۋە خەير ـ ئېھسانلاردىن مەھرۇم قىلماسلىق، بەلكى زاكاتتىن باشقا ئىنسانىي ياردەملەرنى ۋە ياخشىلىقلارنى كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن ھېسابلاشماستىن قىلىشقا چاقىرىدۇ. شۇنداقلا مۇسۇلمان بولمىغانلارنى ھىدايەت قىلىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەسلىكى، بەلكى ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈش ئىكەنلىكىنى ۋە ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭلا قولىدا ئىكەنلىكىنى ئۇچۇقلايدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدىكى ھەدىسلەرمۇ بۇ مەنىنى ئىپادىلىمەكتە. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە بىزنى پەقەت مۇسۇلمانلاردىن بولغان پېقىرلارغىلا سەدىقە بېرىش ۋە خەير ـ ئېھسان قىلىشقا بۇيرىغانىدى. بۇ ئايەت چۈشكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى غەيرى مۇسۇلمانلاردىن بولغان پېقىرلارنىمۇ خەير ئېھساندا ئايرىماسلىققا بۇيرىدى. شۇندىن بېرى ئايرىمايدىغان بولدۇق» دېيىلگەن. شۇنداقتىمۇ، سەدىقە ۋە باشقا ياردەملەرنى ئەڭ ئاۋۋال مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئېھتىياج ئىگىلىرىگە بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە ئەۋزەللىكىدە ھېچ شەك يوقتۇر.

غەيرى مۇسۇلمانلارغا خەير ـ ئېھسان ۋە ياخشىلىق قىلىشتىن مەقسەت، بىر تەرەپتىن ئۇلار بىلەن بولغان ئىنسانىي قېرىنداشلىق يۈزىسىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئىسلام دىنىغا مايىل قىلىش، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشلىرىغا ۋاستە بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما غەيرى مۇسۇلمانلارغا خەير ـ ئېھسان قىلىشنىڭ ئاساسلىق غايىسى ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشلىرى بولماستىن، بەلكى ئۇ ئۆزىمىزنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر» دەپ كۆرسەتكەن.

توغرا، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغاننىڭ پايدىسى ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر. ئۇ بىزگە ئاخىرەتتە ئەسقېتىشتىن بۇرۇن مۇشۇ دۇنيادىلا ئەسقاتىدۇ. كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە پېقىرلارغا خەير ـ ئېھسان قىلىشنىڭ كۆڭۈللەرنى ئۆزىگە مايىل قىلىشتا، دۈشمەنلىك، ئاداۋەت،

كۆرەلمەسلىك قاتارلىق يامانلىقلاردىن ساقلىنىشتا قانچىلىك ئەھمىيەتلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىمۇ تولۇق بېرىلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئايرىمچىلىقلىرى بىلەن ھېسابلاشماستىن قانداقلا پېقىر بولمىسۇن، ئۇنىڭغا ياردەم ۋە خەير ـ ئېھسان قىلىشنىڭ لازىملىقىدا شەك يوق. ئەمما خەير ـ ئېھسان ۋە سەدىقىگە ھەممىدىن بەك ھەقلىق بولغان پېقىرلارنىڭ سۈپەتلىرىنى قۇرئان كەرىم مۇنداق بايان قىلىدۇ:

1 ـ ئۆزلىرىنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ئاتىۋەتكەنلىكتىن تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئىشلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگەشكەندىن كېيىن، مەككىدىكى بارلىق مال ـ مۈلكىنى، ئۆي ـ جايلىرىنى تەرك ئېتىپ رەسۇلۇللاھ بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرىدۇر. ئۇلار جىھاد ئانلىرىدا جىھاد مەيدانلىرىدا بولاتتى. باشقا ۋاقىتلاردا بولسا، دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەنلا مەشغۇل بولاتتى. ئۇلار «ئەسھابۇسسۇففە»يەنى جىھادتىن باشقا ۋاقىتلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھويلىسىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىنىدىغانلار، دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ ياتىدىغان باشقا جايلىرى يوق ئىدى. ئۇلار يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى كۆپرەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدىن ۋە باشقا ساھابىلارنىڭمۇ ئۆيلىرىدىن يەيتتى. بۇ ئايەت شۇلار توغرۇلۇق چۈشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ 400 گە يېقىن كىشى ئىدى.

2 ـ جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلىقى ياكى ياشىنىپ قالغانلىقى سەۋەبتىن ئىشلەشكە قادىر بولالمىغانلار.

3 ـ ئۆزلىرىنىڭ نومۇسچانلىقىدىن پېقىرلىقى ۋە ياردەمگە شۇنچىلىك زور ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە بىلىندۈرمەيدىغان، ھەتتا كىشىلەر ئۇلارنى باي دەپ ئويلايدىغان كىشىلەر.

4 ـ كىشىلەردىن ھەرگىز بىر نەرسە سورىمايدىغان، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنىمۇ چاندۇرمايدىغان پېقىر كىشىلەر.

5 ـ كىيىملىرىنىڭ كونىلىقتىن يىرتىلىپ كەتكەنلىكى، ئۆزىنىڭ يوقسۇللۇقتىن ئۇرۇقلاپ سارغىيىپ قالغانلىقىغا ئوخشاش ئالامەتلىرى بىلەن پېقىرلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان كىشىلەر.

ئـاللاھ تائـالا زاكـات ۋە سەدىقىگـە ھـەقىقىي ئېھتىيـاجلىق ۋە ھـەقلىق بولغانلارنىـڭ سۆيـەتلىرىنى بايـان قىلغانـدىن كېـيىن، مۇسـۇلمانلارنىڭ ياخشـىلىق يوللىرىغـا خـەير - ئېھساندىن قانچىلىـك قىلىدىكـەن، شـۇنىڭغا لايـىق مۇكاپاتىنى چوقـۇم كۆرىـدىغانلىقىنى ئـېلان قىلىــدۇ. مـەيلى ئـاز بولسـۇن، مـەيلى كـۆپ بولسـۇن ئـاللاھ رازىلىقىنــى كۆزلـەپ ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە خەير - ئېھسان قىلغان ئادەم قىلغان بۇ ياخشـىلىقىنىڭ ساۋابىنى تولۇق كۆرىدۇ.

ئاخىرقى ئايەت، سەدىقىنىڭ ۋاقتى ۋە كەيپىيتى بەلگىلەنمىگەن ئىبادەت بولۇپ، ئۇنى قانـداق ۋاقىتتـا ۋە قانچىلىـك قىلىـش خـەير - ئېھسـان قىلغـۇچىلارنىڭ ئىختىيارىـدا ئىكەنلىكىنى، ئاشكارا بولسۇن، مەيلى يوشۇرۇن بولسۇن، كۈنـدۈزى بولسۇن يـاكى كېچـىدە بولسۇن قايسىلا ۋاقىتتا ئاللاھ يولىدا كىشىلەرگە خەير - ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللاھ بىلـىپ تۇرىـدىغانلىقى، شـۇنداقلا، ئـۇلارغا تېگىشـلىك مۇكاپـاتىنى تولـۇق بېرىـدىغانلىقىنى بايـان قىلىـدۇ. ھەقىقەتـەن ئـاللاھ يولـىدا پـۇل – مال سـەرپ قىلغۇچىلارغا ئاخىرەتتـە غـەم - قايغـۇ بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيـادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىـدىن مەمنۇن بولغـان ھالـدا، ياخشى ھايات كەچۈرىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 - سـەدىقىنى غـەيرى مۇسـۇلمانلارنىڭ پـېقىرلىرىغىمۇ بېـرىش جائىزدۇر. ئـەمما زاكـاتنى ئۇلارغا بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى زاكات مۇسۇلمان پېقىرلىرىنىڭ ھەققىدۇر.

2 - ئاللاھ يولـىدا خـەير - ئېھسان قىلغـۇچىلارنىڭ ئـەجرى ئـۇلارنىڭ ئۆزىگـە قايتۇرۇلـىدۇ. ئۇلار قىلغان ياخشى ئەمەللىرىدىن مەمنۇن بولغۇچىلاردۇر.

3 - سـەدىقە بېرىشـتىمۇ ئىخـلاس ۋە تـوغرا نىيـەت تەلـەپ قىلىنىـدۇ. سـەدىقىنى ئـاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بېرىش ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھتىنلا كۈتۈش كېرەك.

4 - پۇل - مالغا جىـددىي ئېھتىيـاجلىق بولغانلارنىـڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۇلارغا بېرىلگـەن سەدىقە ۋە ياردەمنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى دەرىجىسى ۋە ساۋابى بىرخىل بولمايـدۇ. ئـەڭ ئېغىـر ئىقتىسـادىي كىرىزىسـتا قالغـان كىشـىگە قىلىنغـان جىـددىي ياردەمنىـڭ سـاۋابى ناھـايىتى چوڭـدۇر. پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام بىـر ھەدىسـىدە: «بىـرەر مۇسـۇلماننى بىـر قىيىنچىلىقـتىن چىقارغـان ئـادەمنى ئـاللاھ تائـالا قىيامـەت كۈنىنىـڭ قىيىنچىلىقلىرىـدىن بولغان بىر قىيىنچىلىقتىن چىقىرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

5 ـ قاتتىق پېقىرلىقتا بولسىمۇ كىشىلەردىن نەرسە سورىمايدىغان نومۇسچان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ دەرگاھىدىكى ئورنى چوڭدۇر. ياردەمنى شۇندىقلارغا قىلىش ئەڭ ئەۋزەلدۇر.

6 ـ سەدىقە ۋە خالىسانە ياردەمنىڭ بەلگىلەنگەن مەلۇم ۋاقتى ۋە كەيپىيىتى بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ قايسىلا ۋاقىتتا  ۋە قانچىلىك بەرسە بولىدۇ. ئەمما زاكات يىلدا بىر قېتىم بېرىلىدۇ.

جازانە ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بولغان خەتىرى

**الذِينَ يَأكُلُونَ الرِبَا لاَ يَقُومُونَ إِلا كَمَا يَقُومُ الذِي يَتَخَبطُهُ الشيْطَانُ مِنَ الْمَس ذَلِكَ بِأنهُمْ قَالُواْ إِنمَا الْبَيْعُ مِثْلُ الرِبَا وَأحَل اللّهُ الْبَيْعَ وَحَرمَ الرِبَا فَمَن جَاءهُ مَوْعِظَةٌ من ربهِ فَانتَهَىَ فَلَهُ مَا سَلَفَ وَأمْرُهُ إِلَى اللّهِ وَمَنْ عَادَ فَأُوْلَـئِكَ أصْحَابُ النارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ {275} يَمْحَقُ اللّهُ الْرِبَا وَيُرْبِي الصدَقَاتِ وَاللّهُ لاَ يُحِب كُل كَفارٍ أثِيمٍ {276} إِن الذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصالِحَاتِ وَأقَامُواْ الصلاَةَ وَآتَوُاْ الزكَاةَ لَهُمْ أجْرُهُمْ عِندَ رَبهِمْ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ {277}.**

تەرجىمىسى: جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشنى ھالال بىلىپ «سودا ـ سېتىق، جازانىگە ئوخشاش (جازانە نېمىشقا ھارام بولىدۇ؟)» دېدى. ئاللاھ سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى ھارام قىلدى. كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز ـ نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن (يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن) ئۇنىڭدىن يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ (يەنى ئاللاھ خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ). قايتا جازانە قىلغانلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ(275). ئاللاھ جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى ) ئۈچۈرۈۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ. ئاللاھ ھەر بىر ناشۈكۈر گۇناھكارنى دوست تۇتمايدۇ(276). ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ناماز ئوقۇغان ۋە زاكات بەرگەن كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (چوڭ) ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ(277).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، ئۆسۈم يېيىشنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىنى بايان قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۆسۈم يىگۈچىلەر ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ناھەق يېۋالغۇچىلار قىيامەت كۈنىدە، جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭلاردەك ئەس ـ ھۇشىنى يوقاتقان، قورقۇنچتىن ۋارقىرىغان ھالدا قوپىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ ھارام قىلغان

ئۆسۈمنى يېگەننىڭ ئۆستىگە، ئۇنى سودا ـ سېتىقتا ئۇخشاش ھالال سانىغۇچىلاردۇر. ئۆسۈم بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنى قەتئىي ھارام قىلىپ چەكلىدى.

ئاللاھ ھارام قىلغاننى ھالال سانىغان ۋە ئاللاھ ھالال قىلغاننى ھارام قىلغانلارنىڭ جازاسى يېنىپ تۇرغان دەھشەتلىك دوزاخ ئوتى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى ۋە جازاننى ھارام قىلدى. جازانە سودا سېتىقتا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. جازانىدىكى بەدەلسىز ئۆسۈم سەۋەبلىك جازانە ھارام قىلىنغان. ئۆسۈمسىز قەرز بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرسە، ئۆسۈم بىلەن قەرز بېرىش ۋە ئېلىش قەتئىي ھارامدۇر. بۇنىڭدا ئۆسۈمنى ئالغۇچى ۋە بەرگۈچى ھەر ئىككىسى گۇناھكار بولىدۇ. ئۆسۈمنىڭ ھاراملىقى ۋە ئۇنى يېگەننىڭ گۇناھىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكى توغۇرلۇق نازىل بولغان باشقىمۇ ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەر كۆپتۇر.

ئۆسۈمنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان ئايەت بولغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، ئۆسۈمدىن قول ئۈزگەن ئادەمنىڭ بۇرۇن ئالغان ئۆسۈملىرى قايتۇرۇپ ئېلىنمايدۇ. بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ. قىيامەت كۈنىدە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھەقىقىي تەۋبە قىلغان ياكى ئالدامچىلىق قىلغانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئەمما ئۆسۈمنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان ئوچۇق ئايەت چۈشكەندىن كېيىنمۇ، ئۆسۈمنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قول ئۈزەلمىگەنلەر يەنى ئۇنى سودا ـ سېتىق قاتارىدا كۆرۈپ جازانە قىلغۇچىلار ھەقىقەتتىن تولىمۇ ئۇزاقلاشقان ئازغۇنلاردۇر. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر، چۈنكى ئاللاھ ھارام قىلغاننى ھالال ساناپ، ئۇنى ھالال ئورنىدا ئىستېمال قىلغان ئادەم كاپىر بولغان بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قېلىش بىلەن جازالىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئادالىتى بويىچە، جازانىنىڭ بەرىكىتىنى ئۆچۈرىۋېتىدۇ، ئۇ ئۆز پەزلى بىلەن سەدىقىنىڭ بەرىكىتىنى زىيادە قىلىدۇ. جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلغانلار ۋاقىتلىق بېيىغاندەك كۆرۈنسىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھەممىدىن ئايرىلىپ بىر كۈندىلا پېقىرلاردىن بولۇپ قالغانلىقى ۋە نۇرغۇنلىرىنىڭ قاتمۇ قات قەرز تۆپەيلى ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى كۆنىمىزدىكى رەھىمسىز ئۆسۈمنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان پالاكىتى ۋە ئاللاھنىڭ جازاسى ئەمەسمۇ؟

ئاللاھ تائالا زاكات ۋە سەدىقىنىڭ ئورنىنى ئۆزى تولدۇرۇپ بېرىپ، ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغۇچىلارنى ئۆز پەزلى ۋە بەرىكىتى بىلەن قورشايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «زاكات بېرىش بىلەن مال كېمىيىپ كەتمەيدۇ» دەپ

كۆرسەتكەن. كىشىلەرگە خەير - ئېھسان قىلغۇچىلار ئاللاھ ۋە كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر كىشىلەردۇر.

گۇناھكارلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازانى بايان قىلغاندىن كېيىن، ياخشىلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان مۇكاپاتلىرىنى بايان قىلىش قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبلىرىدىن بىرىدۇر. قۇرئان كەرىم، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان، شۇ ئىمانىنى ھەقلىقتا چىقىرىش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ناماز ئوقۇغان ۋە زاكات بەرگەن كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان مۇكاپاتلىرى تولۇق ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. ئۇلارغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق قورقۇنچ ياكى غەم - قايغۇ يوقتۇر. بەلكى ئۇلار بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىدىن مەمنۇن بولغۇچى ۋە ئەمەللىرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرگۈچىلەردۇر.

## ئۆسۈمنى ھارام قىلىشتىكى ھېكمەت

ئىسلام دىنى مۇھەببەت، شەپقەت، كۆيۈنۈش، ھېسداشلىق قىلىش، بىر – بىرىگە ياردەم قىلىش، ياخشىلىق قىلىش دىنىدۇر. ئاللاھ ئۈچۈن بولغان دىنىي قېرىنداشلىق ۋە ئىنسانىي بۇرادەرلىك ۋايىغا يەتكەن دىن مۇشۇ ئىسلام دىنىدۇر. بۇدىن ئىنسانىي ئادىمگەرچىلىكنى قانۇنلارنىڭ ئورنىغا قويۇش ۋە ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىقنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىندۇر. شۇڭا كۈچلۈكنىڭ ئاجىزنى يۆلىشىنى، باينىڭ پېقىرغا ياردەم قىلىشىنى بۇيرىدى. ئۆسۈمنى، كىشىلەرگە ئازار بېرىشنى ۋە كىشىلەرنىڭ موھتاجلىقىنى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن سۈيئىستېمال قىلىشنى ۋە پۇرسەتپەرەسلىك قىلىشنى قەتئىي مەنئى قىلدى.

ئاللاھ تائالا ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان خەلق پۇللىرىنى مال باھاسىنى بېكىتىش ئۈچۈن ياراتقاندۇر. ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ياراتقان ئەمەس. چۈنكى مۇنداق قىلغاندا بايلىق بىر ئوچۇم كىشىلەرنىڭلا قولىدا توپلىنىپ قالغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن جەمئىيەت ۋە پۇقرالارغا كېلىدىغان زىيان مۆلچەرلىگۈسىزدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جازانىنىڭ ھاراملىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە، بۇغداينى بۇغدايغا، ئارپىنى ئارپىغا، خورمىنى خورمىغا، تۇزنى تۇزغا ئوخشاش مىقداردا نەقمۇ نەق ئالماشتۇرسا بولىدۇ. كىمكى زىيادە قىلىۋالدىكەن ياكى ئارتۇقنى تەلەپ قىلىدىكەن، ئۇ جازانە قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭدا ئالغۇچى ۋە بەرگۈچى ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا گۇناھكار بولىدۇ». يەنە بىر ھەدىستە: «تۈرلەر ئوخشاش بولمىغاندا، ئۇلارنى خالىغانچە سېتىڭلار، ئەمما نەقمۇ نەق بولسۇن» دېگەن.

يوقىرىدا بايان قىلىنغان ئاساسلىق يېمەكلىكلەردە ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئادىمگەرچىلىكنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانلار ئارا يېقىنلىق رىشتىسى ئۈزۈلىدۇ، كۆڭۈللەردە كۆرەلمەسلىك، ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك ۋە بۇلاردىن باشقا ئىنسانلارنى بىر - بىرىگە ئاچ قالغان بۆرىلەردەك مۇئامىلە قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى پەيدا بولىدۇ. ھەرقىسم پۇرسەتپەرەسلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان، ئۆزىنىڭ دىنىي ياكى ئىنسانىي قېرىنداشلىقى ئۈچۈن تۇزاق كولايدىغان بولۇپ كېتىدۇ. بۇ چوڭ ھالاكەتتۇر.

سىز باشقىلارنىڭ مال – مۈلكىنى ھەقسىزلىك بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ قىلىۋېلىشىنى قانداقمۇ راۋا كۆرىسىز؟ بۇ زۇلۇمنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ جازانىخورلۇق ئومۇملاشقان مىللەتتە پېقىرلىق ئومۇملىشىدۇ، ھەر خىل ئاپەتلەر كېلىدۇ. مانا بۇ، يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىكلىرىدىندۇركى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدا جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىشىشنى راۋا كۆرمەيدۇ، ئەمما باشقا مىللەتلەر بىلەن شۇنداق قىلىشنى جائىز سانايدۇ. ئەمما ئىسلام شەرىئىتى دىنى، رەڭگى، تىلى ۋە مىللىتى قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر ھېچكىمگە ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى راۋا كۆرمىدى.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى:

1 - ئاللاھ ھارام قىلغاننى ھالال سانىغۇچىلار مۇسۇلمانلىقتىن چىققۇچىلاردۇر. جازانىنى سودا - سېتىققا ئوخشاش كۆرگۈچىلەر ۋە ئۆسۈمنى يوللۇق سانىغۇچىلار ھارامنى ھالال قىلىۋالغۇچىلاردۇر.

2 - ئۆسۈم يېگەنىنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ئۆسۈم يىگۈچىلەر قىيامەت كۈنىدە ئەس - ھۇشىنى يوقاتقان ھالدا قوپىدۇ. جازانە ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى قەرز بېرىلگەن پۇل - مالنى ۋاقتىدا تاپشۇرالمىغانلىق ۋە تاپشۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتقانلىق سەۋەبلىك قەرز پۇلغا قوشۇلىدىغان بەدەلسىز پۇلدۇر. ئىككىنچىسى، قەرز بەرگەن ۋاقىتتا ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇشقا ئىتتىپاقلاشقان بەدەلسىز پۇلدۇر. جازانىنىڭ ھەر ئىككى تۈرى قۇرئاننىڭ كەسكىن ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن قەتئىي ھارامدۇر.

3 - بىلمەستىن جازانە قىلغان بولسىمۇ، گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا قايتقان ئادەمنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

4 - ئاللاھ يولىدا قىلىنغان خەير - ئېھساننىڭ بەرىكىتى ۋە ساۋابى كۆپتۇر. ئۆسۈمنىڭ بەرىكىتى ئۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلغان ئادەمنىڭ ئىشى ئالدىغا باسمايدۇ.

5 ـ ئاللاھنىڭ ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىغا لايىق ھالدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن قىلغان ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشقۇچىدۇر.

## جازانە توغرۇلۇق بەزى ھۆكۈملەر

**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ وَذَرُواْ مَا بَقِيَ مِنَ الرِّبَا إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ {278} فَإِن لَّمْ تَفْعَلُواْ فَأْذَنُواْ بِحَرْبٍ مِّنَ اللّهِ وَرَسُولِهِ وَإِن تُبْتُمْ فَلَكُمْ رُؤُوسُ أَمْوَالِكُمْ لاَ تَظْلِمُونَ وَلاَ تُظْلَمُونَ {279} وَإِن كَانَ ذُو عُسْرَةٍ فَنَظِرَةٌ إِلَى مَيْسَرَةٍ وَأَن تَصَدَّقُواْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ {280} وَاتَّقُواْ يَوْماً تُرْجَعُونَ فِيهِ إِلَى اللّهِ ثُمَّ تُوَفَّى كُلُّ نَفْسٍ مَّا كَسَبَتْ وَهُمْ لاَ يُظْلَمُونَ {281}**

تەرجىمىسى: ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھ(نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار(278). ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار بىلىڭلاركى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ، ئەگەر (جازانە قىلىشتىن) تەۋبە قىلساڭلار، (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزەڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزەڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر(279). ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار، ئەگەر (خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر(280). سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ.(281).

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتتە، ئۆسۈم يېيىش ۋە بېرىشنىڭ قەتئىي ھاراملىقىنى، ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچىلارنىڭ قاتتىق گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتتە، مۇسۇلمانلارنى تەقۋالىققا، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن ھەزەر قىلىشقا چاقىرىدۇ ۋە جازانىدىن قېلىپ قالغان مۇئامىلىلەرنى تەرك ئېتىپ، ئۇنىڭدىن قەتئىي قول ئۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى ئىماننىڭ تەقەززاسى ئاللاھ بۇيرىغانلارنى بەجا كەلتۈرۈش ۋە ئۇ مەنئىي قىلغان ئىشلاردىن يېنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالاغا ئىمانىم بار دېگەن مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئاللاھ ھارام قىلغان جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئىشىنى قەتئىي تاشلىشى شەرتتۇر. جازانىنىڭ قەتئىي ھارام ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئايەت چۈشكەندىن كېيىنمۇ يەنە جازانىنى تەرك ئەتمىگۈچىلەرنى ئاللاھ تائالا قاتتىق

ئاگاھلاندۇرغان ۋە بۇنداقلارغا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇرۇش ئېلان قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

ئاندىن ئاللاھ تائالا بۇرۇن جازانە مۇئامىلىسى قىلغانلارنىڭ بۇ پالاكەتتىن قانداق قۇتۇلۇشى ۋە قانداق يوسۇندا تەۋبە قىلىپ، توغرا يولغا قايتىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ دەيدۇكى، ئەگەر سىلەر بۇرۇن قىلغان جازانە مۇئامىلىلىرىڭلارغا خاتىمە بېرىپ، ھەقىقىي تەۋبە قىلساڭلار سىلەرنىڭ سەرمايەڭلار ئۆزۈڭلارغا قايتۇرۇلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ، سىلەرمۇ قەرز ئالغان كىشىلەردىن ئۆسۈم ئالماي زۇلۇم قىلمايسىلەر. بەلكى ئۇنى كەچۈرۈم قىلسىلەر. شۇنىڭ بىلەن سىلەرمۇ ئۇلارمۇ زىيانغا ئۇچرىمىغان بولىسىلەر. سىلەردىن قەرز ئالغانلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئېغىر بولۇپ، دەرھال سىلەرگە سەرمايەڭلارنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدىغان شارائىتتا بولسا، ئۇنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغىچىلىك كۈتۈڭلار. ئەگەر خالىساڭلار ئۇلاردىكى قەرزىڭلاردىن شۇنداقلا ئۆتىۋەتسەڭلار بۇ ئەڭ ياخشىدۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ بۇرۇن قىلغان جازانىلىرىڭلارنىڭ گۇناھىنى تازىلايدۇ، پۇل ـ مېلىڭلارنى ئۆسۈمنىڭ كىرلىرىدىن پاكلايدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە، بەندىلىرىنى قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇ كۈندىكى ئىنچىكە ھېساب ئېلىش ئىشى ئاللاھنىڭ قولىدا بولىدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇدۇنيادا قىلغان ياخشى ـ يامان قىلمىشلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرىدۇ. ياخشى ئىش قىلغانلار مۇكاپاتىنى تولۇق ئالغاندەك، يامان ئىش قىلغانلار، ئۆسۈم يېگەنلەر، ھارامنى ھالال ئورنىدا قوللانغانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ جازاسىنى تولۇق كۆرىدۇ.

بۇ دۇنيانىڭ بارچە لەززەتلىرى، مەنپەئەتلىرى، مەشغۇلاتلىرى ۋە بايلىقلىرىدىن ئايرىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىدىغان كۈن — قىيامەت كۈنى — دىن قورقۇڭلاركى، بۇ كۈندە ھەر كىمنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ۋە يامان پۈتۈن ئەمەللىرى ئادالەت تارازىسىغا قويۇلىدۇ، ئۇ كۈندە ھېچكىمنىڭ ساۋابى ئازايتىلمايدۇ ياكى گۇناھى كۆپەيتىلمەيدۇ، ئۇنىڭغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

قۇرئان كەرىمدىكى بۇ ئايەت بەقەرە سۈرىسىنىڭ 280 ـ ئايىتى بولۇپ، ئۇ قۇرئان كەرىمدىن ئەڭ ئاخىرى چۈشكەن ئايەت ھېسابلىنىدۇ.

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 ـ بارلىق گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ۋە ھارام بىلەن قىلىنغان مۇئامىلىلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىش زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنى بەكمۇ ياقتۇرىدۇ.

2 ـ هارامنى تەرك ئەتمەسلىكتە چىڭ تۇرغۇچىلار ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئاللاھ بىلەن قارشىلاشقانلىق سانىلىدۇ.

3 ـ جازانە ئىشلىرىدىن تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقۇچىلار كىشىلەردە قالغان ئۆسۈملىرىنى ئالمىسا، ئەگەر خالىسا قەرزلىرىنىمۇ شۇنداقلا كەچۈرۈم قىلىۋەتسە، ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى هارام مۇئامىلىلىرىنىڭ گۇناھىدىن پاكلىنىدۇ، كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدۇ ۋە ماللىرى هارامدىن تازىلانغان بولىدۇ.

4 ـ ئاخىرەت هاياتى ئۈچۈن ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن تەييارلىق كۆرۈش زۆرۈردۇر.

قەرز ئايىتى ۋە قەرز مەسىلىسىنىڭ تەپسىلي بايانى

**يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُواْ إِذَا تَدَايَنتُم بِدَيْنٍ إِلَى أَجَلٍ مسَمى فَاكْتُبُوهُ وَلْيَكْتُب بيْنَكُمْ كَاتِبٌ بِالْعَدْلِ وَلاَ يَأْبَ كَاتِبٌ أَنْ يَكْتُبَ كَمَا عَلمَهُ اللّهُ فَلْيَكْتُبْ وَلْيُمْلِلِ الذِي عَلَيْهِ الْحَق وَلْيَتقِ اللّهَ رَبهُ وَلاَ يَبْخَسْ مِنْهُ شَيْئاً فَإن كَانَ الذِي عَلَيْهِ الْحَق سَفِيهاً أَوْ ضَعِيفاً أَوْ لاَ يَسْتَطِيعُ أَن يُمِل هُوَ فَلْيُمْلِلْ وَلِيهُ بِالْعَدْلِ وَاسْتَشْهِدُواْ شَهِيدَيْنِ من رجَالِكُمْ فَإِن لمْ يَكُونَا رَجُلَيْنِ فَرَجُلٌ وَامْرَأَتَانِ مِمن تَرْضَوْنَ مِنَ الشهَدَاء أَن تَضِل إْحْدَاهُمَا فَتُذَكرَ إِحْدَاهُمَا الأُخْرَى وَلاَ يَأْبَ الشهَدَاء إِذَا مَا دُعُواْ وَلاَ تَسْأَمُوْاْ أَن تَكْتُبُوْهُ صَغِيراً أَو كَبِيراً إِلَى أَجَلِهِ ذَلِكُمْ أَقْسَطُ عِندَ اللّهِ وَأَقْوَمُ لِلشهَادَةِ وَأَدْنَى أَلا تَرْتَابُواْ إِلا أَن تَكُونَ تِجَارَةً حَاضِرَةً تُدِيرُونَهَا بَيْنَكُمْ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَلا تَكْتُبُوهَا وَأَشْهِدُوْاْ إِذَا تَبَايَعْتُمْ وَلاَ يُضَآر كَاتِبٌ وَلاَ شَهِيدٌ وَإِن تَفْعَلُواْ فَإِنهُ فُسُوقٌ بِكُمْ وَاتقُواْ اللّهَ وَيُعَلمُكُمُ اللّهُ وَاللّهُ بِكُل شَيْءٍ عَلِيمٌ {282}.**

تەرجىمىسى: ئى مۆمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆز ئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار، ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان كىشى ئۇنى (كەم ـ زىيادە قىلماي) ئادىللىق بىلەن يازسۇن، خەت بىلىدىغان كىشى ئاللاھ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەندەك توغرىلىق بىلەن يېزىشنى رەت قىلمىسۇن، ئۇ يازسۇن، زىممىسىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بولغان ئادەم (يازدىغان كىشىگە) ئېيتىپ بەرسۇن (قەرزدار) پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن قورقسۇن، قەرز ئالغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى كېمەيتىۋەتمىسۇن، ئەگەر قەرز ئالغۇچى ئادەم ئەخمەق (يەنى خۇدبىن، ئەقىلسىز، ئىسراپخور) ياكى ئاجىز (يەنى كىچىك بالا ياكى بەكمۇ قېرى) بولسا، ياكى (گەپ قىلالماسلىقى، گاچىلىقى، كېكەچلىكى تۈپەيلىدىن) ئۆزى ئېيتىپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئادەم ئادىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرسۇن، سىلەر ئەر كىشىڭلاردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار؛ ئەگەر ئىككى ئەركىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالىتىگە، دىيانىتىگە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ. گۇۋاھچىلار (گۇۋاھلىققا) چاقىرىلغان ۋاقىتدا (گۇۋاھ بولۇشتىن) باش

تارتمىسۇن. قەرز مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن، ئۇنى قايتۇرۇش ۋاقتى بىلەن قوشۇپ يېزىشتىن ئېرىنمەڭلار. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە بۇ ئەڭ ئادىللىق ۋە ئەڭ ئىسپاتلىقتۇر (يەنى گۇۋاھلىقنىڭ ئۇنتۇلماسلىقنى ئەڭ ئىسپاتلىغۇچىدۇر)، گۇمانلانماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر. لېكىن ئاراڭلاردا قىلىشقان قولمۇ قول سودىدا ھۆججەت يازمىساڭلارمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۆزئارا سودا قىلىشقان ۋاقىتىڭلاردا گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىڭلار، پۈتۈكچىگىمۇ گۇۋاھچىغىمۇ زىيان يەتكۈزۈلمىسۇن؛ ئەگەر زىيان يەتكۈزسەڭلار گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىسىلەر، ئاللاھنىڭ (ئەمرىگە ۋە مەنئىسىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئۆگىتىدۇ (يەنى سىلەرگە ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىلىمنى بېرىدۇ)، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر(282).

## يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا يوقىرىدا ئۆتكەن ئايەتلەردە، ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى زاكات پەرزىنى ۋە سەدىقىدىن ئىبارەت ئىختىيارى خەير ـ ئېھساننى ئورۇنلاشقا چاقىرغان ۋە جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى قەتئىي تۈردە ھارام قىلغاندىن كېيىن، «قەرز ئايىتى» دەپ ئاتالغان بۇ ئۇزۇن ئايەت ئارقىلىق پۇل ـ مالنى قانداق مۇھاپىزەت قىلىش، ئېلىم ـ سېتىم ۋە قەرز بېرىشىش ئىشلىرىنى شەرىئەت ئەھكامى بويىچە قانداق بېجىرىش كېرەكلىكىنى تەلىم بېرىدۇ.

ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دىنى بولۇشقا تاللانغان ئەڭ ئىلغار بىر دىنكى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرى ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھېكمەت بىلەن تەسەررۇپ قىلغۇچى زات ـــ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەندۇر. ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان زاكات، سەدىقە ۋە خەير ـ ئېھساندا ئىنسانلار ئارا مېھرى ـ شەپقەت، كۆيۈمچانلىق، ھېسداشلىق ۋايىغا يەتكەن بولسا، جازانخورلۇقتا شەپقەتسىزلىك، پۇرسەتپەرەسلىك، ئادالەتسىزلىك ئورۇن ئالغان، شۇڭا ئۇ ئىسلام شەرىئىتىدە قەتئىي چەكلەنگەن. ئېلىم ـ سېتىم مەسىلىلىرىدىكى شەرىئەت ئەھكاملىرى ئادالەتتە ۋە توغرۇلۇقتا ۋايىغا يەتكەندۇر.

ئىنسانلار بىر ـ بىرىگە پۇل ـ مال قەرز بېرىشىش، ئېلىم ـ سېتىم ۋە باشقا پۇل ـ مال بىلەن قىلىنىدىغان مۇئامىلىلىرىدە ئۇنىڭغا راستچىل، ئادالەتلىك، مۇسۇلمان ئىككى ئەر كىشىنى، ئەگەر ئادالەتلىك، راستچىل ئىككى مۇسۇلمان ئەر كىشى تېپىلمىسا، ئادالەتكە ئىشىنىلىدىغان بىر ئەر كىشى بىلەن ئىشەنچلىك ئىككى ئايال كىشىنى گۇۋاھلىققا چاقىرىشقا ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىنى خەت بىلەن يازدۇرۇپ قالدۇرۇشقا چاقىرىلغاندۇر. قەرز مۇئامىلىرىنىڭ كۆلىمى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھەر ھالەتتە، ئۇنىڭغا گۇۋاھچىلارنى چاقىرىش ۋە خەت بىلەن ئېنىق يېزىپ قالدۇرۇش تولىمۇ ياخشى ۋە زۆرۈر ئىشتۇر. بۇ ئايەتتە

ئاللاھ تائالا گۇۋاھچىلارنىڭ ئۆزلىرى گۇۋاھ بولغان نەرسىلىرنى يوشۇرماسلىقنى بۇيرۇيدۇ. نەق مەيداندا ئورۇنلانغان سودا ئىشلىرىدا، ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى مال بىلەن پۇلنى شۇ ئورۇندا بىر - بىرىگە نەق تاپشۇرۇشى شەرتى بىلەن ئۇنى يېزىپ قالدۇرماسلىققا رۇخسەت قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا پۇل - مال مۇئامىلىلىرىدە، قەرز بېرىش ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا گۇۋاھچىلارنى چاقىرىپ گۇۋاھ قىلىش ۋە خەت بىلەن يېزىپ ھۆججەت قالدۇرۇش ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىسىدۇر. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار گۇناھكار بولىدۇ.

مەلۇمكى، ئىسلام دىنى پۇل - مالنى ئۆستۈرۈشكە تەرغىب قىلغان بولسىمۇ ئۇنى شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن قانۇنلۇق يوللار بىلەن ئۆستۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش يولىدا يۇقىرىقىدەك بىر قاتار قائىدە، پرىنسىپلارنى بەلگىلىگەن. شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلغان كىشى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىشتىن ئۆزىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ. قەرز مۇئامىلىلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھچىلارنى تەكلىپ قىلىشتىن مەقسەتمۇ كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى، ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغداش ۋە ھەقسىزلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى.

قەرز ۋەسىقىسىنى يازغۇچىنىڭمۇ راستچىللىق بىلەن ئىشنىڭ ئەينىسىنى يېزىشى، ھاۋايى - ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەق ئىگىسى تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن نارىسىدە ياكى ئەقل - ھوشى جايىدا بولمىغان، ياكى ياشىنىپ قالغانلىقتىن ئۆزىنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرىنى تەسەررۇپ قىلالمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرىنى ئۇنىڭ ۋەكىلى بېجىرىدۇ. ۋەكىل ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ مۇئامىلە ئىشلىرىنى ھەققانىي ھالدا ئورۇنلايدۇ. كاتىبمۇ ھەق ئىگىسىنىڭ ياكى ئۇنىڭ ۋەكىلىنىڭ ئېيتقانلىرىنى كەم - زىيادە قىلماستىن ئەينەن يېزىشقا بۇيرۇلغاندۇر. ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلمىسا، ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ.

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 - قەرز بېرىش، ئېلىم - سېتىم، ھاۋالە قىلىش قاتارلىق پۇل - مال بىلەن قىلىنىدىغان مۇئامىلىلەرنى بېجىرىشتە، ئۇنىڭغا گۇۋاھچىلارنى تەكلىپ قىلىش ۋە خەت بىلەن يېزىپ ھۆججەت قالدۇرۇش ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىسىدۇر.

2 - پۇل مۇئامىلىلىرىنى يېزىشقا تەكلىپ قىلىنغان كاتىبنىڭ ئادالەتلىك ۋە دىيانەتلىك بولغىنىنىڭ سىرتىدا، يېزىش ئىشلىرىغا ماھىر ۋە ھوشيار بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. يېزىشنى بىلىشنىڭ ئۆزى بىر كاتتا نېمەت ۋە ئامانەتتۇر. كاتىب بولغۇچى ئاللاھنىڭ بۇ نېمىتىگە شۈكۈر كەلتۈرۈشى ۋە كاتىبلىقنىڭ راستچىل بولۇش، كىشىلەرگە زىيان

يەتكۈزمەسلىك، تەرەپلەر ئۆتتۈرىسىدا ئادالەتلىك بولۇش قاتارلىق ئامانەتكە ۋاپا قىلىشى تەلەب قىلىنىدۇ.

3 - گۇۋاھچىلارنىڭ ئىككىدىن كەم بولماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ دىيانەتلىك ھەم ئادالەتلىك بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. ئىككى ئەر گۇۋاھچى تېپىلمىسا، بىر ئەر گۇۋاھچىنىڭ يېنىدا ئىككى ئايال گۇۋاھچى گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ.

4 - ئۆي - ئىمارەت، يەر - زېمىن، زاۋۇت - فابرىكا ۋە باشقا سابىت ئىگىدارچىلىقلارنىڭ سودىسىدا گۇۋاھچىلارنى تەكلىپ قىلىش ھەم خەت بىلەن ھۆججەت تۈزۈشتۈرۈش پەرزدۇر ۋە ھەق – ھوقۇقلارنى قوغداشتا ناھايىتى مۇھىمدۇر.

5 - مەيلى تەكلىپ قىلىنسۇن، مەيلى ئۆز ئىختىيارى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىشكە كەلسۇن، ئادالەتلىك بولۇپ، توغرا گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ ساۋابى كۆپ بولغىنىدەك، پۇلغا سېتىلىپ، ياكى بىراۋدىن قورقۇپ يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىردۇر. شۇنداقلا، گۇۋاھلىق بەرگەندە بىلگەن ھەقىقەتلىرىنى يوشۇرۇشنىڭ گۇناھمۇ ئالاھىدە ئېغىردۇر. بۇ گۇناھ كىشىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق گۇناھنى سادىر قىلغۇچىلار ئاللاھنىڭ قاتتىق غەزىپىگە ئۇچرايدۇ.

6 - گۇۋاھچىلار ياكى كاتىب گۇۋاھلىق بېرىشنى ياكى يېزىشنى خالىمىسا ئۇلارنى زورلاشقا ياكى ھەقىقەتنى سۆزلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن زىيانغا ئۇچرىتىشقا بولمايدۇ.

7 - نەق مەيداندا، نەق پۇل بىلەن قىلىشقان ئېلىم – سېتىم ئىشلىرىدا ھۆججەت تۈزۈشتۈرۈش ھاجەتسىزدۇر. مەسىلەن: بازاردىن نەرسە - كېرەك سېتىۋالغانغا ئوخشاش.

8 - قەرز مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن ھۆججەت تۈزۈشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىمدۇر. شەرىئەت ئىستىلاھى بويىچە پەرزدۇر.

## گۆرۈ قويۇشنىڭ جائىزلىقى

**وَإِن كُنتُمْ عَلَى سَفَرٍ وَلَمْ تَجِدُواْ كَاتِباً فَرِهَانٌ مَّقْبُوضَةٌ فَإِنْ أَمِنَ بَعْضُكُم بَعْضاً فَلْيُؤَدِّ الَّذِي اؤْتُمِنَ أَمَانَتَهُ وَلْيَتَّقِ اللّهَ رَبَّهُ وَلاَ تَكْتُمُواْ الشَّهَادَةَ وَمَن يَكْتُمْهَا فَإِنَّهُ آثِمٌ قَلْبُهُ وَاللّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ** {283}.

تەرجىمىسى: ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ، خەت يازالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا (قەرز ھۆججىتى يېزىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا) گۆرۈ قويىدىغان نەرسىنى تاپشۇرساڭلار بولىدۇ؛ ئاراڭلاردا بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن، (قەرزدار ئامانەتكە رىئايە قىلىشتا)

پەرۋەردىگارىدىن قورقسۇن. گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دىلى گۇناھكار بولىدۇ. ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى تامامەن بىلگۈچىدۇر(283).

### يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا پۇل ـ مال مۇئامىلىلىرىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ۋە ئاقىۋىتى خەيرلىك ھالدا بېجىرىشنى ئۆگىتىشكە داۋام قىلىدۇ.

يوقىرىدا ئۆتكەن قەرز ئايىتىدە، مۇسۇلمانلارنى ئۆزئارا قەرز بېرىشكەندە، نېسى سودا قىلىشقاندا ۋە باشقا ئېلىم ـ سېتىملاردا گۇۋاھچىلارنى ئۇنىڭغا گۇۋاھ قىلىش بىلەن بىرگە خەت بىلەن ئېنىق ھۆججەت يازدۇرۇپ قالدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەلىم بەرگەن بولسا، بۇ ئايەتتە، سەپەر ئۈستىدە بولغانلىق سەۋەبلىك ئېلىش ـ بېرىش مۇئامىلىسىنى خەت بىلەن يېزىپ بېرىدىغان كاتىب تېپىلمىغان، ياكى يېزىقچىلىق قۇراللىرىدىن قەلەم ـ قەغەز تېپىلمىغان شارائىتلاردا، قەرز ئالغۇچىنىڭ قەرز بەرگۈچىگە بىر نەرسە گۆرۈ قويۇشى ئارقىلىق قەرز مۇئامىلىسىنى بېجىرىشنىڭ جائىزلىقىنى بايان قىلىدۇ. گۆرۈ قويۇلغان نەرسە يېزىلغان ۋەسىقە ئورنىدا تۇرىدۇ. قەرز ئالغۇچى ئالغان قەرزنى ئىگىسىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن گۆرۈسىنى ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. ئەگەر قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن گۆرۈ تەلەب قىلماستىن قەرز بەرگەن بولسا، قەرز بەرگۈچىنىڭ ئالغان بۇ قەرزنى توختىتىلغان مۇددەت ئىچىدە ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بولۇشى كېرەك. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش مۆمىنلىكنىڭ سۈپەتلىرىدىن بولغان بىر ئېسىل سۈپەت بولغىنىدەك، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىش مۇسۇلمان كىشىنىڭ شەنىگە ياراشمايدىغان بىر رەزىللىكتۇر. ئىشەنچ قىلىپ ئۇنىڭغا قەرز بەرگەن ۋە ئۇنىڭدىن بىرەر گۆرۈ تەلەب قىلمىغان ئادەمنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويماستىن ۋە ئۇنىڭغا قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلماستىن قەرزنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ بېرىش مۆمىنلىكنىڭ ئالامىتى بولغىنىدەك، كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى سۈيىئىستېمال قىلىش، ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قالىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش لازىم. گۇۋاھلىقنى يوشۇرۇش ياكى يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىش ئارقىلىق باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئەڭ ئېغىر ۋە چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. ئايەتتە، گۇۋاھلىقنى يوشۇرغانلارنىڭ «دىلى گۇناھكار بولىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان. چۈنكى دىل يەنى قەلب بارچە بەدەننىڭ ھاكىمىدۇر. كىشىنىڭ قەلبى تۈزەلسە، ئۇنىڭ باشقا ئىشلىرىمۇ تۈزۈلىدۇ.

يوقىرىدا بايان قىلىنغان ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، راستچىل بولۇش ۋە ئامانەتنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشقا ئوخشاش ئىجابىي ئىشلارنى ۋە ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، گۇۋاھلىقنى

يوشۇرۇش، يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىشكە ئوخشاش سەلبىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىپ تۇرىدۇ، ئاخىرەتتە شۇنىڭغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 ـ سەپەر ئۈستىدە قەرز مۇئامىلىسى قىلىشتا، قەرز بەرگۈچىنىڭ قەرز ئالغۇچىدىن گۆرۈ ئېلىشى قۇرئان ئايىتى ئارقىلىق بەلگىلەنگەن شەرىئەت ھۆكمىدۇر. ئەمما سەپەر ئۈستىدە بولمىغان ۋاقىتلاردىمۇ گۆرۈ قويۇش جائىزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان چاغدىمۇ ئۇنىڭ بىر تۆمۈر كىيىمى بىر يەھۇدىينىڭ يېنىدا گۆرۈدە ئىدى.

2 ـ قەرز بەرگۈچى بىلەن قەرز ئالغۇچى ئىككىسى تونۇشلاردىن بولۇپ، بىر ـ بىرىگە ئىشەنسە، گۆرۈ ئالماستىن قەرز مۇئامىلىسىنى يۈرگۈزسىمۇ بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قەرز ئالغۇچىنىڭ ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشى ۋە ئامانەتنى بەلگىلەنگەن مۇددەتتە تاپشۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

3 ـ گۇۋاھلىق بەرگەندە ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ يالغان سۆزلەش ياكى يالغان ئىشقا گۇۋاھلىق بېرىپ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش ئەڭ ئېغىر ۋە ھالاكەتلىك گۇناھلاردىن سانىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكى ۋە ئىلمىنىڭ كەڭلىكى

**لِلهِ ما فِي السمَاواتِ وَمَا فِي الأَرْضِ وَإِن تُبْدُواْ مَا فِي أَنفُسِكُمْ أَوْ تُخْفُوهُ يُحَاسِبْكُم بِهِ اللّهُ فَيَغْفِرُ لِمَن يَشَاءُ وَيُعَذبُ مَن يَشَاءُ وَاللّهُ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ** {284}

تەرجىمىسى: ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر(284).

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى يارىتىش جەھەتتىن بولسۇن، ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، تەسەررۇپ قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، بىلىش جەھەتتىن بولسۇن يالغۇز ئاللاھ تائالاغا ئائىتتۇر ۋە ئۇنىڭلا ئىلكىدىدۇر. ئۇ خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ، ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، يارىتىدۇ، يوق قىلىدۇ. چۈنكى بارلىقنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مۈلكىدۇر.

ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ھەتتا كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئوي - پىكىرلىرىنىمۇ تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ نىيەت ئىقباللىرىغا ۋە ياخشى - يامان ئەمەللىرىگە قاراپ، ئۇلار ئۈچۈن مۇكاپات ياكى جازا تەييارلايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى تەۋبە قىلىشقا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق يامانلىقلىرىنى يوققا چىقىرىشقا مۇيەسسەر قىلىپ، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. خالىغان ئادەمنى ئۇنىڭ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھ تەرەپكە قايتمىغانلىقى ۋە ياخشى ئىشلاردىن نېسىۋىسى بولمىغانلىقى سەۋەبلىك ئازابلايدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر. ئۇ نېمىنى خالىسا شۇنى قىلالايدۇ.

ئايەتتىكى «دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ» دېگەن جۈملە توغرۇلۇق مۇنداق بىر رىۋايەت بار: بۇ ئايەت چۈشكەن ۋاقىتتا ساھابىلارنى قاتتىق غەم – قايغۇ باسىدۇ ۋە ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «يا رەسۇلەللاھ! بىز ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە جىھاد قىلىشتەك بىز قىلالايدىغان ئىشلارغا بۇيرۇلغان ئىدۇق، ئەمدى ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن بۇ ئايەتكە تاقىتىمىز يەتمەيدۇ» دېيىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەر، بۇرۇنقى يەھۇدىيلار دېگەندەك «(دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) خىلاپلىق قىلدۇق» دېمەكچىمۇسىلەر؟ (ئۇنداق قىلماڭلار) بەلكى «(دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق. پەرۋەردىگارىمىز! مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر ياندىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەڭلار، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە باش ئېگىدۇ.

شۇ ۋاقىتتا كېيىنكى مۇنۇ ئايەت چۈشىدۇ: «پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى (ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماسلىق بىلەن)ئايرىۋەتمەيمىز» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر ياندىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ». ئاندىن ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتىكى مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كەلگەن ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇنۇ ئايىتىنى چۈشۈرىدۇ: «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ئۆزىگىدۇر، يامانلىقىمۇ ئۆزىگىدۇر. (ئۇلار) «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك

يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ.

## يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1 ـ ئىنسان ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىپ تۇرۇشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «سىلەر قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىشتىن بۇرۇن، ئۆز ـ ئۆزۈڭلاردىن ھېساب ئېلىڭلار» دەپ كۆرسەتكەن. ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلى ـ كەرەمى بىلەن، بىرەر ياخشى ئىشنى قىلىشنى ئويلىغان كىشىگە بىر ساۋاب، ئەگەر ئۇنى ئەمەلگە چىقارسا ئۇن ساۋاب بېرىدۇ. ئەمما بىراۋ بىرەر گۇناھ ئىشنى سادىر قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىمىسە، ئۇنىڭغا گۇناھ يېزىلمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئاللاھ كۆڭۈلدىن كەچۈرۈلگەن خاتا پىكىرلەر ۋە يامان ئويلاردىنمۇ ھېساب ئالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن كۆڭلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئىشلىمىگەن ياكى سۆزلىمىگەن يامانلىقنى كەچۈرۈم قىلىۋەتتى».

2 ـ ئاللاھ تائالا شېرىك ۋە كىشىنىڭ ھەققىنى ناھەق يەۋالغانلىقنىڭ گۇناھىدىن باشقا گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى خالىغان كىشىدىن كەچۈرىدۇ. ئەمما شېرىكنىڭ گۇناھىنى قايتا ئىمان ئېيتىپ تەۋبە قىلمىغىچە، كىشىنىڭ ھەققىنى يەۋالغاننىڭ گۇناھىنى ھەق ئېگىسىنى رازى قىلمىغىچە ئۆتمەيدۇ.

## مۆمىنلەر ۋە ئۇلارنىڭ دۇئالىرى

**آمَنَ الرسُولُ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْهِ مِن ربهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُل آمَنَ بِاللّهِ وَمَلآئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لاَ نُفَرقُ بَيْنَ أَحَدٍ من رسُلِهِ وَقَالُواْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ {285} لاَ يُكَلفُ اللّهُ نَفْساً إِلا وُسْعَهَا لَهَا مَا كَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَا اكْتَسَبَتْ رَبنَا لاَ تُؤَاخِذْنَا إِن نسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا رَبنَا وَلاَ تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْراً كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الذِينَ مِن قَبْلِنَا رَبنَا وَلاَ تُحَملْنَا مَا لاَ طَاقَةَ لَنَا بِهِ وَاعْفُ عَنا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا أَنتَ مَوْلاَنَا فَانصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ {286}**

تەرجىمىسى: پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى (ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماسلىق بىلەن) ئايرىۋەتمەيمىز » دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە

(ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر يانىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ(285). ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ئۆزىگىدۇر، يامانلىقىمۇ ئۆزىگىدۇر. (ئۇلار) «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ(286).

مۇناسىۋەت

بەقەرە سۈرىسى قۇرئان كەرىم بىلەن مۆمىنلەر توغرۇلۇق بايان بىلەن باشلاندى ۋە ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى يەنە مۆمىنلەرنىڭ ھالىنى ۋە ئۇلارنىڭ دۇئا ـ مۇناجاتلىرىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن چۈشكەن قۇرئان كەرىمنىڭ بارچە ئەھكاملىرىغا چىن ئىشىنىپ ئۇنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن مۆمىنلەرمۇ قۇرئانغا چىن ئىشەندى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى يۈرەكلىرى بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن بىرلا يالغۇز ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ۋە ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھەممىنى پەرۋىش قىلغۇچى پەرۋەردىگار بولغانلىقتىن، ئىبادەتكە ھەقلىق ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ نۇردىن يارىتىلغان ئىتائەتمەن پەرىشتىلىرىنىڭ بارلىقىغا، ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن مۇقەددەس كىتابلارنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئىنسانلارنى زالالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ھىدايەت مەشئەللىرى ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالماستىن، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىماي ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

مانابۇ، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەك ئىمان ئېيتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىمايدۇ. چۈنكى بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ۋە تەۋھىد (ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىش)نى تەشۋىق

قىلىشىتا بىردەك زاتلاردۇر. ئەمما ئەھلى كىتابنىڭ(يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار) مۇسۇلمانلارنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلىدۇ.

مۆمىنلەر ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ھەممىسىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ: «دەۋىتىڭنى ئاڭلىدۇق ۋە ئەمرىڭگە ئىتائەت قىلدۇق»، دېدى ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتىنى تىلىدى، قايتىدىغان جايى ئۇنىڭ دەرگاھى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىشتى.

ئۇلار ئىمانىنىڭ كامالەتلىرىگە ئۆرلىشىگە توسالغۇ بولىدىغان ھەر قانداق بىر كىچىك گۇناھ، مەسىيەت ۋە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن قورقىدۇ ۋە ئۇنتۇپ قالغانلىق ياكى سەۋەنلىكتىن ئۆتكۈزۈپ سالغان خاتالىقلىرىغا ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت سورايدۇ، ئۇلار ھەمىشە: «پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر يانىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەپ مۇناجات قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرىمايدىغانلىقىنى، شەرىئەت تەكلىپلىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ تاقىتى ئىچىدىكى نورمال تەكلىپلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ ۋە ھەركىمنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىقتىن ئىشلىگەنلىرى پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، قىيامەت كۈنى ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى تولۇق كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە مۇنۇ دۇئانى تەلىم بېرىدۇ: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۇنتۇپ قالغانلىق ياكى خاتالاشقانلىقتىن قىلىشقا تېگىشلىك ياخشىلىقنى تەرك ئەتكەن، تەرك ئېتىشكە تېگىشلىك يامانلىقنى ئىشلەپ سالغان بولساق بىزنى كەچۈرگىن. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە بۇيرىغىنىڭدەك، بىزگە قىيىن تەكلىپلەرنى بۇيرىمىغىن. تاقىتىمىز سىرتىدىكى ئىشلارغا بىزنى تەكلىپ قىلمىغىن. گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن. چۈنكى سەن بىزنىڭ ئەڭ شەپقەتلىك ئىگىمىزسەن، كۈيۈمچان پەرۋىشچىمىزسەن. سەندىنلا ياردەم سورايمىز ۋە ساڭىلا يۆلىنىمىز. پەرۋەردىگارىمىز! كاپىر قەۋم ئۈستىدىن بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغىن، ئامىن!

قۇرئان كەرىم بۇ ئايەتتە بىزگە ئاللاھ تائالادىن بىزنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمىز ياكى خاتالىقىمىز تۈپەيلى جاۋابكارلىققا تارتماسلىقىنى تىلەشكە بۇيرىغان. مەلۇمكى، ئۇنتۇش — ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن بولىدۇ. خاتالىق — ئېھتىياتسىزلىق ۋە بىپەرۋالىقتىن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانى تونۇغان مۆمىن ئەقىللىق ۋە ھوشيار بولىدۇ. مۆمىنلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەر قانداق بىر ئىشىدا خاتالىق ۋە ئۇنتۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەپەككۇر، ھوشيارلىق ۋە

ئېھتىياتچانلىقنى قولدىن بەرمەسلىكى لازىم. بۇلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلغاندىن كېيىنمۇ، يەنە سادىر بولغان خاتالىق ۋە ئۇنتۇشلارنى ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىگە ۋە كەچۈرىشىگە تاپشۇرۇش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئۇنتۇپ قالغانلىق، خاتالىق ۋە زورلانغانلىقنىڭ جاۋابكارلىقى كەچۈرۈم قىلىنغان».

بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ شەرىئەتلىرىدە شۇ مىللەتلەرنىڭ بويۇنتاۋلىقى ۋە ئىسيانكارلىقى سەۋەبلىك تەكلىپلەر ئېغىر، ئىبادەتلەر قىيىن ۋە كەڭچىلىك يوق ئىدى. ھەتتا ئۇلار گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلماقچى بولسا ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈشى، پاسكىنا بولغان جاينى پاكلىماقچى بولسا ئۇنى كېسىپ تاشلاشقا بۇيرىلاتتى. ئەمما بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىز كەڭچىلىكى، رەھىم – شەپقىتى ۋە تەكلىپلىرىنىڭ ئەقلىغا مۇۋاپىقلىقى بىلەن تونۇلغان ئەڭ ئېسىل ۋە مەڭگۈلۈك دىندۇر.

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى

1 ـ يۇقىرىقى ئايەتتە، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ئەقىدىلىرى بايان قىلىنغان. ئۇلار: ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، پەرىشتىلىرىگە، چۈشۈرگەن كىتابلىرىغا، قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

2 ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرۈش تەلەب قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتمىغان ئادەمنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەس. مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمدە ئىسىم ـ زاتلىرى بايان قىلىنغان 25 پەيغەمبەرگە تەپسىلىي ۋە ئىسىملىرى قۇرئان كەرىم ياكى سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىقمۇ بىزگە يەتمىگەن جىمى پەيغەمبەرلەرگە ئىجمالىي ھالدا چىن ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغاندۇر.

3 ـ ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىش مۇسۇلمانلىقنىڭ تەقەززاسىدۇر. چۈنكى ئىمان — ئېتىقاد دېمەكتۇر، ئەمەل ئۇنى ئىسپاتلايدۇ. ئېتىقادسىز ئەمەلنىڭ پايدىسى بولمىغىنىدەك، ئەمەلسىز ئېتىقادمۇ يېتەرسىزدۇر.

4 ـ ئۇنتۇپ قېلىش ياكى خاتالىششىنىڭ گۇناھى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەپۇ قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ئىككىسىنى كەچۈرگەن ئىكەن، ئىنسانلارمۇ بىر ـ بىرىنىڭ خاتالىقىنى ۋە ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن سادىر قىلغان كەمچىلىكلىرىنى ئۆزئارا كەچۈرۈم قىلىششى تولىمۇ زۆرۈردۇر.

5 ـ كىشىلەر كۆڭۈللىرىگە كەچكەن يامان ئوي ـ خىياللار ۋە شەيتانىي ۋەسۋەسىلەر ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. ھەتتا بىراۋ بىرەر يامانلىقنى قىلىشنى نىيەت قىلغان

بولسمۇ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرمىسا، شۇ يامان نىيىتى ئۈچۈن گۇناھكار بولمايدۇ. ئەمما بىرەر ياخشىلىقنى قىلىشنى نىيەت قىلىپ كۆڭلىگە پۈككەن ھامان ئۇنىڭغا بىر ساۋاب يېزىلىدۇ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسا ئون ساۋاب يېزىلىدۇ. مانا بۇ، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ۋە شەپقىتىدۇر.

6 - بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى بۇ ئىككى ئايەتنى ئاخشىمى يېتىشتىن بۇرۇن ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە ساۋابى ناھايىتى كۆپتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، بەقەر سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى ((يەنى ئامەنەررەسۇلۇ»دىن «كافىرۇن»غىچە)نى ئىككى قېتىم ئوقۇيدىكەن، ئاللاھ ئۇنى شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ ۋە ئۇنىڭ شۇ كېچىدىكى تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. [ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس]